# ئاق چیدیردن ئاق سارایغچه ـ ییگرمه بەش ییل

ئابدۇرەھمجان ئابدۇرەشىد

# ئاق چېدىردىن ئاق سارايغىچە ـ يىگىرمە بەش يىل

ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى تەشۋىقات بۆلۈمى

**ئاق چېدىردىن ئاق سارايغىچە - يىگىرمە بەش يىل**

ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد / Abdurehim Abdurishit

كوررېكتور ۋە مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:

كۈرەش ئابدۇرەھىم / Küresh Abdurehim

2019 - يىلى سېنتەبىر مىيونخىن 1 - نەشرى

2019 - يىلى نويابىر ئىستانبۇل 1 - بېسىلىشى

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى نەشر قىلدى

بېسىپ تارقاتقۇچى ئورۇن:

ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى تەشۋىقات بۆلۈمى

ئالاقە: 00491798200182

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز..................................................................... 3

بىرىنچى باب

مىللى مەنپەئەت ۋە ھەمكارلىق................................ 9

ئىككىنچى باب

ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىرى نېمىشقا ئالدىنىدۇ؟..................... 28

ئۈچىنچى باب

مىللەت ۋە مىللى مائارىپ........................................ 46

تۆتىنچى باب

خىتايدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمۇ؟.................................. 67

بەشىنچى باب

بىر مۇددىئا ئىككى ھەرىكەت..................................... 88

ئالتىنچى باب

خەلقئارا قانۇن، قائىدىلەر ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى........ 95

يەتتىنچى باب

سىياسى تۆھمەت ۋە ھەققانى كۈرەش............................ 108

سەككىزىنچى باب

مەنسەپپەرەسلىكتىكى يوچۇق ۋە جاسۇسلۇق..................... 117

توققۇزىنچى باب

ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرالامدۇ؟..................................... 131

ئونىنچى باب

«شەرقى تۈركىستان كۆپ مىللەتلىك رايون» مۇ؟.............. 144

ئون بىرىنچى باب

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جان بازىرى ........................ 156

ئون ئىككىنچى باب

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پېشقەدەملەرنىڭ مەۋقەسى ۋە رۇسىيە .. 203

ئون ئۈچىنچى باب

«ب د ت» بىزنى ئىزدەپ كەلسە، بىز ئۇنى تاشلاپ نەگە باراتتۇق؟ ............................. 246

ئون تۆتىنچى باب

قىرغىزىستاندىكى ئۆلۈم قىسمەتلىرى........................ 285

ئون بەشىنچى باب

قىرغىزىستاندا ـ گۆر ئاغزىدىن قايتىش........................ 330

ئون ئالتىنچى باب

يەردە قاپقان ئاسماندا تور................................ 363

ئون يەتتىنچى باب

داپكەشلەر................................................ 416

ئون سەككىزىنچى باب

چاپانچىلار................................................ 428

ئون توققۇزىنچى باب

تۆھپەكەشلەر.............................................. 437

يىگىرمىنچى باب

ئادىمىيلىك ساپا ھەممىدىن مۇھىم ......................... 445

يىگىرمە بىرىنچى باب

ئاق چېدىردىن ئاق سارايغىچە ـ يىگىرمە بەش يىل........ 454

ئاخىرقى سۆز.............................................. 469

# كىرىش سۆز

بىلىم - ئىنساننىڭ پىكرىنى بېيىتىدىغان، تەپەككۇرىنى قوزغىتىدىغان، تەسەۋۋۇرىنى كۆچلەندۈرىدىغان، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان، ئەقلىنى يورۇتىدىغان، كۆزىنى ئاچىدىغان ئەسۋابتۇر. بىلىم - قوياشقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتى قوياشنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقىنىغا، ئۆزلەشكەن ۋاقتى قوياشنىڭ تەكشى نۇر چاچقىنىغا، تەپەككۇرغا ئايلانغان ۋاقتى قوياشنىڭ كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ.

بىلىم - قوياشقا ئوخشاشلا ئەتىۋار نەرسە. قوياش - ئوچۇق يەرگە نۇرىنى چاچىدۇ. دالدا يەرگە سايە تاشلايدۇ. ئەمما بېكىنمە جايلارغا يېقىن يولىمايدۇ. بىلىمۇ قوياشقا ئوخشاش - ئۇنى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ ئەقلىنى يورىتىدۇ. ئۇنىڭدىن يىراق تۇرغان كىشىگە غۇۋا سايىسى كۆرۈنىدۇ.

بىلىم - دېمەك ئاڭلىغان نەرسىنى، كۆرگەن نەرسىنى سۈرەتكە ئېلىپ، ئەقلى خەزىنىسىگە قاچىلاش دېمەكتۇر. كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان نەرسە بىلىمگە ئايلانمىغان بولسا، خەزىنىگە قاچىلانمىدى ياكى سۈرەتكە ئېلىنىشتا ئېرەنسىزلىك قىلىندى دېمەك.

كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان نەرسىلەرنىڭ بىلىمگە ئايلىنىش جەريانى، پەقەت ئەقىل خەزىنىسىگە قاچىلانغان سۈرەتلەرنىڭ

ئەندىزە هالىغا كەلگەنلىكىدۇر خالاس. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناچار كىشىلەر كۆپىنى كۆرسىمۇ، كۆپىنى ئاڭلىسىمۇ بەرى بىر ئەقىل خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ تۇرغاچقا، يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە بولالمايدۇ.

بۇ كىتابتا بىلىمگە ئائىت نەرسىلەر ئۇچرىمايدۇ. يەنى ئىلمى ساهەگە ئالاقىدار، ياكى تەتقىقات كەسپىگە ئالاقىدار تېمىلار يوق. بىراق، شۇنداق بولىشىغا قارىماي كىتابىنىڭ باش بەتلىرىدە بىلىم توغرىسىدا بىر قانچە ئۆزۈندە يېزىشىمدىكى مەقسەت: ۋەتەن قۇتقۇزۇش هەرىكەتلىرىمىزدە، سىياسى مەسىلىلەردە مىللەت سۆيىتى بويىچە بىلىمسىزلىكىمىز تۈپەيلى زىيان تارتىۋاتقانلىقىمىزنى، روناق تاپالماي، بىر قەدەم ئالغا چامدىساق، مىڭ قەدەملەپ ئارقىغا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۆتكەن ئىشلاردىن ئىبرەت ئالماي، خاتالىقلاردىن ساۋاق ئالماي، يەنە ئوخشاش ئۇسۇلدا، ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلاپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئەسكەرتمەكچى بولدۇم.

ئومۇمەن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمىز بەكلا تۆۋەن ئىكەن. هەممە گۇناهنى خىتايغا، ئارىمىزدىكى ساتقۇن، مۇناپىقلارغا ئارتىپ قويۇش بىلەن هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزىمىز ئىشنى ئوڭشاپ قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدىنىپ باقماي، ئالدىنقىلار سەلبىي نەتىجە پەيدا قىلغان ئىشنى ئەينەن داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدىكەنمىز. نەتىجىسى خاتا چىققاندا ئۆزىمىزنىڭ كالۋالىقىمىزدىن كۆرمەي، يەنە خىتايغا، جاسۇسقا ئارتىپ قويۇپ، قەهرىمانلار قاتارىغا كىرىۋېلىشتىن ئۇيالمايمىز. نېمە دېگەن چوڭ بوشلۇق بۇ!

مۇشۇ يەردە، بۇ كىتابتىكى ماۋزۇلارنى قىسمەن ئالدىن ئەسكەرتىشنى لايىق كۆردۈم. بۇ يىل مارتتىن باشلاپ يازغان، بەزىسى تور، بلوگلاردا ئېلان قىلىنغان ماقالە، ئەسلىمىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ، 21 بابقا ئىخچاملاپ بۇ كىتابقا كىرگۈزدۈم. تېمىلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئۆز - ئارا باغلىنىشلىق بولمىسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرگە ئاسان بولسۇن دەپ، بابلار بويىچە ئايرىپ رەتلىدىم. ئەمما 11. بابتىن 16. بابقىچە ئالتە بابقا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بىر تۇتاش ھادىسىلەر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋاقتىمدا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن، ئۆزەم قاتناشقان ۋەقەلىكنىڭ ئاز بىر قىسمىدۇر. مۇشۇ چېتىشلىق ئالتە بابنى يېزىشىمدىكى مەقسەتنى، شۇ بابلاردا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن بولساممۇ، بۇ يەردە قىسقا بىر چۈشەنچە بېرىشنى مۇھىم دەپ قارىدىم. ئەگەر بىزدە ئەستە ساقلاش قابىلىيەت بولغان بولسا، يەنى ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەنلەردىن ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىمىزنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بىلىم تەرىقىسىدە قوبۇل قىلالىغان بولساق، 98 - يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا پاجىئەسى ھەرگىز يۈز بەرمەيتتى. ئەگەر بىزدە ئادەمگە مۇناسىپ ئەقىل بولغان بولسا، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا ئۆلۈپ يۈرۈشكە ھاجەت چۈشمەيتتى. ئەگەر مۇشۇ ئونبەش يىللىق ئېغىر زىيانلاردىن ساۋاق ئالغان بولساق، 2012 - يىللىرى باشلانغان، سۈرىيە ھىجرەتچىلىك پاجىئەسى يۈز بەرمەيتتى. ئەگەر مۇشۇلارنىڭ ھېچ بىرى بولمىغان تەقدىردە خىتاي مىللىتىمىزنى مىليونلاپ قاماپ قويۇشتا، خەلقئارالىق بانا تاپالمايتتى.

ئەسلىدە ئامېرىكا ۋە غەرب كۈچلىرى بىزنىڭ خىتايدىن

قۇتۇلـۇپ، مۇسـتەقىل بولۇشـىمىزغا يـاردەم قىلىشـى كېـرەك ئـىدى. بـىراق ئۇنـىڭ ئورنىغـا، بىزنـى لاگىـردىـن قۇتقـۇزۇش ئۈچـۈن، ھازىرقـى مەۋجـۇت ئامېرىـكا ھۆكۈمىتـى قـول تىقىـپ ئارىلىشىۋاتىدۇ. ئەمما بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىـن تەسـەۋۋۇر قىلالمايمىز. لېكـىن بۇنىڭدىـن بىـز ئېتىـراپ قىلىدىغـان ھەقىقـەت شـۇكى، ئۆزىمىـز ماڭىدىغـان يولغـا ئـۆز قولىمىــز بىلــەن ئــورا كــولاپ، ئۇنىڭغـا چۈشـۈپ كەتتـۇق. ئەسـلىدە بىزنـىڭ مەنزىلگـە بېرىشـىمىزغا يـاردەم قىلىشـى زۆرۈر بولغـان كۈچلـەر، بىزنـى ئورىدىـن چىقىرىشـقا ئىسـراپ بولىۋاتــىدۇ. ئورەكتىــن چىقىرىلىسـاقمۇ، بارىدىغـان مەنزىلگـە قــەدەم باسـقان بولالمايمىــز. مەنزىــل يەنــىلا يىراقتـا قالغـان بولىــدۇ.

كىتابىنـىڭ ئىچىدىكـى بىر بابىنىڭ ماۋزۇسـىنى ئىسـىم ئورنىدا قوللاندىــم. «ئــاق چېدىردىــن ئــاق سـارايغىچە ـ يىگىرمـە بـەش يىـل» بـۇ ھەقىقەتـەن بـەكلا يوچـۇن ھـەم چۈشىنىكسىز بىلىنىـدۇ. لېكـىن مۇشـۇ چارەك ئەسـىردىن بېـرى، چەتئەلدىكى ھەرىكـەت ۋە تەشـكىلات ئىشـلىرىمىزدىن تولـۇق خەۋىـرى بـار، ياكـى ئـۆزى بىۋاسـتە قاتنىشـىۋاتقان كىشـىلەرگە بـەش قولـدەك ئايانكـى، ۋەتـەن ـ مىللەتكە ـ مەيلى ۋەتەنىنىڭ ئىچىدىكىلەرگە بولسـۇن، مەيلـى سـىرتىدىكىلەرگە بولسـۇن قىلچـە پايدىلىـق نەتىجـە بولمىـدى. پايدىلىـق نەتىجـە بولمىدىـلا ئەمـەس، بەلكـى خىتـاي خەلقئـارا تېرروررچىلارنىـڭ سـېپىگە قېتىۋەتكـەن، بىـر قىسـىم رادىـكال ئۇنسـۇرلارنىڭ پەۋقۇلئـاددە چـوڭ زىيىنـى يەتتـى. بۇنـى خىتايغـا ۋە مۇناپىقلارغـا ئارتـىپ قويـۇپ، ھېچكىم ئۆزىنـى چەتكـە ئالالمايـدۇ. مۇشـۇ نەتىجىسـىز ۋە زىيانلىـق «يىگىرمـە بـەش يىـل» جەريانىـدا ئېتـى بـار، سـېپى بـار ھـەر

قانداق شەخس، ھەر قانداق تەشكىلات ۋە ھەر قانداق دەۋاچىلارنىڭ ئورتاق جاۋابكارلىقى بار. چۈنكى چەتئەلدىكى تەشكىلات مىللەتنى ئىدارە قىلالىغۇدەك، مىللەتنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلىگۈدەك سەۋىيىگە كەلگەن بولسا، ئىچىدىن ئۇ قەدەر چوڭ كاۋاك ئېچىلىپ قالمىغان بولسا، دۈشمەن ئەزان چىقىم بىلەن بىزنى بۇ ھالغا كەلتۈرەلمەيتتى.

قىسقىسى بۇ كىتابنى ئوقۇشتا، يىگىرمە بەش يىل جەرياندىكى رېئاللىقنى بىلىشنى، ئىبرەت ئېلىشنى ۋە بۇ كىتابتا نېمىلەرنىڭ بارلىقنى بىلىپ بېقىشنى مەقسەت قىلغان كىشى، مۇشۇ چارەك ئەسىردىكى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە، ئازراق بولسىمۇ توغرا ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئابدۇرەھىمجان

27.09.2019 / مىيونخېن

# بىرىنچى باب

# مىللى مەنپەئەت ۋە ھەمكارلىق

كۆچلۈك ۋە ئاجىز ھەر قانداق دۆلەتنىڭ، يەنە بىر دۆلەتكە باغلىنىدىغان مەلۇم بىر تۈگۈنى بولىدۇ. ئەنە شۇ باغلىنىش تۈگۈنى، مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ھەمكارلىق - دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ھەرقانداق كۆچلۈك دۆلەتنىڭمۇ ئاجىز دۆلەتكە باغلىنىپ قالىدىغان بىر ئاجىزلىقى بولىدۇ. ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ كۆچلۈك دۆلەتلەرگە باغلىنىپ، بېقىنىپ تۇرىشى مۇتلەق مۇقەررەر تەرىقىدە بولسا، كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئاجىز دۆلەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىشى، باغلىنىپ قېلىشى ئەلۋەتتە نىسبى مۇقەررەر شەكىلدە بولىدۇ. 70 - يىللىرى، ئامېرىكا ئەڭ كۆچلۈك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيادىكى قالاق، نامرات، ئاجىز خىتاي دۆلىتىگە ئېھتىياجلىق بولغان. چۈنكى ئامېرىكىنىڭ تېخىمۇ تەرەققى تېپىشى، تېخىمۇ باي بولۇپ كۈچلىنىشى ئۈچۈن، خىتايدىكى ئەزان خام ئەشيا بىلەن، ئەزان ئەمگەك كۈچىنى قېزىشى كېرەك ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ئامېرىكىنىڭ تاپاۋىتىدىن ئۆز ھەسسىسىنى ئېلىپ كۈچلەنگەن، ئەمدىلىكتە تېرىسىگە سىغمايۋاتقان خىتاي دۆلىتىمۇ، ئۇيغۇرلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئاجىزلىق نۇقتىسىدا، ئۆزىدىن مىڭ ھەسسە ئاجىز بولغان تاجىكىستان،

قىرغىزىستان، قازاقىستانلارغا ئوخشاش دۆلەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرماقتا.

مەلۇم بىر دۆلەتنى كۈچلۈك دېيىشتە ـ ئىقتىسادى جەھەتتىن، زامانىۋى تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتىن، نوپۇس كۆپلۈكى جەھەتتىن، ھەربىي قورال تېخنىكىسى جەھەتتىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ئەڭ كۈچلۈك ئاتىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن ئامېرىكا، رۇسىيە ھەممە تەرەپتىن دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار دۇنيا تەرتىپىنى بېكىتىشتە ئۆز ـ ئارا ئېغىر دەرىجىدە زىددىيەتلىكتۇر. ئامېرىكىغا ئەگىشىدىغان ۋە ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە مەنسۇپ بولۇپ، تەۋەلىك رايونلىرىمۇ ۋە دۇنياۋى مۇناسىۋەتلىرىمۇ بىر قەدەر نوپۇزلۇق، كۈچلۈك دۆلەتلەردۇر. ئامېرىكىغا سېلىشتۇرغاندا رۇسىيە يالغۇزراق ھېس قىلىنىدۇ. چۈنكى رۇسىيىگە ئەگىشىدىغان دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە مەنسۇپ، تەۋەلىك رايونلىرىمۇ ھەم دۇنيا مىقياسىدىمۇ ئاجىز، نامرات، پالاكەت دۆلەتلەردۇر. ئامېرىكا تەرەپدارلىقىدىكى دۆلەتلەر ساپالىق، سالماقلىق بولۇپ، سان جەھەتتە ئاز. رۇسىيە تەرەپدارلىقىدىكى دۆلەتلەر ساپاسى تۆۋەن، ۋەزنى يوق ئەمما كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، كۈچلۈكلەر بىلەن بوي تالىشىپ، كۈچلۈكلەردىن ئورۇن تالىشىپ، خىتايدىن ئىبارەت يەنە بىر پالاكەت مەيدانغا چىقتى.

خىتاي دۆلىتى ئەينىۋاقتىتا دۇنيادىكى ئەڭ نامرات، ئەڭ قالاق دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىلىشىدە، قەد كۆتۈرۈشىدە

ئامېرىكا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. يەنى 1966 ـ يىلى ۋېتنام ئۇرۇشىدا ئامېرىكا كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا يۈزلەندى. 1976 ـ يىلى ۋېتنام ـ خىتاي ئۇرۇشىدا، ئامېرىكا خىتايغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق، ئۇن يىللىق دىپلوماتىيىسىنىڭ ساداقىتىنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ماۋ زېدوڭ ئۆلۈپ، خىتايغا دىڭ شوپىڭ رەھبەر بولغاندىن باشلاپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ دەرۋازىسى ئامېرىكىغا كەڭ ئېچىۋېتىلدى. بۇ مەزگىللەردە ئامېرىكىنىڭ نەزىرىدىكى خىتاي دۆلىتى بەرسە يەيدىغان، ئۇرسا ئۆلىدىغان، خالىغاندا مەنپەئەتلىنىپ، خالىغاندا تاشلاپ قويسا بولىۋېرىدىغان، ئىستەك ـ سورىقى يوق شۇنچىلىك تاشلاندۇق، ئېتىبارسىز ھەم زاپاس كۈچ رايونى سانىلاتتى. ئامېرىكىغا ئەگىشىپ غەرب كاپىتالىستلىرى خىتايغا كىرىشكە بەسلەشتى. جەنۇبى ئافرىقىدا ئالماس قېزىپ، يەر شارىنىڭ تەكتىنى تىشىۋېتىشكە غەيرەت قىلغان غەرب كاپىتالىستلىرى، ئامېرىكا دەرۋازىسىنى ئاچقان خىتايغا سەلدەك ئاقتى. خىتاي دۆلىتى غەربلىك كاپىتالىستلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ كاپىتالىستلارنى ئەزان خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان پىت بازىرى ۋە ئەزان ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەيدىغان مەدىكار بازىرىدۇر. خىتايدىن خام ئەشيالارنى ئەزان باھادا سېتىۋېلىپ، ياۋروپاغا، ئامېرىكىغا يۆتكەپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كۆرە، ئىشلەپ چىقىرىش فابرىكا، زاۋۇتلارنى خىتايغا يۆتكەپ كېلىپ، خىتايدىكى ئەزان ئەمگەك كۈچى بىلەن ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلات، خىتايدىن غەربكە يۆتكىگەن خام ئەشيانىڭ تەننەرقىدىنمۇ تۆۋەن چىقىم بىلەن پۈتۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى دۇنياۋى چوڭ ئىشلەپ چىقىرىش، سېتىش فېرمىلىرى خىتايغا كۆچتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياۋروپالىقلارنىڭ چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئىشلەپ چىقىرىش فىرمىلىرىمۇ بەس بەستە خىتايغا كۆچتى. ئۇلار توپلىشىپ خىتاينى ئاچتى. خىتاينى تىرىلدۈردى. دۇنيا ئەھلىگە قارشى، غەربكە قارشى، سۇلالىسىدىن بېكىنمە بىر قىتئغۇر خەلقىنىڭ كۆزىنى ئاچتى. 80 ـ يىللىرىدىن، 2000 ـ يىللىرىغىچە، 20 يىل ئىچىدە، خىتاي دۇنيا سودا بازىرىغا كىرگۈدەك جاسارەتكە، ماغدۇرغا، تاكتىكىغا ئىگە بولدى. ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى شۇكى، غەرب كاپىتالىستلىرى خىتاينىڭ ئۈستىدىن دوملىتىپ تېخىمۇ زور بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاينىڭ دۇنيا سودا بازىرىغا كىرىشىگە داغدام يول ئېچىپ بەردى. يەنى خىتايدا ئىشلەپ چىقارغان مال ـ تاۋارلىرىنى بىمالال سېتىش ئۈچۈن، خىتاينى دۇنيا سودا بازىرىغا باشلاپ كىرىشتى. نەتىجىدە 15 يىلغا يەتمىگەن قىسقىلا بىر مۇساپىدە، خىتاي ئىقتىسادى نەچچە ئون قاتلاپ ئىلگىرلىدى. ئۇنىڭ قارشىسىدا غەرب ئىقتىسادى چېكىنىدى ياكى خىتايغا كىرىشتىن بۇرۇنقى سەۋىيىسىدە، بىر ئىزىدا ئايلىنىپ تۇردى. بۇنداق بولۇشىدا رول ئوينىغان مۇھىم ئامىل شۇكى، غەربلىكنىڭ خىتاي بىلەن ئىقتىسادى مۇئامىلە قىلىپ، تاپقان 100 دوللار نەق پايدىسىدىن، باج ئارقىلىق دۆلەت خەزىنىسىگە چۈشىدىغان نىسبىتى 45 دوللار بولغاندا مەسىلەن، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشىگە قېتىلىدىغان قىسمى 1 دوللار دېسەك، خىتاينىڭ غەرب كاپىتالىستلىرى بىلەن ئىقتىسادى مۇئامىلە قىلىپ تاپقان 100 دوللار نەق پايدىسىدىن، باج ئارقىلىق دۆلەت خەزىنىسىگە چۈشىدىغان

نىسبىتى ئوخشاشلا 45 دوللار بولىدۇ دېسەك، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشىگە قېتىلىدىغىنى 10 دوللاردىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى دېموكراتىك غەرب ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى سوتسىئالىستىك تەڭ تەقسىماتچىلىق، دۆلەتنىڭ مالىيىسىگە قاراشلىق بولىدۇ. دۆلەت مالىيەسى باجدىن كېلىدۇ. خىتاي دۆلىتى نامىدا كوممۇنىزم، سوتسىئالىزم بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە سوتسىئالىستىك تەڭ تەقسىماتچىلىق سىستېمى يوق. خىتايدا: ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ. ئىشلىمىگەنلەر كىشنەيدۇ. دېموكراتىك غەرب ـ كاپىتالىزم تۈزۈمىدە بولسا، ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ. ئىشلىمىگەنلەرمۇ چىشلەيدۇ. ئىشلىمىگەنلەر ئىشلەپ چىقىرىشقا قاتناشمىغان، ئەمگەك قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئىنسانى قەدىرىيىتى تۈپەيلىدىن ئوخشاشلا چىشلەش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. كونكرېت ئېيتقاندا دېموكراتىك غەرب ئەللىرىدە ھەر بىر ئادەم «ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، كېسەللىك سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، بېقىنىش سۇغۇرتىسى، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، پېنسىيە سۇغۇرتىسى» قاتارلىق، ياشاشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەرەپلەردىن سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئەمگەك قىلالايدىغانلار سۇغۇرتا رەسمىيەتلىرىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. ئىشسىزلارنىڭ، ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتى يوقلارنىڭ سۇغۇرتا رەسمىيەتلىرىنى دۆلەت مالىيەسى تۆلەيدۇ. بىر ئەمگەكچى ئىشتىن توختىغان ھامان، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدىن مائاشى بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئىشسىزلىق مائاشى يېتەرلىك بولمىغاندا، كام يېرىنى تەمىنات سۇغۇرتىسى تولۇقلايدۇ. بىر ئەمگەكچى ئىشلىگەن ۋاقتىدا قانداق چىشلىگەن بولسا، ئىشتىن توختاپ

قالغاندىمۇ شۇنداق چىشلىيەلىشى كېرەك. ئەمما خىتايدا بىر ئەمگەكچى ئىشتىن توختىغان ھامان چىشلەش ھەققى بولمايدۇ. غەربتە بىر ئەمگەكچى ئىش ئۈستىدە يارىلانغان بولسا، ئۇنى داۋالاش سۇغۇرتىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. داۋالاش ئىشلىرى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پەقەت داۋالاش ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى ئۇ مەيلى ساقىيىپ ئەمگەككە قاتنىشىش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلسۇن، ياكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالسۇن، مۇھىم بولغىنى داۋالىنىپ، جاراھەت ئازابىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك. ئەگەر ساقايماس دەرىجىدە جاراھەتلىك بولغان تەقدىردە، بېقىنىش سۇغۇرتىسى ۋە دۆلەت مالىيىسى بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۆلۈمگىچە دوختۇرخانىدا يېتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر خىتايدا بىر ئەمگەكچى ئىش ئۈستىدە قازاغا ئۇچرىغان بولسا، ئۆزى پۇل تۆلەپ داۋالىنىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭ داۋالانغۇدەك پۇلى بولمىسا، ئۆيدە يېتىپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ساقىيىشىنى كۈتىدۇ. ناۋادا ساقايماس دەرىجىدە زەخىملەنگەن بولسا، ياكى ساقايسىمۇ قايتا ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلمەيدىغان، ناكا بولىدىغانلىقى كۆرۈلگەندە، ئۇ بىرەر تال بۆرىكىنى سېتىپ، ئائىلىسىنى ۋاقىتلىق بېقىشقا مەجبۇر. ئۇنىڭ ھاياتلىقى ئۆزىگە، ئائىلىسىگە تېخىمۇ ئېغىرچىلىق كەلتۈرگىدەك ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ بۆرەك، جىگەر، يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىق پۇلغا يارىغۇدەك بارلىق ئەزالىرىنى سېتىپ، ئۆلۈمى بەدىلىگە ھەم ئۆزىنى ئازاپتىن قۇتقۇزىدۇ ھەم ئائىلىسىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. دېمەك، دېموكراتىك غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خەزىنىسىگە باجدىن چۈشكەن مالىيە كىرىمىنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك چىقىم قىلىنىدۇ. غەربنىڭ دۆلەت مالىيىسىگە قاراشلىق ئەڭ ئېغىر چىقىم مائارىپ خىراجىتى بىلەن، سوتسىيال تەمىنات خىراجىتىدۇر. شۇڭا دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشى بەك ئاستا، تۆۋەن مىقتاردا بولىدۇ ياكى پەقەتلا ئۆسمەي، بەزىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە باجدىن كەلگەن كىرىم، مەمۇرى خادىملارنىڭ مائاشى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئوغۇرلىشىدىن باشقا، زۆرۈرى چىقىمغا ئۇچرىمايدۇ. دۆلەت خەزىنىسىگە چۈشكەن كىرىمنىڭ تۆتتىن بىرى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن رول ئوينايدۇ.

خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ئۆسۈشىنى تەمىن ئېتىدىغان بۇنداق ئەۋزەل شارائىت، ئەينى ۋاقىتتا غەرب كاپىتالىستلىرىنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. ئۇلار كۆزىنى ئېچىپ، خىتايغا چەك قويماقچى، خىتايغىمۇ غەربچە سوتسىيال تەڭ تەقسىماتچىلىق سىستېمىنى تاڭماقچى بولغاندا، غەربلىكلەرنىڭ كېكىردىكى ئاللىبۇرۇن خىتاينىڭ كانارىسىغا ئېسىلىپ بولغاچقا، خىتاي نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى بولۇپ قالدى. خىتاي نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەجبۇرلاندى. غەربلىكلەر خىتاينىڭ ئىقتىسادى يۈكسىلىشىنى تورمۇزلاش ئۈچۈن، دەسلىۋىدە غەربچە سەۋىيىدە تۈرلۈك سۇغۇرتا تۈزۈملىرىنى «ئىنسان ھەقلىرى نورمىسى» بويىچە خىتايغا تاڭدى. ئەگەر خىتاي دۆلىتى غەربنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ياۋروپادىكى ئەڭ كەمبەغەل دۆلەت بولغان بۇلغارىستاننىڭ سوتسىيال تەڭ تەقسىماتچىلىق ئۆلچىمى بويىچە، بىر مىلىيارتلىق نوپۇسىنى سۇغۇرتا بىلەن تەمىنلىگەن بولسا، داۋالاش خىراجىتىنى،

مائارىپ خىراجىتىنى، تەمىنات خىراجىتىنى دۆلەت مالىيىسى ئۈستىگە ئالغان تەقدىردە، خىتاي دۆلىتىنىڭ 35 يىل تاپقان تەرگەنلىرى، بىر يىللىق مالىيە خىراجىتىگە يېتىشمەي، خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالاتتى ـ دە، ھېچنېمە قىلمىغاندەك، ھېچنېمە تاپمىغاندەك، بۇرۇنقى ئەبگاھ ھالىغا قايتىپ، غەربلىككە ساتمىغان بىنالىرى، ئىجارىگە بەرمىگەن يول ـ كۆۋرۈكلىرى قالمايتتى. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتى غەربلىك تاڭغان تەلەپلەرنى شۇنچىلىك ئاددى جاۋاب بىلەن رەت قىلدى: «ئەگەر ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن تۈرلۈك سۇغۇرتا تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلۈشى كېرەك!» ئەگەر ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلسە، مال باھاسىمۇ ئۆرلەيدۇ. ئۇ چاغدا غەرب شىركىتىنىڭ خىتايدا ئىشلەپ چىقارغان مېلى بىلەن، ياۋروپادا ئىشلەپ چىقارغان مالنىڭ تەنەرقىدە چوڭ پەرق قالمايدۇ ـ دە، غەربلىك تاپىدىغان پايدا ئازلاپ كېتىدۇ. «ئىنسان ھەقلىرى پروگراممىسى» بويىچە غەربلىكنىڭ تاكتىكىسى ئىشقا يارىمىغاندىن كېيىن: خىتاي دۆلىتىنىڭ يەر شارى مۇھىتىنى بۇلغىغانلىقىنى، خىتايدىكى ئىشلەپ چىقىرىشلار مۇھىت ئاسراش ئۆلچىمىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى ـ كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئەمما تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنغاندەك، دۇنيا بويىچە ھەم خىتايدا ئەڭ كۆپ مۇھىت بۇلغىغان دۆلەتنىڭ بېشىدا ئامېرىكا بولۇپ، بارلىق سانائەتلەشكەن غەرب دۆلەتلىرى، يەر شارى مۇھىتىنى بۇلغاش جىنايەتلىرىگە باش جاۋاپكار بولۇپ قالدى. 2015 ـ يىلى دېكابىر پارىژدا چاقىرىلغان، مۇھىت ئاسراش كېلىشىمنامىسىدە، ئامېرىكا «CO 2» ئىشلەشنى دەرھال توختىتىدىغان، خىتاي بولسا تەرەققى تېپىۋاتقان دۆلەت

قاتارىدا ئېتىبارغا ئېرىشىپ، 2030 ـ يىلىغىچە ئىشلەپ چىقىرىدىغان بولۇپ ماقۇللاندى. بۇ كېلىشىم بويىچە بولغاندا كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە خىتاي ئېغىر سانائەتتە ئامېرىكىنى ئىككى قاتلاپ ئالغا باساتتى. خىتاينى مۇھىت بۇلغاش جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەپ، ئېغىر سانائەتتە چەكلەش پىلانىنى، گەرچە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى لاھىيىلەپ، خىتايغا تاڭغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت پىشىپ يېتىلگۈچە، خىتاي ئۆز ئەتراپىغا شايكا توپلاپ، خىتاي قانداق تەلەپ قىلسا، شۇ كۈچكە ئىگە بولىدىغان شەكىلدە، مۇھىت ئاسراش پروگراممىسى تەييارلىغان ئىكەن. بۇ تەڭسىز كېلىشىمگە شۇ چاغدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما ئامېرىكىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە، خىتاينىڭ غەلىبىسىگە ئىمزا قويغان ئىكەن. بۇ تەدبىردىمۇ كۆتۈلمىگەن شەكىلدە خىتاي زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى ئوسال ھالغا چۈشتى. بۇ كېلىشىم تولۇق ئىجرا قىلىنسا، ئامېرىكا ۋە غەربلىك ئۆز گۆرىنى ئۆز قولى بىلەن قېزىپ، ئىقتىسادى جەھەتتىنلا ئەمەس، ھەتتا ئېغىر سانائەتتىمۇ خىتاينىڭ ئىدارىسى ئاستىغا كىرەتتى. لېكىن بۇ كېلىشىمنى 2017 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ تەرسا، يېڭى پرېزىدېنتى ترامپ بۇزۇپ تاشلاپ، 2020 ـ يىلى ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمىدىن كېيىن قايتا قاراپ چىقىدىغانلىقىنى، پىلان ـ پروگراممىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۆزى خىتاينىڭ بىۋاستە ئىقتىسادى زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئېغىر پەچىم يېگەن، چوڭ غەرب كاپىتالىستى ۋە كۈچلۈك دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاي

دۆلىتىگە قارشى ئىقتىسادى ئۇرۇشنى باشلىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئامېرىكا - خىتاي ئىقتىسادى ئۇرۇشى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىلىق بىر چوڭ كاپىتالىست بىلەن، خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى ئۇرۇش - دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشى ياكى ئاخىرلىشىشى، ھازىرقى ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ تەختتە تۇرۇشى، ياكى تەختتىن چۈشۈشىگە باغلىق. يەنى نۆۋەتتىكى ئامېرىكا - خىتاي سودا ئۇرۇشى، ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى ستراتېگىيىسى بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي، ترامپنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى كۈتۈپ، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەبگاھ نامرات خىتاي دۆلىتىنى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ياپونلارنىڭ زەربىسىدىن قوغداپ قالغان ئامېرىكا، ئوتتۇز يىل كېيىن ۋېيتنامنىڭ زەربىسىدىن قوغداپ قالدى. يەنە شۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كۈچلىرى ئەبگا، نامرات كوممۇنىست خىتاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بۈگۈنكىدەك دۇنيانىڭ خوجايىنى بولۇش پەللىسىگىچە ئېلىپ كەلدى.

ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيا خىتاينى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت دەپ قاراۋاتىدۇ. ئامېرىكىغا نىسبەتەن خىتاي دۆلىتى، ئىقتىسادى ۋە سىياسى جەھەتتىن تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ بولغىنى راست. خىتاي بۇنىڭدىن قىرىق يىللار ئىلگىرىلا، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ھەربى ياردىمى ئارقىسىدا، ۋېيتنام ئۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ چىققىنىغا

قارىماستىن: دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان كۈچلەر «ئا س ج» تەرتىپىدىن «ج س ئا» تەرتىۋىگە ئالمىشىدۇ ـ دېگەن، سىياسى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى تەسەۋۋۇرىچە، يېقىن كەلگۈسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي بىلەن رىقابەتلىشىش كۈچىدىن قالاتتى. دەرۋەقە كېيىنكى ئەمەلىيەتمۇ دەل شۇنداق بولدى. خىتاي سىياسەتتە ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئالغان بولدى. «غەربنىڭ خىتاينى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش (تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن پارچىلاش) ستراتېگىيىسى» نى خىتاي بەربات قىلدى. ئىقتىسادى جەھەتتە گەرچە ئىچى كاۋاك بولىشىغا قارىماستىن، دۇنيا ئىقتىسادىنى مەلۇم تەرەپلەردىن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋاتىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ ھەربى كۈچى ئاجىز. شۇڭا ئىچكى توقۇنۇشتىن قورقىدۇ. مۇستەملىكە رايونلاردىكى مىللەتلەردىن قورقىدۇ. خىتاي ۋېتنام ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۆلەتلەر ئارا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن قورقۇپ كەلمەكتە. ئەمما ئامېرىكا بولسا ۋېتنام ئۇرۇشىدىن نەتىجىسىز چېكىنىپ چىققاندىن بۇيان، دۆلەتلەر ئارا ئۇرۇشتىن چېكىنگىنى يوق. ئامېرىكا 66 ـ يىلى ۋېتنام ئۇرۇشىدىن قايتىپ چىقىپ، ئون يىل كېيىن خىتاي ـ ۋېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشتى. پاراللېل شەكىلدە سوۋېت ـ ئافغان ئۇرۇشىغا، ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشىغا قاتناشتى ياكى يېتەكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بالقان ئۇرۇشىغا قاتناشتى. تالىبان ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىراققا باستۇرۇپ كىردى. سۇرىيە ئۇرۇشىدىمۇ ئامېرىكىنىڭ بىر چەتتە قاراپ تۇرغىنى يوق. ئەمما دۇنيانىڭ كۈچ تەرتىۋىنى ئۆزگەرتىپ، «ج س ئا» غا ئالماشتۇرىمىز دېگەن تەسەۋۋۇرنى، مەلۇم جەھەتتىن ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان

خىتاي دۆلىتى، مەزكۇر ئۇرۇشلارنىڭ قايسى بىرىگە قول تىقىپ ئارىلاشتى؟ دېمەك، خىتاينىڭ ئاجىز تەرىپى قوراللىق توقۇنۇش بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيانى ئىدارە قىلىش، دۇنياغا خوجايىن بولۇش چۈشىنى بولسا ئىقتىسادى مۇناسىۋەت، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت، سىياسى تاكتىكا قاتارلىق يۇمشاق كۈچ بىلەن رېئاللىققا ئاشۇرماقچى. بۇ يۇمشاق مۇناسىۋەتلەر خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرىپىدۇر. دۈشمەنىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلماقچى بولغانلار، ئۇنىڭ كۈچلۈك يېرىگە ھۇجۇم قىلسا، ھەر قانداق چاغدا يېڭىلىدۇ. دەرۋەقە بىزنىڭ چەتئەلدىكى ۋەتەن دەۋاسى ئېقىملىرىمىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «ئىنسان ھەقلىرى» تۈرى بويىچە، خىتاينىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى. ئەسلىدە بۇ تۈر بويىچە بارلىق غەرب كاپىتالىستلىرى ۋە غەرب سىياسەتچىلىرى خىتايغا قارشى مەغلۇب بولغان ئىدى. چۈنكى گەپ ۋە دىپلوماتىك ئۇسۇل خىتاينىڭ ئوق ئۆتمەيدىغان قېلىن سېپىلى، خىتاينى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان كۈچلۈك بازىسى ئىدى. بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ كۈچلۈك نۇقتىسىغا ھۇجۇم قىلىدىغان، شۇ ئاغزىمىزدىكى گەپتىن باشقا، ماددى ئىمكانىيىتىمىز بولمىغانلىقىمۇ بىر ئاجىزلىقىمىزدۇر. ۋەتىنىمىزنى خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ ۋە غەلىبىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە، بىزمۇ خىتاينىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى بولغان، قوراللىق ئۇرۇشقا كىرىشىمىز كېرەك. ئەمما بۇ ئۇرۇشنى قايسى دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن، قايسى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئېلىپ بارىمىز؟

بىز ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ خىتاي ستراتېگىيىسىنى تېخىچە چۈشىنىپ يەتكىنىمىز يوق. بىزنىڭ ئۆز ئىشىمىزدىمۇ

ستراتېگىيە بولمىغىنىدەك، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشان، مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز. ئاخبارات يۈزىدىكى ئۇچۇرلارغا قاراپ، دۆلەتلەر ئارا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، يېنىك توقۇنۇش ۋە كۈندىلىك ئۆزگىرىشچان، سىياسى ۋەزىيەتلەرگە قاراپ تەھلىل قىلىشتىن باشقا، ئىستىخبارات ئېگىمىز ۋە ئىستىخبارات قۇرۇلمىمىز ھەم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن «ۋەتەن دەۋاسى» ھالىغا چۈشۈپ قالغان، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرىمىزمۇ، شىكايەت قىلىش، پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىگە يىغىنچاقلانغان ۋەزىيەتتە. ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پائالىيەتلىرىمىز، يەنە يۈز يىل داۋاملاشسىمۇ ۋەتەن مىللەتنىڭ مۈشۈكى ئاپتاپقا چىقمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا بىر قېتىم سىلكىنىشىمىزگە توغرا كەلمەكتە.

بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، دۇنيانى ئوڭچە ئىدارە قىلىش چۈشىنى كۆرىۋاتقان، ئىنساپسىز، ئادالەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم، ئاچ كۆز، شەپقەتسىز ھەم نامەرد بىر دۈشمەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاجىز، نامرات، قالاق دۆلەتلەرنى ئەترابىغا توپلىدى ۋە دۇنيانىڭ سىياسى تەرتىۋىنى بەلگىلەشتە ھەم ئۆزىنى سىياسى ھۇجۇمدىن قوغداشتا مۇئەييەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. ھازىرقى ئەھۋال ئاستىدا، خىتايغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋە خىتايغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ يولى ھەرگىزمۇ خىتاينىڭ غالىب ۋە كۈچلۈك نۇقتىسى بولغان، سىياسى ۋە دىپلوماتىيىلىك شەكىلدە بولماسلىقى شەرت. يەنى خىتاي ئۆزى قورقىدىغان، ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتقان قوراللىق توقۇنۇش، خىتاينىڭ يوقىتىش ۋە ھودۇقۇش نۇقتىسىدۇر. بىز چەتئەللەردىكى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پروگراممىمىزدا «ئالدى

بىلەن ئۇيغۇرنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتىنى غەرب ئەللىرىگە، جۇملىدىن پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇپ، بىز بىلەن ھەمكارلىشىدىغان، بىزگە ياردەم قىلىدىغان كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا نېمە كېرەكلىك بولسا، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزىمىز» ـ دېگەندەك، تەكلىپ پىكىر، كۆز قاراشلارنى ماقۇل كۆردۇق ھەم شۇنداق يولنى تۇتۇپ كەلدۇق. بۇ خىل ۋاقىتلىق پروگرام، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كەڭ يېيىلىپ، يىلتىز تارتىپ، سىياسى ئاڭغا ئايلاندى. بىزنىڭ پىشمىغان سىياسى ئېڭىمىز بىلەن ھەتتا: «ۋەتەننى سىياسى ۋە دىپلوماتىك يول بىلەن، تىنچلىق يولى بىلەن مۇستەقىل قىلىمىز!» ـ دەيدىغان ئېقىملارمۇ شەكىللىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ 97. ۋە 98 ـ يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسيا، ئافغانىستان رايونلىرىدا بىرلىرى «ئازاتچىلار قوشۇنى» بىرلىرى «غازاتچىلار قوشۇنى» تەشكىللىشىپ، خىتاينى بىر ياقتا قويۇپ، ئۆز ـ ئارا قان تۆكۈش ۋەقەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن، ھازىرچە ئۇيغۇرلار قوراللىق توقۇنۇشقا بالدۇركەن، ۋەزىيىتىمىز پىشىپ يېتىلمىگەن چېغى ـ دېگەندەك، ئۇمۇتسىز كەيپىياتقا ئەسىر بولدۇق. بىز قوراللىق ھەرىكەت توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلمىدۇق. قوراللىق ھەرىكەت تەشكىللەشنىمۇ ئويلىشىپ كەتمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق. چۈنكى: قوراللىق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلساق، خىتاي ئارىمىزغا جاسۇس كىرگۈزۈپ، ئىشنى بىزنىڭ زىيىنىمىزغا باشلاپ كېتىدۇ ـ دەپ، تىنچلىق يولىنى تەشەببۇس قىلىۋەردۇق. چەتئەللەردىكى مەزكۇر ئەھۋالىمىزنى: ئاجىزلىق ـ دەپ قارىغان خىتاي دۆلىتى، ۋەتەن ئىچى سىرتىدا ئۆزىنىڭ نەق جاسۇس ۋە سېتىلمىلىرىنى ئىشقا

سىلىپ: چەئەللەردىكى دېموكراتچى، مىللەتچى، ۋەتەنپەرەس ئىمانسىزلار، جىھات قىلىشتىن قورقىدۇ؛ ئۇلار غەربنىڭ، كاپىرلارنىڭ غالچىسى؛ شۇڭا ئاللاھ يولىدا ھەقىقى جىھات قىلىپ جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار، تاغۇتلارغا يېقىن يولىماي، مۇسۇلمانلار جىھات قىلىۋاتقان جايلارغا كېتىشى ۋاجىپ ـ دېگەندەك، ھىلە نەيرەڭ، ئېغۋالارنى ئىشقا سېلىپ، ئافغانىستان، پاكىستان، ئىراق، سۇرىيە قاتارلىق، ئىچكى ئۇرۇش بولىۋاتقان رايونلارغا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان پىداكار ياشلىرىمىزنى يوللاپ، بىھۇدە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. ئەگەر بىزدە قوراللىق ئۇرۇش قىلىش ئېڭى، ئۇرۇش نەزەرىيىسى پىشىپ يېتىلگەن بولسا، دۈشمىنىمىز خىتاي ئۇ قەدەر چوڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى ۋە بىز ئۇ قەدەر زىياننى تارتمىغان بولاتتۇق. بىز تىنچلىق نەزەرىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ داۋراڭ سېلىۋاتقان ۋە ئۆزىمىزنى قوراللىق ھەرىكەتتىن يىراق تۇتىۋاتقان پەيتتە، خىتاي دۆلىتى بىگۇناھ ياشلىرىمىزنى تەشكىللىك ۋە تەشكىلسىز، ئاممىۋى ھەم يەككە ھالدا، جەڭ مەيدانلىرىغا يوللاپ، بىز قاچقان، بىز ئېھتىيات قىلغان پاجىئەلەرنى، بىزنىڭ دۈمبىمىزدە ئىجرا قىلدۇردى. ئەرەب قۇشخانىلىرىدا ئۆلتۈرگۈزگەن ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ جەسىدىنى، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يۈكلىدى. ئەرەب قۇشخانىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن بىچارىلەرنىڭ تېررورچىلىق تالونىنى، بىزنىڭ پىشانىمىزگە چاپلىدى. بىز تەسەۋۋۇر قىلىشتىن، مۇزاكىرە قىلىشتىن، تەكلىپ بېرىشتىن ۋە پىلان تۈزۈشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ كەلگەن، شۇ قوراللىق ھەرىكەت، بىزنى خۇددى سايىمىزدەك قوغلاپ ماڭماقتا. ئەگەر بىز قورالنىڭ تەپكىسىنى تۇتۇشتىن قاچساق، ئۇنىڭ

ئوق ئۇرۇش نىشانىغا ئايلىنىمىز. دەرۋەقە بولغۇلۇق شۇنداق بولدى. كېچىككەن بولساقمۇ قايتىدىن ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

ئەگەر بىز خىتايغا قارشى قوراللىق ھەرىكەت قىلماقچى بولساق، ئۇدۇل ئېيتقاندا ۋەتىنىمىزنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىماقچى بولساق، بىزگە قايسى دۆلەت ياردەم قىلالايدۇ؟ قايسى دۆلەت خىتايغا قارشى بىز بىلەن ھەمكارلىشالايدۇ؟ ـ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشتىن ئاۋۋال، خىتايغا قارشى قوراللىق ئۇرۇش قوزغاش پىكرى، ئۆزىمىزدە بولىشى ھەم تەييار تۇرغان بولىشىمىز شەرت. غەرب ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، تەشكىلات نىزامنامىسىگە: «شەرقى تۈركىستاننى خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتقۇزۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دېگەن بىر ماددىنى كىرگۈزۈشلىرى لازىم. بىزنىڭ خىتاي دۆلىتىگە قارشى ئىكەنلىكىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زورلۇق بولغاندا ئۇرۇش قىلىشقا، جېنىمىز بىلەن بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىكەنلىكىمىزنى تەشكىلى تۈردە بىلدۈرۈشىمىز لازىم. بۇ بىز قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتتۇر. بىزدە شۇنداق بىر پىداكارلىقنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرگەن ئەجنەبىلەر، ھەمكارلىق ۋە ياردەم تەلەپلىرىمىزگە ئىشىنىدۇ ۋە ئېتىبارغا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خىتايغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەملىشەلەيدىغان ئېھتىماللىقى ئىگە دۆلەتلەر ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى كۆزدىن كەچۈرەلىشىمىز مۇمكىن ـ ئامېرىكا، ھىندىستان، ياپونىيە. لېكىن ئامېرىكىنىڭ ماقۇللىقى بولمىغان ئەھۋالدا ھىندىستانمۇ، ياپونىيمۇ خىتايغا قارشى بىز بىلەن ھەمكارلىششى بەك

يىراق گەپ.

شۇنى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدۇكى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ھەمكارلىقلار، مىللى مەنپەئەتنى ئاساس قىلىپ شەكىللىنىدىغاندەكلا، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارمۇ، مىللى مەنپەئەتكە باغلىق ھالدا كېلىپ چىقىدۇ. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى زىددىيەت دىپلوماتىيە بىلەن ھەل قىلىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىلا، قوراللىق توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۈچىنچى بىر دۆلەت، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتكە ئارىلىشىپ، ھەتتا قوراللىق توقۇنۇشلارغا كىرىشى بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ خالىس پىداكارلىق بولماستىن، يەنىلا مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ خىتايغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان قوراللىق ئۇرۇشىمىزغا، ئامېرىكا ئارىلىشامدۇ؟ ئارىلىشىدۇ دېسەك، بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكا قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ بىزنى خىتايدىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق، بىزدىن ئالىدىغان مەنپەئەتى بارمۇ؟ ياكى ئامېرىكىنىڭ خىتاينى پارچىلاش ستراتېگىيىسى بارمۇ؟ ـ بىز يۇقىرىقىدەك بىر قاتار سوئاللارغا ئوبيېكتىپ جاۋاب تاپمايتۇرۇپ، مەسىلىگە سىرتتىن قاراپ تەھلىل قىلساق، ياكى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى خىتاي دېڭىزغا ئەسكەر يۆتكىگەندەك، قىرغىزستاندىكى ماناس ئايروپورتىغا ئەسكەر يۆتكىگىنىدەك غەيرى نورمال ھەرىكەتلىرىگە قاراپلا: ھە ما، ئامېرىكا خىتاينى قورشاۋغا ئالدى، خىتايغا قارشى چوقۇم ئۇرۇش ئاچىدۇ ـ دېگەندەك، يۈزەكى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى تۇرساق، ئۆزىمىزنى ئالدىغان بولىمىز.

دېموكراتىك ئەللەردىكى تەشكىلاتلىرىمىز، رەھبەرلەر، تەشكىلات ئاخباراتلىرى ۋە يەككە تەشۋىقاتچىلار، دوكتور - زىيالىيلار، تەتقىقاتچىلار... قاتارلىقلارنىڭ بىز بىلىدىغان ھەممىسىلا، ھازىرغا قەدەر ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان، كەڭ خەلق ئاممىسىنى، قوللىغۇچىلارنى، ئەزالارنى ھاڭۋاقتۇرۇپ كېلىۋاتقان بارلىق مەلۇماتلار، ئۇچۇر دەرىجىسىگە يەتكەن نەرسىلەر بولماستىن، ئوچۇق ئاخباراتلاردىن ئاڭلىغان، بەزى مۇتەخەسسىلەرنىڭ، سىياسى ئانالىزچىلارنىڭ كۆز - قاراشلىرىدىن ئاڭلىغان، كۆندىلىك ئېقىم مەسىلىسىگە ئائىت نەرسىلەردۇر. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، رەھبەرلەر ھازىرغىچە كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ، ئەھۋالىمىزنى ئاڭلىتىپ، بىرگە تۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈپ كېلىۋاتقان دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر - خىتاي مەسىلىسىگە قارىتا ۋەزىپىلىك خادىملار ئەمەس. يەنى تېخىچە بىرەر كۈچلۈك دۆلەت، مىنىستىرلىق دەرىجىدە «ئۇيغۇر - خىتاي مەسىلىسىگە مەسئۇل ئورگان» تەسىس قىلغىنى يوق. ئەگەر بىرەر دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى، مىنىستىرلىرى ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشسە، دەردىگە قۇلاق سالسا، بۇنىڭ مەزمۇنى: شۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر پۇقرالارنىڭ دەردىگە قۇلاق سالغانلىق، شۇنداقلا ئۆز پۇقرالىرىنىڭ باشقا جايدىكى دەردىگە تەسەللى بېرىۋاتقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە چۈشكەن رەسىملەرنى ئالبومغا سېلىپ قويۇپ، بەزى دۆلەتلەر بىلەن رەسمى شەكىلدە سۆزلىشىشىمىز ۋە بىرگە قانچىلىك ھەم قايسى شەكىلدە ياردەم قىلالايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. «خىتايدىن ئېلىۋاتقان مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، بىزنى قايسى

دۆلەت نېمە ئۈچۈن ئازات قىلىپ قويغىدەك؟» ـ دەيدىغان ئوي پەيكىرىدە بولۇشىنىڭ ئۆزىلا، تولۇق تەسلىمچىلىكتۇر ھەم دۇنيا تەرتىپىدىن خەۋەرسىزلىك، مىللىي سىياسەتنى بىلمىگەنلىكتۇر. باشقىلارنى ئۆزىمىز بىلەن مەنپەئەتدار قىلىشنىڭ يولىنى تاپالىساق، مەنپەئەتتە ئورتاقلاشقان چاغدا، ھەمكارلىشىش كېلىپ چىقىدۇ. ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە ھاجىتى چۈشكىنىدەك، كۈچلۈكلەرنىڭمۇ ئاجىزلارسىز ئېھتىياجلىرى قامدىلىپ بولالمايدۇ.

2019 ـ يىلى 12 ـ مارت

## ئىككىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىرى نېمىشقا ئالدىنىدۇ؟

«ئالدىماق، ئالدانماق» ـ دېگەن سۆزلەر قارا نىيەت ساختىپەز بىلەن گۆل، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە خاس ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان، ئىجتىمائىيلىقى كۈچلۈك سۆز تۈركۈملىرىدىن بولۇپ، بۇنداق سۆزلەرنى ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەر سىياسى مەزمۇندا ئانچە قوللانمايدۇ. ئەمما بىز ياشاۋاتقان ئەللەردە: «سىياسەتچىلەر ئالدامچى» دېيىلگەن گەپنىڭ مەناسى بولسا، بىر دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى، يەنە بىر دۆلەتنىڭ باشلىقلىرىنى ئالداپ كېتىدۇ؛ ياكى بىر مىللەتنىڭ باشلىقلىرى، يەنە بىر مىللەتنىڭ باشلىقلىرىنى ئالداپ كېتىدۇ ـ دېگەن بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى، پارتىيە باشلىقلىرى سايلامدا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆز پۇقرالىرىغا، قوللىغۇچى خەلق ئاممىسىغا يالغان ۋەدە بېرىپ ئالدايدۇ؛ مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ ـ دېگەنلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ قارمۇ ـ قارشى دۈشمەنلىشىپ، بىرسى يەنە بىرسىنى يوقىتىش ئۈچۈن قوراللىق ئۇرۇش قىلىدىغان، سىياسى كۈرەش قىلىدىغان، ئىككى دۈشمەن مىللەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى توغرىسىدا: بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىزنى دۈشمەنىنىڭ

رەھبەرلىرى يالغان ۋەدە بېرىپ ئالداپ كەتكەن ـ دېيىش، بەك نومۇسلۇق گەپتۇر. بۇنداق گەپلەرنىڭ سىياسىۋىلىكى يوق، ساپاسى يوق، كۆندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت گەپلەردۇر.

«تۆمۈر خەلىپىنى لى شىڭفو ئالداپ ئاپىرىپ، جىڭ شۇرىنگە تۇتۇپ بەرگەن؛ جۇمھۇرىيەت رەئىسى خوجانىياز ھاجىنى، رۇس كونسۇلى يالغان ۋەدە بېرىپ ئالداپ، شىڭ شىسەيگە تۇتۇپ بەرگەن؛ ئەلىخان تۆرەمنى ستالىن ئالداپ ئېلىپ كەتكەن؛ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئالداپ، ئايروپىلان قازاسى بىلەن يوقاتقان؛ مەمتىمىن بۇغرانى ئەنگلىيەدە ئىسا ئەپەندى ئالداپ ئاپىرىپ، گومىنداڭغا باش ئەگدۈرگەن؛ شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ماۋ زېدۇڭ ئاپتونومىيە بىلەن ئالداپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەدىسىدە تۇرمىغان ...» بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى، خىتايغا قارشى قوراللىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمەتلەر قۇرغاندىن كېيىن، يۈز بەرگەن يالغان مەغلۇبىيىتىمىزدىن چىقىرىلغان ساختا يەكۈندۇر. بىز خىتايغا قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزدە مەغلۇب بولمىغان. ئەكسىچە رەھبەرلىرىمىز ۋەتىنىنى، دۆلەتنى، مىللەتنى، كۈرەش غەلىبىسىنى دۈشمەنگە بېرىۋەتكەن. ئۇلار ھېچ قاچان ئالدانمىغان. ئەكسىچە ئۇلار سىياسەتنى بىلمىگەن؛ ئۇلار مىللى ئىرادىنى تونىمىغان؛ پەقەت ئۆزلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويغان.

دۈشمەنگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلغان، دۈشمىنىنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ قېنى تۆكۈلگەن

بىر مىللەت قوشۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ياكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ يوقىلىدۇ، ياكى دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ يوقىلىدۇ. ئەمما قان تۆكۈشكەن دۈشمىنى بىلەن، شەھەرنى تەك سوراش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزمەيدۇ. ئەمما بىزنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۇرۇشىمىزدا، بىز غەلىبە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رەھبەرلىرىمىز دۈشمەن بىلەن دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ئورنىتىپ، شەھەرنى دۈشمەن بىلەن تەڭ سورىماقچى بولغان. نەتىجىدە ھەممە نەرسە قولدىن كەتكەن ۋە دۈشمەن ۋەتىنىمىزنى قايتا ئىشغال قىلغان.

كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىرەر مىللەتنىڭ سىياسى رەھبەرلىرى، ئۇرۇش قوماندانلىرى دۈشمەنگە ئالدانمايدۇ. ئەگەر ئالدىنىدۇ دېيىلسە ھەم ئالدانغان بولسا، دېمەك ئۇنداق كىشىنىڭ رەھبەرلىككە لاياقىتى توشمىغان بولىدۇ. چۈنكى ئالداش، ئالدىنىش ھەرىكىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە ئائىتتۇر. ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن ھالقىپ چىقالمىغان، مەسىلىگە سىياسى نۇقتىدىن قارىيالمىغان كىشىلەرنىڭ، مىللەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا قابىلىيىتى يەتمەيدۇ.

ئەمدى چەتئەلدىكى سىياسى، تەشكىلى مەسىلىمىزگە كەلسەك، رەھبەرلەرنىڭ ياكى پائالىيەتچىلەرنىڭ خىتايغا، ياكى بەزى ئارىچى دۆلەتلەرنىڭ ھىلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن ئەھۋاللىرى بولغانمۇ؟ مېنىڭ بايقىشىمچە بۇلار خىتايلارغا ئالدىنىپ كەتكىدەك، گۆل ئادەملەر ئەمەس. ئۇلار تۇرمۇشلىرىدا قىلنى قىرىق يېرىپ ھېسابلىيالايدۇ. ھەتتا يىراق كەلگۈسىدە تۇغۇلۇپ قالغۇسى نەۋرىلىرىنىڭ ھايات

ئەندىزىلىرىنى كېسىپ، پىلانلىق، ئېدىتلىق ياشايدىغان كىشىلەردۇر.

مۇشۇ يەردە، چەتئەلدىكى تىبەت مەسىلىسىگە قىسقىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقساق، ئۆز مەسىلىمىزنى چۈشىنىش ئاسانراق بولىدۇ - دەپ قارايمەن.

بۇنىڭدىن 25 يىللار ئاۋۋال، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرى ئارىسىدا «دالاي لامانى خىتاي دېموكراتلىرى ئالداپ كەتتى» دېگەندەك، نارازىلىق كەيپىياتلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، كۈن چىقىشتىن كۈن پاتارغىچە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەنقىدلەش، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بازار تاپقان بولۇپ، خىتايدا كوممۇنىزمنى تەختتىن چۈشۈرۈش، قان چىقارماستىن خىتاي دۆلىتىنى دېموكراتىيىگە ئۆتكۈزۈش بىر تۈرلۈك يېڭىلىققا، مەدەنىيەتكە ئايلىنىپ قالغان بولغاچقا، غەربنىڭ قان تۆكمەيتۇرۇپ، خىتاينى دېموكراتىيىگە ئۆتكۈزۈش پىلانلىرى، خىتايدىكى 21 - ئەسىر تىنچلىق، پاراۋانلىق، ئادالەت شوئارلىرى ھەر تەرەپتىن بىر ئالغاچقا، تىبەتنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، غەرب سەۋىيىسىدىكى ئاپتونومىيە لاھىيىسىنى قوبۇل قىلىش تەكلىپلىرى، دالاي لاماغىمۇ يېقىپ قالغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ: ماقۇل دەۋەتسە، ئۇنىڭ بېشىغا تىنچلىق شاھ تاجىسى كىيدۈرۈلىدىكەن ئەمەسمۇ! 88 - يىلى 4 - ئىيۇن، ياۋروپا پارلامېنتىدا، دالاي لاما تىبەتنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىدىن تولۇق ۋاز كېچىپ، خىتاي بىلەن يارىشىدىغانلىقىنى، تىبەت خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ

قىلىپ، خەلقئارالىق بايانات ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: تىنچلىق ئەلچىسى، پاكلىق ئەلچىسى، ئۆزى تەشەببۇس قىلغان تىنچلىق ئەقىدىسىگە ئۆزى ئەمەل قىلغۇچى بولۇپ، دۇنياۋى شان ـ شەرەپ قازاندى. بىر يىلدىن كېيىن (89 ـ يىلى دېكابىر) ئۇ نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نائىل بولدى. مۇشۇ جەريانغا، شۇ چاغلاردىكى بىزنىڭ ئۇتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسەتچىلىرىمىزنىڭ قارىشىچە: خىتاي دېموكراتلىرى دالاي لامانى ئالداپ، مۇستەقىللىقتىن ۋازكەچتۈرۈپ، ئاپتونومىيەچى قىلىۋەتتى ـ دېسەك، مېنىڭچە دالاي لامانى تونۇمىغانلىق، ياكى ئۇنى كىچىك چۈشۈرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى دالاي لاما ھە دېسىلا «ئالدىنىپ كېتىدىغان» بىزنىڭ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىدەك غېرىب، كەمبىغەل، بىلىم سەۋىيىسى يوق، ھېسسىياتى بىلەنلا ئۇدۇل چىقىپ باشلىق بولۇپ قالغان كىشى ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ تۇغۇلما رەھبەر؛ ئۇ باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ، تىبەتنىڭ مىللى سىياسەتلىرىنىڭ نەزەرىيىسىنى ئوقۇپ، ئەمەلىيىتىدە ئىجرا قىلغان؛ چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن غەربچە ئوقۇپ، دۇنياۋى سىياسەتلەردىن مەلۇماتلىق بولغان؛ غەربتە ئېتىراپ قىلىنغان سىياسى رەھبەر ۋە پەيلاسوپ ئىدى. شۇڭا ئۇنى خىتايلار ئالداپ كەتتى دېيىشكە مېنىڭ تىلىم بارمايدۇ. بەلكى ئۇ تىبەتلىكتەك بىر «نامرات تاغلىق خەق» نىڭ مۇستەقىلچى رەھبىرى بولۇپ غېرىپسىنغىچە، دۇنياۋى شان ـ شۆھرەتنى ئەۋزەل بىلگەن بولىشى مۇمكىن. تىبەتتەك بىر قالاق رايوننىڭ رەھبىرى دېگەن چۈشكۈن ئاتاقتىن، خىتاي دۆلىتىدەك، يېگىدىن تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن، كەلگۈسى ئىستىقبالى بار بىر دۆلەتنى ئۆزگەرتكەن، خۇددى ياۋروپالىقنىڭ دىنى

رەھبىرى يوھاننىس پاۋۇل ئىككىنچىگە ئوخشاش، بىر چوڭ ئاتاقتا ئېگە بولۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىر تامچە قان تۆكمەي ئۆزگەرتىۋەتكەن گورباچوپقا ئوخشاش، دۇنياۋى سىياسى داھى بولۇش چۈشىنى كۆرگەندۇر. بۇنىڭ باشقا بىر ئىزاھاتىنى تاپالمىدىم. چۈنكى دالاي لاما 80 مىڭ تىبەتلىكنى يېتەكلەپ، چەتئەلگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەپ، مۇستەقىللىق كۈرىشىنى، بەزىدە قوراللىق، بەزىدە تىنچلىق شەكلىدە 30 يىل داۋاملاشتۇردى. ئۇ تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىپ، تىنچلىق يولى بىلەن ئالى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش بايانامىسىنى ئېلان قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، تىبەتتىكى«زاڭ زۇلار» خۇددى يېرىم مۇستەقىل رايون خەلقىدەك ئۆز بەگ، ئۆز خان، دىنى ئەركىنلىكى، تىل ۋە مەدەنىيەت ئەركىنلىكى بىلەن ياشاۋاتقان چاغلار بولۇپ، تىبەتتە ئۈچ دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن باشقا خىتايلار يوق ئىدى. خىتاي قوراللىق ئەسكەرلىرى تىبەت بىلەن ھىندىستان چېگرالىرىدىن باشقا يەردە يوق ئىدى. خىتاي ئارقا سەپ ھەربى تەمىناتى، تىبەتكە بىزنىڭ ۋەتەندىن ئاشلىق، كىيىم كېچەك ۋە تۇرمۇش مۇلازىمەتلىرىنى يۆتكەيدىغان، تىبەتلىككە يول، كۆۋرۈك، مەكتەپ، دوختۇرخانا، بۇتخانا ياساپ بېرىدىغان، مەدىكارچىلىق ئىشلىرىنى قىلاتتى. خىتاي دۆلىتى، تىبەتنى بىزنىڭ رىزقىمىز بىلەن باقاتتى. چۈنكى تىبەت، خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنى مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن قورغان، ۋە ئالدىنقى سەپ ھەربى بازىسى ھېسابلىناتتى. بۇ ھەقتە خىتاي رەھبىرى دىڭ شىپىڭ مۇنداق دېگەن:«مەركىزى كومىتېتتىكى ياش كادىرلاردا،

جۇڭگونىڭ شىزاڭنى تۇتۇپ تۇرۇشىنى ياقتۇرماسلىق خاھىشى كۈرۈلمەكتە؛ چۈنكى شىزاڭغا يىلدا 7 يۈز مىليون يۈئەن چىقىم بولىدۇ. ئۇلارنى بىز باقىمىز. شىزاڭدا ئۇزۇن تالالىق يۇڭ چىقىدىغان قويدىن باشقا ھېچنەرسە يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيەرنى زور ئىقتىسادى بەدەل تۆلەپ تۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى شىزاڭ بۈگۈن قولدىن كەتسە، ئەتە شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ. شىنجاڭ ئالتۇن تۇپراق. ئۇ يەر قولدىن كەتسە، يىڭى جۇڭگونىڭ ھاياتى كۈچى تۈگەيدۇ...» (پارتىيە ياچېكىسى ژورنىلى 86 ـ يىللىق 5. سان ـ دىڭ شوپىڭنىڭ جۇڭگو ياشلىرىغا چاقىرىقى) دېمەك، دالاي لاما 88 ـ يىلى تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ۋازكېچىپ، خىتايدىن ئايرىلماسلىق، خىتاي دۆلىتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا، ئەركىن ئازادە خىتاي پۇقراسى بولۇپ ياشاش ۋە خىتاينىڭ تۇپراق پۈتۈنلىكىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا، خەلقئاراغا ئېلان قىلغا باياناتىنىڭ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشىش بەدىلىگە، تىبەت خەلقىنىڭ مىللى ئىرادىسىنى چەيلەپ تاشلىغانلىقىدىن ۋە تىبەت خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولى بىلەن يازغانلىقىدىن باشقا مەناسى يوقلىقى، 30 يىلدىن كېيىن بۈگۈنكى تىبەتنىڭ ئەھۋالى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. لامانىڭ 95 ـ يىلى 15 ـ يانۋار فرانسىيەنىڭ «دې لىموند» گېزىتىدە ئېلان قىلغان 14 ماددىلىق تەسلىمنامىسى بىلەن، چەتئەلدىكى تىبەتلىك يەبە بىر قېتىم پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. تۆت نەپەر تىبەتلىك بىر يەرگە كېلىپ، تىبەت توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ قالسا، بىرى ئاپتونومىيىچى، بىرى مۇستەقىلچى، بىرى خاۋارىچ، بىرى ھەممىدىن قول ئۈزگەن راھىب بولۇپ كېتىدىغان

ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇنداق ۋەزىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان خىتاي دۆلىتى، دالاي لاما ئاچقان يوچۇقتىن ساناقسىز ئىشپىيون، جاسۇسلارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى تىبەتلىكنى ئۆمۈتسىزلەندۈرۈپ، چۈشكۈنلۈككە پاتقۇزدى.

دالاي لاما توغرىسىدا، چەتئەلدىكى تىبەتلىكلەرنىڭ بەزىسى: ئۇ روھانى، سىياسى داھىمىز دېسە، بەزىسى: بۇرۇن شۇنداقتى. لېكىن ھازىر ۋەتەن ساتقۇچ خائىن دېيىشتىن ئۇيالمايدىغان بولۇپ كەتتى. خىتاي دۆلىتى دالاي لامانىڭ ئۆلۈمىنى كۈتمەكتە. ئەگەر ئۇ ئۆلسە، چەتئەلدىكى تىبەتلىكنى تېرىقتەك چېچىپ، ئۆز ـ ئارا دۈشمەنلەشتۈرۈپ، ۋەيران قىلماقچى. مۇستەقىلچى تىبەتلىكمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئىنتىزار. چۈنكى ئۇ ئۆلسە، تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلاپ، شۇنىڭغا لايىق كۆرەش قىلماقچى. ئەمما قايسى تەرەپنىڭ ئۇتۇپ چىقىشى تاكتىكا ۋە تەدبىرگە باغلىق. قىسقىسى تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىشتىكى بۇ سودىدا، مەنپەئەتكە ئېرىشكەن تەرەپ دالاي لاما، غەرب كاپىتالىستلىرى ۋە خىتاي دۆلىتى بولدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپ تىبەت خەلقى ۋە ئۇيغۇرلاردۇر.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ئىككى دۈشمەن مىللەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئالداش ـ ئالدىنىش يۈز بەرمەيدۇ. بەلكى سېتىۋېلىش ۋە سېتىلىش يۈز بېرىدۇ. ئۇ سودىنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى، جەريانى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت بەلگىلەيدۇ. ئەگەر بۇ سودىدا ئالدانغۇچىلارنىڭ بولىدىغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنسا،

ئۇ دەل ئاشۇ سېتىلما رەھبەرلىرىگە ئەگەشكەن، ئۇلارنى قوللىغان، ئۇلارغا بەدەل تۆلىگەن خەلق ئالدانغان بولىدۇ.

بىز «تۆمۈر خەلىپە ئالدانغان» دېگەن ئاساسى يوق، توقۇلما گەپتىن باشلىساق، ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، يەنە چەتئەللەردىكى رەھبەرلەرنىڭ «ئالدىنىپ كېتىدىغانلىقى» غا، ئۆزىمىز بوشلۇق يارىتىپ بەرگەن بولىمىز. ئالداندى دېگەن بىلەن، سېتىلدى دېگەن گەپنىڭ ئۇقۇم پەرقى ئاجايىپ چوڭدۇر. چۈنكى ئالدانغانلىق ـ ئۇقۇشماستىن، سەھۋەنلىك بىلەن خاتا قىلغانلىقتۇر. ئەمما سېتىلغانلىق بولسا ـ بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن جىنايەت قىلغانلىقتۇر. ئۇقۇشماسلىقتىن، سەھۋەنلىك بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشى دىندىمۇ، قانۇندىمۇ، ئەخلاقى پرىنسىپتىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. لېكىن بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن، جىنايەتچىلەر جازاسىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭغا كەچۈرۈم يوق. بىز بولساق، تارىختىكى مىللەتنى ساتقان، ۋەتەننى ساتقان، دۆلەتنى ساتقان، ئەگەشكەن پىدائى قوشۇنلارنى ساتقان ھەر قانداق سېتىلمىلارنى «ئالدانغان، خىتاي ئالداپ كەتكەن» دەپ، كەچۈرۈپ كەلگىنىمىز ئۈچۈن، بۈگۈنكى چەتئەلدە بىرلىرى خىتاينىڭ دېموكراتىك، پاراۋان، بەخت باياشاتلىق تۈزۈمى بىلەن بىزنى ئالداپ ساتسىمۇ، بىرلىرى ئاللاھنىڭ جەننىتى بىلەن قايمۇقتۇرۇپ، كەربالا چۆللۈكىدە، ئەرەب قۇشخانىلىرىغا ساتسىمۇ، خالىغانچە ساتالاۋاتىدۇ.

خىتاي كېيىنكى تۆت يىلدىن بۇيان، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاممىۋى لاگېرغا سولاپ، ئۇلارنىڭ ئىز ـ

دىرىكنى ئىلىشقا پۇرسەت بەرمىگەنىدى، چەتئەللەردە ئوقۇش، تىجارەت، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتقان، يۈز مىڭلارچە ئۇيغۇرلارنى سەكرىتىپ، كۆرۈنۈشتە خىتايغا قارشى بىر شەكىلدە قوزغاپ چىقتى. ئۇيغۇرلارنى لاگېرغا سولاشتا، خىتاينىڭ قانداق مەقسىتى بارلىقى ئايرىم مەسىلە. ئەمما چەتئەللەردە ۋەتەن قۇتقۇزۇش كۈرىشى ۋە مۇستەقىللىق دەۋاسىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى، خىتاي ئۈچۈن قوشۇمچە غەلىبە بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن غوللۇق يوقىتىش بولىدىغانلىقى، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئادەم دېگەن كۆنگەك مەخلۇق بولۇش بىلەن بىرگە، چاپچىپ ئۈركۈيدىغان، چىت ۋە قوشاملارنى بۇزۇپ تاشلايدىغان، تەلۋە ـ تەرسا بىر جانىۋاردۇر ۋاقتى كەلسە. ئۆز بېشىغا، ئاتا، ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىغا ھېچ قانداق خەۋپ ـ خەتەر يەتمىگەن، مىللىتىنىڭ بېشىغا نېمە بالالارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن زادىلا خەۋەرسىز، چەتئەلنىڭ پاكىز، جىمغۇر مۇھىتىدىن ھوزۇرلىنىپ، تاپاۋەت قىلىپ، ياكى خاتىرجەم ئوقۇپ، يېقىن كەلگۈسىدىكى بەختلىك كۈنلەرنىڭ مەززىسىنى سۈرىۋاتقان، قانچە ئون مىڭ، ھەتتا يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەندىكى بىۋاستە قانداشلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، غايىبلارغا قېتىۋېتىشى، كۆنمەك مۇمكىن بولمايدىغان بىر جەھەننەم ئازابىدۇر. بۇ ئازابقا كۆنەلمىگەن ئۇيغۇرلار، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاتا ئانىسىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ، باللىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ، خىتايغا قارشى يەككىمۇ ـ يەككە ھالدا پائالىيەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك تەشۋىقات ھەرىكەتلىرى، خىتاي دۆلىتىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى، جىنايى شۇملۇقلىرىنى

ئىسپاتى بىلەن دۇنيا ئەھلىگە ئاشكارىلاشتا، چوڭ تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: ھەر قايسىڭ ۋەتەن دەۋاسى قىلدۇق- دەپ، نېمە قىلىشتىڭ؟ يەتمىش يىلدىن بېرى قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىمۇ؟ ئاتا ئانىمىزنى خىتايلار لاگېردا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، سەنلەر قۇتقۇزۇشمامسەن! - دېگەندەك، دەككە- دەشنام بىلەن، ۋەتەن دەۋاسى قىلىپ ئاران كېتىۋاتقان، ئۆزىدىن بېشى چوڭ، بېشىدىن قالپىقى چوڭ دەۋاگەرلىرىمىزگە، خۇددى كۆزدە ئۆششۈك تەككەن ھەرىدەك نەشتەرلىرىنى سانجىشماقتا. ئۇنىڭغا جاۋابەن: سېنىڭ ئاتا- ئاناڭنى بىز سولاپ قويمىدۇق؛ ئاتا -ئاناڭنى سولاپ قويغان خىتايغا سانجىمامسەن نەشتىرىڭنى! - دېيىشنىڭ ئورنى يوق. چۈنكى خەلقنىڭ دەردىنى يىغلىغان كىشى، ياخشى - يامان ھەممىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار تۇرۇشى لازىم.

بۇ يەردە شۇنداق بىر ۋەھىمە سايە تاشلاپ تۇرماقتا. ئەگەر خىتاي زوراۋانلىرى لاگېردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمىسە، ئۆزىنىڭ جاسۇس قوللىرى ئارقىلىق، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا ئالاقە يوللاپ: ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا ۋەدىنامە بەرسە، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ تۇپراق پۈتۈنلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر رايونى خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ھۆججەت بەرسە، ئاتا- ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى قويۇپ بېرىمىز - دېسە، ھەتتا خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بەرگەن گۇۋالىقلىرىنى ئىنكار قىلىپ، قايتا گۇۋاھلىق بەرسۇن دېسە، ئۇيغۇرلار قانداق قىلار؟ ئىپلاس

نامەرد خىتايلار، تىپ ـ تىنچ هالدا ئۆز جېنىنى بېقىپ، هېچكىمگە زەرەر يەتكۈزمەي، ئۆزىنىڭ كىشىلىك هاياتى بىلەن ياشاپ كېتىۋاتقان خەلقىمىزنى، مىليونلاپ لاگېرغا سولاپ قىيىناماقتا. بۇنىڭ خىتايغا يېتىدىغان پايدىسى بىر قاتلام بولسا، بىزگە يېتىدىغان زىيىنى قانچە ئون قاتلام كۆپ بولىدۇ. چۈنكى خىتاينىڭ بۇ جىنايىتى، بىزنىڭ مىللى مەۋجۇتلۇقىمىزغا قارىتىلغان ئەجەللىك يوقۇتۇش زەربىسىدۇر. ئەگەر خىتايلار لاگېردىكى ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بەرسە، ئۇنىڭ خىتايغا هېچقانداق زىيىنى يەتمىگىنىدەك، بىزنىڭ ۋەتەنىنى خىتايدىن قۇتقۇزۇشىمىزغا هەم پايدىسى يەتمەيدۇ. لېكىن خىتاي فاشىستلىرى مۇشۇنداق قوشۇمچە زۇلۇم سېلىش ئارقىلىق، بىزنى نىشانىمىزدىن ئاداشتۇرۇشتىن ئىبارەت، رەزىل مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. بىزمۇ خىتاينىڭ رەزىل ئويۇنلىرىغا چارىسىز ماسلىشىپ، ئەسلىدىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىمىزدىن، نىشانىمىزدىن قېيىپ كېتىشكە، ئۇپراشقا، يوقىتىشقا مەجبۇرلىنىمىز.

غەرب ئەللىرىدىكى بىزنىڭ بەزى رەهبەرلىرىمىزنىڭ هەلا دېسە: تىبەتلىكنىڭ يولىدىن مېڭىشىمىز كېرەك! تىبەتلىكنىڭ «ئوتتۇرا يول سىياستى» نى ئۈلگە ئېلىشىمىز لازىم، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ ئولتۇرساق، خىتاينىڭ ۋەتەندىكى خەلقىمىزگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى توسۇپ قالالمايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن جىددى تەدبىر قوللىنىپ، خەلقئارا جامائەتنىڭ دىققىتىنى خىتايغا تارتىشىمىز كېرەك ـ دەپ يۈرگىنىنى ئاڭلايتتۇق. ئەمما تىبەتلىك، ياكى دالاي لاما 88 ـ يىلى، 4 ـ ئىيۇن ئېلان قىلىپ، «ئوتتۇرا يول سىياستى» دەپ، ئاتىۋالغان نەرسىنىڭ، خىتاي دۆلەت

بايرىقى ئاستىدا، مۇستەملىكىدە ياشايدىغان، تەسلىمچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن: ئاغزىمىزدىكى گەپ بىلەن بولسىمۇ مۇستەقىللىق كۈرىشىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ - دەپ، يىللارچە تىرەجەشتۇق. بىراق 2004 - يىلى ئاپرېل «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى تارقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان «د ئۇ ق»، ھېلىقى تىبەتلىك مەغلۇب بولغان، ئاتالمىش «ئوتتۇرا يول» غا غىپپىدە كىرىۋالدى. ئەمما دالاي لامادەك ئاپتونومىيە كېرەك - دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە (شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى... كىشىلىك ھوقۇق ... دېگەندەك) تەرجىمىسىنى قوللاندى. بۇ چاغدا ۋەتىنىمىزدە ھەر قانچە زۇلۇم بولىۋاتقان بولسىمۇ، ھالال - ھارام، ئەزان - ناماز، روزا - زاكات، بۇرۇت - ساقال، رومال - ھىجاپ دېگەندەك ئىشلاردا، خەلقىمىز ئەركىن ئىدى. دالاي لامانىڭ ئاتالمىش ئوتتۇرا يولىغا كىرىۋېلىپ، ئۇششاق دەۋا، ئاپتونومىيلىك دەۋا قىلىۋاتقان 15 يىلدىن كېيىن، ۋەتىنىمىزدە كوچىدا ئادەم قالمىدى. ھەممە كىشى تۈرمىدە، يىغىۋېلىش لاگىرىدا، ئاممىۋى سولاقتا ياتماقتا. بۇ يەردە: سەنلەر مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچكەن بولغاچقا، خەلقىمىز شۇنداق جازاغا مەھكۇم بولدى - دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى سېتىلغاندىن كېيىن نېمىگە ئېرىشتۇق؟ - دېمەكچى. ئەگەر مۇستەقىللىق كۈرىشى بىلەن غەلىبە قىلالمىسا، كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلمىسە، مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىش ئارقىلىقمۇ، ئۆز خەلقىگە بىرەر مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشى كېرەك؟ كىشىلەر ئېيتقاندەك «ئالدانغان» بولغانكىن،

ئاشۇ ئالدانغان دوقمۇشقا قايتىپ بېرىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئالدىنىپ بۇ يەرگىچە كەلدۇق، ئەمدى ئارقىمىزغا يانساق كىشىلەر نېمە دەپ قالار، شۇڭا ئالدانغان پېتىم كېتىۋېرەيلى ـ دەپ، خاتا يولدا، خىيانەتتە چىڭ تۇرىشى كېرەكمۇ؟

مەيلى قانداق چۈشەندۈرسۇن، كىشىلەر قانداق چۈشىنىۋالسۇن، ئىككى دۈشمەن كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە يېڭىش، يېڭىلىش، غەلىبە، مەغلۇبىيەت، سېتىۋېلىش، سېتىلىش بولىدۇكى، ئەمما ئالداش ـ ئالدىنىش دېگەن ئۇقۇمغا ئورۇن يوق. ئۇنداق بولسا، دۈشمەن كۈچلىرى ھىلە ـ نەيرەڭ، توزاقلارنى نېمىشقا ئىشلىتىدۇ؟ دەپ، سوئال قويۇلىشى تەبىي. ئىككى دۈشمەن كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، مەيلى قوراللىق توقۇنۇش بولسۇن، مەيلى سىياسى، دىپلوماتىك توقۇنۇشلار بولسۇن، قارشى تەرەپكە تۈرلۈك تۈمەن ھىلە ـ نەيرەڭ ئىشقا سېلىنىدۇ ۋە قارشى تەرەپنى تۇزاققا دەسسىتىدۇ. بۇنىڭ سىياسى مەناسى دۈشمەنگە يالغان گەپ قىلىپ ئالداش ئەمەس، بەلكى دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇرۇشتا يېڭىش دېگەنلىك بولىدۇ. يېڭىش، يېڭىلىش تاكتىكىسى بىر قېتىم ئىشلەيدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، قومۇلدا تۆمۈر خەلپىدىن باشلاپ، 21 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، مىيونخىندا قۇرۇلتايغىچە داۋاملىشىۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس. كۈندىلىك تۇرمۇشتا يالغانچىغا ئالدىنىۋەرگەن كىشىنى، كالۋا دەيمىز. ئەمما سىياسەتتە، كۈرەش مەيدانىدا ئەسىرلەپ ئالدىنىۋېرىدىغان كالۋالار بولمايدۇ. ئارقىسىغا بىر مىللەت خەلقىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭالىغان كىشىنى قانداقمۇ ـ كالۋالىقىدىن ئالدىنىۋېرىدۇ دېگىلى بولسۇن؟ سىياسەت بىلمەسلىكى كەسپى مەسىلە،

لېكىن سىياسەتتە ئالداندى ـ دېگەن گەپنىڭ، سېتىلدى دېگەندىن باشقا تەرجىمىسى يوق.

دالاي لاما چەتئەلدە 30 يىل مۇستەقىللىق كۈرىشى قىلىپ «نەتىجىگە ئېرىشەلمەي» ، مۇستەقىللىق كۈرىشىدىن ۋاز كېچىپ، يەنە 30 يىل ئاپتونومىيىنىڭ دەۋاسىنى قىلدى. ئەمما بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلىدىمۇ؟ بوينىغا ئېسىلغان تىنچلىق مېدالىدىن باشقا، ئۇنىڭ 30 يىللىق ئاپتونومىيە كۈرىشى، تىبەت خەلقى ئۈچۈن قانداق نەتىجە يارىتىپ بېرەلىدى؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئاۋۋالقى 30 يىللىق مۇستەقىللىق كۈرىشى نەتىجە بەرمىگىنىدەك، ئاپتونومىيە كۈرىشىمۇ نەتىجە بەرمىگەن بولسا، ئەگەر ئۇ سېتىلمىغانلا بولسا، يەنە نېمىنى كۈتىدۇ؟

بىز بۇنىڭدىن ئوننەچچە يىل ئاۋۋال، «خەلقئارالىق مۇستەقىللىق تەشكىلاتى» قۇرماقچى بولدۇق. خېلە تونۇلغان بىر سىياسەتچىمىز بولىدىغان. ئۇ مۇستەقىلچى چوڭ بىر سابىق تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئىدى. بىراق شۇ كۈنلەردە ئۇ كىشى تەشكىلسىزراق، بىر ياندا تۇرۇپ قالغان. كۆپچىلىك شۇ كىشىنى نوپۇزى بىلەن تەشكىلاتىمىزغا سايە تاشلاپ بېرىشىنى ئۈيلىشىپ، مېنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپتۇ. مەن ئۇ كىشى بىلەن تەپسىلى پاراڭلاشتىم. شۇنداق بىر مۇستەقىلچى، پائالىيەتچان تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللاپ، قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خەلقئارادا سايە تاشلاپ بېرىشنى رەت قىلدى. سەۋەبى: يېقىنقى يىللاردىن بېرى، تىبەتلىكلەر بىلەن چوڭ يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا يولچىسى ـ دەپ

تونۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئەمدىلىكتە يەنە پەدە ئالماشتۇرۇپ، مۇستەقىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، غەربلىكنىڭ ئالدىدا مەيدانىسىز، پۇچەك بولۇپ كۆرۈنۈشتىن ئويۇلىدىكەن. يالۋۇرۇشىنىڭ، خىجىل قىلىشىنىڭ ئورنى يوقتە، كۆڭۈلدىن خالىمىغان ئىشقا. چىرايلىق خوشلاشتۇق.

بۇ «دالاي لامانىڭ ئوتتۇرا يولى، تىبەت دەۋاسىنىڭ مېتودى» دەۋالىدىغان گەپنىڭ ئۆزى، دەل ئاپتونومىيە دەۋاسىنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇيغۇرچە دەۋاگەرلىرىمىز ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دەپ يۈرىدىغان، دېموكراتىيىنىڭ غەربچە مەزمۇنىمۇ، مىللى مەسىلە دائىرىسىدە- ئاپتونومىيە دېمەكتۇر. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ مەنىسىمۇ ئاپتونومىيەدۇر. ئاپتونومىيە تولۇق قولغا كەلگەندە، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئاۋازغا قويۇپ، نېمىگە بېلەت كۆپ تاشلانسا شۇ بولىدىغان گەپ. ياۋروپادەك دېموكراتىك ئەللەردە، بىرەر مىللەتنىڭ بېلەت تاشلاپ تۇپراق ئايرىپ چىقىشىغا، مەركىزى ھۆكۈمەت يولغا قويمايۋاتسا، خىتايدەك بىر ئىنسانلىقسىز خەلقنىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنى قايىل قىلىپ، بېلەت تاشلاش ئارقىلىق مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان، ياكى مۇستەقىل تىبەت قۇرۇۋالىمىز دېگەن گەپنى- رەھبەرلەر ئالدىنىپ كەتكەن دەپ چۈشىنىشكە پەقەتلا بولمىغاندا، سېتىلىپ كەتكەن دەپ چۈشىنىشكە مەجبۇرلىنىپ قالىمىز! لېكىن ھېلىقى سابىق مۇستەقىلچى تەشكىلاتنىڭ، سابىق باشلىقىغا ئۇنداق دېيىشكە تىلىم كۆيدى. ئويلاپ كەتتىم ئۇزۇنغىچە. «دۆگىلەك تاۋۇز» دېگەن گەپ، مەيدانسىز دېگەن گەپ. بۇمۇ دېموكراتىك ئەللەردە: «ئالدىنىپ كەتتى، ئالداپ كەتتى» دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاش مەنادا،

ئىجتىمائىيلىقى كۈچلۈك، كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان سۆزلەر قاتارىدىن. دۆگىلەك تاۋۇز دېگەن گەپنىڭ غەربچە تەرجىمىسى - خاراكتېرسىز دېگەن بولىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى سىياسەتتە، كۈرەش مەيدانىدا ئەمەس، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىكەن. چۈنكى دېموكراتىك ئەللەردە بىر سىياسەتچى مەلۇم بىر پارتىيىدە يىللاپ سىياسەت قىلىپ، ۋارقىراپ، جاقىراپ يۈرۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پروگراممىسى تامامەن ئوخشىمايدىغان، باشقا بىر پارتىيەگە كىرىپ، بۇرۇنقىغا قارمۇ - قارشى پروگراممىدا سىياسەت قىلىپ، يەنە ۋارقىراپ كېتىۋېرىدىكەن. ئۇنى ھېچكىم دۆگىلەك تاۋۇز - خاراكتېرسىز- دەپ قالمايدىكەن. ئەجەبا ختايغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ، تىبەتنىڭ سىياسى رەھبەرلىرى كۈرەش يولىدا پەدە يۆتكەپ، ئىزدىنىش قىلسا، نېمىشقا دۆگىلەك تاۋۇز بولۇپ قالغۇدەك! دېمەك «ئالداش ۋە ئالدىنىش» دېگەن گەپكە ئېھتىماللىق قالمىغان ئىكەن، «سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە سېتىلىش» دېمەكتىن باشقا ئىزاھاتمۇ قالمىدى. ئۇنداقتا رەھبەرلەر نېمىنى ساتىدۇ؟ ۋەتەننى ساتامدۇ؟ مىللەتنى ساتامدۇ؟ سېتىپ نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ - دېگەندەك سوئاللار، رەددىيە تەرىقىسىدە شۇنچىلىك ئاددى تەلەپپۇز بىلەن ئوتتۇرىغا تاشلىنىدۇ. ھەتتا: ۋەتەننى بۇرۇنقىلار سېتىپ بولغان تۇرسا، سېتىلىپ بولغان ۋەتەننىڭ يەنە نېمىسىنى ساتىدۇ؟ - دەپ، تاكاللىشىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەلۋەتتە سېتىلىدىغان نەرسە يەنە بار. مىللەتنىڭ ئىرادىسىنى، ۋەتەننىڭ تەۋەلىك ھوقۇقىنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ساتىدۇ. سېتىپ ئېرىشىدىغان نەرسە بەزىلەر ئۈچۈن دۇنياۋى شۆھرەت،

ساناقسىز بايلىق بولىدۇ. خۇددى تىبەتلىكنىڭ رەھبەرلىرى ئېرىشكەندەك. بەزىلەر ئۆچۈن كۆرۈنىدىغان خەلقئارالىق سەھنىلەر ھەم بۇرۇتقا چاپلاشقان ئاشچىلىك، چاي پۇلىمۇ يوق ئەمەس - ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىرى ئېرىشكەندەك. ئەگەر بۇنىڭغىمۇ كۆز يۇمۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنداق بىر خەلقنىڭ ھۆرلۈكى مەڭگۈلۈك يوقالغان بولىدۇ. ئۇنداق بىر قوۋمنىڭ دۆشمەندىن قۇتۇلۇشى مەڭگۈلۈك خام خىيالدۇر.

شۇنداق خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى: رەھبەرلەر ئالدانمايدۇ، بەلكى سېتىلىدۇ. ئالدىنىدىغانلار بولسا، رەھبەرلىرىنىڭ خىيانەتلىرىگە سۆكۈت قىلغان خەلقتۇر.

22.03.2019

## ئۈچىنچى باب

## مىللەت ۋە مىللىي مائارىپ

مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۇچۇن بەلگىلىك ۋاقىت، ئاھالە سانى ئۆلچەم قىلىنمايدۇ. ئەمما كېرەكلىك ئامىللار نەزەرىيە جەھەتتىن كۆرسىتىپ بېرىلىش مۇمكىن. مەسىلەن: تىل، ئۆرپ، كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئەن ـ ئەنئىۋى مەدەنىيەت، ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان تۇپراق ـ قاتارلىق، بىر قانچە ئورتاقلىق ۋە بىردەكلىكلەر.

ئىنسانشۇناسلىق كۆز ـ قاراشلىرىدا، مىللەت توغرىسىدىكى پرىنسىپلارغا يېقىنچە ئىزاھاتلار قوشۇلماقتا: «مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى قانداقتۇر تەبىئىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلاتى؛ ئۇ شەكىللىنىدۇ، بارلىققا كېلىدۇ ھەم ئۆزگىرىدۇ ۋە يوقىلىدۇ» ـ دېگەندەك. ئۇنداق بولغاندا مىللەت قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ تېز ئۆزگىرىشچان تەركىب: تىل بىلەن ئۆرپ بولۇپ، بەزى پەرقلىق ئۆگلۈك ئىنسانلارنىڭ بىر تىلدا سۆزلىشىشى، بەزى پەرقلىق تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ئۆگلۈك بولىشى.... قاتارلىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، دەرۋەقە مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما مىللەتنى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى دېگەندىمۇ، يۇقىرى

بېسىملىق ئىسسىتىش ئارقىلىق، بىر كۈندىلا تۇخۇمدىن چۈجە چىققانچىلىك، تېز بىر تەرەپ بولۇپ كېتىدىغان مەھسۇلاتلاردىنمۇ ئەمەس. شۇڭلاشقا ناخشا تۇۋلاپ يۈرۈپ شەكىللىنىپ قالىدىغان ئىقىم ھەم ئەمەس. بەلكى شۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان، زوراۋان سىياسەت، ياكى ئادىل سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈپ چىققان قائىدە، تەرتىپلىرىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇزۇن مۇددەتتە بارلىققا كېلىدىغان، ئاممىۋى بىرىكمىدۇر. مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى تولىمۇ ئاستا خاراكتېرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەبئىيلىكى ئەڭ كۈچلۈكتۇر. ھەتتا تەبئىي ھادىسىدىن پەرقسىزدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ يوقىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىمۇ، ياكى ئاستا خاراكتېرلىق تەبئىي شەكىلدە، ياكى ئاممىۋى ئۆلتۈرۈپ، ئاممىۋى جازالاپ، خۇددى تەبى ئاپەتكە ئۇچرىغان شەكىلدە بولىدۇ. مەيلى قانداقلا بىر يوسۇندا بولمىسۇن: مىللەت قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ـ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، شۇنى ئەستە ساقلاش لازىمكى، مەلۇم بىر ئىدېئولوگىيىگە ۋە سىنىپقا مەنسۇپ بولغان، بۇرۇنقى زامان ئىنسان شۇناسلىرىنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى ئەندىزىلىرى، مەلۇم جەھەتلەردىن كۈچىدىن قالدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمۈشلەردە ئۇيغۇرلار ئۈستىدە، ئېتنولوگىيىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغانلار: «ئۇيغۇرلار بەستىلىك، قوڭۇر چاچلىق، قەھۋە رەڭ قوي كۆزلۈك، ئات يۈزلۈك، ئاق پىشماق، قاڭشىرى ئېگىز ھەم قۇش بۇرۇن ـ بۇرنىنىڭ ئۇچى تۆۋەنگە قاراپ ئېگىلگەن» دەپ، سۈرەتلىگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ سۈرەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ: ھە، ئۇيغۇر مىللىتى يوقىلىپتۇ؛ ئۇنداق بىر ئوبرازنى تاپقىلى بولمىدى!

ـ دېگەن ئادەمنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ تىل قامۇسىدا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار مۇنداق سۆزلەيتتى ـ دەپ، قۇتادغۇبىلىك، دىنىۋان لۇغات، دىۋانى خەمسە قاتارلىق كىتابلارغا ھازىرقى تىلىمىزنى سېلىشتۇرۇپ: ھازىرقىلارنىڭ تىلى ئۇ زاماندىكى ھېچ نەرسىگە چۈشمەيدىكەن، ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كېتىپتۇ ـ دېگەن ئادەمنى، مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا توختاپ قالغان، كونا ئادەمكەن دېمەي ئامال يوق. چۈنكى ئىنسانلار كۆپەيگەنسېرى، ياشايدىغان تۇپراقلار تارىيىدۇ. ئوخشاشمىغان ئۆڭلۈكلەرنىڭ ئارىسى يېقىنلىشىدۇ. ئوخشاشمىغان تىللار ئالغۇ ـ بەرگىدە ئارىلىشىدۇ. ئۆڭلەر پەرقلىق ئەمما تىل بىرلىكى، تىلى پەرقلىق ئۆڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت مۇجەممەللىك تۈپەيلى، مىللەت ئوبرازىنى بەلگىلەشتە، ئېنىقسىزلىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان، كۆپىنچە دۆلەتلەردە كىملىك ئۈچۈن مىللەت تەۋەلىكىنى ئەمەس، بەلكى دۆلەت تەۋەلىكىنى يازىدىغان بولۇپ كەتتى. كۆچمەن كىشى ئەگەر پۇقرالىققا ئۆتسە، يېڭى كىملىكىگە ھازىرقى دۆلەت تەۋەلىكى بىلەن قوشۇلۇپ، تۇغۇلغان ئۆز يۇرتىنىڭ نامى بىرگە يېزىلىدۇ. تۇرۇشلۇق دۆلەتتە تۇغۇلغان يېڭى نەسىللەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بولمايدۇ. قانۇنى جەھەتتىن سۈرۈشتە قىلىنماقچى بولغاندا «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى پالانى دۆلەتتىن» دېگەنچىلىكلا ئۇچۇر تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، كۆچمەنلەرنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرى مىللەت تەۋەلىكىنى تولۇق يوقاتقان بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر تۇپراقتا ياشايدىغان، بىر خىل تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ئىگە، ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان، پەرقلىق ئۆڭلۈك مىللەتلەر بارلىققا

كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەت توغرىسىدا كۆز ـ قاراش تۇرغۇزۇشتا قەدىمكى زامان پەيلاسوپ، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ پىكرىنى ئەندىزە قىلىۋېلىش توغرا خۇلاسىگە يەتكۈزەلمەيدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ تۈرلۈك كەسپى خاسلىقلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا: ئۆتمۈشتىكى پەيلاسوپلار ۋە ھازىرقى زامان پەيلاسوپلار ـ دەپ، ئىككى تۈرگە يىغىنچاقلىساق، ئۆتمۈشتىكى پەيلاسوپلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئۆزى ياشىغان يۇرت ۋە يېقىن ئەتىراپىدىكى قوۋملەرنى نەزەردە تۇتۇپ، تەتقىقات ۋە تەجرىبە قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەرنى، بۈگۈنكى تارىيىپ كەتكەن دۇنيانىڭ رېئاللىقىغا ئەندىزە قىلىۋېلىش توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. ھازىرقى زامان پەيلاسوپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ھەقىقەتلەرنىڭ، ساغلام بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئۆتمۈشتىكى پەيلاسوپلاردەك، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز پىكرى ئۈچۈن، جېنىنى بېرەلەيدىغان پەيلاسوپلار تېخىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى پەيلاسوپلار، بۇرۇنقىدەك ئەخلەتخانىدا يېتىپ قوپۇپ، تەپەككۇر قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. بەلكى يۇقىرى مائاش بىلەن، دۆلەت تەرىپىدىن تەمىنلىنىۋاتقان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەرمۇ دۆلەت چېگراسى ئىچىدىكى ھەقىقەت ۋە دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، پۇقراۋى مەجبۇرىيەتلىك، ياكى پارتىيىۋى تەشەببۇسكارلىققا ئىگە ھەقىقەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. پەيلاسوپلارنىڭ خۇلاسىلىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭ كۆز ـ قارىشىنى بېيىتىش ۋە پىكىر، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئەمما ھەقىقەتنىڭ ئەندىزىسى قىلىۋالغاندا، نەرسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپلىق ماھىيىتىنى

تېپىپ چىقىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ ھەم ئەقلى يەكۈن چىقىرىشتا، خاتا تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقىدىن خالى بولالمايدۇ.

مىللەت توغرىسىدا يېزىلغان تارىخى ماتېرىياللارمۇ، بىزنى ساغلام مەنبەگە يەتكۈزەلىشى ناتايىن. ئەڭ ساغلام مەنبە مەدەنى يادىكارلىقلار، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇش ۋە ساختىلاشتۇرۇش ئېھتىماللىقى يوق دېيەرلىك. ئەمما سۆزلەنمە، يازما تارىخلار، دەۋرىنىڭ سىياسى مەقسەتلىرىدىن خالى، ساغلام بولۇپ كېتىشىگە كاپالەت يېتەرلىك ئەمەس. بولۇپمۇ يازما تارىخلارنى ھۆكۈمرانلارنىڭ پۈتۈكچىلىرى خاتىرلەيدىغان بولغاچقا، دەۋرىمىزدە خاتىرىلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ھەقىقى يۈزى كۆرۈنمەيۋاتقىنىدەك، ئۆتمۈشتىكى تارىخلارمۇ سىياسى ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇيرۇتمىسى تەرىقىسىدە خاتىرلىنىدىغان بولغاچقا، بىرەر مىللەت توغرىسىدىكى يېزىلمىلارنىڭ سىياسى تەلەپلەردىن خالى، دەۋرى چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان پاك - پاكىز، ساغلام قوللانما بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىز توغرىسىدا پىكىر، كۆز - قاراشلارنى بايان قىلىشتا، كۆز ئالدىمىزدا بىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتقانلارنى ۋە ئۆزىمىز ئىچىدە بولغان ئومۇمى ھادىسىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوبيېكتىپچىل بولىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كۈچلۈكلەر دۈمبىمىزگە يېزىپ قويغان، ساختا تارىخلاردىن ئۆزىمىزنى ئىزدىسەك، جەزمەنكى ھازىرقى بىزنىمۇ يۈتتۈرۈپ قويىمىز.

مەلۇم ئىنسانلار توپلىمىنى «مىللەت» دەپ ئاتاشتا ئۆلچەم قىلىنىدىغان بارلىق ماددى، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى

تەركىبلەرنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىرگە، ھېچقانداق ئىلمىيلىكى بولمىغان، ھازىرغىچە تىلغا ئېلىنمىغان، يەنە بىر نەرسىنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ: «دەرد قايغۇسى بىر، شات خوراملىقى ئورتاق، بىرسى ئۆچۈن ھەممىسى قۇربان بېرەلەيدىغان، ھەممىسى ئۆچۈن بىرسى بەدەل تۆلىيەلەيدىغان ئادەملەر توپلىمى مىللەت دېمەكتۇر.» بۇ گەرچە پۈتۈنلەي ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەن مەزمۇن بولسىمۇ، لېكىن مىللەت بولۇپ گۈللىنەلىگەنلەرنىڭ ھەم مىللىي مەۋجۇتلۇقىدىن ئەندىشە قىلمايدىغانلارنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى كۆرسەتمەكتە.

ئادەملەر توپلىمى مىللەت سەۋىيىسىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنە داۋاملىق مىللەت سەۋىيىسىدە تۇتۇپ تۇرىدىغان، باشقىلارغا بوزەك بولماسلىقنى، باشقىلارغا يىمىرىلىپ كەتمەسلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، يەنە بىر ئامىل بولسا: يېڭىچە مائارىپ، ياكى زامانىۋى مائارىپتۇر. زامانىۋى مائارىپ دېگەندە، كىشىلەر تېخنىك تەرەققىياتىغا ئائىت، كەسپىي بىلىملەرنى ئويلاپ قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇنداقمۇ ئەمەس. زامانىۋى مائارىپ ـ كىشىلەرنىڭ زېھنىنى، پىكىر تەپەككۇر، كۆز ـ قاراشلىرىنى دەۋرىمۇ ـ دەۋر يېڭىلىق بىلەن ئۇچۇرلاپ، زامانغا لاياقەتلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان مائارىپدۇر. بىزنىڭ «مىللىي مائارىپ» دېگىنىمىز، مۇشۇ زامانىۋى مائارىپ بولىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە بىرەر تەتقىقات ماتېرىيالى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدا ئېچىلغان «يېڭىچە مەكتەپ، جەدىتلەر مەكتىپى» دېگەندەك لەقەملەنگەن مەكتەپلەردە، يولغا قويۇلغان ئوقۇتۇش

ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا، شۇ كەمگىچە ۋەتىنىمىزدىكى بىلىم تەھسىل قىلىش ئىشلىرى «موللام مەكتىپى، مەدرىس» شەكلىدىن مائارىپلىششقا كۆچىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. موللام مەكتىپىدىكى ئوقۇتۇش باشلانغۇچ شەكىلدە بولۇپ، ئۆسمۈر تالىپلارنىڭ ئۆگىنىدىغانلىرى، تەۋھىد كەلىمىسىدىن باشلاپ، بارلىق ئىمان ئىسلام كەلىمىلىرىنى يادلاش، ھالال ـ ھارام، پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت قاتارلىق، مۇسۇلمانلارچىلىقنىڭ زۆرۈرى قائىدىلىرىنى يادلاش، ناماز، روزا، زاكاتنىڭ قائىدە ـ ئەركانلىرىنى ئۆگىنىشكىچە داۋاملىشىدىغان دىنى ئوقۇش بولۇپ، بۇنداق موللام مەكتىپىنى تۈگەتكەن تالىپلار، مەھەللە مەسچىتلىرىدە ئىمامەتچىلىك قىلىش، جامائەتچىلىكنىڭ كۈندىلىك دىنى ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. مەدرىستىكى ئوقۇتۇش بولسا، قەدىمكى ئۇسۇلدا ئەرەب، پارسچە دەسلەپكى ساۋادىنى چىقىرىشتىن باشلاپ، دىنى كىتاپلارنى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ، كەڭ جامائەتلەرگە ۋەز ئېيتىش، فىقھى بىلىملىرى بويىچە پەتىۋا ۋە دىنى ھۆكۈم چىقىرىشقىچە، ئەقىدە مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرۈش، ھەم يۇرت خەلقىنى يېتەكلەش، ئىدارە قىلىشقىچە، يېتەرلىك بىلىم ھەم نوپۇزغا ئىگە قىلاتتى. لېكىن دىنى ساھەدىكى مەزكۇر ئوقۇتۇشلار سىستېمىلىق مائارىپلاشمىغان بولغاچقا، مىللەتنىڭ سىياسى، ئىجتىمائىي، ھۈنەر ـ سەنئەت، مەدەنىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ۋەتەن، مىللە، دۆلەت دېگەندەك مۇھىم مۇئەممالىرى بىلەن باغلىنىشى بولمىغان ئىدى. مەزكۇر ئوقۇتۇشلار ـ «موللام مەكتىپىدە دىنى ئوقۇش، مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش» دائىرىسىدىن

هالقىپ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋر، تۇپراق ۋە ئىنسانلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولالمىغان. شۇڭا ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىنىي ساھەدىن چىققان ئىسلاھاتچى، موللا ئابدۇلقادىر ئابدۇلۋارىس قەشقىرى يېتەكچىلىكىدىكى شەخسلەرنىڭ ئېلىپ بارغان مائارىپ ھەرىكەتلىرى، دىنىي مائارىپ تەرىقىسىدە باشلانغان. يەنى تەرتىپسىز قەدىمىي ئۇسۇلدا ئوقۇتۇپ، مىللەتكە زىيانلىق، جانباقتى موللا نەسىللەندۈرىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بىكار قىلىپ، جاھاننى چۈشىنەلەيدىغان، دۇنيانى كۆرەلەيدىغان، كىتاپتىن سىرتقى رېئال جەمئىيەتنىمۇ بىلىدىغان، تەدبىرچان، ئەلگە پايدىلىق ئۆلىمالارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، سىستېمىلىق شەكىلدىكى دىنىي مائارىپنىڭ ئەندىزىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا يانداش يېڭىچە مائارىپ تەرغىباتچىلىرى ھەم ئەتراپقا ئويغىنىش چاقىرىقىنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى. دەسلەپكى يېڭىچە مائارىپ تەشەببۇسكارلىرى، موللا ئابدۇلقادىر ئابدۇلۋارىس قەشقەرى بىلەن زاماننداشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ بولغان دېيىلسە، بەك نادىر، چېچىلاڭغۇ، تەسىر كۈچى يوق، پەقەت شۇ كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تەرىقىسىدە، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتەلمىگەن دېيىشكە بولىدۇ. زامانىۋى مائارىپ تەشەببۇس ۋە تەرغىباتتىن ھالقىپ، ھەرىكەتكە ئايلانغان ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى يۇرتلىرىغىچە كېڭەيگەن ۋاقتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەرىپەتپەرۋەر خەلق تەرىپىدىن راۋاجلىنىۋاتقان، زامانىۋى مائارىپ ھەرىكەتلىرى، قەشقەردە قۇرۇلغان مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن، خەلق مائارىپى شەكلىدىن دۆلەت مائارىپىغا

كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، يەككە مائارىپچىلارغىمۇ پەۋقۇلئاددە جان كىرگەن ئىدى. جۇمھۇرىيەت رەئىسى خوجانىياز ھاجى مۇستەقىللىقتىن ۋازكېچىپ، شىڭ شى سەي بىلەن قۇرغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى مائارىپقا مەسئۇل بولۇپ، ۋەتەنىنىڭ بارلىق يۇرتلىرىدا مەكتەپ سالدۇرغان ھەم مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۈچ چىقارغان ئىدى. گەرچە مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتلىرىغا ئۇنىڭ ئۆمرى يەتمىگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تولۇق سىستېمىلىق ھالدا دۆلەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى.

دېمەك، يېڭىچە مائارىپ 20 ـ يىللىرى تەشەببۇس قىلىنىپ، باي، سودىگەرلىرىمىزنىڭ ماددى جەھەتتىن قوللىشى، ئاڭلىق مۇنەۋۋەر زاتلىرىمىزنىڭ پىداكارلىقى ئارقىسىدا، خەلق تەرىپىدىن شەكىللىنىپ بارلىققا كەلگەن ھەم قىسقا بولسىمۇ ئىككى قېتىملىق مۇستەقىل دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىدە ئىدارە قىلىنغانلىقى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم رەھبەرلەرنىڭ ئىزچىل خىزمەت كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 56 ـ يىلىغىچە خېلە مۇكەممەل، سىستېمىلاشقان مائارىپ دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تىغمۇ ـ تىغ سىياسى كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ مەمۇرى ئورنىنى «شەرقى تۈركىستان ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى» ياكى «ئۇيغۇرىستان ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى» دەپ، قوبۇل قىلىشقا قىستىغانلار، بۇ يەر خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسى ئەمەس، بەلكى ئايرىم بىر تۇپراق ئىكەنلىكىنى، فېدېرال تۈزۈم قوللىنىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغانلار ۋە ھېچ بولمىغاندا «مىللى تېررىتورىيىلىك

ئاپتونوم رايون» دېگەندەك، بىر ھوقۇق شەكلى بىلەن، خىتاي تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇيغۇرغا ئائىت ئىكەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دېگەنچىلىك بولسىمۇ، بىر پاسىلنى تۇرغۇزۇشقا خىتاينى مەجبۇرلىغان مىللەت كادىرلىرى، زىيالىيلار، مائارىپچىلارنىڭ ھەممىسى، ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر يېڭىچە مائارىپتا تەربىيلەپ يېتىلدۈرۈلگەنلەر ئىدى. سىياسى كۈرەشتە يېڭىلىپ مات بولغان نامەرد، پەسەندە خىتايلار، 57 ـ يىلى «7 ـ ماي كادىرلار مەكتىپى» نامى ئاستىدىكى، ئاممىۋى تۇتقۇن لاگېرلىرىغا، يۈز مىڭلىغان مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر كادىرلىرىنى، زىيالىيلارنى، مائارىپچىلارنى، ئىستىداتلىق ئۆلىمالارنى سولىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خىتايغا ئەجەللىك تەھدىت دەپ قارالغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلدى. ئەڭ خەتەرسىز كۆرۈنگەنلەرگىمۇ ئۇزۇن يىللىق، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، «16 ـ مەيدان، 17 ـ مەيدان، 18 ـ مەيدان» دەپ ئاتىلىدىغان، جازا مەيدانلىرىغا قامىدى. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ مېڭىسى، مىللىتىمىزنىڭ يۈرىكى، مىللىتىمىزنىڭ قېنى، مىللىتىمىزنىڭ يىلىكى ئىدى. سىياسى كۈرەشتە يېڭىلگەن خىتايلار غالجىرلارچە جازا يۈرگۈزۈپ، مىللىتىمىزنى مېڭىسىدىن، يۈرىكىدىن، قېنىدىن، يىلىكىدىن ئايرىپ تاشلىدى. 57 ـ يىلىدىن 77 ـ يىلى ماۋ ئۆلگەنگە قەدەر، 20 يىل ئىچىدە، پۈتۈن بىر مىللەت تىرىك مۇردىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالدى.

خىتاينىڭ، 80 ـ يىلى باشلانغان ئىسلاھاتى ئارقىلىق، قويۇپ بېرىلگەن مەھبۇسلار قاتارىدا، جازا لاگېرلىرىدىن تىرىك چىققان ۋە بارماق بىلەن ساناپ كۆرسەتكۈچىلىك

سانغا ئېگە يېتەكچىلىرىمىزنىڭ، بەزىسى يېزىقچىلىق بىلەن، بەزىسى مائارىپ بىلەن، بەزىسى مەمۇرى خىزمەت ئورنى بىلەن، بىر ياقتىن مىللەتنى ئاقارتىشقا باشلىسا، يەنە بىر ياقتىن مىللى تېررىتورىيىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلدى - يىللاپ داۋاملاشقان سىياسى كۈرەشتە يەنە بىر قېتىم قىستالغان نامەرد خىتايلار، 85 - يىلىغا كەلگەندە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا مىللى تېررىتورىيىلىك ھوقۇقى بېرىلدۇ» دەپ، قارار ماقۇللىدى. گەرچە ئۇنداق بىر مىللى تېررىتورىيىلىك ھوقۇق ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، شۇ قەغەزدىكى ساختا قارارنى ئاساس قىلىپ، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىگە يانداش، يەرلىك نىزامنامە تەرىقىسىدە، قوشۇمچە ھۆججەت تارقىتىشقا مەجبۇرلىدى. شۇ قاتاردا «مىللى مائارىپ» دېگەن بىر تۈرمۇ پەيدا بولدى. ئەسلىدە بىزنىڭ پېشقەدەم زىيالىي، مۇتەپەككۇر ۋە رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۈتكىنىدەك بولغاندا، مىللى مائارىپقا خىتاي دۆلەت مائارىپى دەخلى - تەرۈز يەتكۈزەلمەسلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەكتەپلىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى، دەرسلىك تۈزۈشلىرى ھەممە تەرەپتىن ئۆزلىرىگە بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق مىللى مائارىپ دېگەن نامدىن باشقا، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈشىدىن باشقا، ھېچ نەرسە بېرىلمەي، خىتايچە مائارىپنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يولغا قويۇلدى. دەرسلىك كىتابلاردا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ سىياسى ئارقا كۆرۈنۈشىدە، نىشانىدا خىتاي دۆلىتىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى چىقىش قىلىندى. ئەگەر مۇشۇ «مىللى مائارىپ» دەپ ئاتالغان مائارىپتا ئوقۇپ، يېتىلىپ چىقىپ، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن

ياخشى ئىش قىلغان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆلپەتلىرىدىن قايغۇلانغان كىشىلەر بولسا، ئۇ ئاتالمىش مىللىي مائارىپتا ئالغان بىلىمىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قىسقا ۋاقىت قانات يايغان، يېڭىچە مائارىپنىڭ مەشئىلىنى يۈرىكىدە، زېھنىيەتلىرىدە توشۇپ ماڭغان، ئۈچىنچى ئەۋلاد (ئەدىب، شائىر، ئوقۇتقۇچى، مەمۇر قاتارلىق ھەر ساھەدىكى) پىداكارلارنىڭ ئۈن ـ تىنسىز داۋاملاشتۇرغان خىزمەتلىرىنىڭ مېۋىلىرىدۇر. شۇنىڭدەك ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەكسىچە مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن بىر تامچە بولسىمۇ تەر تۆكۈشنى ئەۋلادلارنىڭ زېھنىيىتىگە سىڭدۈرگەن، مۇنەۋۋەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھىممىتىنىڭ مېۋىلىرىدۇر. چۈنكى «مىللىي مائارىپ» دېيىلىدىغان نەرسىنىڭ، پەقەتلا خىتاي مائارىپى ئىكەنلىكى، دەلىل تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. ئۇ مائارىپتا ئۇيغۇر بولۇشقا، ئادەم بولۇشقا سەۋەب بولغىدەك ھېچ نەرسە يوق.

مائارىپ ياكى زامانىۋى مائارىپ ـ دېگەندە، ئاساسەن تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، پېداگوك، سەنئەت، پەلسەپە، يېزىقچىلىق (يېزىقچىلىق كۇرسى)، ئەخلاق قاتارلىق كەسىپلەر نەزەردە تۇتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئاڭ ـ تەپەككۇرىنى ئاچىدىغان، زېھنىنى ئويغىتىدىغان، دۇنيا قارىشىنى يېتىلدۈرىدىغان بىلىملەر ھەرگىزمۇ خېمىيە، فىزىك، ئالگېبرا، ماتېماتىك، تىبابەت، ماشىنا سازلىق، ئېلېكترونىك، يۇمشاق دېتال قاتارلىق كەسىپلەر بولماستىن بەلكى، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا، ھېس ـ

تۇيغۇلىرىغا، ئەقىل تەسەۋۋۇرىغا ۋە روھىي كەيپىياتلىرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىن، كوللېكتىپ ھاياتقىچە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەسپلەردۇر.

مائارىپ دېگەن سۆز، ئەرەبچە مەرىپەت دېگەن سۆز بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئۇدۇل ئۇيغۇرچە مەنىسى تونۇشۇشماق دېگەن بولىدۇ. يەنى ئادەملەر ئۆزىگە ئالاقىدار نەرسىلەرنى تونۇپ چىقىشلا ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلەنمۇ ئورتاق بىلىشىش، ئورتاق تونۇشۇش دېگەن بولۇپ، بىز قوللانغان ئىستىمال مەنىسىمۇ ئىجتىمائىي ئەھۋال، ھادىسىلەرنى ھەممەيلەننىڭ تونۇشى، ئاز ساندىكىلەر بىلسە، كۆپ ساندىكىلەرگە كۆپايە قىلىدۇ ئەمەس، بەلكى ھەممە كىشى تونۇپ يېتىشى، ھەممە ئادەم ئورتاق ئاڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك ـ دېگەندىن ئىبارەت، مىللەت ئەزالىرىنى ئۆزىدىن، ئۆزگىدىن، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدىن، سىياسەتتىن، دۆشمەندىن، ئىنسانىيەتكە ئالاقىدار بارلىق مۇئەممالاردىن ئىلمىي شەكىلدە مەلۇمات ئىگىسى قىلىش دېمەكتۇر.

مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە، ئۆزىنى تىكلىشىدە، ھۆر ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، غالىب ياشىيالىشىدا مائارىپ ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ئالدى بىلەن مائارىپقا كۆڭۈل بۆلگەن. بىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى «ئاقارتىش ھەرىكىتى» باشلاپ، چوڭلارنىڭ خەت ئوقۇش ساۋادىنى چىقىرىش بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا، بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ پاراۋۇزى ھېسابلىنىدىغان مىللەتلەر، تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپلەرنى مەجبۇرى مائارىپقا كىرگۈزۈپ بولغان ئىكەن. مائارىپ بىلەن ئىنساننىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ. مائارىپ بىلەن مىللەتنىڭ كەلگۈسى يورۇتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي بىزنى مائارىپسىزلاشتۇرۇپ، كۆزىمىزنى كورمەس قىلدى. خىتاي دۆلەت مائارىپى ئارقىلىق مېڭىمىزنى پالەچ قىلدى. ئۇنداق مائارىپتا يېتىلگەن زىيالىيلار، ئالىملار ساماندەك كۆپەيدى. لېكىن مېڭە خىتاينىڭ دۆلەت مائارىپى ئارقىلىق پالەچ قىلىۋېتىلگەن بولغاچقا، مىللىتىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەتلىنەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى: مۇنداق ئىشنى مۇنداق قىلساق، مىللەتكە پايدىلىق بولىدۇ - دېگەندەك، بىرەر ئىناۋەتلىك ئەندىزىنى كېسىپ چىقالمىدى. چۈنكى ئۆگەنگىنى، بىلگىنى خىتاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن نەرسىلەر بولغاچقا، قىلغىنى، قىلالايدىغىنى ھەم خىتاي دۆلىتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولۇپ قالىدىغان گەپ. خىتايلارمۇ ئەزەلدىن مائارىپسىز، قول، قالاق، قاششاق ئۆتكەن نامرات بىر خەلق. لېكىن خىتايلار يۈز يىللىق دۆلەت تۇتۇش جەريانىدا، قانچە مىڭ يىللىق قۇللۇق ھاياتىدا داۋاملىشىپ كەلگەن، ئاغزاكى ھىلە - نەيرەڭ ۋە رەزىللىككە تولغان ئەجداد تەلىماتلىرى ئاساسىدا، خىتايچە مائارىپ شەكىللەندۈردى. خىتايچە مائارىپ ئىلغار تەپەككۇرغا، ئىنسانلىققا ئىگە نەرسە بولماستىن، خىتاي خەلقىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى ئومۇملاشتۇرغان، ئىنسانلارنى كوللېكتىپلىششقا ئەمەس، يەككىلىششكە يېتەكلەپ، ھەربىر ئادەمنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇدۇل باغلايدىغان، كۆرۈنمەس زەنجىردىن باشقا نەرسە ئەمەس. خىتاي يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش مائارىپ، ئەسلىدىنلا مائارىپ

بولماستىن، شەكلى ئۆزگەرتىلگەن ھۆججەت ۋە سىياسى بۇيرۇقتۇر. قۇللۇق تۈزۈمىدە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى قانداق كاپالەتسىز بولغان بولسا، خىتاي دۆلىتىدىمۇ كوللېكتىپچىلىق ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى شۇنداق كاپالەتسىزدۇر. «ئۆزەڭنى بىل ئۆزگىنى قوي، ھەر كىشىنىڭ قازىنى ئۆز ئۆيىدە قاينايدۇ...» دېگەندەك، شەخسىيەتچىلىكنى، يەككىچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان، كۇڭزىچە تەلىمات خىتاي دۆلىتىنىڭ مائارىپىدا تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەچكە، «ھەممە بىر ئۈچۈن، بىر ھەممە ئۈچۈن» دېگەندەك، كوللېكتىپ ئۈچۈن يەككىلەر بەدەل تۆلەيدىغان، يەككىلەر ئۈچۈن كوللېكتىپ بەدەل تۆلەيدىغان ئادىمىلىك خىسلەت، خىتاي خەلقىدە بولمىغىنىدەك، خىتاينىڭ دۆلەت مائارىپىدا ئوقۇپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلاردىمۇ بولمايدۇ.

چەتئەلدە «مېنىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئۈچۈن» دېمەستىن، گەرچە نەتىجىسىز بولسىمۇ «ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن» دەپ، داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاجىزانە ھەرىكىتىمىزنى، تۇيۇقسىز پارتىلاپ چىققان كىشىلىك بوران - چاپقۇن «مېنىڭ دادام، مېنىڭ ئاپام، مېنىڭ بالام، مېنىڭ ئاكام، مېنىڭ تاغام» نىڭ دەۋاسىغا ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىمىزدىكى تەدرىجى، باسقۇچلۇق ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ جەريانىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن چەتئەللەردە، ھەر كىشىنىڭ جەننەتكە كېتىش ئارزۇلىرى كۈچلىنىپ، جىھاتچىلىق مەيدانغا چىقىشى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارا تېررور شايكىسى بولۇپ قالپاق كېيىشى، ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياۋى تېررور بازىسىدا مىڭلاپ

پەيدا بولىشى، سىياسىي ئېقىملاردا بولسا، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن كېچىكلەپ، ۋەتەن دەۋاسىغا، كېيىنچە ئىنسان ھەقلىرى دەۋاسىغا ئۆزگىرىشى، لاگېرغا ئاممىۋى سولاش جازاسى ئارقىلىق، تېخىمۇ كېچىكلىتىلىپ ئاتا ـ ئانا، خوتۇن بالا، قېرىنداش دەۋاسىغا ئۆزگىرىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مۇشۇ جىھاتچىلىقتىن ئىبارەت دىن دەۋاسىدىن باشلاپ، ئىنسان ھەقلىرى دەۋاسى، ئاتا ـ ئانا دەۋاسى قاتارلىق دەۋالارنىڭ ھەممىسى، خىتاي دۆلىتىنىڭ قانۇنلۇق پۇقرالىرىنىڭ، ھاكىمىيەتتىن نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان، دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈم ۋە سىياسەت دەۋاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنە بىر ياقتىن: چەتئەلدىكى ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىۋاتقانلار، خىتاي دۆلىتى ئېيتقاندەك: ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم، بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار ئىكەن ـ دېگەن چۈشەنچىنىمۇ تەستىقلاپ قويىدىغان بىر ئىسپاتتۇر. چۈنكى ھەقىقەتەن چەتئەلدىكى ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك، شەخسى دەۋاسىنى قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى، قانچە ئون ھەسسىدىن ئاشىدۇ. بۇ ۋەزىيەتتىن قارىغان چەتئەللىك: ئەگەر خىتاي دۆلىتى ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىغا ئەسكى مۇئامىلە قىلمىسا، ئۇلارنىڭ خىتاي دۆلىتىگە قارشىلىقى يوقكەن؛ بۇ ئۇيغۇر ـ خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت ئەمەس؛ مۇستەملىكىچى مىللەت بىلەن مۇستەقىلچى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەمەس؛ بەلكى دۆلەت بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى زوراۋانلىق تۈزۈمدىن كېلىپ چىققان،

سىياسىي زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويىدۇ.

چەتئەلدە، ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن، ئىسپانىيەدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ، كوچىغا تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان، ئۇنمىڭلارچە كاتالونىيە خەلقىنى سېلىشتۇرساق، ھەقىقىي مائارىپ تەربىيىسىدە ئوقۇپ، يېتىلگەن مىللەت ئاھالىسى بىلەن، قۇللۇق زېھنىيىتى سىڭدۈرۈلگەن مائارىپتا ئوقۇپ، يېتىلگەن مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز. ئەلۋەتتە: ئىسپانىيە ئەركىن، دېموكراتىك دۆلەت تۇرسا؛ ئۇ دۆلەتكە قارشى نامايىش قىلسا كىمنى سولاپ قوياتتى؟ دەيدىغانلار چىقمايدۇ ئەمەس. مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان كاتالونىيەلىكلەرمۇ 30 يىللىق، 50 يىللىق، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئىسپانىيە تۈرمىسىدە قۇستۇرىلىۋاتىدۇ. نامايىشقا مەسئۇل بولۇپ ھەيدەكچىلىك قىلغانلار، ئىسپانىيول ساقچىلىرىدىن تاياق توقماق يەپ، تۈرمىلەرگە قامىلىۋاتىدۇ. بىراق ئەركىن دۆلەتلەردە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ، نامايىش قىلغان قايسى بىر ئۇيغۇرنى، قايسى بىر دۆلەت تۈرمىگە سولاپ قويۇپتۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ «ئون مىڭ كىشىلىك نامايىش، بەش مىڭ كىشىلىك نامايىش» ناملىق ھەر قانداق نامايىشىنىڭ تەلەپ، مۇددىئالىرى: ئۇيغۇرلارغا ئىنسان ھەقلىرى؛ دادامنى قويۇپ بەرسۇن؛ ئاپامنى قويۇپ بەرسۇن! دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇستەقىللىق شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان نامايىشقا، ھەر خىل بانالارنى كۆرسىتىپ قاتناشمايدىغانلارنى، قارشى تۇرىدىغان تەشكىلاتلارنى چۈشىنىش مۇمكىنمۇ؟

دەۋادىكى پۈتۈن چىكىنىشلەر، روناق تاپماسلىقلار، مۇستەقىللىق تەلەپلىرىدىن يىراق تۇرۇشلار، بەزى بىر مەخسۇس نامايىشلاردا: «خىتاي ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن، خىتاي تېررورىست دېگەندەك لوزۇنكىلارنى كۆتۈرمەسلىك، ئۇنداق قالايمىقان شوئارلارنى توۋلىماسلىق، نامايىشلاردا كۆك بايراقنى كۆتۈرمەسلىك...» تەشەببۇسلىرى... قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئارقىسىدا، ئەگەر بىۋاستە خىتاينىڭ پەرمانى يوق ـ دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ جاۋابى: ھەقىقى ئىسمى جىسمىغا لايىق، ئۆزىمىزگە ئائىت مىللى مائارىپنىڭ يوقلىقى، دۈشمەنىنىڭ مائارىپىدا، ياكى ئۇيغۇر ـ خىتاي مۇناسىۋەتى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، يات ئەللەرنىڭ مائارىپىدا ئوقۇپ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مىللىتىمىزنىڭ ئەسىرلىككە چۈشىشىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدا نادانلىق، بىلىمسىزلىك سەۋەب بولغان ـ دەپ قارىغاچقا، بىلىملىكلەرنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىنتىلدۇق. چۈنكى بىلىملىكلەر قانچىكى كۆپ بولسا، قۇتۇلۇشىمىز شۇنچە ئاسان ھەم تېز بولاتتى. بىراق، خىتاينىڭ 80 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويغان، يېڭى ئىسلاھات دەۋرىدىن كېيىن، مىللىتىمىز ئاھالىسىدىن ئوقۇپ، يېتىشىپ چىققان بىلىملىكلەر، سان ۋە كەسپى جەھەتتە بىز كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق بولىشىغا قارىماي، مىللىتىمىزدە نە سۈپەت جەھەتتە، نە ساپا جەھەتتە ئىلگىرىلەش بولمىدى. قۇتۇلۇش بىر ياقتا تۇرۇپ، يەنە 80 ـ يىلىدىن ئاۋۋالقى ھالغا كەلتۈرۈلدى. ئوقۇمىغاندەك، دوكتورلار چىقمىغاندەك، ئالىم تەتقىقاتچى بولمىغاندەك، زىيالىي بولمىغاندەك، پۇل تاپمىغاندەك، قىرىق يىللىق تارىخ ئارقىغا قايتۇرۇۋېتىلدى.

چەتئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىم، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ، ۋەتەندىكى ھەممە نەرسىلىرىنى لاگېرغا سولىۋەتكەندىن كېيىنكى ئىنكاسلىرىغا قارىساقمۇ، خىتايىنىڭ پەيلى يۇمشاپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش بولماقتا. ھەرگىزمۇ: بولدى بەس! بۇ مىللەتنىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئىش قىلايلى - دەيدىغان يەردىن بىر پىلانىت يىراقلىقتا. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ۋەتەندىكى ۋە خىتايدىكى چاغلىرىدا ئوقۇپ بىلگەنلىرى ۋە چەتئەللەردە ئۆگەنگەنلىرى، بىلىۋاتقانلىرى ئىچىدە، خىتايغا قارشى پىكىر مۇلاھىزە قىلىش، مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش توغرىسىدا ھېچ قانداق تەشەببۇس، ئۆرنەك يوق تۇرسا. «بىلىملىكلەر» نىڭ سائەتلەپ سۆزلىگەنلىرىدە، «بۇ ئىشنى مۇنداق قىلساق بولغىدەك» - دەپ، ئەندىزە ئېلىشقا لايىق، بىرەر پايدىلىق گەپ يوق. ھەممىسىلا غالىب مىللەتلەرنىڭ ئۇتۇقلىرى ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ نەتىجىلىرى. مۇنۇ ئالىمنىڭ مۇنۇ تەكلىپىگە ئاساسەن، بۇ ئىشنى مۇنداق قىلساق بولغىدەك - دەپ، ئەندىزە قىلىشقا مۇناسىپ بىر نەرسە يوق. ياكى شۇ ئالىم، تەتقىقاتچىلار، زىيالىيلار بىرەر كوللېكتىپ بولۇپ، كۆرسەتكەن ئۈلگىمۇ يوق. پۈتۈن مۇشۇ بۇلۇمسىزلىقلار نېمىشقا بىزدىلا يېتىپ ئاشقىچە؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى بىزنىڭ مائارىپىمىزدا ئوقۇمىغان. بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆلەپ قويۇۋاتقىنى بىلەن، مېڭىگە قاچىلانغان پروگرامما خەقنىڭ بولغاچقا، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە يارىشا، بىرەر ئەمەلى ئىشنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە مېڭە ھەرىكەتلەنمەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مىللەتنى تەنگە ئوخشاتساق، مائارىپ ياكى زامانىۋى مائارىپ، ئاشۇ تەننى تىك تۇختىتىدىغان

جان دېمەكتۇر. مىللەتنى تەنگە ئوخشاتساق، مائارىپ ئاشۇ تەننىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرىدىغان مېڭە دېمەكتۇر. مىللەتنى قاراڭغۇ ئۆيگە ئوخشاتساق، مائارىپ شۇ ئۆينى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغ دېمەكتۇر. مىللەتنى بىر بەدەنگە ئوخشاتساق، مائارىپ شۇ بەدەندىكى باش دېمەكتۇر. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مائارىپسىز قالغان مىللەت ـ جانسىز گەۋدە، مېڭىسىز تەن، قاراڭغۇ باسقان ئۆڭكۈر، باشسىز بەدەن دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى دىنى ئۆلىمالار بولسۇن، مەيلى ئالىم، تەتقىقاتچى، زىيالىيلار بولسۇن چەتئەللەردىمۇ، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن كېرەكلىك بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقى، ئېھتىياجلىق ساھەدە جانغا ئەسقاتماسلىقى، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى «چۈجە خورازمۇ بىلگىنىچە چىللايدۇ.» ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نېمە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلمىگەن كىشىلەردىن: ئىش قىلىپ بەرمىدى ـ دەپ ئاغرىنىشمۇ ئورۇنسىزدەك تۇرىدۇ.

شۇڭا ئىشنى ئۇلىدىن ئۆزىمىز قىلايلى ـ دېيىشىپ، چوڭ ئۈمىت بىلەن، شۇنچىلىك پۇختا باشلىغان «مائارىپ» جەمئىيىتى، دەسلەپتىلا پېقىر ـ پۇقرالاردىن ھال سورايدىغان ئاممىۋى جەمئىيەتكە، كىچىك باللارغا دىن ئۆگىتىدىغان يەسلىگە، ئەرەبچە كىتاپلارنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىدىغان، تەرجىمە ـ مەتبەئەخانىغا، دىنى تەبلىغ قىلىدىغان ۋەز ـ نەسىھەتگاھقا، ئاخىرى بېرىپ تۈركىيە دۆلىتىنىڭ، مۇھاجىرلار خىزمىتىنى بېجىرىشىپ بېرىدىغان ئاساسى قاتلامغا ئايلىنىپ قالدى. «ئۇيغۇرلار بىر ئىشنى زادىلا ئۆزى خالىغاندەك قىلالمامدۇ نېمە؟» دېيىشكە تىل

بارمىسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن بىر ئۇھ سىنىش قىستىماقتا.

05.04.2019

## تۆتىنچى باب

## **ختايدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمۇ؟**

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈت بار ـ دېگەن سۆزىمىزگە مەنىداش، گېرمان خەلقىنىڭ: «يەنە بىر چىقىش يولى تېپىلىدۇ» ـ دەيدىغان سۆزى بار. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا، بەزى بىر قىيىنچىلىققا يولۇققان چاغلاردا، ئۆزىمىزنى پەپىلەپ تەسەللى تېپىش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك باشقىلارغا مەدەت بېرىش ۋە يېقىلغىنىغا تەن بەرمەسلىككە ئۈندەش ئۈچۈن، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈت بار، غەيرەت قىلىڭ ـ دەپ قويىمىز. ئەمما يېقىلغان يەردىن دەس تۇرۇشقا مەجبۇرلانمىغان ئەھۋالدا، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەك ئەھمىيەت بېرىپمۇ كەتمەيمىز. بىراق گېرمان خەلقى، ئەڭ ئاددى سۆز بىلەن قوراشتۇرغان ئاشۇ ئاددى جۈملىنى، بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك قىيىنچىلىقتا ئەستىن چىقارمايدىكەن ھەم ئاغزىدا دېيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ئاخىرىغىچە تىرىشىپ، زادىلا بولمىغاندا: تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك ـ دەپ، تەن بېرىدىكەن.

تېمىغا كىرىشتىن ئاۋۋال، گېرمان خەلقىنىڭ ھاياتىدىن بىر ئاز سېلىشتۇرما قىلىپ ئۆتەي. گېرمانلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەن ـ ئەنىگە مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان، يېڭىلىقلارغا دەرھال كۆنەلمەيدىغان، باشقىلارغا تەقلىد قىلىشتىن

قاچمايدىغان، يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردە بىزگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. يېقىنقى تارىخلارغىچە يۇرتۋازلىق قىلىشىپ، باشقا يۇرتلۇق بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالسا، ياتلاردىن مەدەت تىلەيدىغان، باشقا يۇرتلۇق دۈشمىنىنىڭ شەھىرىگە، يات دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كەلسە، خوپ بولدى! كۈلۈڭ كۆككە سورۇلۇپ كېتەر ئىلاھىم! - دەپ، رەقىبلىرىنىڭ ۋەيران بولىشىنى تىلەيدىغان، ھەتتا باشقا يۇرتلۇق دۈشمەنلىرىگە باستۇرۇپ كەلگەن، يات دۈشمەنلەرگە ياردەمدە بولىدىغان، ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپراقلىرىغا ھۇجۇملا قىلمىسا، باشقا يۇرتنى كۈكۈم تالقان قىلىۋەتسىمۇ پەرۋايى پەلەك، ئۆز يۇرتىنىڭ غېمىدە «خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي» تىنچ ئۆتىدىغان، پەسكەش مىجەزلىرىمۇ بىزنىڭ يېقىنقى ئۆتمۈشتىكى خاراكتېرىمىزگە كۇت ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئەمما قەھرىمانىغا ئەگىشىپ ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىدىغان: «قەھرىمان بىزگە چىقىش يولى تاپىدۇ؛ ئۇ بىزنى غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ؛ ئۇ بىز ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ئىكەن، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويساق بولمايدۇ؛ ياخشى كۈندىمۇ، يامان كۈندىمۇ قەھرىمانىمىزنىڭ يېنىدا تۇرىشىمىز كېرەك!» - دەپ، ئۆزلىرىدىن يۈكسەك، ئۇلۇق كۆرگەن قەھرىمانلىرىغا جان بىلەن ساداقەت بىلدۈرىدىغان، ھەم بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان خىسلەتلىرى بىلەن، بىزدىن پەرقلىنىپ كەلگەن ئىكەن. گېرمانلارنىڭ ھازىرقى مىجەزىدە قىتىغۇرلۇق خېلە ئېغىر بولسىمۇ، پۈتۈن بىر خەلققە ئومۇملاشقان راستچىللىقى، سەممىلىكى بىلەنمۇ بىزنى خىجىل قىلىدۇ. بۇلارنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، قانداقتۇر ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرگەنلىك، ياكى باشقىلارنى ئۈستۈن كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىمنى

بىلدۈرۈش ئەمەس. ئەكسىچە بىز بىلەن ئوخشاشلىق، تەقدىرداشلىق تەرەپلىرىنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىش خىيالىمنى، قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولدۇم. بىز ئۆزىمىزنىڭ كەچمىشىمىزنى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، قەدىر ئەھۋال بىلدۇق. بىزنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىمىزگە، 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مەلئۇن ئاپاق خوجىنىڭ تەخت تالىشىش رەزىللىكى سەۋەب بولغاندىن ئېتىبارەن، 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە، بىر ئەسىر داۋاملاشقان ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋە ئىچكى ئۇرۇشتا تولۇق پارچىلىنىپ، ماغدۇرىمىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىنگلىز ۋە رۇسلارنىڭ بىزگە قارشى خىيانەتلىرى ئارقىسىدا، مانجۇلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە چۈشتۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىزنى مانجۇلار، رۇسلار ۋە خىتايلار بوزەك قىلىپ كەلدى. كېيىنكى چارەك ئەسىردىن ئېتىبارەن خىتايغا شېرىك بولۇپ، بىزنىڭ قېنىمىزنى شورىمىغان دۆلەتلەر قالمىدى. بىزگە قارشى پۈتۈن ئىنسانىيەتتە ئىنسانلىقتىن ئىز - دېرەك قالمىدى. بىزنى تولۇق يوقىتىش ئىجرائاتىنى يولغا قويغان خىتاينى، پۈتۈن دۇنيا ئەھلى قوللاۋاتىدۇ. مانجۇ ئىستىلاسى بىلەن باشلانغان، تالان - تاراشلىق تارىخىمىزنى، ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىمىزنى، گېرمان خەلقىنىڭ تارىخى ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپلىگەن ئوخشاشلىقلارنى كۆرۈۋالايمىز. گېرمان خەلقىنى تولىمۇ ئۇزۇن ئۆتمۈشلەردىن باشلاپلا رۇم، بىزانس، ئىتالىيان، يۇنان، فرانسۇز، ئىنگلىز، شىماللىق (سكاندناۋىيان) جەنۇبلۇق (ئىسپانىيول، پورتۇگال)، يوگوسلاۋ، رۇس قاتارلىق ئەللەر بوزەك قىلىپ كەلگەن ئىكەن. گېرمان خەلقىنىڭ يۇرتلار بويىچە پادىشاھلىق

تىكلەپ، بۆلۈنۈپ ياتلارغا بېقىنىشىنىمۇ چوڭ كۈچلەر بەلگىلەپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، بىرەر ئىش قىلماقچى بولغان شاھلار تازىلىنىپ تۇراتتىكەن. گەرچە ناپولېئوننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان يۇرت پادىشاھلىقلىرى بىرلىشىپ، «ۋىنتىېلسباخ سۇلالىسى» نىڭ ئاستىدا، چوڭ بىرلىك ھەم مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، يەنە ناپولېئوننىڭ مەغلۇبىيىتى سەۋەبلىك رۇسلارنىڭ، ئېنگلىزلارنىڭ بۇزەك قىلىشىدىن قۇتۇلالمىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تېخنىك تەرەققىياتىدا گېرمان خەلقى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان بولسىمۇ، بىر ياقتىن تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىتلىرى، بىر ياقتىن دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق ئىقتىساد يەھۇدى بانكىرلىرىنىڭ قولىدا بولغانلىقى، گېرمان خەلقى ئۆزى قىلغان مېھنەت بىلەن ئۆزىنى قامدىيالمايدىغان دەرىجىدە، ئېغىر ئېكىس پالاتسىيەگە ئۇچراپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ قوزغىلىشىدىن مەغلۇبىيىتىگىچە، بارلىق جىنايەت گېرمانىيىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ، پادىشاھنىڭ تەختتىن چۈشىشىگە سەۋەب بولغان. شۇنىڭدەك پۈتۈن ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەش گېرمانىيىگە يۈكلەنگەن بولغاچقا، گەرچە دۆلەت سانائەتلىشىپ تەرەققى قىلىۋاتقان بىلەن، مېھنەتچىلەر دۆلەتنىڭ قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن بىكارغا ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەتكۈچى فابرىكاتورنىڭ يەھۇدى بولىشى، ئىشلەمچىلەرنىڭ گېرمان بولىشى، بانكىرنىڭ يەھۇدى بولىشى، قەرزگە بوغۇلغان گېرمانىيە بولىشى، تەشۋىقاتچىلارنىڭ يەھۇدى بولىشى، تەتۈر تەشۋىقاتنىڭ

قۇربانلىرىنىڭ گېرمان بولىشى، ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئائىلىسىنى باقالماي، ئۆي زېمىنلىرىنى، بارلىق مال مۈلۈكلىرىنى گۆرۆگە قويغۇچىلارنىڭ گېرمان بولىشى، گۆرۆكەشلەرنىڭ يەھۇدى بولىشى، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇرۇشتا زىيانغا ئۇچرىغان بېلگىيە دۆلىتىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەتكۈچى ھەق تەلەپ ئىگىلىرىنىڭ يەھۇدى بانكىرلىرى بولىشى ... قاتارلىق گېرمانىيىنىڭ ۋە گېرمان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن، ساناپ تۈگەتكۈسىز بالا ـ قازالارنىڭ ھەممىسىگە، يەھۇدى جاۋابكار بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق ھەممە ئويۇن ۋە بوزەك قىلىنىشىنىڭ ئەھۋالىنى، ئاشۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا ئاۋستىرىيە ھەربى ئىتتىپاقى لاگېرىدىن قاتناشقان، ياش تەرسا ئوفېتسېر ئادولف ھىتلېر، بىر بىرلەپ ئىسپاتلاپ چىقتى ھەم ئاۋستىرىيەدىن ميونخىنغا كۆچۈپ كېلىپ، گېرمان ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتتى. ئادولف ھىتلېر شۇ چاغدىكى ئىناۋەتلىك پارتىيىلەردىن «سوتسىئال مىللەتچى پارتىيى» گە ئەزا بولۇپ، پارتىيە گۇرۇپپىلىرىدا ھەر تۈرلۈك پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، بەزىدە قالايمىقان تەرسالارچە سۆزلەپ، سورۇنلاردا ماجىرا تېرىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد ـ ئەلەمنى تونۇپ يەتكەن سىياسىيونلار، مۇتەپەككۇرلار، زىيالىيلار ئۇنى يېنىغا تارتىپ، تەربىيىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا نۇتۇق سۆزلەشنى، قايسى سۆزنى دېگەندە، چىرايىدا قانداق ئىپادە كۆرسىتىشنى، قايسى سۆزنى دېگەندە قايسى قولنى ئېگىز كۆتۈرۈشنى، قايسى قولنى كىملەرگە قارىتا شىلتىپ، سىلكىنىشنى بىرمۇ ـ بىر ئۆگەتتى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى قانداق كونترول قىلىشنى ئۆگەتتى. ئەسلىدە ھىتلېر ناتىق ئەمەس،

بەلكى جاسارەتلىك، تەرسا بىر مىللەتچى ئىدى. ئۇنى ناتىقلار، مۇتەپەككۇرلار ياساپ چىقتى. ئۇ سىياسەتچى ئەمەس ئىدى. داڭلىق سىياسەتچىلەر ئۇنىڭ قولى بىلەن سىياسەتنى ئىجرا قىلدى. ھىتلېر بەكمۇ ئەقىللىق بىرى ئەمەس ئىدى. ئۇنى دەۋرىنىڭ پەيلاسوپلىرى يېتەكلىگەن. ھىتلېردا ئۆلۈمدىن قاچمايدىغان تەلۋىلىك، مىللى مەنپەئەتنىڭ قارشىسىدا ئادەم تونۇمايدىغان يۈزسىزلىك بار ئىدى. ئۇنىڭدىكى مۇشۇ ئىككى ئارتۇقچىلىقنى تونۇپ يەتكەن ۋە پايدىلىنىشنى بىلگەن گېرمان مۇتەپەككۇرلىرى، سىياسەتچىلەر، زىيالىيلار ئۇنى قوللىنىپ، پۈتۈن گېرمان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرەلىدى. ھىتلېر دەسلەپتىكى ئاممىۋى سورۇندا نۇتۇق سۆزلەپ، نەتىجە قازانغاندىن باشلاپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توختىغانغا قەدەر، يەنى گېرمانىيە ئىچكى دۈشمەننىڭ، قوشنا دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا سىياسىيونلار، پەيلاسوپلار مەسلىھەت بېرىپ، يېتەكلىگەن ئىدى. ھېچ قانداق بىر سىياسەتچى: «مەن 40 يىللىق ئاتالمىش سىياسەتچى تۇرۇپ، بۇ تەرسانى ئالدىغا چىقىرىپ، ئۆزۈم ئۇنىڭغا بويسۇنامتىم!» ـ دېمىدى. ھېچ قانداق بىر مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپلار: «مەن شۇ قەدەر يۈز ئابروي، ئىناۋىتىم بىلەن مۇشۇ تەرسا، دىپلومسىز تەلۋىنى يېتەكلەپ، سەھنىگە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزۈم پەستە ئولتۇرۇپ، قانداق چاۋاك چالىمەن؟ بۇ مېنىڭ شان ـ شەرىپىمگە نومۇس!» دېمىدى. ئادولف ھىتلېر ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، سەھۋەنلىك ئۆتكۈزگەندە، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر سىياسى دانىشمەنلىرى، ئۇنى يالغۇز ئىشخانىغا سولىۋېلىپ، پېشانىسىگە نۇقۇپ،

يەرنى تىپىپ، قاتتىق دەككىسىنى بەرگەن چاغلاردا: «مەن 3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى، مەن دۇنيانىڭ لىدېرى، سەن كىم ئىدىڭ؟ سېنىڭ توغرا بولغان بولسا، نېمشقا شۇ توغرا ئىشنى ئۆزۈڭ قىلمايسەن!» دەپ، گۇستاقلىق قىلمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكىدە خورلانغان، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىۋېتىلگەن، ئەسىرلەپ بوزەك قىلىنغان، ياۋروپانىڭ گېزەندىسى! ـ دەپ، خىتاب قىلىنىپ كەلگەن بىر مىللەتنىڭ دەردى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ مىللەتنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بۇ يولغا كىرگەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى ئۇنۇتقان. (ھىتلېر خاتالاشتى. قولىدىن كەلگەندە، مىليونلاپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆچ ئالدى. ئەگەر مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە، مەن دۈشمىنىمگە ھىتلېر قىلغاندىن يۈز ھەسسە ئاشۇرۇپ قىلىمەن. چۈنكى بۇ سىياسى مەسىلە ئەمەس. ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى شەخسى قىساس مەسىلىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ئاللىبۇرۇن كىشىلىك ھېسسىيات دائىرىسىگە كىرىپ كەتكەن، ۋىجدان مەسىلىسى. «قىساس ئەڭ تاتلىق نەرسە!» ئۇنىڭ بىلەن جان، تەن، روھ، ھېس تۇيغۇ ئارام تاپىدۇ.) ئەمما گېرمانلار مىللى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن توختاپ قالماي، دۇنيا ئۇرۇشىغا كىرىپ خاتا قىلدى. ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلدى. 45 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ھازىرقى سۈرىيەدىن 50 ھەسسە ئارتۇق خارابىلىققا ئايلانغان. 15 ياشتىن يۇقىرى ھايات قالغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسىرلەر لاگېرىغا قامالغان؛ ئۇرۇشقا قاتناشقان، ھەربى ئارقا سەپكە قاتناشقان ياش ئاياللارنىڭ ھەممىسى لاگېرغا

سولانغان؛ تالا ـ تۇزدە ئۆسمۈر باللار، ھىتلەر دەۋرىدە دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا قىتىلالمىغان ئۆي ئاياللىرى، بىگۇناھ قىرىلار قالغان بولۇپ، گېرمانىيىنى بۆلۈپ ئىشغال قىلغان ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا قۇرۇپ چىقتى.

بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىز ۋە ھازىرقى ئەھۋالىمىز بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەر بار. ھەتتا تەقدىرىلا ئەمەس بەلكى مىجەز ـ خاراكتېرىدىمۇ ئوخشاشلىق تېپىلىدۇ. لېكىن زادىلا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بولسا، دۈشمەندىن قۇتۇلۇش يوللىرىدۇر. مەن بۇ ھەقتە ئۇزۇن يىللا ئىزدەندىم. چوڭ ـ چوڭ ئىدېئولوگىيە ئىنقىلاپلىرىنىڭ كۈرەش جەريانى، نەتىجىسى، ئەسىرلىكتىن، مۇستەملىكىدىن ئازات بولغان مىللەتلەرنىڭ كۈرەش جەريانى، ئۆزۈم چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن يۈز بەرگەن چېچەن ئۇرۇشى، تالىبان ئۇرۇشى، بوسنىيە ئىچكى ئۇرۇشى، كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى، شەرقى تېمۇرنىڭ مۇستەقىللىقى،ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆزگۈرۈشلەر، ئىچكى ئۇرۇشلار، ھەتتا بىز بىلەن ئوخشاش دۈشمەنلىككە ئىگە تىبەتلىكنىڭ كۈرەش يوللىرى، جەنۇبى ياۋروپادىكى مۇستەقىلچى مىللەتلەرنىڭ قوراللىق كۈرەشلىرى ۋە تىنچلىق كۈرەشلىرىگىچە بەزىدە ئىلھاملىنىپ، بەزىدە قايغۇلىنىپ بولسىمۇ، بىزنىڭ قۇتۇلۇش كۈرىشىمىزگە بىرەر ئۆرنەكنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلدىم. ئەمما ئۆزىمىز بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز بولغاندەك، بىزنىڭ كۈرەش يولىمىزمۇ بىزگىلا خاس، ئۆرنەكسىز ئىكەن. مېنىڭ ھەيران قالىدىغىنىم شۇكى، بىزنى مېنىڭدەك چۈشىنىپ يەتكەنلەر بەك ئازئىكەن. مەن ئۆزۈمنى ھەر قانچە بىلىمسىز ھېس

قىلساممۇ، لېكىن بىزنى مېنىڭدەك چۈشەنگەنلەرنىڭ ئاز بولۇشىنى بىلگەنلىكىمنى بىر چوڭ بىلىم قاتارىغا قويۇپ، كۆز ـ قارىشىمنى خاتىرجەم بايان قىلىۋېرىدىغان بولدۇم. بۇ تېمىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان مەزمۇنلارنى، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىدىم.

1 ـ دىنى ئۆلىمالارنىڭ، ۋەزخانلارنىڭ ئاغزىغا قارىسا، كىشىلەرنىڭ دىنى ھېسسىياتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، زاماندا پەرقلىق، ماكاندا پەرقلىق، ئىمكانىيەتتە پەرقلىق، دۈشمەنلىك ئوبيېكتتا پەرقلىق بىر كۈرەش جەريانىنى سۆزلەپ، كىشىلەرنى گاراڭ قىلىپ قويىدۇ. دىنى ۋەزخانلار گەپنى يۆگەپ، تۈرمەل قىلىپ، بىردە ئۇھۇد ئۇرۇشىغا، بىردە خەندەككە، بىردە بەدرىگە يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى: گۇناھ ئۆزىمىزدە بولغاچقا، ئاللاھ مۇشۇ كۈنگە قويۇپتۇ! ـ دېگەن يەرگە، ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان مەسچىتكە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئىزدىنىشىنىڭ ئورنىدا، گۇناھنى بوينىڭىزغا ئېلىپ، ئاللاھتىن مەرھەمەت تىلەيدىغان، غېرىب بىر بەندە بولىسىزدە، ئاخۇنۇم يەنە بىر قېتىملىق ۋەز سۆزلىگىچە گۇناھكار بەندە سۈپىتىدە تىنىچ تۇرىسىز. تازا چوڭقۇر ئويلىغاندىن كېيىن: «زادى ئۆلارنىڭ نېمە ئىشى بار بۇ يولدا؟» ـ دېگەندەك، ئېنىقسىز سوئال جاۋابسىز قالىدۇ. چۈنكى كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ رايونلىرىدا، دىنى ۋەزخانلارنىڭ جىهاتچىلىق تەشەببۇسلىرى، جىهاتچىلارنىڭ «قار ـ قويۇق ئادەم ئۆلتۈرۈش» تىن ئىبارەت تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك: ئىسلام ۋە مۇسۇلماندارچىلىق «قاباھەت» شەكلىدە ئىنكاسقا لايىق بولۇپ قالدى. نەدە جىهاتچىلار ئارىلاشقان ئۇرۇش بولسا، شۇ يەردىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرى

مەغلۇپ بولدى. چېچەنىستاننىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى، ئافغانىستاننىڭ تىنچ ئامانلىقى، سۇرىيەنىڭ ئەركىنلىك ئىنقىلاۋى جىھاتچىلار سەۋەبلىك مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭغا تەن بېرىش لازىم. ئۆلىمالارنىڭ، ۋەزخانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى مۇسۇلمانلارنى بىلىم، تېخنىكا ئۆگىنىشكە، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا يېتەكلەش، غەيرى مۇسلىملارغا گۈزەل ئىسلامى ئەخلاقنى چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىش، ئىنسانىيەتنىڭ، مىللەتلەرنىڭ تىنچلىق ئامانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئادالەتكە چاقىرىش. قاتارلىق ھەم ۋەزىپىسىنى ھەم نۆۋەتتىكى ۋەزىپەتىنىڭ تەقەززاسىنى بەجا كەلتۈرىشى لازىم ئىدى. لېكىن بىر تۈركۈم شتاتلىق ئۆلىمالار دۆلەت رەھبەرلىرىنى مەدھىيىلەپ، مائاشقا ئىشلىسە، بىر تۈركۈم ئۆلىمالار كىشىلەرنى جىھاتقا كۈشكۈرتۈپ، ئىسلامى تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلدى. ئەسلىدە ھەر ئىككىلا ئېقىمدىكىلەر قىلمىشلىرىنىڭ دىنى خىزمەت ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىشىدۇ. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مەقسەتلىرىنى، كىشىلىك مۇددىئالىرىنى شەيتانى پەتىۋالار ئارقىلىق، دىنى نىقاب بىلەن ئوراپ، رەزىللىكلەرنى قانات يايدۇرۇپ كەلدى. دىنى نىقاب بىلەن گىرىم قىلىنغان شەيتانى پەتىۋالارغا ئالدىنىپ، ھىجرەت ۋە جىھاتچىلىق يولىغا كىرىپ، ئەڭ ئېغىر قۇربانلىق قىلىۋېتىلگەن، دۇنياۋى زىيان تارتقان مىللەت يەنە بىز ئۇيغۇرلار بولدۇق. ئەمدى بولسىمۇ ئۇلار، بۇ مىللەتنىڭ دىنى ھېسسىياتىنى سۇيئىستىمال قىلىشتىن قول ئۈزۈشى كېرەك. بىز: دۇنيا خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى شەكىلدە، تېررورىست ئاتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز - دەپ، ئۇزۇن يىللاپ پىكىر يۈرگۈزدۇق. بىراق مىللىتىمىزدىن

چىققان ۋەزخانلار، ساددا ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىشىپ، چەتئەلدە جىھاتقا، ۋەتەن ئىچىدە ھىجرەتكە چاقىرىپ، دۇنيا ئەھلىنىڭ نەزىرىدە «ئۇيغۇرلارنىڭمۇ دۇنياۋى تېررورچىلارنىڭ شايكىسى» ئىكەنلىكىگە نەق پاكىت تەييارلاپ بېرىشتى. بۇ دەل خىتاينىڭ ستراتېگىيىسى بولۇپ، چەتئەلگە مۇناسىۋەتلىك 20 يىللىق جىھات ۋە ھىجرەت بالاسى، نە دىنىمىزغا، نە خىتايدىن قۇتۇلۇشىمىزغا قىلچىلىك تۆھپىسى بولماستىن، ئەكسىچە ئەڭ ئېغىر ھالاك بولۇشىمىزغا يول ئاچتى. بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئەستە تۇتۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن تەبلىغچى، ۋەزخانلار ئۇيغۇرلارنى جىھاتقا چاقىرىشتىن قول ئۈزسە، خىتايدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدىشىمىزگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بىزگە كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى جەننەتكە كىرىشنى ئويلايدىغان، جىھاتچىلار ئەمەس، بەلكى دۈشمەننى يوقىتىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىدىغان ئىنقىلابچىلار كېرەك. بۇ مېنىڭ كۆز ـ قارىشىم بولماستىن بەلكى 20 يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن جىھاتچىلىق ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتۇر. بىزنىڭ كۈرىشىمىزدە، ۋەتەن مىللەتنىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتى بىلەن ئالاقىسى يوق، بىر كىملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى جەننەتكە كىرىش بەدىلىگە، ئاتا ـ ئانىسىنى، خوتۇن بالىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، ئۇرۇغ تۇغقانلىرىنى دوزاخنىڭ ئازابىغا تاشلاپ قويىدىغان، شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچىلەرگە ئورۇن بېرىلمەسلىكى لازىم.

2 ـ چەتئەللەردىكى دوكتور، تەتقىقاتچى، زىيالىي ۋە تونۇلغان، داڭلىق كىشىلىرىمىز كۆپىنچە، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تارىختىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن، ئۇلارنىڭ

ئىنقىلابىي يېتەكچىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن، شۇنىڭدەك كىچىك ئىشتىن باشلاپ خەلقئارالىق چوڭ كاپىتالىستىقا ئايلانغانلارنىڭ تاكتىكىلىرىدىن ئۆرنەك كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ئۇيغۇرلار نەتىجە قازىنىشنى خالىسا، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسا، مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىشى كېرەك! ئۆلگە دېگەننى يېڭىلگەنلەردىن ئەمەس، بەلكى نەتىجە قازىنىپ، غەلىبە قىلغانلاردىن ئالىدىغان نەرسە. پايدىلىنىپ قالسۇن دەپ، سۇنىۋاتىمەن - دېيىشلىرى بىر قالتىسى. ئويلاپ قالىمەن: بۇلار ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلۇپ باقمىغانمىدۇ؟ ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ باقمىغانمىدۇ؟ ئۇيغۇر - خىتاي مۇناسىۋىتىدىن شۇ قەدەر خەۋەرسىزمىدۇر؟ ياكى باشقا پىلانىتىن ھېلىراقتا سەكرەپ چۈشۈپ، بىردىنلا ئۇيغۇرچە تىلى چىقىپ قالغانمىدۇر؟ ئەسلىدە بىلىملىك كىشى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. بىلمىگەن نەرسىنى بىلدىم دېمەيدۇ. ئۆزى بىلمىگەن نەرسە ئۈستىدە باشقىلارغا چۈشەنچە سۆزلىمەيدۇ. ئاۋام خەلقنى ئاغزىغا قارىتىپ، كولدۇرلىتىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ كەڭ ئىزدىنىشكە قويۇپ بېرىشى لازىم ئىدى. مۇشۇ يەردە بىر ھېكايىنى ئەسلىتىپ ئۆتكۈم كەلدى. 15 يىل ئاۋۋالقى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان«شەرقى تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» نى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنسان ھەقلىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلغاچ تۇرىدىغان «د ئۇ ق» نى قۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن پروفېسسور، دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندىگە «ستراتېگىيە» تۈزۈپ چىقىش ھاۋالە قىلىنىپتۇ. ئۇ كىشى ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشلىرىدىن، تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ھاسىل قىلغان خۇلاسە بويىچە ستراتېگىيە تۈزۈپ، رەھبەرلەرگە تاپشۇرۇپتۇ.

مۇشۇ ستراتېگىيە بويىچە ماڭسا، ئەللىك يىلدىن كېيىن 2054 ـ يىلىغا بارغاندا «شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولىدىكەن». ھازىر مەزكۇر ستراتېگىيە 15 ياشقا كىردى. «يەنە 35 يىل قالدى مۇستەقىل بولۇشىمىزغا» ـ دېگەن گەپ بۇ. ستراتېگىيە تۈزدى دېگەنلىك، دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ، سۇغا قارماقنى تاشلاپ قويسا بېلىق ئۆزى كېلىپ ئىلىنىپ قالىدۇ ـ دېگەن گەپ ئەمەس. بەلكى 50 يىللىق ستراتېگىيەنى تۈزگەنىكەن، ئۇنىڭ باسقۇچلۇق ئىجرا قىلىدىغان ھەرىكەت پىلانلىرى بولىدۇ. نامايىش قىلىش، يىغىن ئېچىپ كادىر سايلاش، يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم «ب د ت» يىغىن زالىدا خىتاينىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ئۇياق ـ بۇياقلاردا دەرت تۆكۈش دېگەنىدەك، پائالىيەتلەر ستراتېگىيەنىڭ ھەرىكەت جەريانى دېيىلسە، ئۇنداق ئىشلار «د ئۇ ق» پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنمۇ، 50 يىللىق ستراتېگىيەنى تۈزۈشتىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. تىبەتلىكلەر ئاتالمىش «ئوتتۇرا يول» دەۋالغان، ئەمەلىيەتتە تەتۈر يولدىن، ئۆزلىرى چىقىپ بولالمايۋاتسا، «د ئۇ ق» ئۇلارغا سوڭدىشىپ كىرىۋالغىلىمۇ 15 يىل بولدى. مۇشۇمىدى 50 يىللىق ستراتېگىيە؟ ئاتالمىش «قۇتۇلۇش ستراتېگىيىسى» تۈزۈپ 15 يىل كېيىن، ۋەتىنىمىز جازا لاگىرىغا، خەلقىمىز ئاممىۋى جىنايەتچىگە ئايلىنىپ بولدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار: تېرروررچى، رادىكال، يالغانچى ـ قاتارلىق بەتنامغا قالدى. 50 يىللىق ستراتېگىيەنىڭ يەنە قالغان 35 يىلى توشقىچە، بەزى ئەندىشىلەرگە قارىغاندا ۋەتەندە ئۇيغۇر قالماسمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ياغلىما تەشەببۇس، كۆپتۈرمە تەتقىقات ئۇچۇرلىرى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ زېھنىنى بېخۇتلاشتۇرماسلىقى، سىياسى

تەپەككۇرنى باغلاپ قويماسلىقى كېرەك.

3 ـ بەزى ئاكتىپ مىجەز كىشىلەر، قىزىل خىتايلارنىڭ، كۆك خىتايلارغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدىكى شوئار، ھەرىكەت، تاكتىكىلىرىنى ئەسلىتىپ، خۇددى يېڭى بىر پىلاننى تېپىپ چىققاندەك، بىزنىڭمۇ شۇنىڭدەك تەدبىرچان بولىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ كېتىشىدۇ. ئالتە خىتاي پارتىژدا، كېيىمدە ئولتۇرۇپ پىلان تۈزۈپ، كوممۇنىست پارتىيىسىنى قۇرۇپتىكەن؛ بىز نېمىشقا قىلالمايمىز؟ خىتايلار ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا بىرلىشىپتىكەن؛ بىز نېمىشقا بىرلىشەلمەيمىز؟ مۇشۇنىڭدەك نېرۋىنى ئۇپرىتىدىغان ئۇششاق سۆزلەر، ئۆزىمىزنى تونۇپ بولالمىغانلىقتىن، خىتاي بىلەن ئۆزىمىزنىڭ پەرقىنى بىلىپ بولالمىغانلىقتىن تەكرارلىنىدۇ. چوماق بىلەن شەھەر ئالىدىغان چاغلاردىكى، ۋاقتى ئۆتكەن كونا ھېكايىلارنى، بۈگۈنكىدەك كومپيۇتور بىلەن شەھەر سورايدىغان زاماندا سۆرەپ يۈرۈشنىڭ، قانچىلىك بىمەنە ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق ئېتەلمىسەك، ۋەتەن ـ مىللەت دەپ سۆزلەپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى، قۇرۇق پاراڭ بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتىن باشقا مەزمۇنى بولماي قالىدۇ.

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا بىلىملىكلەردىن، دىنى ۋەزخانلاردىن، ئاكتىپچانلاردىن تەقدىم قىلىنىۋاتقان ھەر تۈرلۈك پىكىر، تەكلىپ، ئۆرنەكلەرنى يۇقىرىقىدەك ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلىغاندا، ھېچ بىرسىنىڭ جانغا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ھەتتا بۇنداق پىكىر، تەشەببۇسلار ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىگە زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىش

لازىمكى، بىزنىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرىمىزگە، باشقا يەردىن ئۆرنەك ئىزدەش ـ بىر چوڭ ھاماقەتلىكتۇر.

مەن يۇقىرىدا گېرمان خەلقىنىڭ ئادولف ھىتلېرنى تىكلەپ چىقىش جەريانىنى، قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇم. ئەمما بىزمۇ شۇنداق قىلساق ـ دېگەن خىيالدا ئەمەسمەن. چۈنكى، ئەگەر بىزمۇ ئارىمىزدىن ئاچچىقى يامان، تەرسادىن بىرنى تېپىپ تىكلەپ چىقساق، ئۇ تەرسا دۆڭگە چىقىۋېلىپ، خاتا قىلغىلى تۇرغاندا، ھىتلېرگە مۇئامىلە قىلغاندەك، بىزمۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە نۇقۇپ، قولىقىنى سوزىمىز دېسەك، ئۇ قاراپ تۇرامدۇ؟: سەن توغرىسىنى بىلگەنكىن، مېنى ئالدىغا چىقىرىپ قويغۇچە، ئۆزۈڭ چىقساڭ بولمامدۇ؟ مېنىڭ ئارقامدا پۈتۈن خەلقىم بار. ھەم دۈشمەنمۇ مېنى يوقىتىمەن دەۋاتسا، ئەمدى سەن نېمە دېمەكچى؟ـ دەپ، تەرسالىقىنى بىزگە ئىشلەتسە، خەپ! ـ دەپ بارمىقىمىزنى چىشلىمەكتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلالمايمىز. بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىشلار. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان گېرمان تەرسالىرىغا، 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر تەرسالىرىمىزنى سېلىشتۇرالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن «باشقىلار قىلىپ نەتىجە قازىنىپتۇ. بىزمۇ قىلساق چوقۇم نەتىجە قازىنىمىز» ـ دەپ، تەقلىدچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بىز نېمىلا قىلايلى ئۆزىمىزگە مۇناسىپ، ئەھۋالىمىزغا ئۇيغۇن ئىشنى قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۆز ئىچىمىزدىكى تەرسالىرىمىزغا ئىشىنەلىگەن بولساق، مۇشۇنداق بوشلۇقتا لەيلەپ قېلىۋاتقان چېغىمىزدا، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى بىزگە تىكىلىپ: ئۇيغۇرلار نېمە قىلماقچى؟ دەپ، سوئالغا پاتقان چاغدا: مانا مەن بۇ مىللەتنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم!ـ دەپ، بىر تەرسا چالۋاقاپ

ئوتتۇرىغا چۈشسە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چوقان كۆتۈرسەك، دۇنيانىڭ چەرخى قانداق ئايلانغىنىنى كۆرەتتۇق.

ۋەتىنىمىزنى گەپ بىلەن ئازات قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى ھەممىمىز تونۇپ يەتتۇق. خىتاي دېگەن بۇرنىدىن قان ئاقمىغۇچە، قۇلىقى گەپ ئاڭلىمايدىغان، مۇتىھەم خەق. بولۇپمۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز قوراللىق ئۇرۇشسىز ئازات بولمايدۇ. بىزگە قورال لازىم. ئەسكىرىمىز يېتەرلىك. بىزنىڭ قورال تۇتالىغۇدەك ئەسكەرلىرىمىز، خىتاي دۆلىتىدىن بەشنى يوقىتىشقا يېتىدۇ. ئەمما قورالنى كىم بېرىدۇ؟ ئەسلىدە بۇ سوئال خاتا. چۈنكى قورال دېگەن سېتىش ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان تاۋار. ئۇنى ھەر كىم بېرەلەيدۇ. ئەمما كىمگە بېرىدۇ؟ بەرگەن قورالنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كىم ئۈستىگە ئالالايدۇ؟ بىز ئوتتۇرىغا چىقارغان تەرسا ئادەمگە قورال بەرگۈچى ئىشىنەلەمدۇ؟

يۇقىرىدىكى سوئاللارنى تۇتقا قىلىپ، تەسەۋۋۇرىمىزنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ باقايلى: قوراللىق ئۇرۇشقا تايىنىپ، ۋەتەننى خىتايدىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى تەشكىللىدۇق؛ بۇ ھەرىكەتنى يېتەكلەيدىغان بىر ئادەمنى رەھبەر قىلىپ سايلىدۇق؛ ئۇ رەھبەر بىزگە قورال ساتىدىغان، ياكى قورال بېرىدىغان دۆلەت خادىمى بىلەن سۆزلەشتى. قورال بەرگۈچى خادىم سورايدىغان بىرىنچى سوئال: ئۇرۇش پىلانىڭىز بارمۇ؟ قانچىلىك ئادىمىڭىز بار؟ - دېگەندىن ئىبارەت، ئاددى ئىككى جۈملە بولىدۇ. ئىككىنچى سوئال: قوراللىق ئۇرۇش باشلىسىڭىز، قايسى دۆلەتنىڭ، قايسى كۈچلەرنىڭ، خىتايغا قارشى سىزنى قوللاش ئېھتىماللىقى بار؟

ـ دېگەندىن ئىبارەت ئاددى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىنىدۇ. قورالنى نەدىن تاپشۇرۇپ ئالىسىز؟ پۇلنى قانداق تۆلەيسىز؟ سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز نىسى پۇلنى كىمدىن ئالىمىز؟ـ دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى، سودا جەريانىدا ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان، قوشۇمچە گەپلەردۇر. بىزنىڭ رەھبەر يالغان گەپ قىلسا، ياكى يالغان گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويسا، ھاياتى خەتەر ئاستىدا قالىدۇ تېخى. قورالىلىق ئۇرۇش قوزغايدىغان تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزاسى قانچىلىك؟ ياكى قوللايدىغان پۇقرالارنىڭ سانى قانچىلىك؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئەمەلىيەتتىن ئالىدۇ.

چەتئەلدە بىر يېرىم مىليون ئۇيغۇر بار ـ دەپ قارىساق، ئۇنىڭدىن بىر مىليوننى كىچىك باللارغا، ياشانغانلارغا، ياكى تىنچلىقنى خالايدىغانلارغا چىقىرىۋېتىپ، بەش يۈز مىڭ ئۇيغۇر بار ـ دېسەك، يۈزدە بىر پىرسەنت ئۇيغۇر قوراللىق ئۇرۇشنى خالايدۇ ـ دېسەك، پۈتۈن چەتئەلدە بەش مىڭ ئۇيغۇر، خىتايغا قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلىدىغان تەشكىلاتىمىزنى، ياكى يېتەكچى رەھبەرنى قوللىيالىسا، قورال بەرگۈچى خادىم ھەرگىز ياق دېمەيدۇ. ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تەرسا ئادەم، ئارقىسىغا بەش مىڭ ئادەمنى ئەگەشتۈرەلىگۈدەك نوپۇزنى ئۆزى تىكلەپ چىقالامدۇ؟ـ ياق. ئۇنداق نوپۇز رابىيە خانىمدا بولغان ئىدى. بىز كۆپتۈرۈپ: رابىيە خانىمنى چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار قوللايدۇ؛ رابىيە خانىمنى ھېچ بولمىسا چەتئەلدىكى خەلقىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى قوللايدۇ ـدەۋالغان ئىدۇق. قوللىمايدىغانلارمۇ، قارشى تۇرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن ھېچ بولمىغاندا

بەشتىن بىرى خانىمنى قوللىغان. خانىم چاقىرىق قىلسا، يۈز مىڭ ئادەم ئارقىسىدىن ئەگىشەتتى. بىراق خانىم دەۋا يولىدا ھەرقانچە كۆپ ئىش قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنى لىدەرنىڭ ۋاكالەتچىسىدەك ھېس قىلدى. ياكى باشقىلارغا شۇنداق كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ پىچىقى كېيىنكى ئون يىل ۋاقتى 2006 - يىلىدىن، 2016 - يىلىغىچە قاق ئون يىل ئىدى. ئەمما نوپۇز ئىسراپ قىلىۋېتىلدى. ھەتتا ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ - دېگەن گەپنىمۇ دەۋالىماي، خىتاي ئىجرا قىلىۋاتقان، كۆندىلىك زۇلۇمغا قارشى شىكايەت قىلىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يەردە ھەرگىز: رابىيە خانىم قوراللىق ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلمىدى؛ قوراللىق ئۇرۇش تەشكىللىسە ئوبدان بولاتتى - دېگىنىم يوق. بەلكى بىر مىللەتنى قۇتقۇزۇشتا، يېتەكلەشتە نوپۇزنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى.

بىز چەتئەلدىكى ئېقىملىرىمىزدا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرادىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم مەشھۇر، جاسارەتلىك، نوپۇزلۇق رەھبەرنى رابىيە خانىمدا كۆرگەن بولدۇق. رابىيە خانىمنى ئۆرۈمەكچى بولغانلارمۇ، (ھوقۇق تارتىش نىيىتىدىلا شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا باشقا بىر كوماندىر بولمىغان بولسا) ئۇنى ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەدرىنى، يەنى نوپۇزنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ يىقىلغاندىن كېيىن، «غەرب ئەللىرىدىكى دەۋاچىلارنىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلۇپ كەتتى.» شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاپ كۈچ سەرپ قىلدۇق. ئۇ يىقىلماي تۇرۇپ، قۇرۇلتاينى مۇستەقىللىق يولىغا كىرگۈزۈۋېلىشنى پىلانلىدۇق.

رابىيە خانىم تەشكىلى سالاھىيتى بىلەن: «بىز خىتاينىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشىنى شۇنچىلىك كۆتتۇق؛ خىتاينىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت كۆردى؛ يەنە كۆتۈپ تۇرساق، ۋەتەنىدە ئۇيغۇر قالمايدۇ؛ رايون تىنچلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن، بىزگە مۇستەقىل دۆلەت كېرەك! خىتاي بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا دۆلەت چېگراسى بولمىغۇچە بىزگە ئامانلىق بولمايدۇ!» - دېگەن باياناتنى دۇنياغا ئېلان قىلىشى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى يارىتىش ئۈچۈن، خانىمنى ئۇزۇن يىللاپ قوغدىدۇق. بىراق 2017 - يىلى 17 - ئىيۇل رابىيە خانىم، تارىخى خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرادىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىتى يېرىم ئەسىر كۈتكەن نوپۇز شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولدى.

تەرەققى تاپقان، مەدەنىيەتلىك غەرب ئەللىرى، نوپۇزغا قارىتا ئەڭ كلاسسىك ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار بىرەر مىللەتنى قوللىماقچى، مەبلەغ سالماقچى بولسا، شۇ مىللەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نوپۇزلۇق كىشىنى تۇتقا قىلىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن زۇلۇم تارتىۋاتقانلىقى، قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىقى غەربلىكنىڭ ياردەم قىلىشىغا، قۇتقۇزۇپ قويۇشىغا سەۋەب، بانا بولالىسىمۇ، لېكىن ئەمەلى تەدبىر قوللىنىشىغا قىزىقتۇرالمايدۇ. 69 - يىلى ئەيسا ئەپەندىنى ئامېرىكا ھۆكۈمەت خادىملىرى چېكىپ باقسا، ئېشى پارقىراق تۇرغان بىلەن، ئىچى لەش بولغاچقا، شۇ بىر دانە ساختىنا نوپۇز تۆپەيلى ئامېرىكا ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشتىن يالتىيىپ، ئۇزۇن يىللاپ تاشلىۋەتكەن ئىكەن.

كېيىن نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ، رابىيە خانىمنى خىتايدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. ىىراق خانىم ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئىچىدە بوغۇلۇپ قېلىپ، كۆتكەن يەردىن چىقالمىدى. ئەمدىلىكتە غەربلىك نوپۇز ئىگىسىدىن بىرنى ياساپ چىقىپ، بىزگە تاڭامدۇ؟ ياكى ئۆزىمىز ياساپ چىقالايمىزمۇ؟ - ئەلۋەتتە باشقىلار ياساپ چىقىپ بىزگە تاڭغان كىشى، بىز ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشى ناتايىن. باشقىلار تىكلەپ بەرگەن نوپۇزنىڭ، باشقىلار تىكلەپ بەرگەن رەھبەرلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى 44 - يىلىدىكى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابىدا ئىسپاتلانغان. يەنە باشقىلارنىڭ نوپۇز ياساپ بېرىشىگە تەلمۈرۈپ تۇرساق، تارىخىمىز يەنە تەكرارلىنىشى ئېنىق. شۇڭا نوپۇزنى ئۆزىمىز ياساپ چىقىپ، رەھبەرنى ئۆزىمىز تىكلەپ، بىزگە ياردەم قىلىدىغانلار بىلەن دىپلوماتىيە يولىنى ئۆزىمىز ئېچىشىمىز لازىم. بىز شۇنداق قىلالىساق، باشقىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىغىمۇ لايىق بولالايمىز.

تەكىتلەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، خىتايغا گەپ ئاڭلىتىش مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن دۇنيا خەلقى دىپلوماتىيە سەپەرۋەرلىكىگە كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلماسلىق توغرىسىدا گەپ قىلسىمۇ، خىتاينىڭ قۇلىقى تىنىق، گەپ ئاڭلىمايدۇ. خىتاينىڭ مىللىتىمىز ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان زۇلۇمنى توختىتىشنىڭ بىردىن بىر چارىسى، ۋەتىنىمىزنى خىتايدىن قۇتقۇزۇشتۇر. ۋەتەننى خىتايدىن قۇتقۇزۇش گەپ بىلەن ئەمەس، قوراللىق ئۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما مەسىلە قوراللىق ئۇرۇشقا تاقالغاندا، كاللىمىزنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ قالىدۇ. بىز شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىزمۇ؟ - ئەلۋەتتە چىقالايمىز! قوراللىق

ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، دۈشمەنىنىڭ زۇلمى ئاستىدا خورلىنىپ ئۆلگەنچىلىك قىيىن ئىش ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى. 97 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە مىڭلىغان ياشلىرىمىز، باشقىلارنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلۈپ تۈگەپ كەتتى. يەنە مىڭلىغان جەڭچىلەر خەقنىڭ يېرىدە ئۆلۈشكە تەييار تۇرماقتا. ئۇلارنى باشقىلار يېتەكلەپ، باشقىلار تەربىيلەپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز پاسسىپ ھالەتتە كۈتۈپ تۇرماي، بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىغان بولساق، ھېچ بولمىسا دېگەندىمۇ، نۇرغۇن زىيانلارنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولاتتى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، غەرب ئەللىرىدە بىر كۈچ تەشكىللىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر جىھاتچىلىرى بولامدۇ، ئىنقىلابچىلار بولامدۇ ئۆزلىرى سۆيگەن غايىسى ئۈچۈن، بىر كۈچنىڭ ئاستىغا توپلىشالايدىغانلارنى ئاساس قىلىپ، ھەربى ئىتتىپاقى قۇرۇپ چىقىش، بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشتۇر. ھېچ نېمىنى قىلماي تۇرۇپ «قىلغىلى بولمايدۇ» دېمەستىن، ھازىرغىچە كۆرگەن ـ بىلگەن تەجرىبىلىرىمىزگە تايىنىپ، يېڭى بىر قەدەمنى بېسىشىمىز لازىم.

12. 04. 2019

## بەشىنچى باب

## بىر مۇددىئا ئىككى ھەرىكەت

ئىنسانى قىممەتلەردىن تولۇق مەھرۇم قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، تەسۋىرلىگۈسىز زۇلۇم ئاستىدا يانچىلىپ تۇرۇپمۇ، ھۆرلۈككە، ئازاتلىققا ئىنتىلىپ، چەتئەللەردىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنى قۇتۇلۇش جەڭچىسى، ئازاتلىقنىڭ ئەلچىسى - دەپ، ئۈمۈت بىلەن قاراڭغۇ زىندانلاردىن، چەتئەلگە تەلمۈرىدىغان ئەسىر خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدىكى، شۇنىڭدەك چەتئەللەردە ۋەتەن سېغىنىش ئازابىدا، ئەركىن دۇنيانىڭ خۇللىقىدىن ھۇزۇرلىنالماي، زارىقىپ ئۆتىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدىكى «بىز» بىلەن، رېئاللىقتىكى «بىز» نى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن: بىرىنچى «يوقتىن ياخشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلار». يەنى ئىنسان ھەقلىرى، كۈندىلىك ھوقۇق دەۋاگەرلىرى. ئىككىنچى «ھەرىكەتسىز مۇستەقىلچى كۈچلەر». يەنى تىنچلىق يولى بىلەن، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر بىلەن، مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان دەۋاگەرلەر. ئۈچىنچى «مۇقەددەس جىھاتقا ئۆزىنى سادىقە قىلىۋېتىدىغان جىھاتچىلار». يەنى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلسا ساۋاب بولمايدۇ؛ ئۇنداق ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتسە شەھىت بولمايدۇ - دەپ، پەقەت نەدە بولسا بولسۇن، جىھات قىلىپ

ساۋاب تېپىش، شەھەت بولۇپ جەننەتكە كېتىشتىن باشقا ئارزۇسى يوقلار.

ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى خەلقىمىز يۇقىرىدىكى ئېقىملارنىڭ ھەممىسىدىن زور ئۈمۈت كۈتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىدەك شەرھلىشىمىز مۇمكىن.

1 - خەلقىمىز: «رەھبەرلەر ئىنسان ھەقلىرى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق، بىزنىڭ داد - پەريادىمىزنى دۇنيا ئەھلىگە ئاڭلاتسا، دۇنيا ئەھلى خىتايغا بېسىم قىلسا، ئۈستىمىزدىن يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم يەڭگىللەيدۇ. ئىنسان ھەقلىرى نورمىسىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى مۇستەقىللىققىچە يېتىپ بارىدۇ» - دەپ، قارايدۇ. ھەمدە ھېچكىم ئۇلارغا راست گەپنى دېمەيدىغان بولغاچقا، ئېغىزدىكى گەپ ئارقىلىق، خىتايغا قىلغان بېسىمنىڭ ھېچ قانداق نەتىجىسى بولمايدىغانلىقىنى خەلقىمىزگە دېمىگەنلىرى يەتمىگەندەك، تەشۋىقاتلارنىڭ كۆپتۈرمىسىدە خەلقىمىزنىڭ كۆز، قۇلاقلىرى پەردىلىنىپ، خەلقئارا خىتايغا بېسىم قىلىۋېتىپتۇ؛ ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ، ھاڭۋېقىپ ئۆتىدىغانلا گەپ. خەلقئارالىق بېسىم پەقەتلا گەپ. يەنى: «بىرەر يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمىز؛ بۇ ئىشنى مۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز» - دېگەنچىلىكلا بىر ئاددى گەپ. مۇشۇنچىلىك بىر ئىككى ئاددى جۈملىنى كۆپتۈرمە قىلىپ، ئۇيغۇرچە خەۋەر ئىشلەپ تارقاتسا، خەلقىمىز ھاڭۋېقىپ كۈتمەي نېمە قىلاتتى؟ مانا بۇ، خەلقىمىزنىڭ «ئىنسان ھەقلىرى دەۋاگەرلىرى» گە تەلمۈرۈشىنىڭ قىسقىچە ئىزاھاتى.

2 ـ قورالسىز، ھەرىكەتسىز، گەپ بىلەن ۋەتەننى ئازات قىلىمىز ـ دەيدىغان، مۇستەقىلچىلەر ئېقىمىدىنمۇ، خەلقىمىز كۆپ نەرسىنى كۈتۈپ: «مۇستەقىلچى تەشكىلاتلىرىمىز، مۇستەقىلچى رەھبەرلىرىمىز، كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى قۇرۇپ، ئەھۋالىمىزنى چۈشەندۈرسە، ئۇلار بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزنى قوللىسا، خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدىن تىنچ يول ئارقىلىق چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلسا، خىتاي ماقۇل ـ دەپ چىقىپ كەتسە، بىز دىپلوماتىك ئۇسۇل بىلەن، ئۇرۇش قىلماي چوقۇم مۇستەقىل بولىدىكەنمىز!» ـ دېگەندەك، خام خىيالغا باغلىنىپ كېتىدۇ. خىتاي دېگەن، بۇرنى قانىمىغۇچە، قۇلىقى گەپ ئاڭلىمايدىغان خەق. خىتاي دېگەن ئەزەلدىنلا قۇل مىجەز بولغاچقا، يۈزى يوق خەق. باشقىلارنىڭ نېمە دەپ قىلىشى خىتاي ئۈچۈن بەرى بىر. خىتايغا گەپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ: دىپلوماتىك ئۇسۇل بىلەن، ئەتىراپىمىزغا كۈچ توپلاپ، ھەي خىتاي 49 ـ يىلى تارتىۋالغان دۆلىتىمىزنى قايتۇرۇپ بەر ـ دەپ، مۇنازىرىدە خىتاينى يېڭىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇۋالىمىز ـ دەپ، ئويلامدۇ مۇستەقىلچىلەر؟ ئەگەر شۇنداق ئويلاۋاتقان بولسا، بۇمۇ بىر خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. «ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىمىز! بىزگە مۇستەقىللىقتىن باشقىسى كېرەك ئەمەس!» دېگەن شوئارنىڭ ئارقىسىدا «بىر مۇددىئا، ئىككى ھەرىكەت پىلانى» يوشۇرۇنغان بولسا، ئۇنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بىر مۇددىئا: ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ زېھنىگە، قەلبىگە، ئەقلى تەپەككۇرىغا مۇستەقىللىق ئېڭىنى سىڭدۈرۈش، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ياشاپ، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۆلەلەيدىغان، مىللى

ئىرادىنى يېتىلدۈرۈش - دېمەكتۇر. ئىككى ھەرىكەت بولسا: بىزنىڭ قوراللىق ئۇرۇش قىلىشىمىزغا ھەمكارلىشىدىغان ۋە خىتايدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمىزنى قوللايدىغان دۆلەتلەرنى تېپىش، ھەر قانداق دۆلەتلەر بىلەن خىتايغا قارشى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قىلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوراللىق ھەرىكەت ئەترىتى تەشكىللەش - دېمەكتۇر. ئەگەر مۇشۇ ئىككى نۇقتىنى كۆزدە تۇتمىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نەرسە قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك - دېگەن گەپ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىتلىرى بىلەن ئويناشقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

3 - خەلقىمىزنىڭ جىھاتچىلاردىن كۈتىدىغىنى ھەممىنى بىسىپ چۈشىدۇ. چۈنكى مۇجاھىتلارنىڭ ئوبرازى:«مال دۇنيا توپلاشتىن يىراق؛ مەنسەپ ئاتاقنى قوغلاشمايدۇ؛ ئاللاھ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش يولىدا، جېنىنى ئاتىغان؛ ئۆلۈمدىن قاچمايدۇ؛ دۈشمەندىن قورقمايدۇ؛ زۇلۇمغا ئۇچرىغان، بىزدەك ئەسىر خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر زامان پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ» - دېگەندەك، گۈزەل تەسۋىرلەر بىلەن بېزەلگەن. 80 - يىللىرىدىكى رۇس - ئافغان ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ، ئافغانىستان دۆلىتىنى ئازات قىلغان ۋە مۇستەقىل ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان ئەزىمەتلەرنىڭ نامى «ئافغانىستان مۇجاھىتلىرى» بولغاچقا، ئازاتلىققا، مۇستەقىللىققا، خىتايدىن قۇتۇلۇشقا جان دىلى بىلەن تەشنا خەلقىمىز، سۆيۈملۈك ئافغانىستان مۇجاھىتلىرىنى ئۆز جانلىرىدىن قەدىرلىك بىلەتتى. ھەتتا يېقىن ئۆتكەن بىرقانچە ئاغىنىلەر، 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تۇغۇلغان ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئىسمىنى، بەس - بەستە «مۇجاھىد»

قويۇشقان ئىدۇق. لېكىن «مۇجاھىدلىق پۇرسىتى» بىزگە كەلگەندە، ئېرىقتىكى سۇ لاي ھەم تەتۈر ئاقتى. قورالنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىشتاننى قىسقا، چاچ - ساقالنى ئۇزۇن قويۇپ «ئالللاھۇ ئەكبەر» دەپ ۋاقىرىسلام، مۇجاھىت بولۇۋېرىدىغان ئىش يوقكەن. گېرمانلارنىڭ: بىلىق بېشىدىن سېسىيدۇ - دەيدىغان بىر گېپى بار. مۇجاھىدلارنى يېتەكلەيدىغان باش سېسىپ قالغان بولسا، ئىشلار بىزنىڭكىدەك بولىدىكەن. جىھاتنى خىتايغا قارشى قىلايلى! مىللەتنى قۇتقۇزۇپ، ۋەتەننى ئازات قىلايلى! - دېسەك، بىزنىڭ مۇجاھىدلىق نىقابىغا ئورنىۋالغان ساختىكارلار: مىللەتچىلىك تاغۇت، ۋەتەنچىلىك مۇشرىك، بىز ئالللاھ يولىدا خالىس جىھات قىلىمىز - دېدى. بىز: ئالللاھ رازىلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزدىن خىتاينى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇسۇلمان خەلقىمىزنى قۇتقۇزايلى! - دېدۇق. ئۇلار: بۇمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن مىللەتچىلىك. شەرىئەتتە ھىلىگەرلىك ھارامدۇر. جىھاتتا دۈشمەن تالالاش تاغۇتتۇر. جىھاتچىلارنىڭ مىللىتى، ۋەتىنى بولمايدۇ. دۈشمىنىمىزنىڭمۇ مىللىتى، ۋەتىنى بولمايدۇ. بىز ئالللاھقا ئىسيان قىلغان بارلىق شەيتانلارنى يوقتىش ئۈچۈن جىھات قىلىمىز. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەيتان ئامېرىكا! ۋە ئىسرائىلدۇر! - دېدى. ئۇلار 22 يىلدىن بېرى شۇنداق مەۋقەدىن يانمىدى. ئۇلارنىڭ سېپى كېڭەيدى. خىتاي دۆلىتى ئۇلارنىڭ سېپىگە ئۇدۇللۇق يېڭى جانلارنى چىقارتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ. لېكىن ئەرەب مىللەتچىلىكى ئۈچۈن قۇللۇق بەجا كەلتۈرىدۇ. ئەرەب دۆلەتلىرى خىتاي دۆلىتى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. ئەرەب جىھاتچىلىرى ئۇيغۇر جىھاتچىلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئەپسۇس، ئۇيغۇر جىھاتچىلىرىنىڭ تاناۋى ۋاستىلىك ھالدا، خىتاي

دۆلىتىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى خەلقىمىز بىلمەيدۇ. ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمۈت خۇددى شەيتاندىن شەپقەت تىلىگەندەك بىر ئەخمەقلىق ئىدى.

مۇشۇ يەردە بىر سېلىشتۇرمىغا ئېھتىياجىمىز بار. 80 ـ يىللىرىدىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكىرىگە قارشى تەشكىللەنگەن، ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ شوئارى: «ئۆلسەك شەھىت، قالساق ۋەتەننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز» دېگەندىن ئىبارەت، ئاخىرەتتە جەننەت ئۈچۈن، دۇنيادا مۇستەقىل ئافغان دۆلىتى ئۈچۈن، ئۇرۇش قىلىش روھىغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى ئۆزلىرىدىن ئىدى. ئەمما ئۇيغۇر جىھاتچىلىرىغا كەلسەك، جىھات قىلىپ ساۋاب تېپىش، جەڭدە شەھىت بولۇپ جەننەتكە كېتىشتىن باشقا، دۇنيادا بىرەر ۋەزىپىسى يوق. ۋەتەن، دۆلەت نىشانى يوق. قوماندان يات، خوجايىنلار يات، جىھات ئۈچۈن بىكارغا سېتىلغان قۇللاردىن پەرقسىزدۇر. ئۇلارنى خوجايىنلار نەگە بېرىپ ئۆلتۈرۈشكە، ئۆلۈشكە بۇيرىسا، شۇنى قىلىپ ئۆلىدۇ. ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن خىتاي دۆلىتى ئىتتىپاق بولغاچقا، ئەرەب جىھاتچى خوجايىنلار، قۇللىرىغا خىتاي دۆلىتىگە قارشى جىھات قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈسۇنمۇ؟

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆپچىلىككە ئايدىڭ ئىشلار بولغان بولسىمۇ، بەزى بىر ئېھتىيات تۇيغۇسى تۈپەيلى، ئوچۇق ئوتتۇرىغا تاشلىيالماي كېلىۋاتقان، رېئال مەسىلىلەردۇر. ئەگەر بىز مىللەتنى قۇتقۇزۇپ، ۋەتەننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل ھۆر، ئەركىن

هاياتقا، مۇستەقىل دۆلەتكە ئىگە بولىمىز- دەيدىكەنمىز، رېئال ئەھۋاللىرىمىزنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۆزىمىزنى ئالدىساق، ئۇنىڭ پايدىسى پەقەت دۈشمەننى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەن بولىمىز. خەلقىمىزنى ئالداپ تاپقان ئاتاق، ئابروي، ھۆرمەت ۋاقتى كەلگەندە، بىزدىن ئۈمۈت كۈتۈپ، كۆزلىرى تالغان موماي‌لارنىڭ بىر تۈكرىكىگە تەڭ بولماي قالىدۇ. شۇڭا «ئىنسان ھەقلىرىچى» گۇرۇپپىلارمۇ، راست گەپنى خەلقىمىزگە ئۆزلىرى ئاشكارىلىشى كېرەك. ياتلار ئۈچۈن جىھاتچىلىق قىلىدىغان، ياللانما جىھاتچىلارنىڭ ئەھۋالىنى خەلقىمىزگە بىلدۈرگەچ، «ھەرىكەتسىز مۇستەقىلچى» گۇرۇپپىلارنىڭ، ھەرىكەتلىك مۇستەقىلچى بولىشىنى، ۋەتەن قۇتقۇزۇش پىدائىلىرىنى، دۇنيالىقتىمۇ دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان، ھىدايەتلىك «مۇجاھىدلار قوشۇنى» تەشكىللەشكە ئۈندىشىمىز لازىم. ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز قىلماي، كىملەرنىڭ قىلىپ بېرىشىنى كۈتىمىز؟

ئاخىرىدا تەكىتلەيدىغىنىم: مۇستەقىلچى گۇرۇپپىلارنىڭ «بىر مۇددىئا ئىككى ھەرىكەت» تەسەۋۋۇرىنى، جىددى مۇزاكىرىگە قويۇشىدۇر. چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە مۇستەقىللىق ئارزۇسى، دۆلەت قۇرۇش ئىرادىسى شەكىللەنمەيتۇرۇپ، خىتايدىن قۇتۇلۇش ئارمانلىرىمىز ئىچكى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك، دىپلوماتىيىنى ئۆزىمىز قىلمىساق، قۇتۇلۇش ھەرىكىتىنى ئۆزىمىز تەشكىللىمىسەك، مۇستەقىللىق- دەپ، كولدۇرلاپ يۈرگەنلەر، ئۆلۈك ئارزۇ بىلەن لىق تولغان قاپاقتا ئوخشاپ قالىدۇ.

19.04.2019

# ئالتىنچى باب

## خەلقئارا قانۇن، قائىدىلەر ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى

دۇنياۋى مۇناسىۋەتلەرنى بىر ئاز كىچىكلىتىپ، بىر ئاز كونكرېتلەشتۈرۈپ قارىغاندا، مەھەللىۋى مۇناسىۋەتلەرنىڭ چوڭايتىلمىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى مەھەللىدە ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچلۈكلەر، پېقىرلەرنى يۆلەيدىغان بايلار، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان كۆيۈمچانلار بولغىنىدەك، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان مۇتىھەملەر، پېقىرلەرنى يۇنۇپ يەيدىغان هارامخورلار، يېتىملەرنى خورلايدىغان قارا قوساقلارمۇ بولىدۇ. ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەرنى قوينىغا ئالىدىغان كەڭ قوساقلار بولغىنىدەك، ناتونۇشلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان قارا نىيەتلەرمۇ بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، دۇنياۋى مۇناسىۋەتلەردىمۇ ياخشى - يامان ھەممىسى مەۋجۇت. ئوخشىمايدىغان پەرقلىق تەرەپلىرى بار دېيىلسە، دۆلەتلەر ئارا، مىللەتلەر ئارا مەسىلىلەردە يېڭىلگەنلەر جاۋابكار، يېڭىپ چىققانلار دەۋاگەر، ئاجىزلار بەلگىلەنگۈچى، كۈچلۈكلەر بەلگىلىگۈچى، كۈچسىزلەر تۆلەم تۆلىگۈچى، كۈچلۈكلەر ھەق تەلەپ قىلغۇچىدۇر.

«خەلقئارالىق قانۇن، خەلقئارالىق بەلگىلىمە، خەلقئارالىق قائىدە - پىرىنسىپ» - دېگەندە، «ب د ت» يىغىنلىرىدا ئاۋاز كۆپلىكى بىلەن ماقۇللىنىدىغان خىتابنامە، باياننامە،

تەلەپ ـ تەۋسىيەلەردىن ئىبارەت سۇرۇشتۇرۇلمىسى بار، ئىجرائاتى يوق قارار ۋە قانۇن ماددىلىرى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ناتو» يىغىنلىرىدا، ناتوغا ئەزا دۆلەتلەر ماقۇللايدىغان بەلگىلىمە، پرىنسىپلار، «ياۋروپا ئىتتىپاقى» ماقۇللايدىغان قانۇن، قارارلار، «ئافرىقا ئىتتىپاقى، ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقى، دىنلار ئارىسىدا دىئالوگ، دۇنيا خىرىستىيان بىرلەشمىسى يىغىنى، ئەرەب ئەللىرى بىرلەشمىسى، ئوتتۇرا شەرق بىرلىكى، شاڭخەي ئىتتىپاقى ...» ـ دېگەندەك، ساناپ تۈگەتكۈسىز قۇرۇلمىلارمۇ ئايرىم هالدا «خەلقئارالىق» ـ دەپ، ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرادىن هالقىغان توختام، شەرتنامىلەرمۇ خەلقئارالىق مەسىلىلەر قاتارىغا كىرىدىغان بولۇپ، نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەر ئۆز ـ ئارا كېلىشىم هاسىل قىلىش ئارقىلىق هەل بولۇپ ماڭىدۇ. رايون خاراكتېرىنى ئالغان خەلقئارالىق بەلگىلىمىلەرگە، دىن ياكى ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىنى ئالغان خەلقئارلىق بەلگىلىمىلەرگە، «ب د ت» خاراكتېرلىق خەلقئارالىق بەلگىلىمىلەرگە بېقىنمايدىغان ئەهۋالمۇ مەۋجۇت. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى «خەلقئارا» ئەلۋەتتە «ب د ت» دىن ئىبارەت، كۈلىمى ئەڭ چوڭ، ئىجرائاتى ئەڭ تەۋەن بولغان تەشكىلاتتۇر.

ئېتى ئۇلۇق سۈپىرىسى قۇرۇق ئاتالمىش «ب د ت» نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا شۇ قەدەر هەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ؟ ـ چۈنكى «ب د ت» خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى دەسلەپتە قۇرۇپ چىققان بەش دۆلەتنىڭ بىرى ۋە «ب د ت» دىكى نۇرغۇنلىغان كومىتېتلارنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇهىم رول ئوينىغان كەلگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى خىتاي بولغاچقا، بىز خىتاينىڭ

مۇستەملىكىسى بولغاچقا، خىتاي ئۆزىنى «دۇنياۋى ھوقۇق بەلگىلەيدىغان دادىخاھتا پەۋقۇلئاددە نوپۇز، ئىمتىيازغا ئىگە، خىتاي نېمە دېسە شۇ قانۇن بولۇپ، خىتاينىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرى ئىشقا ئاشىدىغان، خىتايغا قارشى تۇرغۇچىلار پەقەتلا ھەق، ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇپ زىيان تارتىدىغان، مەغلۇب بولىدىغان» بىر ۋەھىمىنى ئۇزۇن يىللاپ داۋاملاشتۇرۇپ، ساختا تەشۋىقات ئارقىلىق مېڭىمىزنى كونترول قىلىۋالغان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە «ب د ت» دېگەن ئورۇننىڭ ھەيۋىسىنى ھەر بىر ئۇيغۇر بىلىدۇ. سۈلالىسىدىن ھازىرغىچە چېگرا ئاتلاپ باقمىغان، ھەتتا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەھرا - قىشلاقلاردىن چىقىپ، ناھىيە بازىرىغا كىلىپ باقمىغان پادىچى، دېھقانلارمۇ «ب د ت» نىڭ ھەيۋىسىنى بىلىدۇ. ئۇيغۇرىستانلىقتىن باشقا، دۇنيادا خالىغانچە كېزىپ يۈرەلەيدىغان، خالىغان يەرگە ساياھەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە مىلىيارتلىغان ئىنسانلار، ئەركىن مىللەت ئاھالىلىرى «ب د ت» دېيىلىدىغان بۇ نامنى ئاڭلاپ باقمايدۇ ۋە ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ، ھەتتا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇنتۇپ كېتىدۇ ھەم قىزىقمايدۇ. شۇنىڭدەك «ب د ت» غا رەسمى ئەزا بولغان نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر «ب د ت» نىڭ بەزى كومىتېتلىرىدا ئېلىنغان قارار، بەلگىلىمە، قانۇنلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەتتا دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا «ب د ت» غا ئەزا بولمىغان دۆلەتلەرمۇ بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى ئالەمشۇمۇل «خالقئارا» - ئاتالمىش «ب د ت» بولۇپ، ئۇ يەردە ماقۇللانغان قارار، بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلەر بويىچە يولغا

قويۇلۇپ كەلمەكتە. بىرىنچى «ب د ت» دا ئېلىنغان قارار ۋە بەلگىلىمىلەرنى، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئاجىز دۆلەتلەرگە زورلاپ ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئىككىنچى خەلقى ھاكىمىيەت ئۈستىدىن، قانۇن ئۈستىدىن نازارەت قىلالايدىغان ھەقىقى دېموكراتىك دۆلەتلەردە «ب د ت» دا ماقۇللانغان قارار ۋە بەلگىلىمىلەر تولۇق يولغا قويۇلىدۇ. «ب د ت» نىڭ تۈرلۈك كومىتېتلىرىدا ئاۋازغا قويۇلۇپ، ماقۇللانغان قانۇن، بەلگىلىمىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ تەكتلىنىپ كېلىۋاتقانلىرى: «ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش باياناتمىسى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش باياناتمىسى، جىنايەتچىلەرنى ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى جىسمانى، ئەقلى جەھەتتىن خورلىماسلىق باياناتمىسى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش باياناتمىسى، ھايۋاناتلارنى قوغداش باياناتمىسى، مۇھىت ئاسراش باياناتمىسى، ئاتوم يادروسىزلاشتۇرۇش باياناتمىسى...» قاتارلىق تۈرلەر بولۇپ، مەزكۇر باياناتمىگە «ب د ت» غا تولۇق ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىمزا قويىدۇ. لېكىن ئىجرائاتىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بىسىم كۈچ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن «ب د ت» نىڭ تۈرلۈك كومىتېتلىرىدا ئېلىنغان قارارلارنىڭ ۋە باياناملەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق قاتناشقان ۋە ئىمزا قويغان خىتاي دۆلىتىدە، بارلىق ھەق ـ ھوقۇقلار دەپسەندە قىلىنىپ كەلمەكتە. خىتاي دۆلىتى «ب د ت» ئېلان قىلغان ھېچقانداق باياناتمىنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

تىبەت ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدا، تۇنجا بولۇپ 92 ـ يىلى كۈنتەرتىپكە قويماقچى بولغاندا، پاكىستاننىڭ خىتاينى ھىمايە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى بازار تاپقانلىقىدىن، غەرب ئەللىرى

يېڭىلىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ غەربنىڭ ئۈچ يىللىق كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، 95 ـ يىلى تىبەت ئىنسان ھەقلىرى مەسلىسى «ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» يىغىنىدا كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى، يىلدا بىرەر قېتىم تىبەت ئىنسان ھەقلىرى مەسلىسى «ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ كەلمەكتە. لېكىن تىبەت مەسلىسىدە بىرەر يېڭىلىق، نەتىجە كۆرۈلمىگەچكە، كونىراپ، تەمى قالمىغىلى تۇرغانچە، ئۇنىڭ دائىرىسى تارىيىپ، خۇددى ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالغان، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئوخشاپ قالغىلى تۇرغاندا، 2018 ـ يىلى 6 ـ نويابىر (ئەسلىدە «ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» نىڭ تەييارلىق گۇرۇپ يىغىنلىرىدا، 2001 ـ يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ يىلدا بىر، ئىككى قېتىم مۇزاكىرىگە قويۇلۇپ كېلىۋاتقان) ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى مەسلىسى «ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» نىڭ كۈنتەرتىپىگە قويۇلۇش مۇزاكىرە يىغىنىدا، غەرب ئەللىرى يېڭىلىپ قالدى. يەنى خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانى ھوقۇقلىرىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزدى ـ دېگەن پىكىر 13 كە قارشى 130 ئاۋاز بىلەن رەت قىلىنىپ، غەرب ئەللىرى يېڭىلىپ قالدى. ئەگەر غەرب ئەللىرى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، قارشىمىزدىكىسى خىتاي دۆلىتى بولغاچقا، تىبەت مەسلىسىدىكىگە ئوخشاش ھېچقانداق نەتىجە چىقماي، كونىراپ كېتىشىدە گەپ يوق.

چەتئەلدىكى سىياسى ھەرىكەتچىلىرىمىز 92 ـ يىلدىن ئېتىبارەن تولۇق، تەشكىللىك ھالدا، ئاتالمىش «خەلقئارالىق بەلگىلىمە ۋە خەلقئارالىق قانۇن ـ قائىدىلەر» گە ئىنتىلىپ

كەلدى. بۇنداق ئىنتىلىشلەر دەسلىۋىدە: «بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى دۇنيا ئەللىرىگە تونىتىشىمىز كېرەك؛ ئۇنىڭدىن كېيىن دەردىمىزنى ئاڭلىتىشىمىز لازىم؛ ئۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ بىزگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى بىلدۈرىشىمىز، شۇ ئاساستا ئىنسان ھەقلىرى نورمىسى بويىچە ھوقۇقلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەددىمىزنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش قائىدە - قانۇنىيەتكە تايىنىپ، تىنچلىق يول بىلەن خىتايدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇۋالالايمىز.» - دېگەندەك تەپسىلى چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن ئىزاھاتلىناتتى. بۇ ئىنتىلىشنى بىر پۈتىمىز ئىچىدە، بىر پۈتىمىز تېشىدا دېگەندەك، يان تەرەپتىن قوللىدۇق. دېمىسىمۇ يوق مىلتىقنى كۆتۈرۈپ ھەممىمىز تار كوچىغا قاپلىشىپ كىرىۋېلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەستى. بەزىدە زۆرۈر تېپىلغاندا، مەزكۇر ئىنتىلىشنىڭ دۇمبىقىنى سارا چېلىشىپ بەرگەنمۇ بولدۇق. ئىزدىنىپ بېقىش كېرەكتە! لېكىن ئۇنداق ئىنتىلىش ۋە پىلان - تەكلىپنىڭ ئاخىرى چىققىلى نەۋاق بولۇپ كەتسىمۇ، پېتى چۈشمىگەن سارجا ئىشتاندەك، غادىيىپ تۇرىۋالغانلارنى چۈشىنىش قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى كېيىنكى چاغلاردا. مەزكۇر ئاقماس پىلان - تەكلىپلەردىن كېيىن كۈنىمىزدە: «ئالدى بىلەن مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى خەلقئارادا قانۇنلاشتۇرىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشنى باشلىساق...» دېگەندەك، يېڭى بىر ئارزۇ ئوتتۇرىغا چۈشىۋاتىدۇ. بۇ ئارزۇنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتقانلارنى مەن مۇنداق چۈشەندىم: بىر بولسا بۇ يولغا يېڭىدىن قېتىلىۋاتقانلار كۆپ بولۇپ، بېسىپ ئۆتۈلگەن يوللاردىن تولۇق مەلۇماتى يوق كىشىلەر؛ ياكى

بولمىسا ئاتالمىش «خەلقئارالىق قانۇن ـ قائىدە، باياننامە ۋە بەلگىلىمىلەر» دېيىلىدىغان نەرسىنىڭ، زادى قانداقلىقىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ تېمىدا يورۇتماقچى بولغىنىم دەل مۇشۇ مەزمۇننى چۆرىدەپ ماڭىدۇ.

يۇقىرىدا «خەلقئارالىق» دېگەن گەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە «ب د ت» دىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇ يەردە نېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى، بىزگە ۋە خىتايغا ئالاقىدار ۋەزىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئەمدى: «بىز ئالدى بىلەن ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنى خەلقئارادا قانۇنلاشتۇرۇۋالساق...» دېگەن ئارزۇ ئۈستىدە بىر ئاز كەڭرى پىكىرلىشىپ باقايلى. بۇ سۆزدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك مەزمۇن يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى: ۋەتىنىمىزنىڭ بېسىۋېلىنغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى دۇنياغا، ياكى «ب د ت» غا ۋە شۇنىڭدەك خىتايغا ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، بىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنىڭ بولىدىغانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇۋالساق، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ھوقۇقىمىزنى خىتايدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن، كېرەكلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ قانۇنلۇق كۈرىشىمىزنى دۇنيا ئەھلى قوللاپ، بىزگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. ئىككىنچى: ئىشغال قىلىنغان دۆلەت، بېسىۋېلىنغان ۋەتەن، ئەسىر ئېلىنغان مىللەت ئازاتلىق ئۈچۈن، مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوراللىق ئۇرۇش قىلسا بولىدۇ؛ بۇنداق ھەرىكەتلەر تېررورلۇققا ياتمايدۇ ـ دېگەندەك باياننامىنى غەرب دۆلەتلىرىدە، «ب د ت» دا ماقۇللىتىپ، ئاندىن شۇ ئاساستا قوراللىق ئۇرۇش قوزغىساق، خىتاي بىزنى بىر ئۆلگۈچە باستۇرۇپ، يوقىتالمايدۇ؛ بىزنىڭ قانۇنلۇق

ئۇرۇشىمىزنى دۇنيا ئەھلى قوللاپ، بىزگە ياردەم قىلدۇ.

مېنىڭچە بىرىنچى مەزمۇنغا يۇقىرىدا جاۋاب بېرىلىپ بولۇپتىكەن. شۇنداق بولسىمۇ قىسقىچە ئەسلىتىپ ئۆتەي: ئاتالمىش «ب د ت» دا ماقۇللانغان قارار، بەلگىلىمىلەرنى كۆچلۈك دۆلەتلەر ئاجىز دۆلەتلەرگە زورلاپ ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ياكى خەلقى ھاكىمىيەت ئۈستىدىن، قانۇن ئۈستىدىن نازارەت قىلالايدىغان، ھەقىقى دېموكراتىك دۆلەتلەردە «ب د ت» دا ماقۇللانغان قانۇن، بەلگىلىمىلەر تولۇق يولغا قويۇلىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى: «ب د ت» خىتاينىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، بىزنىڭ ھوقۇقىمىزنى، تەلەپ ئارزۇلىرىمىزنى «ب د ت» دا قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قايسى دۆلەتلەر ئاۋاز بېرىدۇ؟ شۇڭا بۇ خىل تەسەۋۋۇرنى ئۇنتۇلۇپ كېتىش لازىم. ئىككىنچى مەزمۇنغا كەلسەك، بىرەر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى قوللاپ، خەلقئارالىق قانۇن ماقۇللايدىغان قائىدىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. بولۇپمۇ «ب د ت»، ناتو قاتارلىق چوڭ تەشكىلاتلارغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىگەللەپ تۇرغان تۇپراقلىرىنى، ئۆز - ئارا قوغداش، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلىش مەجبۇرىيەتلىرى بولىدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، «دۆلەت ئىچىدىكى خەلق» نىڭ قوراللىق ئۇرۇش قىلىش ئارزۇسىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ يەردە ئايرىۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا باركى، «ب د ت» نىڭ ھەجمى ناتودىن چوڭ. لېكىن ناتو ئىجرائات كۈچىگە ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە ناتونى «ب د

ت» غا سېلىشتۇرۇش بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدىكى پىرىنسىپ بويىچە: بىرەر دۆلەتكە قوراللىق ھۇجۇم قىلىش زۆرۈرىيىتى كۆرۈلگەندە، «ب د ت» خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارارىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى ناتو بېجىرىشى كېرەك. بىراق «ب د ت» خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى دائىمى ئەزا بەش دۆلەتنىڭ بىردەك ماقۇللىقىدىن ئۆتىشى شەرت. ئەمما ئۇلاردىن ئىككىسى دىكتاتور، جىنايەتچى بولۇپ، بىرەر دىكتاتور دۆلەتكە قارىتا جازا ئىجرا قىلىش قارارى ھەرگىز ماقۇللانمايدۇ. ئەكسىچە دىكتاتور، زالىم ھۆكۈمرانلار، مۇستەملىكىچى قانخور دۆلەتلەر، «ب د ت» خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى ئىككى زالىمنىڭ «ۋېتو قىلىش» پۇرسىتى بىلەن ۋە «ب د ت» غا ئەزا دىكتاتور دۆلەتلەرنىڭ ئاۋاز كۆپلىكى بىلەن ھىمايە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناتو كۆپىنچە ھاللاردا «ب د ت» نىڭ قارارىنى كۈتمەستىن، ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىپ، ھەرىكەت ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە.

يەنمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئېھتىياج ھېس قىلىنسا، مەيلى «ب د ت» نىڭ كومتېتلىرىدا بولسۇن، ياكى ناتو ئىدارىلىرىدە بولسۇن، بىرەر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە ۋە ياكى بىرەر دۆلەت خەلقىنىڭ ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇش كۈرەشلىرىدە، قورال ئىشلىتىش قانۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. قوراللىق ھەرىكەت قىلىدىغان مىللەت ۋە خەلق گۇرۇپپىلىرىنىڭ نامى چىرايلىقراق ئاتالسا: بۆلگۈنچى كۈچلەر، ئىسيانكار گۇرۇپپىلار-دېيىلىدۇ. قوپالراق ئاتالسا: تېررورىستلار، رادىكال ئۇنسۇرلار - دېيىلىدۇ. ھەم ھېچقانداق دۆلەت ئوچۇق ئاشكارە قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ. مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ، شۇنىڭدەك خەلق ئەركىنلىك ھەرىكىتىنىڭ تېررورچىلىق قالپاق

كىيىپ قىلىشى، ئۇچۇق ـ ئاشكارە قوللاشقا ئىرىشەلمەسلىكى قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس. دۇنياۋى نوپۇزغا ئىگە لېكىن تېررورچى قالپىقى كىيىۋالغان، نۇرغۇنلىغان داڭلىق شەخسلەر بولغان. يېقىنقى زاماندىكى كوسوۋو ئازاتلىق ھەرىكىتىمۇ، قانۇنسىز تېررورچىلىق ھەرىكىتى ـ دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ رەھبىرى ھاشىم تاچى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان، ۋەھشى تېررورىست ـ دەپ ئاتالاتتى. دېمەك مەيلى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بولسۇن، مەيلى خەلق ئەركىنلىك ھەرىكىتى بولسۇن قورال ئىشلىتىدىكەن، تېررورچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، ئىسيانكارلىق دېگەندەك قانۇنسىزلىق ناملىرى بىلەن ئاتىلىشى پۈتۈنلەي ئادەتتىكى ئەھۋال بولۇپ، قورقۇپ كەتكىدەك ۋە ئۆزىنى ئاقلاشقا تىگىشلىك جىنايەت ئەمەس. ئەمما دىنى مۇقەددەسلىك ئۈچۈن، دىنى ئېتىقاد ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتلەر، يۇمشاق كۈچتىن ئىبارەت تەشۋىقات دائىرىسىدىن ھالقىپ، قوراللىق توقۇنۇشقا بېرىپ يەتسە، ئۇ پۈتۈنلەي چەتكە قېقىلىش، چەكلىنىش دائىرىسىگە ئېلىنىدۇ. ئەقىدە ئۇرۇشىنىڭ قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك بولىشىدا تارىخى ساۋاقلاردىن باشقا، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىنسانغا چېتىلىدىغان، ھەر قەدەمدە قوزغاتقۇچ روھقا، مۇرەسسەسىزلىككە ئىگە بولغانلىقىدۇر. مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى دۆلەت قۇرۇشقىچە، ياكى مەغلۇب بولغىچە داۋاملىشىدۇ. ئەمما دىنى ئېتىقاد ئۇرۇشى بولسا، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت چەكلىسىمى بولمىغان، ۋەتەن، دۆلەت چېگراسىنى تونىمايدىغان، زامان جەھەتتىن مەڭگۈلۈككە ئىگە، ماكان جەھەتتىن چەكلىمىسىز ھەرىكەتتۇر. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنى چوڭ ـ كىچىك مىللەت، قەبىلە، جامائە، ئۇرۇقلارغا بۆلۈپ، بەش مىڭ

خىل ئېتىنىك تۈرگە ئايرىساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئەللىكتىن ئاشمايدۇ. ئاھالە سانى ئۈچ يۈز مىليونغا يەتمەيدۇ. لېكىن دىنىي مۇقەددەسلىك، دىنىي ئېتىقاد ئەگەر قوغدىنىش ئۇرۇشىغا، ياكى ھۇجۇم قوزغاش باسقۇچىغا كىرسە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئالاقىدار ھالغا يېتىپ بارىدۇ. دىنىي مۇقەددەسلىك ئۇرۇشى يالغۇز مۇسۇلمانلارنىڭلا ئەقىدە، ئېتىقاد ۋە ھېسسىياتىغا باغلىق ئىش ئەمەس. بەلكى ھەرقانداق دىن، ھەرقانداق ئېتىقاد ئۆزىگە لايىق قوغدىنىش ۋە ھۇجۇم قىلىپ كەڭپىيىش روھىغا ئىگە بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر نەپىرى قالغىچە ئۇرۇشتىن چېكىنمەسلىكنى تەشەببۇس قىلالايدۇ. دۇنيادىكى ئالتە مىلىيارت ئىنسانلارنىڭ ھەربىرى ياكى ئۆزىنىڭ ئەقىدە، ئىمان ئېتىقادى ئۈچۈن، يا بولمىسا ئۆزىنىڭ دىنسىز، ئەقىدە ئېتىقادسىز، ئىمانسىزلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پىداكارلىقىغا ئىگىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي مۇقەددەسلىك ۋە ئېتىقاد ئۇرۇشى دۇنيا بويىچە چەكلىنىپ كەلمەكتە.

چېچەنىستاننىڭ غەلىبىگە يۈزلىنىپ بولغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى، رۇس ئىستىخباراتى ئىنتايىن ئەپلىك ئۇسۇل بىلەن، «پۈتۈن كاۋكازىيەدە ئىسلام خىلاپىتى قۇرۇش» جىھادىغا ئۆزگەرتىپ، ياش چېچەن جىھاتچىلىرىنىڭ تىياتىرخانىنى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى گۆرۈگە ئېلىشىغا، يولۇچىلار ئايروپىلانىنى گۆرۈگە ئېلىپ، ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلىتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، چېچەنىستان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەڭ خەتەرلىك ۋەھشىي تېررورىستلار قاتارىغا كىرگۈزدى. 97 ـ

يىلىدىن باشلاپ، 2007 ـ يىلىغىچە 10 يىللىق جىهات ئۇرۇشىدا: «رادىكال ئىسلام تېررورچىلىرى» قالپىقىنى كىيگەن چېچەن خەلقى، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈلدى. ئۇلارنى رۇسىيە ئىدارە قىلىپ، مەدەنىيەتكە قايتۇرۇپ كېلىشى كېرەك! ـ دېگەن پىكىر بىلەن دۇنيا ئەھلى، چېچەنلەرنى رۇسىيەنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تولۇق تاشلاپ بەردى.

بۇ يەردە بىر پاراللېل مەسىلە باركى، چېچەنىستان ھەربى قوماندانى شامىل باسايېۋ، چېچەنىستان مۇستەقىللىقىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى بولغان، ئۈچ يىللىق تىنچلىق شەرتنامىسىنى 97 ـ يىلى بۇزۇپ، «كاۋكازىيە ئىسلام خىلاپىتى قۇرۇش» جىهاتچىلىقىنى باشلىغان مەزگىلدە، خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىدە جازا ئۆتەۋاتقان، بىگۇناھ تۈرمىگە قامىلىپ يېتىۋاتقان بىر تۈركۈم ياش دىنى ۋەزىچىلەرنى چەتئەلگە چىقىرىۋېتىشى، دەل ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدە تەشكىللىنىش ئېھتىمالى بولغان قوراللىق ھەرىكىتىنى، دىنى جىهاتچىلىق يولىغا يېتەكلىتىشنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارە پىلان ـ چارىسى ئىدى. ئەمەلىيەتمۇ خىتاينىڭ پىلانىدەك بولدى. چەتئەلگە چىقىرىۋېتىلگەن بىر توپ ئۇيغۇر جىهاتچىلىرى 22 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بولغۇسى قوراللىق قىسمىنى، گاھىدا چېچەن تېرروچىلىرىغا، گاھىدا تالىبان تېرروچىلىرىغا، گاھىدا ئەلقائىدە تېرروچىلىرىغا، ئاخىرىدا «شام ئىسلام خىلاپىتى» نامىدىكى تېرروچىلارغا باغلاپ ماڭدى. «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى خەلقئارا تېررورىزمنىڭ بىر قىسمى» دېگەن چوڭ قالپاقنىڭ كىيدۈرۈلىشىمۇ، دەل خىتاينىڭ پىلانى بىلەن ئىشقا ئاشتى.

ئەمەلىيەت شۇنداق بولغان بولسىمۇ، غەرب تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ «دۇنيا ئىسلام تېررورچىلىق ھەرىكىتى» بىلەن چېتىشلىقى يوقلىنى، ئەگەر ئۇلار تېررورچىلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان بولسا، خىتاينىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈم يولىنى تاللىغانلىقىدىن - دەپ، ئاقلاش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلمەكتە.

يىغىپ ئېيتقاندا: «ۋەتىنىمىزنى خىتايلارنىڭ بېسىۋالغانلىقىنى، بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش سالاھىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى دۇنيا ئەھلىگە، خىتاي رەھبەرلىكىدىكى ئاتالمىش ب د ت غا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش كۈرىشىدە، خىتايغا قارشى قوراللىق ئۇرۇش قوزغاش ھەرىكىتىمىزنى قانۇنلاشتۇرۇش» ئۈچۈن بىر نەرسە قىلىش، كۈتۈش، يول مېڭىش زۆرۈرىيىتىمىز ۋە ئۇنداق بىر مەجبۇرىيىتىمىز ھەم يوق! خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلساق، تېررورچىلىق قالپىقى كىيىپ قالارمىزمۇ- دەپ، قورقۇش پۈتۈنلەي ئورۇنسىزدۇر. قولىمىزغا قورالنى ئېلىپ، قالپاقنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، خىتايغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان چېغىمىزدا، بىزنى قوللايدىغانلار خىتاينىڭ گۆرىنى قازىدىغان بارلىق ئەسۋاپلارنى بېرىشكە، ھەر تەرەپتىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قانۇنىيەت، قائىدە - پرىنسىپ دېگەن مانا شۇدۇر.

07.05.2019

## يەتتىنچى باب

## سىياسى تۆھمەت ۋە ھەققانى كۈرەش

تولۇق دېموكراتىك، ئەركىن سىياسى تۈزۈمگە ئىگە دۆلەتلەردە بوغۇلۇش، ئىچىگە تىنىش، ئۇھسىراش بولمايدۇ. كىشىلەر پىكىر قىلىش، تالىلاش، تالىلىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغاچقا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى بارلىق رەھبەرلىك قاتلاملىرىمۇ پۇقرالارنىڭ كۆزىتىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى ئىجرائاتلىرى، مەمۇرى بەلگىلىمىلىرى، قانۇن ئىجرائاتلىرى قاتارلىق ھەممە ساھە خەلقنىڭ تىلىدىن، كۆزىدىن، قۇلىقىدىن يوشۇرۇن قالالمايدۇ. تولۇق دېموكراتىك دۆلەتلەردە پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەتنى قوللاش، ئۆزى ئەزا بولمىغان باشقا پارتىيەلەرنى قوللاش مەجبۇرىيىتى يوق. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ۋە رەھبەرلەرگە تىل ـ ھاقارەت، تۆھمەت قىلمىغان ئاساستا، قاتتىق ـ يىرىك تەنقىتلەش، ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقىش، ئۇلارنىڭ ھاكىيەتتىن چېكىنىشىنى تەلەپ قىلىپ يىغىن ئېچىش، ئاممىنى قۇترۇتۇپ نامايىش تەشكىللەش، قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىش، گېزىت ـ جورناللارغا پىكىر ئېۋەتىش، ئىكران ئارقىلىق ئوچۇق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تامامەن يوللۇق، قانۇنلۇق ھەرىكەتلەردۇر. قولىغا قورال ئالمىسا، ماددى بۇزغۇنچىلىق قىلمىسا، ھېچقانداق كۈچ

توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. «ئەكسىل ئىنقىلاپچى، تېرروركچى، بۆلگۈنچى، دۆلەت دۈشمىنى، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان خەتەرلىك ئۇنسۇر، چەتئەلگە سېتىلغان خائىن، دۈشمەن دۆلەتنىڭ غالچىسى» - دېگەندەك جىنايى قالپاق يوق ھەم ئۇنداق قانۇن ماددىلىرىمۇ يوق.

ئىككىنچى تۈردىكى يېرىم دېموكراتور ئەللەردە بولسا، ئىش تامامەن باشقىچە. رۇسىيەدەك نامدا دېموكراتىك، ئەمەلىيەتتە دىكتاتور دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت مۇقەددەس، سىياسەت مۇقەددەس، ئەمەلدارلار ئۇلۇق، تۈزۈم ئۇلۇق، پۇقرالار مۇتلەق بويسۇنغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىدۇر. قانۇننى سىياسەت باشقۇرىدۇ. ھاكىمىيەتكە قارشى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەگە قارشى، ئادالەتسىز، تەڭسىز قانۇنغا ۋە سىياسى تۈزۈمگە قارشى چىققۇچىلار «بۇزغۇنچى، بۆلگۈنچى، چەتئەلگە سېتىلغۇچى، تېرروركچى» قاتارلىق جىنايەت بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ. مەيلى رۇسىيەدەك نامى دېموكراتىك، ئەمەلىيەتتە دىكتاتور دۆلەتلەر بولسۇن، مەيلى تۈركىيەدەك يېرىم دېموكراتور دۆلەتلەر بولسۇن، مەيلى ئەرەب ۋە ئافرىقا ئەللىرىدىكىدەك تولۇق دىكتاتور دۆلەتلەر بولسۇن، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغانلارنىڭ ئۆزىلا - دۆلەت، سىياسەت، قانۇن، تۈزۈم بولۇپ، ئۇلارنى خالىمىغانلار، قارشى تۇرغانلار جىنايەتچى، چەتئەلنىڭ غالچىسى، دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ چاكارلىرى - دەپ، جازاغا تارتىلىدۇ. ياكى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ ۋە چەتكە قېقىلىپ، زەربە نىشانىغا ئايلىنىدۇ.

ئۈچىنچى تۈردىكى، خىتايدەك ھەم دىكتاتور، ھەم مۇستەملىكچى، ھەم كېڭەيمىچى دۆلەتلەردە ھاكىمىيەتنى

كىم ئىگەللىۋالسا شۇ ئۆزىلا مۇقەددەستۇر. خىتايدا مەركىزى ھۆكۈمەتتىن باشلاپ، ئەڭ تۆۋەندىكى مەھەللە ئىدارىسىگىچە مەنسەپدارلار «ھوقۇقدار» ـ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ: مەنسەپدارلار ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى، ھەممىنى قىلىشقا ھەقلىق كىشىلەر ـ دېمەكتۇر. خىتاي خاراكتېرىدە بىر ئادەم يەنە بىرىگە بۇيرۇقۋازلىق قىلسا، دەرھال قايتۇرىدىغان ئىنكاستا: ئۆزەڭ قىلماي، مېنى ئىشقا بۇيرۇيرىغىلى قانداق ھوقۇقۇڭ بار؟ ـ دېگەندىن ئىبارەت «ھوقۇق» ـ دەپ، ئاتىلىدىغان مەنسەپ پەش قىلىنىدۇ. مەنسەپدار كىشىنىڭ باشقىلارنى ئىشقا زورلاشقا، بوزەك قىلىشقا ھوقۇقى بار دېگەن گەپ. مەنسەپنى ھوقۇق دەپ چۈشىنىش خىتاي جەمئىيىتىدىكى، ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كەلگەن قۇللۇق ئېڭىنىڭ ئىنكاسىدۇر. قۇللۇق جەمئىيەتتە قۇلدارلار مۇتلەق ھوقۇقلۇق ـ باشقۇرغۇچى، قۇللار مۇتلەق ھوقۇقسىز ـ بويسۇنغۇچى بولغاچقا، خىتايلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ، كوممۇنىزم دەۋرىگىچە قۇللۇقتا ياشاپ كەلگەن، قۇل، پەسەندە، يۇندىكەشلىك خىسلەت گېنىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر خەلق بولۇپ، يەتمىش يىللىق كوممۇنىزم خىتاي خەلقىنىڭ قۇللۇق ئېڭىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئەكسىچە خىتايلار كوممۇنىزمنى خىتايچىلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىدە بار بولغان قۇللۇق ئېڭىنى كوممۇنىزمنىڭ نامىدىن سىستېمىلاشتۇردى. خىتايلار ناۋادا كوممۇنىزمغا ئۆتمەي، دېموكراتىك تۈزۈمنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، دېموكراتىيە خىتايغا ياراشمايتتى. دەرۋەقە ئەمەلىيەتتىمۇ، مانجۇرلارنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇپ، غەربچە دېموكراتىك تۈزۈمگە ئېلىپ كەلگەن ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى، چارەك ئەسىر قوراللىق ئۇرۇش قىلىپ، قۇللۇقتىن قېلىشقۇسىز

دىكتاتور تۈزۈمنى قۇرۇپ چىقىشقان ئىدى. كۆپلەر كېيىن خىتايلار ئىسلامغا ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئىسلامنى ئۆزلىرىنىڭ قۇللۇق گېنىگە ماسلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىشىدا شۈبھە يوق. خىتاي دۆلىتىدىكى تۈپ مەسىلە ھەرگىزمۇ سىياسى تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەت سىستېمىدە ئەمەس. بەلكى خىتاي خەلقىنىڭ ئۆزىدىكى زۇلۇم، زوراۋانلىق، پەسكەشلىكتىن ئىبارەت مىللى خاراكتېر مەسىلىسىدۇر.

بىز بىلەن خىتاينىڭ ئارىسىدىكى مەسىلە بولسا، مۇستەملىكە ۋە مۇستەقىللىق مەسىلىسى بولۇپ، بىزگە خىتاينىڭ ھېچقانداق نەرسىسى كېرەك ئەمەس. خىتاي قانداق تۈزۈمنى، قانداق سىياسەتنى يولغا قويسا قويۇۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق. ئەلۋەتتە خىتاي خەلقىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە زۇلۇمسىز ياشاپ قېلىشىغا بىز قارشى ئەمەس. لېكىن خىتاي خەلقىنىڭ خاراكتېرىدە پەقەت ئۆزىلا ياخشى كۈن كۆرسە، ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانىيەت خاراپ بولۇپ كەتسىمۇ بەرى بىر. بىز ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق بىر خەلق ھۆكۈمرانلىقىدىكى دىكتاتور، زوراۋان دۆلەتكە قارشى قۇتۇلۇش كۈرىشى قېلىپ كېلىۋاتىمىز. خىتاينىڭ بىزگە سېلىۋاتقان زۇلمىنى سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بىزمۇ بىر ئايرىم مىللەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق ۋەتىنىمىز بولغانلىقىن، دۆلەت تۇتۇپ ياشىغان تارىخى بار، تەڭداشسىز مەدىنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت بولغانلىقىن خىتايدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئالدىمىزغا دۆلەت قۇرۇپ مۇستەقىل، ئەركىن ياشاش ھەققىمىز بار. بىز شۇ ھەققىمىز ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەنچە خىتايغا قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلدۇق. كېيىنچە ئۆز كۈچىمىزگە

تايىنىپ خىتايدىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچىمىز قالمىغاچقا، غەرب ئەللىرىدىن ياردەم سوراشقا باشلىدۇق ھەم خىتايغا قارشى بىزنى ھىمايە قىلىشقا چاقىردۇق. بىز خىتاينىڭ دۆلەت تۇپرىقىنى پارچىلاش بىلەن ھەپىلەشمىدۇق. بەلكى خىتاي بېسىۋالغان ئۆزۈمىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. ئەمما بىزنىڭ غەربتىن ياردەم تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىمىزنى خىتايلار: «چەتئەلگە باغلىنىپ ـ دۆلەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغانلىق» ـ دەپ، ئەيىبلەپ كەلدى. خىتاينىڭ تۆھمەتلىرىگە يانداش دىكتاتورلاردىن رۇسىيە دۆلەت ئاخباراتلىرىمۇ، ئۇيغۇرلارنى ئەيىبلەپ: «ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ خىتاينى بوزەك قىلىشى ئۈچۈن، ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرى كوزۇر بولۇپ بېرىۋاتىدۇ» ـ دېگەن مەزمۇنلاردا تەتۈر تەشۋىقات قىلىپ، رۇس تىللىق ۋە رۇسچە سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىزگە قارشى نەپرەتلەندۈرۈپ، خىتايغا قارىتا ھېسداشلىقنى قوزغىماقتا. خۇددى شۇنىڭدەك، يېرىم دېموكراتور تۈركىيە دۆلىتىدىكى بەزى سىياسى گۇرۇھلارنىڭ، خىتايغا يان تاياق بولۇشلىرى بىر كۆلكىلىك ئىش بولىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خىتايدىن قېلىشمايدىغان تۆھمەتلىرى، تۈرك خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى ھېسسىياتلىرىنى غىدىقلاپ، تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تۈرك خەلقىگە يامان كۆرسىتىش مەقسىتىدە: «تۈركىيە بىلەن خىتاي دۆلىتى ئارىسىدىكى دوستلۇقنى، سودا مۇناسىۋەتنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئۆلكىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنى قونچاقنىڭ ئورنىدا ئوينىتىۋاتىدۇ؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارتۇق دەردى يوق؛ ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى شەكىلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئامېرىكا پۇل بېرىپ، خىتاي دۆلىتىگە قارشى سەكرىتىپ

ئوينتىۋاتىدۇ؛ بۇنىڭ ھەممىسى ئويۇن» ـ دېگەندەك، بىرتەرىپى تۆھمەت، بىر تەرىپى ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن، خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى زوۋانى بولماقتا.

نەدە بىر دىكتاتور دۆلەت بولسا، نەدە بىر مۇستەملىكىچى، زوراۋان دۆلەت بولسا، قارشى تۇرغان خەلق ھەرىكىتىنى، قارشى تۇرغان ئەسىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى: «دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ كۈشكۈرتىشىدىن بولغان» ـ دەپ، ئەيىبنى، جىنايەتنى باشقىلارغا دۆڭگەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قانۇنسىزلىقىنى، زوراۋان دىكتاتورلىقىنى پاختىدەك ئاق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى تاشقى دۈشمەن بىلەن ئىچكى دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقان بىچارە قىلىپ كۆرسىتىپ، دەۋاگەر قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ.

خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە بىۋاستە ئۇچراپ باقمىغان مىللەتلەر، خىتايغا ھېسداشلىق قىلىشى تەبىئىي. ئەمما خىتاي ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك يان تاياقلىرى ئۈستىمىزدىن تۆھمەت قىلىۋاتقاندەك، بىزنىڭ ئامېرىكىغا ياكى باشقا بىرەر غەرب دۆلەتلىرىگە ھېچقانداق چاكارچىلىق قىلغىنىمىز يوق. بەلكى ئۇلاردىن خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشىنى، ئۈستىمىزدىكى زۇلۇمنى يەڭگىللىتىپ بېرىشىنى سوراۋاتىمىز. ئەگەر بىرەر تەشكىلات، بىرەر ۋەقىق بىزگە ماددى جەھەتتىن ياردەمدە بولسا، ئۇ خەلقئارالىق قائىدە، پىرىنسىپ ئىچىدە بولىۋاتقان، پۈتۈنلەي نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى، خىتاي ۋە ئۇنىڭ يان تاياقلىرىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

بىز ھازىرغىچە دېموكراتىك غەرب ئەللىرىنىڭ دەردىمىزگە قۇلاق سېلىشىنى، خىتاي بىلەن سودا مۇناسىۋەت، دىپلوماتىيە

قىلغاندا، بىز ئۈچۈن تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويىشنى ئۆتۈنۈپ كېلىۋاتىمىز. خىتاينى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن، خىتايدىن قانغا قان ئېلىش ئۈچۈن، خىتاينى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن، بىرەر دۆلەتتىن تېخىچە ياردەم تەلەپ قىلىپ باقمىدۇق. چۈنكى ئۇيغۇر - خىتاي مەسىلىسىنى دىپلوماتىيە بىلەن ھەل قىلىشنى تاللاپ، قان تۆكۈلۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدۇق. خىتاي بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرمەي، خەلقئارالىق توختام، شەرتنامىلەر بىلەن كىرگەن بولغاچقا، يەنە شۇنداق توختام بىلەن، تىنچلىق بىلەن چىقىپ كېتىشىنى كۈتتۇق. بىراق، خىتاي ئۈستىمىزدىن ئىجرا قىلىپ كەلگەن زۇلۇملىرىنى ئازايتىش ئەمەس، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقاردى. خىتاي ۋەتىنىمىزدىن چېكىنىشنى ئويلاشمۇ ئەمەس، ئەكسىچە بىزنى تولۇق ئۆلتۈرۈپ، ئاسىمىلاتسىيە قىلىپ، يوقىتىش جازاسىنى باشلىۋەتتى. بىز «ئەمدى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» - دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپماساق بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالدۇق.

قەدىمى تارىخقا ئىگە، كەشپىياتچان، تەڭداشسىز گۈزەل مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت ئاھالىسى، زوراۋان مۇستەملىكىچى خىتاينىڭ زۇلمى ئاستىدا، خورلۇنۇپ تۈگەپ كېتىشكە مەھكۇم بولماقتا. مەيلى غەرب ئەللىرى، مەيلى شەرق ۋە ئىسلام ئەللىرى بولسۇن، مەيلى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالەمى بولسۇن، ئۈچىنچى تەرەپ بولۇش سۈپىتى بىلەن بىز ئۈچۈن ھازىرغىچە نېمە قىلىپ بەرگەن بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشى تەسەۋۋۇردىن بەكلا يىراق. خىتاي بىزگە قارشى قىلىدىغان بارلىق يامانلىقنى ھەسسىلەپ قىلدى. ئەمما بىز ئۈچىنچى تەرەپنىڭ

ئارىغا كىرىشىنى كۆتۈپ، ئۆزىمىز بىۋاستە بىرەر ھەرىكەت قىلمىدۇق. ھەقسىز جازالانغۇچى بىز. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىز. دەۋاگەرمۇ بىز. ئەگەر بۇ دەۋانى سوراپ قويغىدەك ئادىل سوتچى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا: قانغا قان، چىشقا چىش، كۆزگە كۆز- قىساس ئېلىشقا تېگىشلىك بولىدۇ. بىزنى ئاممىۋى تۇرمىگە سولاپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، كىچىك باللارنى ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىپ، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكىنى بۇزۇش ئۈچۈن، خىتاي كىمدىن رۇخسەت ئېلىپتۇ! خەلقئارادىكى قايسى پىرىنسىپ، قايسى بەلگىلىمىدىن ئۆرنەك ئېلىپتۇ! - خىتاينىڭ بىزگە قىلىپ كەلگەن جىنايەتلىرى تولۇق ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر. بىزنىڭ خىتايغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ھەرىكىتىمىز - ئۆزىمىزنى قوغداش ۋە ھەق تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت پۈتۈنلەي يوللۇق قوغدىنىشتۇر. بىز ھازىر شۇنداق بىر قوغدىنىش ھەرىكىتىگە ئۆتمىسەك، خىتاينىڭ ئىنساۋىنى كۈتسەك، تۈگەشكەنلىكىمىزنى قوبۇل قىلغانلىق بولىدۇ.

ئامېرىكا سودا مۇناسىۋەتتە، خىتايغا ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق يول قويدى. خىتاينىڭ ئۆزىنى بىلىشىگە قارىدى. لېكىن پۇرسەت پەرەس خىتاي، ئامېرىكىنىڭ تېخنىكا مەخپىيەتلىكىنى ئوغۇرلاپ، يېنىك سانائەت، ئېلېكترون ۋە يۇمشاق دېتال ساھەسىدە، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىشلەپ چىقىرىش - سېتىش شىركەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. خىتاي بۇ قىلمىشلىرىغا قارىتا، ئامېرىكىنىڭ يۇمشاق ئەسكەرتىشلىرىگە، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ھەتتا ئىقتىسادى جەھەتتە ئامېرىكىنى يېڭىپ، دۇنياغا خوجايىن بولۇش چۈشىنى كۆرۈشكە باشلىغاندىلا، خىتاينىڭ ئىقتىسادى

زىياكەشلىكىگە بىۋاستە ئۇچرىغان پرېزىدېنت ترامپ تاموجنا بېجىنى ئۆستۈرۈپ، خىتايغا قارشى قوغدىنىش تاكتىكىسىنى ئىجرا قىلماقچى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقى، بىزگە قانداق پايدا - زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى ھازىرچە تەسەۋۋۇردىن يىراق. ئەمما بىر ھەقىقەت باركى: خىتاي دېگەن بۇرنى قانىمىغۇچە، قۇلىقى گەپ ئاڭلىمايدىغان، مۇتتەھەم خەق.

بىز خىتايغا قارشى تۇرۇشتا بىرلا دۆلەتكە، بىرلا كۈچكە قاراپ قالساق، بەك ئاسان يېڭىلىپ قېلىشىمىز ھەم بەك ئەزان سېتىلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا باشقا قۇتۇپلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. خىتايدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئېھتىياجلىق كۈچلەر بىلەن، دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت قۇرساق، خىتايدىن قىساس ئېلىش نىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى، قورال تۇتالايدىغان پىدائىيلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرسەك، يېتىپ ئۆلگىچە ئېتىپ ئۆلىدىغان جەسۇر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرسەك، ئۈچىنچى تەرەپلەردىن ئەلۋەتتە بىز كۈتكەندەك جاۋاب ئالالايمىز. خىتاي ۋە ئۇنىڭ يان تاياقلىرى بىزگە تۆھمەت چاپلاپ، ئامېرىكىنىڭ چاكارلىرى، غەربنىڭ مالايلىرى دېگەن ئىكەن، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنى ئىسپاتلايدىغان، كىم ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدىغان ھەققىمىز بار. تەشكىللىك ھالدا ئىزدىنىپ باقايلى.

17.05.2019

## سەككىزىنچى باب

## مەنسەپپەرەسلىكتىكى يوچۇق ۋە جاسۇسلۇق

تەشكىلاتلىرىمىزدا ئىچكى مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر بەكلا ئېنىقسىز. رەھبەرلەردىن تارتىپ تەشكىلاتچىلارغىچە، تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئالىدىغان خادىملاردىن تارتىپ، يىللاپ ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقانلارغىچە ھەممىسىلا كەسىپ ئەھلى بولمىغانلىقىدەك، ھەتتا بېشىدىن ئۆتكەن ئوڭۇشسىز ۋەقەلەردىنمۇ بىرەر قېتىم ساۋاق ئېلىپ، تەجرىبە ئەھلى بولالمايۋاتقاندەك، يەنە كېلىپ بىرەر يېتىشكەن ئىستىخبارات ئەھلىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك، قاملاشمىغان ئىشلىرىمىزنىڭ جاۋابكارلىقىنى ختايدىن ۋە ئۇنىڭ ئارىمىزغا كىرگۈزۈۋەتكەن جاسۇسلىرىدىن ئىزدەش ئادەت بولۇپ كەتتى.

ئەلۋەتتە تەشكىلاتلار ئىچىدە ختاينىڭ شۇمتەكلىرى يوق ئەمەس. ھەممە كىشى سۈتتەك ئاق دەۋالساقمۇ، ختاينى بەكلا بىخەستە، بىجىرەكسىز چاغلاپ قالغان بولىمىز. ختاينىڭ جاسۇس، غالچىلىرى دەۋا سېپىدە، تەشكىلات ئىچىدە بار - دەپ، جەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇ جاسۇسنىڭ ئىمكانىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ باقايلى. نامايىشتىغۇ كۆپچىلىك ۋارقىراپ، جاقىرايدىغان بولغاچقا، قېنى قىزىپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، نامايىشنىڭ شوئارلىرىنى بۇزۇۋېتىش، پىلانسىز ھالدا، ياكى قەتئىي كۈتۈلمىگەن

ئەھۋالـدا بـۇزۇپ چىقىشـقا يىتەكلىنىشـمۇ بـەك ئاسـان. ئەممـا تەشـكىلاتنى خاتـا ھەرىكەتكـە يىتەكلىنىشـمۇ، تەشـكىلاتنى بۇزۇۋېتىـش ئىمكانىيىتـى نەدىـن كېلىـدۇ؟ دائىمـى كومىتېتىدا، دائىمـى ھەيئـەت قۇرۇلمىسـىدا ئوتتـۇز، قىرىـق كىشـى بولغـان تەشـكىلاتتا، قانچە نەپەر جاسـۇس بولىشـى مۇمكىن؟ - بۇ بەك قىزىـق نۇقتـا. تەشـكىلاتتىكى جاسـۇسلارنى تۆۋەندىكىـدەك بىـر قانچە تۈرگـە ئايرىـپ تەھلىـل قىلىشـىمىز مۇمكىـن. بىرىنچـى: تەشـكىلات قۇرۇلۇشـىدىنلا ئىچىگـە كىرىـپ ۋەزىپـە ئېلىۋالىدىغان جاسـۇس؛ ئىككىنچـى: پائالىيـەت جەريانـىدا، پەيتـى كەلگەنـدە تەشـكىلاتقا كىرىـپ ۋەزىپـە ئالىدىغـان جاسـۇس؛ ئۈچىنچـى: تەشـكىلاتتا ۋەزىپـە ئۆتەۋاتقـان مەزگىللـەردە، خىتـاي گۆرۈگـە ئېلىۋالىدىغـان جاسـۇس؛ تۆتىنچـى: تەشـكىلاتتا ۋەزىپىسـى يـوق، ئەزامـۇ ئەمـەس. لېكـن رەھبەرلەرگـە يېقىـن تۇرىدىغـان «ئاغىنـە» جاسـۇس؛ بەشـىنچى: تەشـكىلاتقا ئەزامـۇ ئەمـەس، لېكـن پەۋقۇلئـاددە ۋەزىپىگـە تەكلىـپ قىلىنىـپ، سـۇقۇنۇپ كىرىدىغـان جاسـۇس. يۇقىرىقـى جاسـۇسلار بـىرى يەنـە بىرسـىدىن پەرقلىـق شـەكىلدە زىيانكەشـلىك قىلىشـى، پەرقلىـق ۋەزىيەتتـە زىيانكەشـلىك قىلىشـى مۇمكىـن. ھەتتـا ھېچقانـداق زىيانكەشـلىك قىلمـاي، پەيـت كۈتۈپـلا كاردىـن چىقىـپ كېتىدىغانلىـرى بولىشـى مۇمكىـن. ھەممىسـىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسـى مۇسـتەقىللىق ھەرىكىتىمىزنـى تۈرلـۈك ئۇسـۇلدا، تۈرلـۈك شـەكىلدە ۋەيـران قىلىشـتۇر.

«ئازاتلىـق ھەرىكىتىمىزگـە جاسـۇسـلار زىيانكەشـلىك قىلىـدۇ. ئارىمىـزدا جاسـۇس بـار.» - دېگـەن ھۆكۈمگـە قارىتـا بـۇ تېمىـدا تۆتىنچـى ۋە بەشـىنچى تۈركۈمگـە ئائىـت، جاسۇسـلارنىڭ قىلمىشـلىرىدىن مىسـال كەلتـۈرۈپ، بـەزى

بىر نۇقتىلاردا پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. تۆتىنچى تۈركۈمدىكى ئاغىنە جاسۇس ۋەقەسى، بەشىنچى تۈركۈمدىكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنغان جاسۇس توغرىسىدا مىسال كەلتۈرۈپ، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئىچىپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

تۆتىنچى تۈركۈمدىكى «ئاغىنە» جاسۇسنىڭ مىسالى: بۇنىڭدىن 22 يىل ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە پاكىستانلارغا يىغىلىپ قالغان «پىداكار» ئۇيغۇرلار، ئۆزلىكىدىن «ئازاتچى ۋە غازاتچى» گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، ئازاتچىلىرى قوراللىق ئىنقىلاپ ئارقىلىق ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىپ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرىدىغان، غازاتچىلىرى قوراللىق جىھات قىلىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرىدىغان بولۇپتۇ. ئازاتچىلار: جىھات قىلىپ ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز ـ دېسەك، غەرب دۇنياسى بىزنى قوللىمايدۇ. غەرب قوللىمىسا خىتاينى يېڭىپ دۆلەت قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا دېموكراتىك دۆلەت قۇرىمىز دەپ، ۋەتەن ئۈرۈشى قىلىشىمىز كېرەك ـ دەيدىكەن. غازاتچىلار: جىھات ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ئەگەر بىز نىيىتىمىزنى دۇرۇس قىلمىساق، ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلمايدۇ. ۋەتەن ـ مىللەت دەپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئادەم مۇرتەت ئۆلىدۇ ـ دەپ، پەتىۋا چىقىرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئىككى تەرەپ بولۇپ، دۈشمەننى ئۆز ئىچىدىن ئىزدەپ، ئۆز ـ ئارا قەستلىشىپ يۈرگەن چاغدا، ئازاتچىلار گۇرۇپپىسى: بىز كۈچنى بىرلەشتۈرمىسەك، بىزگە ھېچقانداق دۆلەت ياردەم قىلمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا گومىنداڭ بىلەن گۇڭسەنداڭچىلار بىرلىشىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. بىزمۇ غازاتچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئالدىدا

ۋەتەننى ئازات قىلىۋالايلى - دەپ، سۈلھىگە يول ئېچىپتۇ. غازاتچى گۇرۇپپىدىكىلەرمۇ: ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبىرىمىز مەككە مۇشرىكلىرىگە قارشى غازات ئۇرۇشلىرىدا، يەھۇدى قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. بىزمۇ «ۋەتەن، مىللەتچى مۇرتەتلەر» بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جىھاتنى باشلىۋالايلى. كېيىن ئىشنى ئوڭشاپ كېتەرمىز - دەپ، پەتىۋا چىقىرىپتۇ. ئۇلار ئەپلىشىپ، ئوتتۇرىدىن بىر كىشىنى «بىرلەشمە قوشۇن» نىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئەسلىدە بۇ كىشى ۋەتەن، مىللەتنى قۇتقۇزۇش تەرەپدارى بولغاچقا، ئازاتچىلار: بۇ ئادەم ۋاقتى كەلگەندە، بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە ماسلىشىپ بېرىدۇ - دەپ ئويلايدىكەن. شۇنىڭدەكلا بۇ كىشى يېتۈك دىنىي ئۆلىما بولغاچقا، غازاتچىلار: بۇ موللا بولغانىكەن، ۋاقتى كەلگەندە بىز تەرەپتە تۇرۇپ پەتىۋا چىقىرىپ بېرىدۇ. «ۋەتەن، مىللەتچى مۇرتەتلەر» نىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز - دەپ ئويلايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككىلى تەرەپ تۇڭگان مۇئامىلىسى قىلىپ، ئاي پالتىلىرىنى قوينىغا سېلىپ قويۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە، (- 98 - يىلى ئىككىنچى ئايلاردا) ھەر ئىككىلى گۇرۇپپىغا ئەزا ئەمەس، لېكىن ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ باشلىقلىرىغا ئاغىنە سانىلىدىغان، ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەر سودىگەر، يەكەنلىك ساتتار ھاجى، ئازاتچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قوراللىق ھەرىكەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئوبۇل قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئەگەر سىلەر غازاتچى موللىلاردىن سەپنى ئايرىپ، ئۆز ئالدىڭلارغا ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى قىلساڭلار، سىلەرگە ئىقتىسادتىن ياردەم قىلىدىغان ئورۇن بار؛ غازاتچىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىڭلار بۇ ياردەمگە توسقۇن بولۇپ

قالدى؛ هازىرچە يىرىم مىليون دوللار ئەمەلىيلەشكەن؛ مانا ئالدىن زاكالەت ئوتتۇز مىڭ دوللار؛ بۇنى ئېلىپ، ئوبدان ئويلىشىپ باقارسىلەر ـ دەپ، راستىنلا ئوتتۇز مىڭ دوللارنى بېرىپتۇ. پۇل بولمىسا ۋەتەن، مىللەتنىڭ مۇشۇكىنىمۇ ئاپتاپقا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇزۇن ساقال، كالتا ئىشتان غازاتچىلارنى تاشلاپ، نەق پۇلنى ئېلىش كېرەك ـ دېگەن پىكىرگە كەلگەن ئوبۇلقاسىم، گۇرۇپ ئىچىدە غازاتچىلاردىن يىراق تۇرۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەن چېغى. تۇيۇقسىز ھەر ئىككىلى تەرەپتىن چىگىت چاقىدىغان، گۇگۇر ـ مۇڭگۇرلار چىققىلى باشلىغاندىن كېيىن، بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئورتاق باشلىقى، ئوبۇل قاسىم بىلە ئۇچرىشىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولغانىكەن، ئۇ ھېلىقى پۇل توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىپ: تەقسىر ئۆزلىرى بىز تەرەپتە تۇرۇپ، چاقىرىق چىقارسىلا، غازاتچىلار قوشۇنىدىكى بارلىق پىدائىيلار سەپنى ئۆزگەرتىپ، بىزگە تولۇق قېتىلىپ كەتسۇن ـ دەپ، ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئۇ باشلىق كىشى: ئىتتىپاقلىق كېلىشىمگە خىيانەت قىلساق بولمايدۇ؛ بىر تۇتام پۇل ئۈچۈن ئالدىراپ ئىشنى بۇزمايلى ـ دەپتۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەي غازاتچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جىھات ئىشلىرى مەسئۇلى ئىسمائىل ھاجى، (ئىسمىنى ئىلھام قويىۋالغان) بىرلەشمە قوشۇن ئەمىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: تەقسىر ئۆزلىرى ئۆلما كىشى بولغانىكەن، پەتىۋا چىقىرىپ بەرسىلە؛ ئازاتچىلار قوشۇنىدىكى بارلىق ئازغۇنلار بىز تەرەپكە ئۆتسۇن؛ سېپىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ، جىھاتقا تەييارلىق قىلايلى؛ ئەگەر بىز ئازاتچىلاردىن ئايرىلىپ، ئوچۇق ئاشكارا مەيدانغا چىقساق، ئىقتىسادتىن ياردەم قىلىدىغان ئورۇن بار؛ ھازىرچە يېرىم مىليون دوللار

نەقلىشىپتۇ؛ ئۇنىڭدىن ئوتتۇز مىڭ دوللار ئالدىن زاكالەت ئالدىم، مانا پۇل ـ دەپ، بىر باغلام دوللارنى كۆرسىتىپتۇ. بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئەمىرى ھەيران قالغىنىنى يوشۇرالماي، ئىسمائىل ھاجىدىن بۇ پۇلنى كىمدىن ئالغانلىقىنى سورىسا: مەن ئۇ كىشىنى ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن ۋەدە بەرگەن، شۇڭا ئاشكارىلىسام شەرىئەتكە خىلاپ بولىدۇ ـ دەپتۇ ئىسمائىل ھاجى. بىرلەشمە ئەمىر ئىشنى ئېنىق بىلمەيتۇرۇپ پەتىۋا چىقىرىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىڭ تۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا مەلۇم بولغانكى، بۇ پۇلنىمۇ «دىيانەتلىك سودىگەر» ساتتار ھاجى بەرگەن گەپ. بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئەمىرى ئەھۋالنىڭ بەك ئېغىر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىر تۇتام پۇل ئۈچۈن ئىتتىپاقلىقنى بۇزماسلىقتا ھەر ئىككىلى تەرەپنى چاقىرىپتۇ. ئەمما ھەر ئىككىلى تەرەپتە ئوق يايىدىن چىقىپ، قارشى تەرەپنىڭ كۆكسىگە قادىلىپ بولغان ئىكەن. ئەسلىدىنلا ساختىپەزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان شەيتانى ئىتتىپاقلىق، بىر جاسۇسنىڭ قولىدىن ئالغان ئاتمىش مىڭ دوللارنىڭ كۈچى بىلەن، ئىبلىستەك سەتلىشىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر دۈشمەنلىشىپ كەتكەن ئىكەن.

بەشىنچى تۈركۈمدىكى «تەشكىلات سىرتىدىن، پەۋ-قۇلئاددە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان» جاسۇسنىڭ مىسالى: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 2009 ـ يىلى ماي، ئامېرىكىدا چاقىرىلغان ئومۇمىي يىغىنىدا، («ئىسمىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان») بىرلىرى ئارىغا كىرىپ، بابۇر مەخسۇتنى رابىيە خانىمغا تونۇشتۇرغان. «بۇ ئادەم بېجىندىكى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان، يۇقىرى

دەرىجىلىك كىشى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋىتى بار؛ دالاي لامانىڭ ئوتتۇرا يول سىياسىتىدە، شۇنداق كىشىلەر ئارىغا كىرگەن ئىكەن؛ خىتاي ھۆكۈمىتى دالاي لامانىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن غەيرى رەسمى دىئالوگ ئورنىتىپ، تىبەت مەسىلىسىدە زور ئىلگىرىلەش بولغان؛ رابىيە خانىممۇ شۇنداق ئۇسۇل قوللانسا، تېخىمۇ كۆپ نەتىجە قازىنالايمىش» قاتارلىق، ئەپلىك چارىنى ئىشقا سېلىپ، تەشكىلسىز جاسۇس بابۇر مەخسۇتنى، رابىيە خانىمغا شەپقەتچى ئەۋلىيا كۆرسىتىپ قويغان گەپ. ئەزەلدىنلا خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ جاسۇسلۇق بۆلۈمى بىلەن مەخپى ئالاقە ئورنىتىپ، شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ كېلىۋاتقان جاسۇس، رابىيە خانىمدىن تەلەپ قىلىپ «: بۇ ئادەم مېنىڭ ۋەكىلىم، ماڭا ۋاكالىتەن خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ئالاقە قىلىدۇ» ـ دېگەندەك مەزمۇندا، ۋاكالەتنامە يازدۇرۇۋالغان. ئارىدىن ئىككى ئايچە ئۆتۈپ، جاسۇس بابۇر مەخسۇت شۋېتسىيە ئىستىخباراتىنىڭ قولىغا چۈشكەن چاغدا، ئۇ ئۆز ئالدىغا جاسۇسلۇق قىلمىغانلىقىنى، رابىيە خانىمنىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا رابىيە خانىم ۋاكالەتنامە يېزىپ بېرىشتىن يىللار ئاۋۋالدىنلا، خىتاي ئەلچىخانىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ، گۇمانلىق دائىرىسىگە ئېلىنغانلىقى قاتارلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ، رابىيە خانىمنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئۆتىگەنلىك جىنايىتى مۇقىملاشتى. بۇ ۋەقە سەۋەبلىك رابىيە خانىمنىڭ ئىناۋىتى خېلە زەخىملەنگەن بولسىمۇ، بابۇرنى تونۇشتۇرغان، يىلانىنىڭ بېشىنى شۋېتسىيە ئىستىخباراتىغا، شۋېتسىيە جىنايى ئىشلار

ساقچىسىغا تاپشۇرۇشنى رابىيە خانىمنىڭ رەت قىلغانلىقى، بىر سىرلىق ئىش بولۇپ قالدى.يۇقىرىدىكى ئىككى مىسال، خىتاينىڭ جاسۇسلار ئارقىلىق، چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنىڭ نەق ئىسپاتىدۇر.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا: تەشكىلاتلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئوچۇق ئاشكارا تۇرسا، خىتاي ئۈچۈن جاسۇسنىڭ نېمە كېرىكى؟ ھەممىسى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈيدۇ بۇ ئادەملەر - دېگەنىدەك، ئېيتىلىشى ساددا، ئەمما مەۋھۇم جاسۇسقا ھەم ۋاستىلىك ھالدا خىتايغا چاپان ياپىدىغان ئىبارىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەن بۇ تېمىدا ئالدىنقى ئۈچ تۈرلۈك جاسۇس، غالچىلار توغرىسىدا توختالمىدىم. چۈنكى مۇنۇ ئاخىرقى ئىككى تۈرلۈك جاسۇسلارنىڭ ماتېرىيالىدەك، نەق پاكىت قولدا يوق ھەم تالاش - تارتىشنىڭ ئاينىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم. مۇشۇ ئىككى مىسالدىكى جاسۇسلۇق ۋەقەسىگە قارىساق، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ قانچىلىك كەمتۈك ۋە رەھبەرلەرنىڭ نەقەدەر ساددا، ئىستىخبارات ئېڭى تۇرماق، ئېھتىياتتىنمۇ بىخەۋەر، بىغەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. «ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما» دەيدىغان پەلسەپەرىمىز بار بولمىسا. لېكىن بوشاڭلىقتا دۇنيادا بىر.

بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن تەرەپ ھەرخىل تاكتىكا، ھەرخىل چارە قوللىنىدۇ. لېكىن بىزنىڭكىلەر ئىشىكنى شۇنچىلىك كەڭرى ئېچىپ قويىدۇ ياكى كۆرمەسكە سېلىپ ئارقا تەرەپتىن شورا ئېچىپ بېرىدۇ.

كېيىنكى يېرىم يىلدىن بېرى، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت

ئىچىدە جىدەل چىقىۋاتىدۇ. ئىچىدىكى تېشىغا چىقىپ، مىللەتنى بىئارام قىلغۇدەك يەرگە يېتىپ قالدى. گۇناھنى خىتايغا ۋە ئۇنىڭ جاسۇسلىرىغا ئارتماقچى بولساق، بۇ يەردىكى كىشىلەر قانداق شەكىللەر ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان جاسۇسلار پەيدا قىلىۋاتامدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ھەر ئېھتىماللىقنى نەزەردىن يىراق تۇتماسلىق كېرەك.

ئەسلى يىلتىزىغا قارىساق، قۇرۇلتاي بىلەن سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت بىر غولدىن ئۆسۈپ چىققان ئىككى شاخ ئىدى. يەنى «شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى» بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنى بىرلەشتۈرىمىز دېگەن، ياخشى نىيەتلىرىمىز سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل مىللى قۇرۇلتاينى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىرلەشمە قۇرۇلتاي نامىدا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» قۇرۇلدى. ھەمدە بۇ قېتىمقى يىغىن، مىللى قۇرۇلتاينىڭ جايلاردىكى رەھبەرلىرىدىن، قەھرىمان غوجامبەردىدىن باشقىلار بىراقلا سىرتتا قالدۇرۇلۇپ، تار دائىرىدە چاقىرىلغانلىقى، نىزام ۋە پروگراممىلاردا مۇستەقىللىق تىلغا ئېلىنماي، ئىنسان ھەقلىرى مۇئەممىاسى ئەتراپىدا توختاپ قالغانلىقى، دەۋا مەركىزىنىڭ ئاپتونومىيەچى، چىن تۈركىستانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، شۇڭا مۇستەقىللىق تەلەپ، غايىلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقى ... قاتارلىق بىرمۇنچە سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئاۋۋالقى تارقىتىۋېتىلگەن مىللى قۇرۇلتاينىڭ بارلىق رەھبەرلىرى ۋە مۇستەقىللىق ئىرادىسىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغانلار توپلىشىپ، شۇ يىلى سىنتەبىر ئايلىرىدا سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنى ئامېرىكىدا قۇرۇپ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن چەتئەلدىكى سىياسى

ئېقىمىز تەشكىلى جەھەتتىن مۇستەقىلچى ۋە ئاپتونومىيەچى بولۇپ ئىككىگە ئايرىلدى. لېكىن ھەر ئىككىسىلا سىرتتىقى ئېچىلالماي تۇرغان پەيتتە، رابىيە خانىم تۆرمىدىن چىقىپ ئامېرىكىدا ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا باشلىق قىلىۋالدۇق. ئۇنىڭ ئابرويى، نوپۇزى، تىرىشچانلىقى، پىداكارلىقى ئارقىسىدا قۇرۇلتاي يۈز تېپىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ، چەتئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى تەشكىلاتى ھالىغا كەلگەنچە، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت تېخىمۇ ئىچىگە بېكىنىشكە، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىنمۇ تونۇلماسلىقتا مەھكۇم بولدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت ئىچىدە ئەنۋەر يۈسۈپ كىرىزىسى كېلىپ چىقىشى بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىچىدە زادىلا ئابرويى قالمىدى. ئۇلار ئۆز ئىچىدە بىر بىرلىرىنى قارىلىسىمۇ، ئەيىبلىسىمۇ سىرتتىكىلەر قىزىقمىغاچقا، خۇددى يوقنىڭ نەرقىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ماڭدى. ئەمما قۇرۇلتاي يۈز تېپىپ مەشھۇر بولغانسېرى، تېشىدىن قارشى چىقىدىغانلارمۇ، ئىچىدىن قارشى تۇرىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ ماڭسا ماڭدىكى، تىنچلىق بولمىدى. رابىيە خانىم رەئىس بولغاندىن باشلاپ، رەئىسلىكتىن ئېلىۋېتىلگىچە، ئىچىدىكى ماجىرا قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، سىرتتىن ھۇجۇم قىلىشلارمۇ، خىتاينىڭ تۆھمەتلىرىمۇ يەڭگىللەپ قالمىدى. قۇرۇلتاينىڭ تېشىدىن ھۇجۇم قىلغانلارنى خەلق ئىچىدىكى ئۆكتىچىلىك، ئىغۋاگەرلىك دەپ قارىغان بولساقمۇ، لېكىن قۇرۇلتاينىڭ ئىچىدىكى زادىلا بېسىقمايدىغان ماجىرانى، سەتچىلىكلەرنى خىتاينىڭ قەلئە ئىچىدىكى غالچىلىرى قىلىۋاتىدۇ ـ دەپ قاراپ كەلدۇق. رابىيە خانىمنى قۇرۇلتايدىن مەجبۇرى

بىسىم بىلەن چېكىندۇرگەندىن كېيىن ھەم بىرمۇنچە رەھبەرلەر، بىرمۇنچە يەرلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلتايدىن بىراقلا چېكىنگەندىن كېيىن، ئىچىدىكى ماجىرا بېسىقتى. بىراق 2018 ـ يىلى 6 ـ نويابىر «ب د ت» دا ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنىڭ يېڭىلىسىپ قېلىشى ھەم قۇرۇلتاي ئەتىراپىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ خەلقئارا ئاخبارات ۋاستىلىرىدا «ئۇيغۇرلار ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدۇ» ـ دەپ، تەتۈر تەشۋىقات قىلىشلىرى، شۇنىڭدەك قانچە مىليون ئۇيغۇرنىڭ لاگېرغا قامىلىشى قاتارلىق، بىر يۈرۈش يامان نەتىجىلەر تۈپەيلى، قۇرۇلتاينىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى «مۇستەقىللىقنى دېمەيتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مۇئەمماسىنى ياخشىلايمىز» ـ دەپ، پروگرامما ئۆزگەرتىپ، قاق ئون تۆت يىل دەۋا قىلغان قۇرۇلتاينىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن خەلق، قۇرۇلتايدىن ئەلۋەتتە ئۈمۈتنى ئۈزۈشى پۈتۈنلەي نورمال ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت ئارقىسىدا، بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئۈنتۈپ كەتكەن، ئىنكار قىلغان، ياكى ئاڭلاپمۇ باقمىغان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنى تونۇشقا، قوللاشقا يۈزلەندى. تېمىنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار «د ئۇ ق» نى قوللىغىلى تۇرغاندا، ئىچىدىن ئىسيان، تېشىدىن ھۇجۇم پارتلاپ تۇراتتى. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ پەرۋايى پەلەك، نېمە قىلسا بەرى بىر ـ دېگەندەك ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، توقۇناق بالا سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتكە كېلىۋاتقاندەك تەسىر كۆرۈلمەكتە. سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت سىرىتقا تېخى ئېچىلمىدى. دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ كۆزگە چېلىققۇدەك بىر ئىش قىلمىدى. لېكىن پەيتنىڭ

يىراق ئەمەسلىكى تەخمىن قىلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرى ھۆكۈمەتكە تىكىلمەكتە. ئەمما ھۆكۈمەت ئۆز ئىچىدىن كىرىزىسكە يۈزلىنىۋاتقاندەك شەپە چىقىۋاتىدۇ. زادى ئۇيغۇرلار قايىسى بىر تەشكىلاتقا كۆپرەك مايىل بولسىلا، مۇشۇنداق تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالماي كەلمەكتە. بۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن دىققىتىمىزنى يىغىپ نەزەر سالساق، تەشكىلات ئىچىدىن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، تەشكىلات سىرتىدىن ھۇجۇم قىلىدىغان جاسۇسلارنىڭ بارلىقىنى بىر ئېھتىماللىق دېيىش بىلەن بىرگە، مەنسەپ خۇمارلارنىڭ رەزىللىكىنىمۇ چەتتە قالدۇرالمايمىز. «د ئۇ ق» دىكى ئۇن نەچچە يىللىق كىرىزىسمۇ، ھازىرقى سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى كىرىزىسىمۇ، ئەلۋەتتە ئوخشاش قېلىپتىن چىقىۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەت. ھەر قانداق تاشقى ھۇجۇمنىڭ نەتىجىلىك بولىشىدا، ئىچكى بوشلۇق، ياكى ئىچكى كاۋاك مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز ھەممە شۇملۇقنى خىتايغا ۋە ئۇنىڭ ئارىمىزغا كىرگۈزۈۋەتكەن غالچا، جاسۇسلىرىغا دۆڭگەپ قويۇۋەرسەك، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئورنىدا، ئىشىمىزنى بۇزۇشقا ئۇرۇنساق، دۈشمەنگە قارشى ھېچ نەرسە قىلالمايدىغانلىقىمىزغا تەن بەرگىنىمىزنى ۋە تەسلىم بولغانلىقىمىزنى ئىسپاتلىغان بولىمىز. چۈنكى دۈشمەن بىزنى ھەرگىز يالغۇز، ئۆز مەيلىمىزگە تاشلاپ قويماي، غالچىلىرىنى، جاسۇسلىرىنى بىزگە ھەمرا قىلىپ، ئىشىمىزنى ئىچىدىن بۇزۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بىزدىكى كاۋاك ماسلىشىپ بەرمىسىلا، دۈشمەننىڭ قولىدىن ئالاھىدە چوڭ بىر ئىشمۇ كەلمەيدۇ. مەنسەپپەرەسلىك، قىتىغۇرلۇق دۈشمەن سۇقۇنۇپ كىرىدىغان چوڭ كاۋاك ۋە خاتىرجەم ھەرىكەت قىلىدىغان

بوشلۇقتۇر.

قۇرۇلتايدا بىرلا چوڭ مەنسەپ بولۇپ، ئۇنى تالىشىدىغان مەنسەپ پەرەسلەر بەك كۆپ بولسا ئۇچ كىشىدىن ئاشمايتتى. سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتتە بولسا بىر چوڭ، ئىككى ئوتتۇرا جەمى ئۈچ مەنسەپ بولۇپ، چوڭ مەنسەپكە خىرس قىلىپ، ئوتتۇرا مەنسەپنى ياراتمايدىغانلار ئۈچ كىشىدىن ئاشىدىكەن. ئوتتۇرا مەنسەپكە ھەۋەس قىلىدىغانلارمۇ بەشتىن كام ئەمەس.

ھەرقانداق تەشكىلاتتا يۈز بېرىدىغان ئىچكى كىرىزىستە، ختاينىڭ جاسۇسلىرىغا يوچۇق بەرمەسلىك ئۈچۈن، يەنى ختايغا ئىمكانىيەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، مەنسەپ خۇمارلار ئۆزلىرىنىڭ پەسكەش نەپسىنى خەلقىمىز ئۈچۈن قۇربان بېرەلىسە، ھەرقانداق ئىچكى كىرىزىس خەتەرسىز ھەل بولۇپ كېتەتتى. ئەگەر: «مەن بەك مۇھىم ئادەم، مەن بولمىسام بولمايتتى!» ـ دەيدىغانلار بولسا، ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆزى تونۇپ يەتسە، مەنسەپتىنمۇ مۇھىم «مەسىلىھەتچىلەر ھەيئىتى» دە تۇرۇپ، مەنسەپتىكىلەرگە توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەرسە، ئۇ چاغدا مۇھىملىقىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايتتى.

سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنىڭ مۇچەلدىن چىقىدىغان، مىللەتنى يېتەكلەيدىغان پەيتى يېتىپ كەلدى. ئەمما مىللەتكە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن قويىننى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. باشقا تەشكىلاتلارنى، باشقا رەھبەرلەرنى قويىنغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ: سەن راستچىل، ھەققى ئىنقىلابچى بولساڭ، بىزنىڭ قوينىمىزغا يامرىلىپ كىرىسەن!ـ دېگەن شەكىلدە ئەمەس، بەلكى قولۇڭلاردا نېمە بولسا ئېلىپ

كىلىدىغانلىقىنى، مەسىلەن ئۇيغۇرلارنى كىشىلىك، قايسى ئورۇنغا مۇناسىپ كەلسەڭلار، شۇ يەردە تۇرۇڭلار؛ ھەممىمىز تەڭ - دېگەندەك ئۇسۇلدا بولسا، سىرتتىن كىرىدىغان مەنسەپپەرەسلەرمۇ كۆڭلى - كۆزى توق ھالدا، خاتىرجەم كىرەلەيدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىتىمىزنىڭ ئىستىخبارات چۈشەنچىسى يوق. تەشكىلات رەھبەرلىرىدە بىر بولسا باشقىلاردىن ئورنىنى قىزغىنىش ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قوللايدىغان شايكىغا، چاپانچىغا ئېھتىياجلىق. بىر بولسا كەڭ قوساق، پەرۋاسىز. قۇيرىقىنى ئىت تالاپ كەتسىمۇ چاغ دېمەيدۇ. چۈنكى ئاغرىيدىغىنى ئۇنىڭ جېنى ئەمەس، قۇيرۇقىنىڭ جېنى. يەنى مىللەتنىڭ دەۋاسى. ھەر ئىككىلا ئەھۋال ئاستىدا بۇزغۇنچىلار تەشكىلاتقا ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلەر ئەپلەشمىگەن ئىشلارنىڭ، بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جاسۇسلارغا يۈكلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى كىر قونمىغان شىشىدەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماي، ئۆزلىرىدىكى لاياقەتسىزلىكنى كۆرۈپ يېتىشى، كەمچىلىكنى تۈزىتىپ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق تەرەپتە تۇرۇشنى بىلىشى لازىم.

25.05.2019

## توققۇزىنچى باب

## ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرالامدۇ؟

ئىخچاملاپ ئېيتقاندا، تەشكىلى قۇرۇلمىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى، ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسى «دۆلەت» دەپ ئاتىلىدۇ. دۆلەت دەرىجىسىدىن ھالقىغان قۇرۇلمىلار ئىمپېرىيە، فېدېراتسىيە ـ دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ـ دېيىلىدۇ. يەنە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەردەك، دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەتنىڭ كىچىكلىتىلمە شەكىللىرىمۇ بولىدۇ. دۆلەتنىڭ شەكلى، سىياسى تۈزۈملىرى، سىياسى خاراكتېرى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تەشكىلى قۇرۇلما ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئابستراكىت ئۇقۇمدىن ئىبارەتتۇر. يەنى مەلۇم بىر تۇپراقنىڭ دۆلەت بولغانلىقى ياكى دۆلەت سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى، شۇ تۇپراقتا ياشىغان مىللەت ۋە خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى تەشكىللەندى دېمەكتۇر. ھاكىمىيەت بولسا تەشكىلى ئاپپاراتلارنىڭ بىرىكمىسىدۇر.

مەلۇم بىر تۇپراقتا ياشايدىغان مىللەت ۋە خەلقلەر، ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان تېررىتورىيىنى بەلگىلەپ، ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى بېجىرىپ، مۇنتىزىم قانۇن تۈرغۇزۇپ، بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش تەرتىۋىنى ئورناتمايدىكەن، ئۇ يەر دۆلەت دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. دۆلەت ـ يەرنىڭ نامى ئەمەس. شۇنىڭدەك يەرسىز ھۆكۈمەتمۇ دۆلەت ئەمەس. يەر

بىلەن شۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مىللەت قۇرۇپ چىققان، ھاكىمىيەت تەشكىلاتىنىڭ بىرىكمىسى ـ دۆلەت دېمەكتۇر.

قەدىمقى زامانلاردا دۆلەتلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بىر ەر ئېگىزلىككە مۇستەھكەم قەلئە قۇرالىغۇدەك، بىر قانچە مىڭ ئەسكەرنى بېقىپ، ئۇرۇشقا سالالىغۇدەك كۆچكە ئىگە گۇرۇپپىلار، ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن يۇرت، ئايماقلارنى دۆلەت قىلىپ باشقۇرالايتتى. ھۆنەر ـ سەنئەت تەرەققى قىلىپ تېخنىكىغا يۈزلىنىشى ۋە ئىنسانلار كۆپىيىپ، ئاق چۈشەنچىنىڭ بېيىشى ئارقىسىدا تىل، ئۆڭ، ئادەت ئورتاقلىقىغا ئىگە قەبىلىلەر، مىللەتلەر كۆچلىنىش ئېھتىياجىدىن، ئارىلىرىدىكى پاسىللارنى يېقىتىپ، بىرىكىشكە ۋە ھەممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئورتاق ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭ دۆلەتلەرنى قۇرۇشقا باشلىدى. كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا بىرىكىپ، چوڭ دۆلەتلەرنى ھاسىل قىلىشى پاراللېل دەۋرىدە بولغان ئەمەس. بەلكى شۇ جايلاردىكى ئىنسانلارنىڭ قەبىلىداشلىق، مىللەتچىلىك ۋە دۆلەتچىلىك ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىنىڭ ئويغىنىشىغا، تەرەققى تېپىپ ۋايىغا يېتىشىگە باغلىق بولۇپ، بەزى رايونلاردا بۇرۇن، بەزى رايونلاردا كېيىن روياپقا چىققان.

ئوتتۇرا ۋە شەرقى شىمالى ئاسىيادا ـ ئۆتۈكەن، ئالتاي، تەڭرىتاغ ۋە پامىر ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئىرق ۋە جۇغراپىيە ئورتاقلىقىغا ئىگە بارلىق مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئىچىدە، ئەڭ بۇرۇن دۆلەتلىشىشكە، كىچىك دۆلەتچىلىكتىن چوڭ دۆلەت قۇرۇشقا، ئىمپېرىيە قۇرۇشقا يۈزلەنگەنلىرى

ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ھون، كۆك تۈرك، ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت قۇرغانلار قىرغىز قاتارلىقلاردۇر. قىرغىزلاردىن كېيىن تاتار قەبىلىلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، موڭغۇللار دۆلەت قۇردى. موڭغۇللارنىڭ دۇنياغا كېڭىيىشىدە ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىغان. دۆلەت قۇرۇش دېمەك ـ تەشكىللەش ۋە ئىدارە قىلىش دېمەكتۇر. ئەمما ئاق يەرگە دۆلەت قۇرۇش بىلەن، دۈشمەنلەر ئىشغال قىلغان دۆلەتنى، مۇستەملىكە ئاستىدىكى ۋەتەننى ئازات قىلىپ، دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. ئاق يەرگە دۆلەت قۇرۇش دېگەندە ـ باشقىلار دۆلەتلەشمەي، ئىپتىدائى ئۇسۇلدا، قەبىلە تۈزۈمىدە ياشاپ كېلىۋاتقان تۇپراقلارغا سىڭىپ كىرىش ياكى بېسىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۆز ئىرادىلىرى بويىچە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق بىلەن قۇرغان دۆلەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى باستۇرۇپ، يوقىتىپ، دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى، نامىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى بىر ھاكىمىيەت پەيدا قىلىشمۇ ئاق يەرگە دۆلەت قۇرۇشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئەمما دۈشمەنلەر ئاغدۇرۇپ يوقاتقان دۆلەتنى، ئىشغال قىلىۋالغان ۋەتەننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىللىق جاكارلاش ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇش بولسا، ھەممىدىن قىيىندۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مانجۇرلارغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خىتايلارغا ئەسىر بولۇپ قېلىشى، قايتا مۇستەملىكە قىلىنىشى قاتارلىق تارىخى ۋەقەلەر بۇ تېمىدا تىلغا ئېلىنمايدۇ. بىراق: ھازىرقى ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇش ئىقتىدارىغا، دۆلەت قۇرۇش مەدەنىيىتىگە ئىگىمۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن تۇرۇپ بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت قۇرۇش لاياقىتىگە ئىگە بولالامدۇ؟ دېگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرىغا ۋە كەلگۈسىگە گۇمان

بىلەن قاراۋاتقان، جەڭگىۋار ئەمما ئۇمۇتسىزلىكتە قايمۇقۇپ قېلىۋاتقان ياشلارنىڭ دىققىتىدىكى، بەزى چوڭكىتورمىلەرگە ۋە بەزى كوپىتورمىلەرگە ئىزاھات بەرمەكچىمەن.

تەشۋىقات ۋە تەرغىباتلاردىكى كوپىتورمىچىلىك - بىر بولسا ئوزىمىزنى، رېئاللىقتىن ئاشۇرۇپ ماختاش؛ مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدىغان كىچىككىنە ئىشنى تاغدەك قىلىپ، بىردەمدىلا ۋەتەن ئازات بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىش؛ بىر بولسا خىتاينى ۋە ئاتالمىش «خەلقئارا» نى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ كورسىتىپ، خۇدادىن باشقىسىنىڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىغا كىشىلەرنى قايىل قىلىۋېتىش شەكلىدە بولۇپ كەلمەكتە. چوڭكىتورمىچىلىكمۇ دەل مۇشۇنداق ئىككى تورلۇك ئۇسۇلدا، بىر بولسا ئۇيغۇرلارنى يەر بىلەن يەكسان، سازاڭ قۇرۇتىدىغانمۇ ئەبگا، بىچارە ھالدا تەسۋىرلەش. بىر بولسا خىتاينى چوشۇرۇپ، بىرلا پولەپ، توزغاقتەك توزىتىۋېتىدىغان ھالغا كەلتۇرۇپ قويۇشتەك، تۇترۇقسىز بايانلار ئارقىلىق، ئاۋام خەلقنىڭ ئېڭىنى، سياسى تەپەككۇرىنى چالغىتىپ ئوينايدىغان، ھەر تورلۇك تەتۇر تەشۋىقاتلار ئاينىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكى، ئازاتلىقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۇچۇن قەلەم كورىشى، تەشۋىقات كورىشى قىلىپ كېلىۋاتىمىز. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پۇتۇن ماددى، مەنىۋى كۈچىمىزنى، بوش ۋاقتىمىزنى، زېھنىمىزنى، تەپەككۇرىمىزنى تەشۋىقات ئىشلىرىغا قاراتتۇق.

چەتئەللەردىكى پىكىر ئەركىنلىكى بوشلۇقىدا، ئەركىنلىكىمىز ئۇچۇن، مۇستەقىللىقىمىز ئۇچۇن، ئاخىرىدا ئۇيغۇر دولىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن كېرەكلىك پىكىرلەرنى، ئەركىن

تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا يورۇتۇپ كېلىۋاتقىنىمىزغا يانداش، بىر تۈركۈم تەتۈر تەشۋىقاتلارمۇ ئالاھىدە سالماقنى ئىگىلەپ ماڭماقتا. «قازاننىڭ قاينىشىغا، بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باقما» دەيدىغان گەپ بار. تەتۈر تەشۋىقاتچىلارنى چەكلەش ئىمكانىيىتىمىز بولمىسىمۇ، ئەمما لايىقىدا ئىزاھات بېرىش، يولىدا رەددىيە قايتۇرۇش، تۈزەتمىگەنلەرنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويۇش مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. تەتۈر تەشۋىقات ئەڭ كۈچلۈك مىكروپقا ئوخشاش يۇقۇملاندۇرىدىغان، تەپەككۇرنى زەھەرلەيدىغان ئاكتىپچانلىققا ئىگە بولۇپ، بىزدەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەرگە قارشى مۇستەملىكىچى، زوراۋان، دىكتاتور دۆلەتلەر قوللىنىدىغان ئەجەللىك قورالدۇر. قانخور خىتاي زوراۋانلىرى، بىزنىڭ چەتئەلدىكى ھەركەتلىرىمىزنى قارىلاپ، تارقاتمىغان ئىغۋاسى قالمىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ھەر تۈرلۈك تەتۈر تەشۋىقاتلارنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى ساددا خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ، كەربالا چۆللۈكلىرىدە خانە ۋەيران قىلدۇرۇۋەتتى. تەتۈر تەشۋىقاتنىڭ جاندىن ئۆتۈۋاتقىنى شۇ بولدىكى، خىتاينىڭ ۋەھشىلىكىگە، زوراۋانلىقىغا قارشى چەتئەللەردە تۈرلۈك پائالىيەت ۋە قەلەم كۈرىشى، نەق مەيدان تارقىتىش سۆھبەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئاكتىپچانلىق سالاھىيەتلىرىنى نىسبەتەن تونۇتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئىنكار قىلىپ، چۆكتۈرۈپ، خىتايلارنى كۆپتۈرۈشلىرى، ئاۋام خەلقنى مىكروپتەك زەھەرلىمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەتتىكى پائالىيەتچىلەردىن پەرقلىق، يوغان دىپلومغا ئىگە كىشىلەر بولغاچقا، ئاۋام خەلقتە قوزغايدىغان تەسىرىمۇ

كۆچلۈك بولماقتا.

ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىنكار قىلىش ۋە چۆكتۈرۈش ھەرىكەتلىرىدىكى نۇقتىلىق جۈملىلەر تۆۋەندىكىچە: «ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ نامى ئەمەس. بەلكى مەدەنىيەت، جۇغراپىيە ئورتاقلىقىغا ئىگە، كۆپلىگەن قەبىلىلەرنىڭ بىر ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا توپلاشقان، سىياسى نام ئىدى؛ ئۇيغۇرلار 13 ـ ئەسىردە تارقىلىپ، يوقالغان خەلق؛ بۈيۈك تۈركىستان خەلقىنى پارچىلاپ باشقۇرۇش ئۈچۈن، رۇسلار 24 ـ يىلى پەيدا قىلغان...». «ئۇيغۇرلار شۇنچىلىك ساپاسىزكى، ئەگەر خىتاي ۋەتىنىمىزنى تاشلىۋېتىپ چىقىپ كەتسىمۇ، ئۇ يەردە دۆلەت قۇرالمايدۇ؛ بىرەر سەھرانى باشقۇرغۇچىلىك قابىلىيىتى يوق». «ئۇيغۇرلار بەك چېچىلاڭغۇ، ئىتتىپاقسىز خەق؛ بىر ـ بىرىگە ئورا كولاشنىلا بىلىدۇ؛ بۇ ھالى بىلەن خىتايدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولىشى خام خىيال». «ئۇيغۇرلار ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا، پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگەيدۇ؛ ئۇيغۇرلارنى دۇنيادا ھېچكىم قوللىمايدۇ». «مۇستەقىل بولىمىز دەپ قۇرۇق گەپ قىلغۇچە، لاگىردىكى قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇپ باقسۇن قېنى؛ مۇستەقىللىق ـ دەپ، قۇرۇق شوئارنى توۋلاپ، ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى». «ئۇيغۇرلار قوراللىق ئۇرۇش قوزغىسا، ئۆز ـ ئارا ئېتىشىپ بېشىنى يەيدۇ». «مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى لاگىردىكى ئاتا ـ ئانام، قېرىنداشلىرىم؛ ئۇلارنى خىتاي ئۆلتۈرۈپ بولسا، ئۇنداق ئادەمسىز تۇپراقنىڭ ماڭا كېرىكى يوق!». يۇقىرىقىدەك، ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان، ئۇمىتسىز تۇيغۇ بېرىدىغان تەتۈر تەشۋىقاتلارغا ياندىش ھالدا، تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەر ئارقىلىق، بەزىلەر

خىتاينى كۆپتۈرۈپ، خىتاينىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ: «خىتاي دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا ئۆتكىلى نەۋاق؛ دۇنيا ئىقتىسادىنى خىتاي ئالقىنىدا ئوينىتىۋاتىدۇ؛ ئامېرىكىمۇ خىتاينىڭ ئالدىدا شۈمشەرەپ تۇرماقتا». «خىتاينىڭ قوراللىرى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا؛ خىتاينىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىغا، ھەربىي كۈچىگە تەڭ كەلگۈدەك، دۇنيادا باشقا دۆلەت قالمىدى؛ خىتاينىڭ دۇنيانى سورايدىغان ۋاقتى كەلدى». «بىز ۋەتەننى ئازات قىلىمىز دەپ، چۈش كۆرۈپ يۈرگەن بىلەن، خىتاي ھازىر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىپ بولدى؛ رۇسىيەمۇ خىتاينىڭ تەسىرىگە كىرىپ بولدى؛ ئۇزۇنغا قالماي خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغانلىقىنى كۆرىمىز تېخى». «خىتاي ۋەتەننىڭ ھەممە جايلىرىدا يېتەرلىك لاگېرلارنى تەييارلاپ قويدى، ئەگەر ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى يىغىپ لاگېرغا سولاپ قىرىپ تاشلايدۇ».

يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى تۈرلۈك ئىغۋالار، ئەسلىدە خىتاينىڭ دۆلەت ئاخبارات ئورگانلىرىدىن، ئوچۇق ئاشكارا تارقىتىلىدىغان تەتۈر تەشۋىقاتلاردۇر. دۈشمەن كۈچلەر ھەرقاچان تەتۈر تەشۋىقات ئارقىلىق، قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈپ، خۇنۈكلەشتۈرۈپ، قورقۇنچ سېلىپ، روھىي كەيپىياتىنى بۇزۇپ، پاراكەندە قىلىشنى ئالدىنقى سەپ ئۇرۇشىدىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. دۈشمەن كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ تەتۈر تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قارشى تەرەپتىكى دۈشمەن سېپىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزەلىسە، ياكى دۈشمەن سېپىدە خىزمەت قىلىدىغان خادىملارنى ئىشقا سالالىسا، ئۇ چاغدا ئاز چىقىم بىلەن كۆپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

دۈشمەنلەر بۇنداق تەتۈر تەشۋىقات ئۇسۇلىنى، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر ئىككى جۇمھۇرىيەت ئۇرۇشىمىزدا جانلىق ئىشقا سالغان ئىدى. بىرىنچى جۇمھۇرىيەت ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ھەربى سەپتە تۇڭگانلارنى ماختايدىغان، ماجۇڭيىڭنى ئۇلۇغلايدىغان، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ھەقىقى تەقۋادار غازاتچى ئىكەنلىكىنى مەدھىيلەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ماھارىتىنىڭ بەك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، بىرەر پاي ئوق تەگسىمۇ يىقىلىپ چۈشمەيدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ پەيدا قىلغان ھەم 34 - يىلى فېۋرالدا، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ پايتەخت قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشىدىمۇ، ھۆكۈمەت ئىچىدىكى خادىملاردىن تۇڭگانغا سېتىلغان خائىنلارنىڭ: «ئاقسۇ تەرەپتىن لەكمىڭلىغان تۇڭگان قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ؛ مۇھىم رەھبەرلەر ۋاقتىلىق ئۆزىنى دالدىغا ئالمىسا بولمايدۇ» - دېگەندەك سېتىلمىلىقلىرى، جۇمھۇرىيەتنىڭ يىقىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئۇرۇشى ۋە تىنچلىق دەۋرىدە، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، خىتاي ئىشغالچىلىرىنىڭ سېپىدە غالچىلىق قىلىدىغان ئۇلۇسچىلار، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى بىر ياقتىن ئەلەم كۈرەشى، بىر ياقتىن قەلەم كۈرەشى ئېلىپ بارغان. ئۇيغۇر جۇمھۇرىيەت ئەسكەرلىرى ماناس ناھىيىسىگىچە قىستاپ كەلگەن، جايلاردىكى مەمۇرىي ۋە ھەربى خىتاي ئەمەلدارلىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە قېچىۋاتقان، قاچالمىغانلىرى ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋاتقان، ئۆلۈمدىن قورققانلىرى مۇسۇلمان بولۇۋاتقان، خىتاينىڭ پۈتۈن كۈچى ئۈرۈمچى رايونىغىلا مۇھاسىرە قىلىنغان،

مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئۇل ـ ئەسلىھەلىرى تەق بولغان پەيتتىمۇ، بىر تۈركۈم داھىي سۈپەت خىتاي پەرەست، چىن تۈركىستانچى، مۇناپىق ئۇلۇسچىلار، مۇستەقىللىقىمىزغا قارشى ئىزچىل خائىنلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئىچىدە، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندىكى ئىبغۋالىرى ئەجەللىك رول ئوينىغان ئىدى: «بىزنىڭ ئۇلۇسىمىز مۇسۇلمان تۈركتۇر؛ ئىلى ئىسيانچىلىرى ۋەتىنىمىزدە كوممۇنىزمنى پەيدا قىلىپ، ئۇلۇسىمىزنى دىنىدىن چىقارماقچى؛ كوممۇنىزم بەك خەتەرلىكتۇر». «بىزنىڭ ئۇلۇسىمىز بەك نامرات، نادان، ئۆز ئالدىغا دۆلەت تۇتالمايدۇ؛ ئىلى ئوغۇرلىرى ئۇلۇسىمىزنى ئىسيانغا كۇشكۇرتۇپ، خىتايدىن ئايرىپ، ئۇرۇسلارغا قۇل قىلىپ بەرمەكچى؛ ئىلى ئوغۇرلىرىنىڭ نىيىتى بەك ياماندۇر؛ ئۇلارغا ئەگەشمەسلىك لازىم». «ئۇلۇسىمىز چىنى تۈركىستان مۇختارىياتى تەلەپ قىلىدۇ؛ خىتايلارمۇ زۇلۇم چەككەن يۇۋاش خەلق؛ بىزنىڭ ئۇلۇسىمىزغا خىتايلاردىن زەرەر يەتمەيدۇ؛ ئەگەر بىز خىتايلاردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىمىزغا دۆلەت قۇرىمىز دېسەك، بىزدە دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغىدەك بىلىم ۋە ئىقتىساد يوق؛ بىز خىتايدىن ئايرىلساق، بىزنى ياكى كوممۇنىست ئۇرۇسلار يەپ كېتىدۇ، ياكى ئىنگلىزلار يەپ كېتىدۇ؛ ئۇلار بەك خەتەرلىكتۇر؛ ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بەك ئۆچلەر». ئۇلار يۇقىرىقىدەك تەتۈر تەشۋىقاتلىرى بىلەن، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ رويابقا چىقىپ قېلىشىغا چىش تىرناقلىرى بىلەن قارشى تۇرغان ئىدى.

ئاردىن يەتمىش يىللار ئۆتتى. زامان ئۆزگەردى. شەكىل ئۆزگەردى. ئىنسانلار ئالماشتى. دۇنيا تەرتىپى، دۇنيانىڭ قىياپەتلىرى ئۆزگەردى. لېكىن مۇناپىقلىقنىڭ

خاراكتېرى، ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى. ئۇ ۋاقىتتا خىتاينىڭ بىزگە كۆچۈپ كېلىپ يەتمەيۋاتسىمۇ، بىزنى باشقۇرالمايۋاتسىمۇ، مۇناپىق تەتۈر تەشۋىقاتچىلار: «بىز خىتايدىن ئايرىلساق، كوممۇنىست بولۇپ كېتىمىز؛ ئۇرۇسلار يەپ كېتىدۇ؛ ئىنگلىزلار يەپ كېتىدۇ؛ بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك ئەمەس؛ چىنى تۈركىستان ئاپتونومىيەسى كېرەك! بىز خىتايدىن ئايرىلمايمىز» ـ دەپ، خەلقىمىزنى قورقۇتۇپ، قايمۇقتۇرۇپ خىتاينىڭ پاچىقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان بولسا، بۈگۈنكى ئەركىن دۇنيادا، بىزنىڭ بايرىقىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خىتاي يوقالسۇن ـ دەپ، شوئار توۋلاپ تۇرۇپ: «ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرالمايدۇ؛ خىتايلار بەك كۈچلۈك؛ ئۇيغۇرلارنى دۇنيا ئەللىرى قوللىمايدۇ؛ ئۇيغۇرلار ئۇرۇش قىلسا، خىتايلار قىرىپ تاشلايدۇ.» ـ دېگەندەك، تەتۈر تەشۋىقاتنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ. يەتمىش يىل بۇرۇنقىلار چىنى تۈركىستان ئۇلۇسىنىڭ دەردىنى يىغلىغان بولسا، بۈگۈنكىلەرمۇ ئوخشاش شۇ دەرتنى يىغلاۋاتىدۇ. يەنى خىتايدىن ئايرىلماسلىق، خىتاي بېرىدىغان ئاپتونومىيەدە خاتىرجەم ئۆتۈش. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىق، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇنى خالىماسلىق ھەم قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت، مۇناپىقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى ئەلۋەتتە مۇستەقىل قىلالايدۇ. ئەمما ئالدى بىلەن كۆڭلىدە، ۋىجدانىدا، روھىدا، ئوي-تەپەككۇرىدا مۇستەقىل بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرالايدۇ. لېكىن ئۇ دۆلەت بىر پارچە يەرنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئۇيغۇر دۆلەتنى ئالدى بىلەن قەلبىدە، كۆڭلىدە، مېڭىسىدە، ئېڭىدا قۇرۇپ چىقىشى

لازىم. مۇستەقىللىق ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگىلىنىشى، ئىمانى بىلەن تەڭ ئەقىدىگە ئايلىنىشى كېرەك. مۇستەقىللىق ئۈچۈن، ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنى بېرەلەيدىغان، ئاتا ـ ئانىسىنى، بالىسىنى، قېرىنداشلىرىنى پىدا قىلالايدىغان، گېزى كەلسە جەننىتىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان پىداكار بولالىشى كېرەك. دادام بىلەن ئاپامنى خىتاي ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنداق تۇپراقنىڭ مۇستەقىللىقى ماڭا كېرەك ئەمەس! ـ دەيدىغانلارغا، مۇستەقىللىق ۋە دۆلەت مەڭگۈ راۋا ئەمەس. ئۇنداق كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان مىللەت خورلۇققا، رىزالەتكە مەھكۇمدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئۆزىگە باغلىق، ئۆز قولىدىكى ئىش. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇلىرىنى خىتايدىن باشقا ھېچ قانداق دۆلەت چەكلىمەيدۇ. بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سەپنىڭ ئالدىدا خىتاينى تىللاپ يۈرگەن بەزىلەرنىڭ غايىسى، خىتايدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇش ئەمەس. بەلكى ئۇلار زۇلۇم سېلىۋاتقان كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ھاكىمىيەتتىن چۈشۈشىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشىراق دېموكراتىك خىتاينىڭ كېلىشىنى ۋە ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئارزۇ ـ تەلەپلىرىڭلارنى دۇنياغا ئاڭلىتىڭلار ـ دەپ، مىكروفوننى قولىغا تۇتقۇزۇپ: ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلامدۇ؟ ـ دەپ، ئاغزىغا گەپىنى سېلىپ بەرسە، ـ ياق، ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدۇ؛ ئاپتونومىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ ـ دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن

ئايرىلمايدىغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلاۋاتقان، ئالدىنقى سەپتىكى مۇناپىقلارنىڭ: «خەلقئارا بەلگىلىمىلەردە، خەلقئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە، بىرەر مىللەت، مەلۇم بىر دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز دېيىش ھوقۇقى يوق» دېگىنى، سېپى ئۆزىدىن يالغانچىلىق ۋە مۇناپىقلىقتۇر. مىللى مەسىلىلەر بەلگىلىمىسى - دېيىلىدىغان، خەلقئارالىق ئۆلچەم بىرلىكى يوق. دۇنيا مىقياسىدا مۇنچە يۈز دۆلەت بولىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن ئارتۇق - كام بولمايدۇ - دەيدىغان بىر سانلىق بەلگىلىمە يوق. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە مۇنداق مىللەت دۆلەت قۇرسا بولىدۇ، مۇنداق مىللەت دۆلەت قۇرسا بولمايدۇ - دەيدىغان بىر مىللى ئەندىزە يوق. مىللەت ئاھالىسى مۇنچە مىليونغا يەتسە دۆلەت قۇرالايدۇ، ئۇنىڭغا يەتمىسە دۆلەت قۇرالمايدۇ - دەيدىغان بىر نوپۇس ئۆلچىمى يوق. دۇنيا تەرتىۋىدە، بۇرۇن دۆلەت قۇرغان مىللەتلەر دۆلىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرسە بولىدۇ، بۇرۇن دۆلەت قۇرۇپ باقمىغانلارنىڭ ئەمدى دۆلەت قۇرۇش ھەققى يوق- دەيدىغان بىر پىرىنسىپمۇ يوق. «بىز مۇستەقىل بولىمىز دېسەك، خەلقئارا قوللىمايدۇ» - دەپ، مىللىتىمىزنى ھازىرغىچە ئالداپ كېلىۋاتقان بايراقدار، مەشھۇر مۇناپىقلار- بىر بولسا، شۇنداق تەتۈر تەشۋىقاتلىرى ئۆچۈن، خىتايدىن مەنپەئەت ئالىدىغان، بىزنىڭ سېپىمىزدە بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، خىتايىنى يالغان قاغاپ، بىزدىنمۇ پايدىلىنىدىغان، قوش مەنپەئەتدار كەسپى مۇناپىقلاردۇر. بىر بولسا خىتاينىڭ چەتئەلدىكى مەخسۇس ئىش بېجىرىش خادىملىرىدۇر. يا بولمىسا خالىس مۇناپىقلاردۇر. پىچاق سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ، كەسپى مۇناپىقلارنىڭ، خالىس مۇناپىقلارنىڭ

ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرماي، ھەر بىر زىيانلانغۇچى ئۇيغۇر ئورنىدىن دەس تۇرۇشى، مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئاستىغا توپلىنىشى، قانغا - قان، جانغا - جان قىساس ئېلىشقا تەييار ھالەتنى كۆرسىتىشى لازىم.

ئۇرۇشنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇرۇشنى نەدە قىلىمىز؟ قورالنى كىمدىن ئالىمىز؟ دۆلەتنى قانداق قۇرىمىز؟ - دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇيغۇر دۆلتى قۇرۇش ۋە دۈشمەندىن قىساس ئېلىش ئۇرۇشغا تەييار بولۇشنىڭ ئۆزى جاۋابتۇر.

29.05.2019

## ئونىنچى باب

## «شەرقى تۈركىستان كۆپ مىللەتلىك رايون» مۇ؟

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سۈپەت ـ نەرسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى دېمەكتۇر. كىشىلەرگە كۆرۈنىدىغان، تېز ئۇچۇر بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۇقۇم شەكىللەندۈرىدىغان نەرسىمۇ، ئالدى بىلەن تاشقى كۆرۈنۈش بولغاچقا، نەرسىلەرنىڭ ماهىيەتلىرى، ھەقىقەتلىرى كۆمۈلۈپ قېلىپ. بارا، بارا تاشقى كۆرۈنۈشلەر، سۈپەتلەر (قوشۇمچە ئىزاھاتلار) ماهىيەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئېڭىدا ئوخشاش نەرسىگە قارىتا ئوخشاشمىغان ئۇقۇم، كۆز ـ قاراش شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قارمۇ ـ قارشى مۇنازىرە قوزغاشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسە بىر ئەمما ھەقىقەت ھەرخىل بولۇپ كەلمەكتە. بىر نەرسىگە قارىتا بايان قىلىنغان پەرقلىق بىر مۇنچە ھەقىقەتلەردىن پەقەت بىرسىلا توغرا، باشقىلىرى ساختا، قايمۇقتۇرۇلغان، ياكى ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن قوشۇمچە، تاشقى كۆرۈنۈشلەردۇر.

نەرسىلەرنىڭ ھەقىقتى بۇرمىلىنىپ، سۈپەتلەرنىڭ ماهىيەت ئورنىغا دەسسەپ قېلىشىدا، كۆپىنچە تەقلىدچىلىك مۇھىم رول ئوينايدۇ. فىقھى شۇناسلىق كەسپىدە «ئەل مۇقەللىد

كەل ئەئما» دېيىلىدىغان بىر رەددىيە بولىدىغان. يەنى: تەتقىلىدچى ئەماغا ئوخشاشتۇر ـ دېگەن گەپ. ئەما كىشى يېتىلەككە ماڭىدۇ. لېكىن يولنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدۇ. بىر مەسىلىدە تەپەككۇرنى، ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ماھىيەتنى تېپىپ چىقىشنىڭ ئورنىدا، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ گەپ قىلىدىغان كىشى، باشقىلارنى دوراپ ئىش قىلىدىغان كىشى، باشقىلار بولمىسا ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالمايدىغان ئەماغا ئوخشاش، ئەقلى كور ئادەم دېمەكتۇر. شەيخ جالالىدىن رۇمىنىڭ مەسنەۋى خىراباتىدا، تەقلىدچىلەرگە قارىتا يازغان بىر ھەجۋى مىسراسى بار. ئۇنى مىسالغا ئېلىشتىن ئۇيۇلىمەن. چۈنكى بۇ ئۈستى ئوچۇق، ئاممىغا تارقىتىلىدىغان يازما بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە ئاممىۋى سورۇنلاردا سەت گەپلەرگە ئورۇن يوق. لېكىن رۇمىنىڭ ئاشۇ بەت ـ بەشىرە سەت گەپ بىلەن، تەقلىدچىلەرنى قامچىلىغانلىقىدا پۈتۈنلەي ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. «بىلىدىغان كىشىگە بىلمەيدىغان كىشى تەڭ بولالمايدۇ.» بىر نەرسىنى بىلمەيدىغان كىشى، بىلىدىغان كىشىنىڭ ئاغزىغا قاراش كېرەك. ئەمما كەسپى بولمىغان ئىشلاردا، ئۇنىڭمۇ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغانىكەن، ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. چۈنكى بەزى بىلىدىغانلار بەزى مەسىلىدە توغرىنى بىلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى بىلىدىغانلار ساختىكارلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك بەزى بىلەرمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان توغرا پىكرى دەۋرى خاراكتېرلىق، ماكان خاراكتېرلىق نىسبىي بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا كەسپى ساھەدە بىلىدىغانلارغا، بىلمەيدىغانلارنىڭ تەقلىد قىلىشى زۆرۈرىيەت بولسىمۇ، ئەقىل ـ تەپەككۇرغا

مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتىپ بىلىملەردە، ھەر بىر ئادەم كاللىسىنى ئىشلىتىشى كېرەك.

بۇتپەرەستلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەيكەلنى «خۇدا» دەپ چوقۇنماپتىكەن. ئەكسىچە ئۆزلىرىنى خۇداغا چاقىرغان، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تونۇتقان، ئادالەتلىك ھاياتقا يېتەكلىگەن ئەۋلىيالارنى ئەسلەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ، شۇ ھەيكەلنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ خۇداغا سېغىنىپ ئادەتلەنگەن بولۇپ، زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئاتا - بوۋىلىرىغا تەقلىد قىلىپ، خۇدانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ھەيكەللەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرقئەتمەي، ئاتا - بوۋىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن خۇدا - دەپ، ھەيكەللەرگە باش ئۇرۇشقا باشلىغان. ئەجدادلىرى ئەقىدە قىلغان، ماھىيەتتىكى ئەسلى خۇدانى تونۇماي، كۆرۈنۈشتىكى ھەيكەللەرنى خۇدا - دەپ ئەقىدە قىلىشقان ئىكەن. بۇتپەرەستلەردىمۇ ئەقىل بار. ئەمما ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىنىڭ قىلغان ئىشىغا تەقلىد قىلىدۇ ـ خالاس. ئەگەر ئەقلىنى ئىشلەتسە، ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيتتى. بىراق مۇتەئەسسىپلىك، تەقلىدكەشلىك ئۇلارنى مايمۇننىڭ نەرخىگە چۈشۈرۈپ قويغان.

تېمىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك «شەرقى تۈركىستان كۆپ مىللەتلىك رايون. ئۇ يەر يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ۋەتىنى ئەمەس! تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ماكانى.» - دېگەن شوئار بىلەن «شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەتلىك رايون. ئۇ يەر يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ۋەتىنى ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا

ئائىلىسىنىڭ ئورتاق ماكانى.» دېگەن ئۆكتەملىكنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمە؟ بىرسى «تۈركى خەلقنىڭ ئورتاق ماكانى» دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان ئىگىلىك هوقۇقىنى چەتكە قاقسا، يەنە بىرى «جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ ئورتاق ماكانى» دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى چەتكە قاقىدۇ. ئاتالمىش تۈركپەرەستلەرنىڭ «تۈركى خەلقلەر» دېگىنى تۈركىيەخەلقىنى، ئازەربەيجان خەلقىنى، تاتارىستانلىقنى، تۈركمەنىستانلىقنى، قازاقىستانلىقنى، قىرغىزىستانلىقنى، ئۆزبېكىستانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان هالدا، پەقەت ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان ـ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرنىلا كۆرسىتىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ «جۇڭخۇا ئائىلىسى» دېيىش ئارقىلىق، ئۆز تېررىتورىيىسىدىكى خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە: «ئۇيغۇرىستان خەلقىنى، قازاقىستاننىڭ جەنۇبى، غەربى پارچىسىدىكى خەلقنى، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان خەلقىنى، ئافغانىستاننىڭ شەرق ۋە شىمالى رايونلىرىدىكى خەلقنى قوشۇپ، ئورتاق بىر ئائىلە ئەزاسى» ـ دەپ، دەۋا قىلىۋاتىدۇ. تۈركپەرەستلەرنىڭ تۈركىستان دەۋاسى ـ جۇغراپىيە جەهەتتە، خىتايلارنىڭ جۇڭخۇا ئائىلىسى دەۋاسىنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كەلمەيدۇ. تۈركپەرەستلەرنىڭ تەقلىدچىلىكىنىڭ زىيىنىنى هازىرغىچە ئۇيغۇرلار تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن كەلگۈسىدە قازاقىستانلىق، قىرغىزىستانلىق ۋە ئۆزبېكىستانلىقلارمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى خىتايلار قازاقىستاندىن، قىرغىزىستاندىن، ئۆزبېكىستاندىن نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلارنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئىلمى پاكىت ئويدۇرۇپ تەييارلاپ بولدى. خىتايلار تارىخ نەزەرىيىسىدە: «بۇ بىپايان

تۇپراقلاردا قۇرۇلغان دۆلەتلەر، جۇڭخۇا ئائىلىسىدىكى رەڭگا - رەڭلىك. تارىخلاردا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار قانداقتۇر ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت ئۇرۇشى بولماستىن، چوڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئۆز - ئارا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ئىدى. تاڭ، ھون، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل، مانجۇرلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ تەختكە چىققانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئۆتكۈنچى تارىخلاردىكى قىسمەن ئايرىملىق، قانداقتۇر تولۇق ئايرىلغانلىق بولماستىن، مەلۇم جايلارنىڭ مەركىزى ھاكىمىيەتتىن مەلۇم ۋاقىت يۈز ئۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا بەگلىكلەرنى تىكلىۋالغانلىقى، ھەرگىزمۇ ئايرىم دۆلەت قۇرۇپ، مۇستەقىل دۆلەت ئىگىلىكى تىكلىگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەر بىرىمىز جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى.» - دېگەندەك سەپسەتىلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئۆكتەملىك قىلماقتا. ھەم مۇشۇ سەپسەتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تارىخى پاكىتلارنى ھەرقايسى ئەللەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ تەتقىقاتچىلىرى، ئۆز تارىخلىرىنى چوڭ خىتايچىلىقنىڭ تەركىۋى قىسمى شەكلىدە، خېلە ئىلگىرىلەپ ئىلمىيلەشتۈرۈپ بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ، بىزنىڭ شانلىق دۆلەتلىرىمىزنى كىچىكلىتىپ، چوڭ ئائىلە ئىچىدىكى كىچىك بەگلىكلەر - دەپ ئاتىشىمۇ، بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. شۇنىڭدەك بىزنىڭ تارىخىمىزنى يېزىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخچىلىرى يازغان خاتىرىلەرمۇ، خىتاي تارىخىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىپ كەلمەكتە. مىڭ يىللاپ دەۋران سۈرگەن سەلتەنەتلىرىمىز ھەققىدە خاتىرە يازىدىغان تارىخچىلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز سىېلىشتۇرما ۋە دەۋرى قىياسلىما نۇقتىسىدا،

تازا ھالقىلىق تۈگۈنلەردە، خىتاينىڭ ناھىيە دەرىجىلىك سۇلالە بەگلىكلىرىنىڭ يىلنامىلىرىنى قەيت قىلىپ، بىزنىڭ سىياسى، مەدەنىي، ئىقتىسادى ۋە مىللى مەۋجۇدىيەت تارىخلىرىمىزنىڭ ئومۇمى قۇرۇلمىسىنى، خىتايلارنىڭ پارچە - پۇرات سۇلالىسىگە بېقىنغان بىر ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈپ كەلمەكتە. بۇ نېمە ئۈچۈن دېگەندە، تەقى - تۇرقى ئۇيغۇر ئەمما كاللىسىغا قاچىلانغان بىلىم ئەسلىدە بىلىم ئەمەس، بەلكى خىتاي فورماتلاپ قويغان باكتېرىيە بولغاچقا، ئۇلار شۇ باكتېرىيىنى تارقىتىشتىن باشقىنى قىلالمايدىغان گەپ. پۈتۈن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى مىللى مەنپەئەتىگە، زوراۋانلىق، كېڭەيمىچىلىك مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىۋاتقان چاركارلىقلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇرلار ئاللاھ بەرگەن ئەقلىنى ئېغىلغا باغلاپ قويماي، جايىدا ۋە مىللى مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىشكە تىرىشايلى. ئەقلىمىزنى ئېغىلدىن ئازات قىلساق، نۇرغۇن مەسىلىنى يېشىپ چىقالايمىز.

«ئەجدادلىرىمىز شۇنداق قىلغان، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭىمىز.» - دېگەندىن ئارتۇق تەقلىدچىلىك بولمىسا كېرەك. تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، ئەن - ئەنىۋى ئادەتلەردە، ھۈنەر - سەنئەت ۋە يېرىك كەسىپلەردە كېيىنكىلەر ئاۋۋالقىلارغا تەقلىد قىلىپ، بېيىتىش ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تىكلەپ چىقىدۇ ھەم تەقلىدى ئاساستا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما پۈتۈنلىشىۋاتقان، تارىيىۋاتقان، تەرەققى قىلىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتى سىياسى تەدبىرچانلىقنى چىقىش قىلىۋاتقان چاغدا، سىياسەت ئەقلىنى ئاساس قىلىدىغان بولۇشقا پەرۋا قىلماستىن، ئۇيغۇرنىڭ بىچارە ئەقلىنى قاراڭغۇ ئېغىلغا مەھكەم باغلاپ قويۇپ،

ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «ئەجدادلار شۇنداق قىلغانتى» ـ دېيىشلىرى بۇ خەقنىڭ، ئۆزگىلىپ كېتەي. شۇ چاغدىكى بىزدىن كىچىك «ئەجدادلار» قان كېچىپ قۇرغان مۇستەقىل ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى «شەرقى تۈركىستان» دەپ ئاتىغانلىقى تارىخى پاكىتتۇر. ئۇنىڭ ئورنىغا «تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىسىمۇ بولاتتى. ئەمما ئۇلار ھۆكۈمەت قۇرۇۋاتقان بۇ تۇپراقلار تۈركىستاننىڭ ھەممىسى بولمىغاچقا، يەنى تۈركىستان رايونىنىڭ شەرقىدىكى بىر پارچىسى بولغاچقا، شەرقى تۈركىستان ـ دەپ ئات قويدى. تۈركىستان دېمەك تۈركى قوۋملەر ياشايدىغان جايلار دېگەندىن ئارتۇق ئۇقۇمغا ئىگىدۇر. يەنى «ئۇيغۇرىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، شىمالى ئافغانىستان، ئۆزبېكىستان، قازان ـ تاتارىستان» قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مىللى رايونلىرىنى بىر پۈتۈنلەشتۈرۈپ ئاتىغان نام بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى ئېتنو جۇغراپىيىلىك رايونلارنىلا چۈشەندۈرۈپ قالماستىن، بەلكى چوڭ دۆلەتچىلىك نەزەرىيىسى كۈچلۈك بولغان، سىياسى ئېقىمنىمۇ بىلدۈرەتتى. شۇڭا تۈركىستانچىلىق پىكرى ئەينچاغدا، ئېنگلىز ۋە رۇس ئىمپېرىيىلىرىگە تۇپراق تەھدىتى ئېلىپ كەلگەن خىرس ئىدى. ئەجدادلار ئەنە شۇنداق بىر تەھدىتكە قانۇنى باشلامچىلىق قىلىپ، شۇنداق نامدا ھۆكۈمەت قۇرغان. ئۇ شۇ چاغدىكى سىياسەت ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى تەقلىدچىلەر شۇنى بىلىشى كېرەككى، شۇ چاغدىكى ئەجدادلار «شەرقى تۈركىستان كۆپ مىللەتلىك ـ تۈركى خەلق ياشايدىغان ئورتاق ماكان» بولغانلىقى ئۈچۈن «شەرقى تۈركىستان» دەپ ئاتىغان ئەمەس. بەلكى يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەندەك، ئومۇمى تۈركىستان جۇغراپىيەسىنىڭ

شەرقى پارچىسىنى قۇتقۇزدۇق، بۇنىڭ غەربىنىمۇ قۇتقۇزۇش كېرەك! ـ دېگەن قاراشتا شۇنداق ئاتىغان. بۇ ھەقىقەتنى زامانىمىزدىكى ئاتالمىش ئىلمى تەقلىدچىلەر تامامەن بۇرمىلاپ: بۇ تۈپراقتا ئۇيغۇردىن باشقىمۇ تۈركى قوۋملەر ياشاپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتىغان ـ دېگەن سەپسەتىنى ئويدۇرۇپ چىقىشتى.

تۈركىستانچىلىق چۈشىنىكى ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى رۇسىيىنىڭ يۈركى ـ قازاننىڭ بۇ خەرىتىگە كىرگەنلىكى ئىدى. ھەتتا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئەۋج ئېلىپ، شەرقتە قەشقەردىن، شىمالدا موسكۋا، غەربتە ئوسمانلىغىچە تەسىر قوزغىغان بۈيۈك تۈركىستانچىلىق مەپكۇرىسى، ئەسلىدە قازاندىن قايناپ تېشىپ، بۇ كەڭ زېمىنلەرگە يېيىلىشىنىڭ ئۆزىلا، تۈركى مىللەتلەرنىڭ سىياسى مەۋجۇدلۇقىغا ئۆز قولى بىلەن گۆر قازدۇرغان بىر شۇم پېشانىلىك ئىدى. بۈيۈك تۈركىستان تۈپرىقىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كېمىگە ئوخشاتساق، تۈركىستانچىلىق مەپكۇرىسى سۈيى قۇرۇپ كېتىۋاتقان كىچىككىنە بىر ئېرىقتا ئوخشايتتى. ئۇلار شۇ يوغان كېمىنى كىچىككىنە ئېرىقتا ئاقتۇرۇش ئۈچۈن، كۆمەل تاشقا كەتمەن چاپقان بولدى. بەلكى بۇ تۈركىستانچىلىقنىڭ دائىرىسى ئۇ قەدەر كېڭىيىپ كەتمەي، رۇسىيىنىڭ قازىنىنى چاقمىز دېمەي، ھازىرقى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قەشقەرىستان دائىرىسىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، يوغان تۈركىستان قۇرىمىز دېمەي، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مىللى دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن رېئال يول تۇتقان بولسىمۇ، ئۇ قەدەر تېز ئۇجۇقتۇرۇلماس بولغىيتى. بۈيۈك تۈركىستانچىلىق مەپكۇرىسىنى قايناتقان قازانلىقلار ئەڭ دەسلەپتە، ئەڭ ئېغىر

جازاسىنى ئۆتەپ، تۇپراقلىرى پارچە - پارچە، ئۆزلىرى سۈرگۈنگە مەھكۇم بولدى. بۇ مەپكۇرنىڭ ئۆپكىسى كېتىپ كانىيى قالغاندا، بۇ كانايغا بىزنىڭ ئەجدادلار ئېسىلىپ قېلىپ، ئۆزلىرى نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ قالدى. سىياسەتتە خاتالىق ئۆتكۈزسە، نەتىجىسى مەغلۇبىيەت بولۇپ چىقىدۇ.

ئەمما بۈگۈنكى كۈندە، ھەشقى پىچەكنىڭ بارىڭىدەك ئاينىپ كېتىۋاتقان تەقلىدچىلەر، ئەجدادلارنىڭ قايسى مەقسەتتە، قانداق سىياسەت قوللانغانلىقىغا قاراپ ئەمەس، تارىخنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە، مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىگە قاراپ ئەمەس، ئەكسىچە تاشقى كۆرۈنۈشىگە، ھەتتا پۈتۈنلەي مەغلۇب بولغان تراگېدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىۋېلىشلىرى: «بۇ تۇپراق يالغۇز ئۇيغۇرنىڭلا ۋەتىنى بولماي، بەلكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېكلەرنىڭمۇ ئورتاق ۋەتىنى بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتىغان.» -دېيىشلىرى، ھېچ نېمىنى بىلمەس بولىۋېلىپ، يوغان دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىدەك كېڭىشكىلىرىنى قالقان قىلىشىپ، بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، سۈنى لېيىتىپ بېرىشلىرى ئەسلىدە بىر نومۇسسىزلىقتۇر. ئۇلار خىتاينىڭ «شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون» دېگەن زەھەرخەندىلىك سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارغا تېڭىش ئۈچۈن «شەرقى تۈركىستان كۆپ مىللەتلىك رايون» دەپ، تەرجىمە قىلىپ كەلدى. خۇددى «بىر تۇپراقتا بىرلا مىللەت ياشىسا، ئاندىن ئۇ تۇپراق شۇ مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشى يوللۇق، ئۇنداق بولمىغان ھالدا، بىر مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالسا بولمايدۇ» دەيدىغان، بىرەر مىللى ئۆلچەم بارمىشتەك. كىچىككىنە ئالقانچىلىك «قىرغىزستان» دا بىر يۈز سەككىز خىل قەبىلە ۋە مىللەتلەر

ياشايدۇ. قىرغىزىستان قىرغىزلارنىڭ ۋەتىنى بولغاندەك، شۇ يەردە ياشايدىغان باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ئورتاق ۋەتىنىغۇ! قىرغىزىستان دۆلىتى شۇ يەردە ياشايدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىغۇ! قىرغىز تۇپرىقى «قىرغىزىستان» دەپ ئاتالغانلىقى سەۋەپلىك، قىرغىزىستاندا قايسى مىللەت ۋەتەنسىز قاپتۇ!

بىزنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا كەلسەك، ۋەتىنىمىزگە بىسىپ كىرگەنلەردىن: سۇغدىيلارنىڭ تاجىك قەبىلىسى يەرلەشتى؛ موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسى يەرلەشتى؛ مانجۇرلارنىڭ شىۋە قەبىلىسى يەرلەشتى؛ تۇڭگانلارنىڭ شوپاڭ قەبىلىسى يەرلەشتى. بۇلار ئەينىۋاقىتتا ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ، بىسىپ كىرگەن دۈشمەنلەر بولۇپ، كېيىنچە پۇقراغا ئايلىنىپ كەتكەنلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر پاناھلىق تىلەپ كۆچۈپ كەلدى ۋە يەرلەشتى. ئەمدى تاجاۋۇزچى خىتايلار بىسىپ كىلىپ يەرلىشىۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتالسا، قايسى مىللەت ۋەتەنسىز قالغۇدەك؟ ـ ۋەتىنىمىزنى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، ئەگەر بىرەر يات مىللەت، ياكى بىرەر قېرىنداش مىللەت ۋەتەنسىز قالدۇق ـ دەپ داتلىسا، ئۇيغۇرلاردىن بۇ ۋەتەننى تولۇق تارتىۋېلىپ ئۇلارغا بەرگۈچە، (ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ) ۋەتەنسىز تالادا قالغان شۇ مىللەتنى شەخسى ئۆيىگە ئەكىرىۋالسا، ئىش تۈگەمەمدۇ! (ھەي تۇخۇمدىن ئۆلۈك چىققان باچكىلار!). باشقىلار ۋەتەنسىز قالغۇدەك ـ دەپ، بىزنىمۇ ۋەتەنسىز قىلىۋەتكىلى، بۇ مەلئۇن ئاپپاق

غوجىلارنىڭ ۋەتىنىمىزدە نېمە ھەققى بار!

ئۇيغۇرچە سۆزلەپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە خىيانەت قىلىدىغان زىيالىيلار، ئۆلىما ـ قارىملار، ئۇيغۇرچە سۆزلەپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە خىيانەت قىلىدىغان دەۋاگەرلەر- يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارنى مەڭگۈلۈك ۋەتەنسىز قىلىش ئۈچۈن كەتمەن چېپىۋاتقان گۆركەشلەردۇر. خىتاي بىزنىڭ بايرىقىمىزنى، شوئارىمىزنى، ئەركىنلىك ھوقۇقىمىزنى، دىنى ھوقۇقىمىزنى، مەدەنىيەت ھوقۇقىمىزنى چەكلەپ تۇرۇپ، بىزنى قانلىق باستۇرۇپ تۇرۇپ، ھەم جىسمانى ھەم ئىلمى ئۇسۇل بىلەن بىزنى تۈپتىن يوقۇتۇشنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، زىيالىيلار بىلىم دەۋايىمىزنى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆلىما ـ قارىملار دىن دەۋايىمىزنى قىلىپ تۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر مەدەنىيەت دەۋايىمىزنى قىلىپ تۇرۇپ، دەۋاگەرلەر بايرىقىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شوئارىمىزنى توۋلاپ تۇرۇپ، خىتاي بىلەن پاراللېل بىر ھالەتتە ئۇيغۇرلارنى ۋەتەنسىزلەشتۈرۈشكە كۈچەۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرىستان ـ دېسە يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىدىغانلار، تۈركىستان دەمدۇ، شەرقى تۈركىستان دەمدۇ ياكى موغۇلىستان دەمدۇ (بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدەك)، خالىغىنىنى دەۋالسۇن! لېكىن «ئۇ يەر يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ۋەتىنى ئەمەس. بەلكى كۆپ مىللەتلىك رايون. شۇڭا شەرقى تۈركىستان دەيمىز» ـ دېگەن خىيانىتىنى تەكرارلىغۇچى بولمىسۇن! بىزمۇ ئۇ يەرنى يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ۋەتىنى دەۋالمىدۇق. شۇنى بىلىشى كېرەككى: دۇنيادا قەبىلىسى يوق، ئۇيۇل سۆگەككە ئوخشاش

قېتىشقان بىرلا مىللەت بار. ئۇ ـ ئۇيغۇردۇر. شۇنىڭدەك دۇنيادىكى مىللەت تۈرى ئەڭ ئاز بولغان بىرلا ۋەتەن ـ ئۇيغۇرىستاندۇر! ئۇيغۇرىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ تۈرى ئوندىن ئاشمايدۇ. ئۇيغۇرىستان مىللەتلىرىنىڭ بىرى يەرلىك، توققۇزى كۆچمەن. ئەمما ئۆزىنى مەن ئۇيغۇرىستانلىق ـ دېگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆز بەگ، ئۆزخان ياشاش ھەققى بار.

2019 .06 .12

# ئون بىرىنچى باب

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جان بازىرى

«ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا». بۇنداق سۆزلەرنى ماقال ـ تەمسىل ـ دەپ، شۇنچىلىك ئاددىيلاشتۇرۇپ قويغانكەنمىز. ياكى ئاتىلار سۆزى، ئەقلىيە سۆزلەر دەپمۇ ئاتاپ قويىمىز. نېمىلا دېسەك بۇ سۆزلەرنىڭ ھەققىنى تونىمىغانلىق، قىممىتىنى چۈشىنەلمىگەنلىك، ھەتتا ئېتىبارسىزلاشتۇرغانلىق بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا مەن «پەلسەپە» ـ دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدىم. لېكىن بۇ تېمىدا ئۇنىڭدەك پەلسەپىۋى سۆز ـ ئىبارىلەرگە چۈشەنچە بېرىش مەقسىتىم يوق بولسىمۇ، تېمىدا ئەسلىتىپ ئۆتىدىغان ۋەقەلەردە، ئوقۇرمەنلەرگە ۋەھىمىلىك بىر مەنزىرىنى ئالدىن كۆرسىتىشنى ئويلىدىم.

ئەجدادلىرىمىز كۆندىلىك تۇرمۇشتا، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ۋە سىياسى ھاياتتا كۆرگەنلىرىنى، بىلگەنلىرىنى ئىخچاملاپ، قىممەتلىك پەلسەپىۋى مەزمۇنلارغا سىڭدۈرۈپ، بىلىش ئاسان بولسۇن، ئەستە ساقلاش قولاي بولسۇن، ھەر زامان ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرسۇن ـ دەپ، ئۆز تەجرىبىلىرىنى قاپىيىلىك جۈملىلەر ئارقىلىق بىزگە سۇنغان ئىكەن. ئۆچكە بىلەن قاسساپنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىشنى، يەنى بىرسى جان ئۈچۈن تىپىرلاپ، ھايات

قىلىشنىڭ قايغۇسىدا، بىرسى قانچىلىك گۆش چىقار، قانچىلىك ماي چىقار، بۇ ھايۋاندىن قانچىلىك پايدىغا ئېرىشەرمەن دېگەندىن ئىبارەت، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرى چىقىش قىلىنىۋاتقان، بىرى مۇتلەق غالىپ، مۇتلەق مەنپەئەتدار، يەنە بىرى مۇتلەق مەغلۇب بولغۇچى، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇتلەق قۇربان بولغۇچى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلۈم ئالدىدا، قاسساپنىڭ كەسكۈر پىچىقىنىڭ ئاستىدا پۇت تىپىۋاتقان، بىر كۆرۈنۈشى رەھىمسىز، يەنە بىر كۆرۈنۈشى بىچارە مەنزىرىدۇر. بىراق بىز بۇ پەلسەپىۋى سۆزدىن ھېچقاچان بۇ مەنزىرىنى، يەنى سۆزنىڭ ئۇدۇل مەنىسىنى مەقسەت قىلمايمىز. بۇ سۆزنى ئېيتقان چېغىمىزدا قاسساپ ۋە ئۆچكە بىلەن ئىشىمىز يوق. بەلكى ئۇنىڭ كىنايە مەنىسىنى مەقسەت قىلىمىز. يەنى ئىككى كىشى مەنپەئەت تالىشىۋاتىدۇ. ئىككى مىللەت مەنپەئەت توقۇنۇشى قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئىككى دۆلەت، ئىككى ئېقىم مەنپەئەت ئۇرۇشى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي، رەھىمسىز قاسساپتەك ۋەھشىيلىك قىلىدۇ. ھەم مۇتلەق غالىب. ئۇنىڭ مەنپەئەت دەپ زورلۇق قىلىۋاتقان ھەرىكەت نىشانى بولسا، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ھەقلەرنى باشقىلاردىن تارتىۋېلىشتۇر. يەنە بىرىنىڭ مەنپەئەتى بولسا ئۆزىنى قوغداش، ئۆزىنىڭكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆچكىدەك پۇت تىپىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇ مەغلۇب بولغۇچى، قۇربانلىق قىلىنغۇچى ۋە يوقىتىلغۇچىدۇر.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ئەسىرگە چۈشكەن چاغدىن - يەنى سەئىدىيە سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىدىن باشلاپ مەغلۇب بولۇپ كەلدى. دۆلىتىمىزنى

دەسلىۋىدە موڭغۇل ـ تىبەت بىرلەشمە ھەمكارلىقى ئاغدۇرغان بولۇپ، كېيىن مانجۇلار ئىستىلا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇسلار، ئىنگلىزلار تالان ـ تاراج قىلدى. ئاخىرىدا خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىگە چۈشتۇق. دۆلىتىمىز يىقىتىلغان مۇشۇ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق زاماندا، دۈشمەنلەرگە قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرىمىز ۋە ئارىلاپ مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ دۆلەت قۇرۇشلىرىمىز، خۇددى قاسساپنىڭ پىچىقى ئاستىدىكى جان قايغۇسى قىلىۋاتقان ئۆچكىنى ئەسكە سالىدۇ. چۈنكى مۇشۇ جەرياندىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مەقسەت، نىشانلىرى پەقەتلا ئۆزىمىزگە ئائىت بولغان ھەققىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش ۋە ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بولدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ چېگرايىمىزدىن ئاتلاپ چىقىپ، ھېچقانداق مىللەتكە، ھېچقانداق دۆلەتكە ئۇرۇش ئاچمىدۇق. قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنى قوغداشتىن، ھەققىمىزنى قوغداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر مىللەت ئۈچۈن ئۈچ يۈز يىل جان قايغۇسى قىلىش ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. ئۇپرىدۇق. ئەسلىمىزنى يوقاتتۇق. ئەقلىمىزنى يوقاتتۇق. ھەتتا ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پادىچى بىلەن قاسساپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ھەل قىلىدىغان ئۆچكىگە ئايلىنىپ قاپتۇق.

ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جان بازىرىغا كېلەيلى. ئىسمى شەرىپىنى ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا، تەڭرىتاغ رايونلۇق ئوتتۇرا سوتنىڭ ھۆكۈم ئېلانىنى نەق مەيداندا ئاڭلىغان ئۇكىلاردىن ئاڭلىغان، ئۆزى چەتئەلدە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ ئۈستىدىن غايىۋانە سوت ھۆكمى كېسىلگەن بىر كىشى ئەلچى بولۇپ، بىزنى ئىزدەپ ئالمۇتىدىن بىشكەك شەھىرىگە

كەلـدى. ئەھۋالنـى قسـقىچە چۈشـەندۈرۈپ، ئەگـەر لايـق كۆرسـەڭ ئالمۇتىغا بىرىشـىمىزنى ئېيتتـى. ئۇنـڭ ئېيتىشـىچە، بىزنـى ئـىزدەپ تاپالـماي سـاراڭ بولـۇپ كېتـەي دەپ قالغانـلار بارئىكـەن. بـىز ئـۆز ـ ئـارا پىكىرلىشـىپ، ئالمۇتىغا بېرىشـنى قـارار قىلـدۇق. لېكـىن بـۇ سـەپەر ئادەتتىكـى سـاياھەت، ئادەتتىكـى ئۇچرىشـىش ئەمـەس ئـىدى. شـۇڭا ھـەر قېتىمـدا جانغا تاقىلىدىغـان بـىر مۇدھـىش مەسـىلىگە توغـرا كەلسـەڭ، ئادەتتىكـى چاغـلاردا مـاڭا ئۆچلـۈك قىلىدىغـان باللارمـۇ، مېنىـڭ مەسـئۇل بولىشـىمنى تەلـەپ قىلاتتـى. چۈنكـى مېنـى يامـان كۆرسـىمۇ ئەممـا جانلىرىنـى مـاڭا ئامانـەت قىلالايتتـى. شـۇنچىلىك ئىشـەنچ قىلاتتـى. مەنمـۇ كۆپچىلىكنىـڭ ئىشـى، ۋەتـەن ـ مىللەتنىـڭ ئىشـى بولغاچقـا كۆپچىلىكنىـڭ يـۈز پىرسـەنت قـول كۆتـۈرۈپ، مېنىـڭ مەسـئۇل بولۇشـۇمنى تەلـەپ قىلغـان، ھـەر قانـداق ئىشـلاردا ماقـۇل بولـۇپ، ئالدىغا چۈشـۈپ ماڭاتتـىم. ئۆتكـەن قېتىـم ئـىش ئەپلەشـمەي قالغانـدا، ھـە قايسـىڭ مـاڭا جاپـا قىلغانىـڭ، ئەمدى بۇنـداق ئاخمـاق مـەن يـوق! ـ دەپ، كۆپچىلىككـە ھەرگـىز تەئـەددى قىلمايتتـىم. نەتىجىسـى قانـداق بولىشـى كېيىنكـى گـەپ، ئەمما ھازىـر لازىـم بولىدىغىنـى نەتىجىسـىنىڭ غېمـى ئەمـەس، بـۇ ئىشـقا بـاش تىقىـپ ماڭىدىغـان، تەۋەككۈلچـى ھـەم ئېدىتلىـق بىرسـى ئـىدى. باشـقىلار مېنـى لايـق كۆرگـەن ئىكـەن، ماقـۇل دېمىسـەم ئۆزەمنـى كەچۈرەلمەيتتـىم. بـۇ گـۇرۇپپىنىـڭ ئۆزىمىـز بىكىتكـەن ئـەن ـ ئەنىسـى بويىچـە، ھەرقانـداق تاشـقى مۇناسـىۋەتتە كۆپچىلىكنىـڭ تولـۇق قېتىلىشـى بىلـەن بـىر كىشـىنى رەئىـس، ئىككـى كىشـىنى ياردەمچـى قىلىـپ سـايلاپ چىقاتتـۇق. بـۇ قېتىمقـى مۇناسـىۋەتتىمۇ مـەن رەئىـس بولـدۇم.

دوكتۇر ئەپەندى مۇئاۋىن رەئىس، قارىم قوغدىغۇچى بولۇپ، ئۈچ كىشى ۋەزىپىگە تەيىنلەندۇق. كېيىنكى كۈنى يەنى 95 - يىلى 7 - مارت ئالمۇتىغا يېتىپ بېرىپ، بىزنى ئىزدىگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلار ئۆزىنى تونۇشتۇردى. بەستىلىك كەلگەن، چېچىدىن قاش، كىرپىكلىرىگىچە قىزغۇچ ئالتۇندەك جۇلالىق، ئاسمان كۆز ئادەم «خەلقئارا ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىسلام تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى» ئىكەن. مەن چاقچاق قىلىپ: سىزنى ئەرەب دېگۈچە، ئورۇس دېسىمۇ، ئىنگلىز دېسىمۇ بولۇۋەرگۈدەك - دېدىم. ئۇ: شۇنداق، لېكىن رۇس تىلى بىلمەيدىغان يېتەرسىزلىكىم بار - دېدى، كۈلۈمسىرەپ. رۇس تىللىق رايونلاردا گاچا بولۇۋېلىپ شەرەت قىلساڭ بولىۋېرىدۇ - دېدىم، ھەم بارماقلىرىم بىلەن شەرەتلەپ. ئۆز ۋاقتىدا گاس - گاچا بىر مەھبۇس بىلەن سەككىز ئايدەك بىر كامېردا تۇرغان چېغىمدا، گاچا تىلىنى خېلە ئوبدانلا ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. شۇڭا بەكرەك ئوخشىتىۋاتقان چېغىم. - سەن كونا - يېڭى ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنى قوراشتۇرۇپ، ئەرەبچە سۆزلەپ يۈرمەي، مۇشۇنداق شەرەت قىلساڭ، مەقسىتىڭنى ئوبدان چۈشەندۈرەلەيسەن - دېدى ئالتۇن چاچلىق پروفېسسور، شۇنچىلىك يېقىملىق، تەمكىن بىر ئاھاڭدا. بۇ ئاجايىپ كەلگەن بىر كۈلدۈرگە بولدى - دە، ئارىمىزدا ئەرەبچە بىلىدىغان ئەلچى ئەپەندىم، مالىم ھاجىممۇ بار ئىدى. بىر مەيدان يۇمۇرلاشتۇق، كۈلۈشتۇق. سورۇننىڭ تۈسى ئۇيغۇرچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەسلىدە ئىنتايىن سۈر باسقان، قورقۇنچلۇق بىر سۆھبەت ئۈستىلى بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىز

بىزنى ئەزرائىلغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ ئەتراپنى ئەزرائىلنىڭ ۋەھىمىسى قاپلاپ كېتىشى لازىم ئىدى. بىراق يەنىلا ئۈيغۇرلىقىمىزنى قىلدۇق. بىر مەيدان كولۇشكەندىن كېيىن، تەقى ـ تۇرقى مېنىڭدەك كەلگەن، ئازگالدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قانىنىڭ ھىدى پۇرايدىغان، بۇغداي ئۆڭلۈك تولۇم ئەرەب چىراي ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ سوۋېت ـ ئافغان ئۇرۇشىغا 16 يىل قاتنىشىپ، پىيادە قىسمىغا يېتەكچىلىك قىلغان ئىكەن. يۈزى ـ كۆزلىرىدىكى قىيما ـ چىيما تاتۇقلاردىنمۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئالدىنقى سەپ جەڭچىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تونۇشتۇرىدىغان نۆۋەت بىزگە كەلگەندە، ئىسمىمنى دەپ بولۇپ ھازىرقى سىياسى ۋەزىپەمنىمۇ: مەن رەئىس ـ دەپ قېتىپ قويسام، ئالتۇن چاچ: سەن قايسى دۆلەتنىڭ، قايسى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى؟ دەپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرىدۇ مەندىن جاۋاب كۈتۈپ. رەئىس دېگەن گەپ ئەرەبچە بولغىنى بىلەن، ئەرەب خەقلەر دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىلا رەئىس دەيدىكەن. مېنىڭدەك ئۆزى رەئىس بولىۋالغانلارنى ـ ئەمىر دەپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن رەئىسلىكتىن چۈشۈپ ئەمىر بولۇپ قالدىم بىر دەمدىلا. مەيلى ئەرەبنىڭ ئالدىدا ئەمىر بولۇپ قالسامۇ، ئۆز ئىچىمىزدە رەئىسقۇ مەن ـ دېدىم كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ. دوكتورنى مۇئاۋىن ئەمىر، قارىمنى قوغدىغۇچى ـ دەپ، تونۇشتۇردۇم. قارىمنىڭ چېچى چىمدىمغا چىقمىغۇدەكلا، پەقەتلا ئۆسمەي بىر خىل تۇرۇشى، ئوتتۇراھال يوغان بېشىنى ئالدىغا راق چىقىرىپ، مورە كۆرسىتىشى، جەينەكلىرىنى تېشىغا، بىلەكلىرىنى ئىچىگە سەل ئەگمە قىلىۋېلىشى، ھازىرلا تۇتۇپ باسىدىغان قوشتەك

كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى كىشىلەرگە قوغدىغۇچىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. مېنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرغان گېپىم ئىككى جۈملىدىن ئاشماي تۈگەپ كېتىۋىدى، ئالتۇن چاچ: ھەممىسى شۇمۇ؟ ـ دېدى، مەمنۇنسىز بىر كەيپىياتتا. ھەئە ـ دېدىم كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن جاۋاب بېرىپ.

ئالتۇن چاچ: بىز ئىزدەۋاتقان كىشىلەر باشقىلار بولسا كېرەك. ياكى ئۆزۈڭلارنى يوشۇرىۋاتىسىلەر.

مەن: بىز دۈشمەندىنلا يوشۇرۇنىمىز. ئەمما بىزنى نېمىشقا ئىزدىگىنىڭلارنى، بىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ـ سىلەر ئەمەس دېگىنىڭنى چۈشەنمىدىم.

ئالتۇن چاچ: بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر مۇجاھىتلىرى توغرۇلۇق ئېلان قىلىنغان ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى، يېرىم يىل ئاۋۋال كۆردۇق. ئۇلار خىتاي دۆلىتىگە قارشى جىھات قىلىپ، چېگرىدا قالايمىقانچىلىق تېرىۋاتقان ئىكەن. بىز شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنى ئىزدەۋاتىمىز. ئەمما سىلەردە ئۇنداق بىر ئالاھىدىلىك كۆرۈنمەيدۇ.

مەن: ھە، مۇنداق دە. سىنىڭ دۆلەتلىرىڭ، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان كىچىك دۆلەتلەر ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تىترەيدىغان، ئامېرىكا، رۇسىيە ئەيمىنىپ سۈكۈتتە تۇرىۋاتقان، دۇنيادىكى چوڭ كۈچ ـ دەپ ئاتىلىۋاتقان، شۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ قولىدىن تىرىك قېچىپ كەتكەن، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە خىتاي بىرلىكتە تۇتالمايۋاتقان سالاھىتىمىز، ساڭا كىچىك كۆرۈنۈپ قالدىمۇ؟

ئالتۇن چاچ: خاتا چۈشىنىش بولۇپ قالمىسۇن. قولۇڭلاردىن نېمە كېلىدۇ؟ قايسى تېپتىكى ئۇرۇش قوراللىرىنى

ئىشلىتەلەيسىلەر؟

مەن: ئادەتتىكى يېنىك تىپلىق قوراللارنى ئىشلىتەلەيمىز. پارتىلىغۇچ ھەرىكەتتىكى مۇۋاپىق، يوشۇرۇشقا، يۆتكەشكە ئەپلىك قوراللارنى ئىشلىتەلەيمىز. تاشلاندۇق تۆمۈر پارچىلىرىدىن بومبا ياساشنى، پارتلىتىشنى بىلىمىز.

ئالتۇن چاچ: رۇس تىلى سەۋىيەرىڭلار قانچىلىك؟ ياكى قازاقچە، قىرغىزچە، ئافغان، ئۆزبېك تىللىرىدىن بىلەمسىلەر؟

مەن: بىز خىتايچىنى بىلىمىز. رۇسچە بىلمەيمىز. ئافغانچىمۇ بىلمەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرى بىزگە ياتمۇ ئەمەس.

ئالتۇن چاچ: رۇس تىلى بىلىشىڭلار بىز ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى.

مەن: سىلەر ئۈچۈن مۇھىم بولغان نەرسىنىڭ بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولىشى مۇمكىن.

ئالتۇن چاچ: سەن ئويلانمايلا سۆزلەيدىكەنسەن.

مەن: ساڭا شۇنداق تۇيۇلغان بولسا ئېھتىمال. ئەمما مەن 81 ـ يىلدىن بېرى ئويغاقلا بولسام ئويلىنىمەن. چۈشۈمدىمۇ ئويلىنىمەن ھەتتا. شۇڭا كىم بىلەن قانداق گەپلىشىشنى بىلىمەن.

ئالتۇن چاچ: ھازىر جاۋاب بولغانلىقىڭ ياخشى. لېكىن سىلەرنى نېمىشقا ئىزدىگەنلىكىمىزنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشىڭ كېرەكتى.

مەن: ئېتىبارغا ئالغاچقا، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، بىشكەكتىن ئالدىڭغا كەلدۇق.

ئالتۇن چاچ: ئۇنداق بولسا ئۇدۇل گەپكە كېلەيلى. بىزگە ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىدىغان، ھەقىقىي سالىھ مۇجاھىتلار كېرەك. شۇڭا سىلەرنى ئىزدىگەن ئىدۇق. دېڭىزدىن تاش ئىزدىسەكمۇ بۇنچىلىك ۋاقىت كەتمەيتتى. بىراق سىلەرنى تېپىشتىن زېرىكمىدۇق.

مەن: رەخمەت، مەمنۇن بولدۇق. بىز ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىشقا مىلىڭ جېنىمىز بىلەن تەييار. بىز بىلەن ھەمكارلىششنى خالىغانلىقىڭلارنى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى دەپ بىلىمىز.

ئالتۇن چاچ: بىز بەك چوڭ بىر پىلان بىلەن جىھات تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز. ئەلۋەتتە بۇ پىلاننى سىلەر بىلەن باشلايمىز. سىلەرنىڭ گۇرۇپتىن باشقا ئۇيغۇرلارنى ئەگەشتۈرەلەمسىلەر؟ ختاي چېگرىسىدىن چىقىرىپ سېپىمىزگە قېتىشقا ئىمكانىيەت بولامدۇ؟ ياكى يەرلىك ئېتى مۇسۇلمان خەلقتىن سەپكە قېتىش ئىشىدا رول ئوينىيالامسىلەر؟

مەن، ئالتۇن چاچنىڭ پىلانىدىن ئېغىر گۇمانغا چۈشتۈم. بىزنىڭ رۇس تىلى بىلىشىمىزنىڭ مۇھىملىقى، ئافغانچە، ئوتتۇرا ئاسىياچە، ئۆزبېكچە بىلىشىمىزنىڭ نېمىگە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى غۇۋا سەزگەندەك بولۇپ، ئۇنى ئوچۇق سۆزلەشكە قىستىدىم. ئالتۇن چاچ پىلاننى ئىخچاملاپ ئاشكارىلىدى: «سوۋېت - ئافغان ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا، ئەرەب جىھاتچىلىرى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي خىراجەت تۈپەيلى تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تارقالغاندىن كېيىن، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن

ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا، پەقەت ئىتى مۇسۇلمان، ئۆزى كاپىر خەلق ئۇستى ئوچۇق، دىنسىز ھۆكۈمەتلەرنىڭ قولىغا تاشلىنىپ قالغان. بۇ زېمىنلاردا ئاللاھنىڭ دىنىنى ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن جىھات قوزغاش لازىم.»

مەن: بۇ دۆلەتلەردە جىھات ئۇرۇشى قوزغىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دىنى مەكتەپ ئېچىش، مەسچىت سېلىش، تەبلىغ قىلىش، دىنى ماقالە يېزىش، دىنى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، جامائەت توپلاش، دىنى پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق، دىنى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كەڭچىلىك تۇرسا. نېمىشقا تىنچلىق بىلەن دىن تارقاتماي، جىھات قىلىشىمىز كېرەك؟

ئالتۇن چاچ: بۇلارنىڭ ئىمانى بوغۇزىدىن ئۆتمەيدىغان، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرابىلارغا ئوخشاش گۇمران خەلقتۇر. بۇلارنى ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھات پاكلايدۇ.

مەن: بوغۇزىدىن ئىمان ئۆتمىگەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

ئالتۇن چاچ: بىز مۇسۇلمان دېگىنى بىلەن ھالال - ھارامنى ئايرىمايدۇ؛ گۇناھنى قىلىدۇ؛ بۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئىسلامغا، ئىمانغا، دىنغا زىت؛ شۇڭا بىر قېتىملىق جىھات بىلەن، قان بىلەن بۇلارنى پاكلاش كېرەك!

مەن: يەتمىش يىل دىنسىزلاشتۇرۇلغان بىر خەلق، تېخى يېڭىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتى؛ ئەسلىنى ئىزدەۋاتىدۇ؛ بىز بۇلارنىڭ ئەسلىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلماقتا يوق، بېشىغا بومبا تاشلاپ، نېمىسىنى پاكلايمىز؟

ئالتۇن چاچ: ئىنسان ئاللاھنىڭ، زېمىن ئاللاھنىڭ، بىز ئىنسانلارغا، زېمىن يۈزىگە ئاللاھنىڭ نۇرىنى، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزىمىز ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىپ، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىرىمىز.

مەن: بۇ ئەللەر كوممۇنىزمدىن ئەمدىلا دېموكراتىيىگە ئۆتتى؛ مۇشۇ دېموكراتىك تۈزۈم ئاستىدا، بىز تىنچلىق يولى بىلەن خەلققە دىنىنى ئۆگەتسەك، ھاكىمىيەت سايلام ئارقىلىق ئالمىشىدىغان بولغانىكەن، دۆلەتكە مۇسۇلمانلار باشلىق بولسا، دۆلەت قان تۆكمەيتۇرۇپ، تىنچلىق بىلەن ئىسلامغا ئۆتەلەيدىغۇ!

ئالتۇن چاچ: دۇنيادا ھېچقانداق ئىسلام دۆلىتى يوق؛ دۆلەتلا بولىدىكەن، «ب م ت» غا ئەزا بولىشى شەرت؛ ئۇيەرگە ئەزا بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپتۇر؛ شۇڭا بىز تاغۇتلارغا بويسۇنىدىغان، تاغۇتلارنىڭ قانۇنىغا ماقۇل دەيدىغان دۆلەت قۇرۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ پەرز قىلغان جىھات ئارقىلىق كاپىرلارغا، تاغۇتلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن، ئاللاھنىڭ كالامىنى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئالىي قىلىمىز!

مەن: سېنىڭ چۈشەنچىڭ بىلەن ئېيتقاندا ئىسلام دۆلىتى يوقمۇ؟ مۇسۇلمانلار دۆلەت قۇرماي، ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆلۈشكە مەھكۇممۇ؟

ئالتۇن چاچ: بۇ مېنىڭ چۈشەنچەم ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى؛ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلار زالىمدۇر، تاغۇتتۇر، كاپىردۇر؛ سەن دۆلەت

قۇرۇسەن، ئەمما ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلالمايسەن. ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قارشى، كاپىرلارنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇپ، كاپىرلارنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن؛ ساڭا دۇنيالىق نېسىپ بولىشى مۇمكىن، ئەمما ئاخىرەتلىكىڭ يوق؛ شۇڭا ھەقىقى مۇسۇلمان دېمەك - ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆلۈش دېمەكتۇر! مانا بۇ بىزنىڭ يولىمىز.

مەن: مۇسۇلمان دۆلەت قۇرمايدىغان ئىش بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھسالام نېمىشقا دۆلەت قۇرۇشقا ئۇلگە كۆرسەتكەن؟ نېمىشقا تۆت خەلىپە دۆلەت تۇتقان؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرى ئۆلۈپلا، يەر يۈزىدىن ئادەم ئەۋلادلىرىنى پۈتۈنلەي تازىلىۋەتمىگەن؟ نېمىشقا مەككە ئازات بولغاندا مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋەتمىگەن؟ نېمىشقا مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەھۇدى قەبىلىلىرىنى، بەدىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋەتمىگەن؟ مۇھەممەد ئەلەيھسالام نۇرغۇنلىغان پادىشاھلارغا خەت يوللىغاندا، نېمىشقا ئىسلامنى قوبۇل قىلساڭلار جان، مال، دۇنيا، مەنسەپ، تاجى - تەختلىرىڭلار ئامان قالىدۇ دېگەن؟ نېمىشقا ھەممەڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمىز ئۆلۈپ، سىلەرنى دوزاخقا، ئۆزىمىزنى جەننەتكە يوللىۋېتىمىز!- دېمىگەن؟

ئالتۇن چاچ: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ تۆت خەلىپىلىرىنىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئىسلام دۆلىتى، ئىسلام ھاكىمىيىتى بولمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نامى ئىسلام ئۆزى تاغۇت ھاكىمىيەتلەردۇر؛ ھەممىسى سىياسى ئويۇن.

مەن: بوپتۇ، سىلەر شۇنداق ئەقىدە قىلساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى؛ ئەمما بىز ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزنى

خىتايدىن ئازات قىلىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرىمىز؛ سىلەر بىلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ھەمكارلىشىش ئارزۇيىمىز بار؛ ئەگەر تۈركىستانى شەرقىييەنى ئازات قىلىشقا، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ كاپىر، زالىم، كوممۇنىست خىتايدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلغانلىقىڭلارنى، ئاللاھ يولىدا جىھات قىلدۇق ـ دەپ ئەقىدە قىلالىساڭلار، ئاللاھ دۇنياغا سىغمىغۇدەك ئەجىر بېرەر؛ بىر مۇسۇلمان خەلق ياشايدىغان دۆلەتنىڭ قۇتۇلۇشىغا سىلەردىن ياردەم سورايمىز.

ئالتۇن چاچ: سەن ئەشەددى مىللەتچى، دۆلەتچى ئىكەنسەن؛ سىلەرنىڭ تۇغۇلما لىدەرىڭلار بولغان ـ ئىسا بەگنىمۇ بىلىمىز؛ سېنىڭ پىكرىڭ شۇ كىشىنىڭكىگە ئوخشاشكەن؛ ئۇ ئادەم شۇنچىلىك پاسىق كۆرۈندى بىزگە.

مەن: ئۇنىڭغا ئەقىدەمنى، پىكرىمنى، مىللەت، دۆلەت سۆيگۈمنى ئوخشاتقىنىڭدىن نەپرەتلەندىم؛ سىلەر ئادەم تونىمايدىكەنسىلەر؛ ئۇ قولىدىن كەلگەن چاغدا مۇستەقىل دۆلىتىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ، خىتاي تەرەپتە تۇرغان؛ مىللىتىمىزگە، ۋەتىنىمىزگە خىيانەت قىلغان؛ سۈرگۈن بولۇپ چەتئەلگە چىقىپ قالغاندىن كېيىن، 45 يىلدىن بېرى ئۆزىنى لىدەر قىلىۋېلىپ، مىللەتنى ئويناۋاتىدۇ؛ ئەمما بىز ۋەتەن، مىللەتنى قۇتقۇزۇش، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىدىغان ئادەملەر.

ئالتۇن چاچ: گەپىڭنىڭ ھەممىسىنى سەن دېدىڭ؛ باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق بولامدۇ؟

مەن: ئەلۋەتتە بولىدۇ؛ بىراق ئۇلارمۇ مەن نېمە دېسەم، ئەينەن شۇنى دەيدۇ؛ ئەگەر باشقىچە بىر نەرسە دېسە، مەن

رۇخسەت قىلمايمەن؛ چۈنكى مەن ئەمىر بولغاچقا ئايەت، ھەدىس ئوقۇپ، ماڭا ئوخشاش پىكىر قىلىشقا مەجبۇرلايمەن!
- گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلارمۇ، بىزمۇ تەڭلا كۈلۈشتۇق. چۈنكى ئالتۇن چاچ بىلەن بولغان سۆھبەتتە، مەن ئۆزەمنىڭ پىكرىمنى دېسەم، ئۇ ھەر بىر ئىترازىدا، ياكى ھەر بىر تەشەببۇسىدا بىر ئىغىز گەپ قىلسا، ئۇن ئايەتنى، بەش ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئاغزىمنى تۇۋاقلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ھەتتا «قۇرئان سىنىڭ شەخسى كىتاۋىڭ بولمىغاندىكىن، ئۆزەڭنىڭ گېپىڭنى دېمەمسەن؛ مەن ئادەتتىكى ئىنسانىي گەپنى دېسەممۇ، شەخسى پىكرىڭنى قۇرئان ئوقۇپ نىقابلاۋاتىسەن؛ بۇ قىلغىنىڭ قۇرئاننى ساتقان بىلەن ئوخشاش» - دەپ، نەچچە قېتىم سەكرىتىۋەتكەن ئىدىم. شۇڭا ھازىرقى تەنە سۆزۈم ھەممەيلەنگە يۇمۇردەك تۇيۇلۇپ كەتتى بولغاي، بىر ھازا چاقچاقلىشىپ كۈلۈشتۇق. كۈلكىدىن كېيىن ئالتۇن چاچ: سىلەر ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەن تۇرۇقلۇق، دەم ئالدۇرماستىن، كۆپ مۇنازىرىلىشىپ چارچىتىپ قويدۇق؛ سۆھبەتنىڭ داۋامىنى ئىنشائاللاھ ئەتە دېيىشەيلى؛ ھازىر ئۇخلاپ قېلىڭلار- دەپ، بىزگە ئورۇن تەييارلاپ بەردى. ئەلچى ئەپەندىم بوۋاق بالىسى بىلەن ئايالىنى، ئۈچ كۈندىن بېرى يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقى، شۇڭا ھازىر ئۆيىگە كېتىپ، ئەتە ئەتتىگەندە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىز بىلەن خوشلاشتى. مالىم ھاجىم بىزگە ھەمراھ بولۇپ، تۆت نەپەر قۇربانلىق بىر ئۆيدە ياتتۇق. ئۆيقىدىن بۇرۇن ئاز - تولا پىچىرلىشىپ قويىدىغان ئۇيغۇرچە ئادەت بولغاچقا: باشتىن ئاخىرغىچە ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا، بۇلار ياكى ئامېرىكىنىڭ جاسۇسى، ياكى ئىسرائىلنىڭ جاسۇسى،

ھەتتا خىتاينىڭ جاسۇسى بولۇشى مۇمكىن؛ ھېچ بولمىغاندا قورال سودىگەرلىرىنىڭ دەللاللىرى بولۇشى مۇمكىن؛ ھەرگىز پاكىز مۇجاھىتلار ئەمەس - دېدىم ئاۋازىمنى پەسەيتىپ چىقىرىپ. گېپىم تۈگىمەيلا مالىم ھاجىم تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلاپ: ھاي ئابدۇرەھىمجان ھاي، بى بالا تېرىمىسىلا بېشىمىزغا؛ بۇ خەق تىنىچ خەق ئەمەس جۇما؛ ئۆيدە ھەر خىل ئۇسكۈنىلەر بولۇشى، ئاۋازىمىزنى ئېلىشى مۇمكىن؛ ئەتە تاڭ ئاتقۇچە باشلىرىمىز يوقاپ كەتمىسۇن يانا! - دەپ، راستىنلا ئەنسىرىتتۇەتتى. بىر باشتىن ئەندىشە ئارىلاش يەنە يۇمۇر باشلىنىپ، بىر ھازا پىخىلداپ كۈلۈشتۇق.

باللار ئۇيقىغا كەتتى. ئەمما ئالتۇن چاچنىڭ تەقى - تۇرقى كۆز ئالدىمدىن، ئېيتقانلىرى قۇلۇقىمدىن زادىلا كەتمەيتتى. ئۇنىڭ تەمكىن، غەمسىز ھالىتىنى ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گېپىگە ئۇيغۇن كۆرمىسەممۇ لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا خۇدا ئۇرۇشى قوزغايدىغانلىقىغا جەزىم قىلاتتىم. بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادا خۇدا ئۇرۇشىنى بىزنىڭ قولىمىز بىلەن قوزغاش پىلانىنىڭ ئارقىسىدا كىملەرنىڭ بارلىقى، قايسى گۇرۇھ، قايسى دۆلەت، قانداق مەقسەتتە پىلانلىغانلىقى بىر سىرلىق تېپىشماق ئىدى. بۇ پىلانىنىڭ ئارقىسىدا خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بەك ئويلاپ كەتمىسەممۇ، يەنىلا بىر تەرىپى قارا كۆلەڭگۈ ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ داڭقىمىز ئۆتكەن يىلى ئىيۇل ياپونىيە پادىشاھ ئاخباراتىدا ئېلان قىلىندى. سېنتەبىر ئايلىرىدا رۇسىيىنىڭ «مىرا» گېزىتىدە، گېرمانىيىنىڭ «جەنۇبى گېرمان» گېزىتىدە بەس - بەستە ئېلان قىلىندى. خەۋەرنىڭ ئەسلى ئورگىنالىدا «ئۇيغۇر كۆرەشچىلىرى خىتاي سېپىلىنى بۇزۇپ، ئەركىن

دۇنياغا چىقالامدۇ؟» دېيىلگەن بولسا، كۆچمە ئاخباراتلاردا «ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرى خىتاي چېگرىسىنى بۇزۇپ چىقتى»، «قوراللىق ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى چېگرا ياقىسىدا ئۇرۇش قىلماقتا» دېگەندەك، ھەر قايسى ئۆزى خالىغانچە مەزمۇندا خەۋەر تارقىتىشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز چەتكە چىقىپ ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتە - ئۆتمەي، بىزنىڭ قوراللىق ئىنقىلاب قوزغايدىغانلىقىمىز، چەتئەلدىكى مىللى فرونتىدا ھەربى تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىمىز توغرىسىدا، ۋەتەن ئىچىدە داۋراڭ سېلىنىپ، ئۇنىڭغا ماس قەدەمدە ئاتالمىش «ۋەتەنپەرۋەر كادىرلار» بىرى بېسىقسا يەنە بىرى، ئارقىمىزدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ، بىزنى ئىزدەپ تېپىۋالاتتى - دە، خۇددى بىز ۋەتەندە ياشاپ باقمىغاندەك، ۋەتەننىڭ ئەھۋالىدىن زادىلا خەۋىرىمىز يوقتەك، «ۋەتەننىڭ ھەممە جايلىرىدا خەلقىمىزنىڭ تەشكىللىنىپ، ئازاتلىق ئۇرۇشىغا تەق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بىز ئوتتۇرا ئاسىيادا قوراللىق ھەرىكەت قوزغاپ، ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەستىن ۋەتەنگە باستۇرۇپ كىرىشىمىز لازىملىقىنى» تەلەپ قىلىشاتتى. بىزنىڭ قاش - كىرپىكىمىزدىن ۋەتەننىڭ چاڭ - تۇزانلىرى تېخى ئۈچۈپ كەتمىگەن تۇرسا، بۇ «ۋەتەنپەرۋەر كادىرلار» بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قوراللىق تەشكىللىنىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىمىزنى تەشەببۇس قىلىشلىرىنىڭ ئارقىسىدا، جەزمەن خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ بارلىقى كۆرۈنۈپلا قالاتتى. مانا ئەمدى ئاتام كۆرمىگەن قارا قۇمچاق، سېرىق - سۇرۇقلارنىڭ «بىزنى يېرىم يىل ئىزدەپ ئاران تاپقانلىقى» بىرخىل سىرلىق تۇيۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ئەجەبا «ۋەتەنپەرۋەر كادىرلار» ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا

جىنايەتكە يېتەكلىيەلمىگەن ئىپلاس خىتايلار، ئەمدى ئەرەب جىھاتچىلىرى ئارقىلىق، بىزنى خەلقئارا تېررورىزمنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولغانمىدۇر. ئەگەر بىز ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب تېررورچىلىرىنىڭ سېپىگە قېتىلىپ قالساق، ياكى ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىغا دەسسەپ، كۆزگە چېلىققۇدەك تەشكىللىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقساق، بۇنىڭدىن خىتاينىڭ ئالىدىغان پايدىسى: بىرىنچى ۋەتەندىن چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان، ۋەتەندىن قېچىپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە جان ساقلاۋاتقان، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق ئىش قىلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىش؛ ئىككىنچى ئۇيغۇرىستاننىڭ مەسىلىسىنى، خىتاينىڭ زوراۋانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، دۇنياغا ئاڭلىتىش ئىمكانىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىش؛ ئۈچىنچى خىتاينىڭ چېگرا بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدە ئېلىپ بارىدىغان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىش؛ تۆتىنچى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى يەرلىك خەلققە خەتەرلىك كۆرسىتىپ دۈشمەنلەشتۈرۈش؛ بەشىنچى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئىرادىسىنى، خىتايغا قارشى مىللىي ئىرادىسىنى دۇنيا ئەھلىگە تېررورىست، خەلقئارا تېررورىستلارنىڭ شايكىسى ھالىتىدە كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنيا بويىچە يېتىم قالدۇرۇش قاتارلىق، سانسىزلىغان زىيانكەشلىكلەرنى، مۇشۇ بىر ئوچۇم قاچقۇنلارنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان، شۇم پىلان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئەگەر بۇلار ئامېرىكىنىڭ ياكى ئىسرائىلىنىڭ

جاسۇسى بولغان تەقدىردە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ياكى رۇسلارنىڭ ئىشغالىدىن قۇتقۇزغان بۇ تۇپراقلارنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن، جىھات ئۇرۇشى قوزغىماي، ئىقتىسادى ۋە تېخنىك يولى بىلەن سىڭىپ كىرسە، ئاستا- ئاستا سىياسى تەسىرىگە ئالسا، بىر تامچە قان تۆكمەيتۇرۇپمۇ ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەتتىغۇ. ئېھتىمال بۇلار چوڭ تېپتىكى قورال ئىشلەپ چىقىرىدىغان، قورال ساتىدىغان كاپىتالىستلارنىڭ جاسۇسلىرى بولىشى مۇمكىن. بۇ بىپايان قىپچاق دەشتىدە خۇدا ئۇرۇشنى باشلىۋالسا، پۈتۈن ئاسىيا قىتئەسىگە قورال ساتىدىغان بازار ئېچىلىدۇ دېگەن گەپ. ئەگەر بۇلار خىتاي ئىستىخباراتى بىلەن ھەمكارلىقى بولمىغان تەقدىردە، خۇدا ئۇرۇشنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا جايلاردا، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىمىز بولغان خىتاينىڭ ئىچىدە باشلىغىلى بولىدۇغۇ. توغرا بۇلاردىن بىر ئىمتىھان ئېلىش سوئالى تەييارلىشىم كېرەك! ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، ياكى ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزدۇممۇ، ئىشقىلىپ، مۇكەممەل بىر پىلان - ئىمتىھان سوئالى تەييارلاپ چىقتىم. ئەتىسى سەھەر بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇق. ئالتۇن چاچ ئىمام بولغان ئىدى، ئۇنىڭ قىرائەتلىرى روھىمدىن ئۆتۈپ تەنلىرىمنى خېمىردەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. نامازدىن يېنىپ ئاغىنىلەرگە: ھاياتىمدا ئىككى رەكئەتلا ناماز ئوقۇغاندەك بولۇپ قالدىم - دەپ تاشلىۋېدىم، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئەرەبلەر سورىغان ئىدى، ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەردى تېخى. بۇمۇ مېنىڭ ئىخلاسىمنىڭ يېگىلانغانلىقىنى، ھېپىنوز قىلىنغانلىقىمنى، ساداقىتىمنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، دېمەكچى بولغانلىرىمغا سەممىيەت تۈسى كىرگۈزۈشكە پايدىلىق ئۇسۇل بولۇپ

قالدى. ئەربلەر ماشائاللاھ، ئىنشائاللاھ دېيىشىپ مېنىڭ ئىككى رەكەت نامىزىمنى ئەرشكە چىقىرىۋېتىشتى. بىز ناشتىلىقتىن يېنىپلا مۇزاكىرىنى باشلىدۇق. ئەمدىكى مۇزاكىرە مېنىڭ تەكلىپىم ئۈستىدە بولدى.

خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئوتتۇز مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان خىتايلار بار. ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق مىللىي مەسىلىسى يوق. ئۇلارنىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى بولۇپ باقمىغان. خىتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاللاھغا قۇلچىلىق بىلدۈرۈپ، ساۋاب تېپىپ جەننەتكە كىرىشتىن باشقا غېمى يوق. ئۇلارنىڭ چىرايى، تىلى، كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەممە نەرسىسى خىتايچە. پەقەت كۆڭلىدىكى ئىمانى، نامىزى، روزىسى بىلەنلا خىتايدىن پەرقلىنىدۇ. خىتايدا بىر مىليارد كاپىر بار. خىتاينىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى كوممۇنىست، ئەشەددى كاپىر. خەلقى دىنسىز، ياكى مۇشرىك. ئەگەر خىتايدىكى مۇسۇلمان خىتايلارنى جىھاتقا يېتەكلەپ كىرەلىسە، قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان خۇدا ئۇرۇشىنى باشلىۋالىدۇ. خىتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ يوشۇرۇنۇش ۋە سۇقۇنۇپ كىرىش ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇلار بېشىغا ئاق پوسما كىيمىسىلا خىتاينىڭ ئۆزى. بۇ ئەۋزەللىك بىلەن خىتاينىڭ ھەرقانداق جايلىرىدا ئۈنۈملۈك جىھات قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئىشتا بىزنىڭ قىلىپ بېرەلەيدىغىنىمىز، جايلاردىكى خىتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، خۇدا ئۇرۇشى قىلىدىغان خىتاي مۇسۇلمانلىرىنى يېتەكلەش ئۇسۇلى، چەتئەلدىن كىرىپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش يولى، خىتاي ئىچىگە كىرگۈزىدىغان ئادەملەرنى تاللاپ بېرىش، ئۇلارغا خىتاي تىلى ئۆگىتىش ... قاتارلىقلار. مېنىڭ

شـۇنچىلىك ئۇنىۋمگـە ئىگـە، مەڭگـۈ داۋاملىشـىدىغان خـۇدا ئۈرۈشـىنىڭ ئەھمىيەتلىرىنى، پىلان ـ لاھىيىسـىنى قىتىرقىنىپ بايـان قىلغانلىرىمنـى قـۇلاق سـېلىپ ئاڭلاۋاتقانـدەك قىلسـىمۇ، لېكـىن زادىـلا قىزىقمىغانلىقى بىلىنىـپ تۇراتتى. مەيلى ئۇلارنىڭ قۇيرۇقـى خىتاينىـڭ قولىـدا بولسـۇن، ياكـى باشقا بىـر كۈچلـەر ئىـدارە قىلىۋاتقـان بولسـۇن، ئـۇلار ئوتتـۇرا ئاسـىيا ۋە كاۋكاز رايونلىرىـدا خـۇدا ئۈرۈشـى قوزغايدىغـان كىشـىلەر ئىكەنلىكـى ئېنىـق ئىـدى. ئۇلارنـى، يولـدا كېتىپ بېرىـپ، ئاچىماق يوللارغا كىرىـپ كېتىدىغـان ئۇيغـۇر مولـلا ـ مەخسـۇملارغا، ئۇيغـۇر ئىنقىلابچىلىرىغـا ئوخشـاتقىلى بولمايتتـى. چۈنكـى ئۇلارنـى پىلانلىـق، سـتراتېگىيىلىك باشـقۇرىدىغان، يېتەكلەيدىغـان چوڭ ئورگانلار بار. شـۇنداقلىقنى تەسـەۋۋۇر قىلىپ تۇرسامۇ، لېكـىن ئۇلارنىـڭ خـۇدا ئۈرۈشـى پىلانىغـا خىتايىنـى كىرگـۈزۈش ئۈچـۈن تىرىشـچانلىق كۆرسىتىشـتىن يالتايمىدىـم. بىزنىـڭ باللارمـۇ قىزغىـن ئـاۋاز قوشـۇپ، ھـەر بىـرى خىتايدىكـى ئەۋزەل شـارائىتلار ئۈسـتىدە پىكـىر قاتناشـتۇردى. ئالتـۇن چاچ ياقمـۇ دېمـەي، ماقۇلمـۇ دېمـەي، بـۇ يېڭـى پـىلان ئۈسـتىدە پۇختـا مۇزاكـىرە قىلىدىغانلىقنـى بىلـدۈردى. مەيلـى بىـز ئۈچـۈن، ياكـى ئـۇلار ئۈچـۈن بىـرەر نەتىجـە چىقمىغـان بولسـىمۇ، بـۇ مۇھاسىرىدىن قۇيرۇقىمىزنـى تۈتقۇزماي، ساق چىقىۋېلىشـىمىزغا ئـازلا قالغانـدا، قوغدىغۇچـى قارىـم پىكـرى بارلىقنـى ئېيتتـى. ھـەر ئىككـى تـەرەپ ماقـۇل بولـدۇق. ئويلىمغـان يەردىـن: ئاخشـامقى سـۆھبەتلەرمۇ بـەك ياخشـى بولـدى؛ ھازىرقـى پىلانىمـۇ بـەك ياخشى بولـدى؛ مېنىـڭ بىـر تەكلىپىـم، بىزگـە ئـۆز ئىچىمىزدىـن ھەربـى قومانـدان تەربىيلـەپ بەرسـە تېخىمـۇ ياخشى بولاتتـى؛ بىـزدە يـوق بولغىنـى شـۇ ـ دېـدى سـەممى

كەيپىياتتا. بۇ گەپنى تەرجىمە قىلماسلىقنى، ياكى يالغان تەرجىمە قىلىشنى ئېيتتىم. بىراق ئاخشام دېيىشكەن ئاۋاز ئالغۇچ ۋەھىمىسى تۆپەيلى توغرا يەتكۈزمىسەك، كىملەرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدىغان بولغاچقا، ئامالسىز تەرجىمە قىلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ختايدا خۇدا ئۇرۇشى قوزغاشنى ئويلىشىپ باقىدىغان يەردىن بىراقلا ئۆزگىرىپ، بىزگە ئۇرۇش قوماندانى تەربىيلەپ بېرىدىغان تەرەپكە ئېغىپ كەتتى. تارقىلىش ئالدىدا تۇرغان سورۇن قايتىدىن تۈزۈلدى.

مەن: بولىدۇ، بىزنىڭ ئۆز ئادەملىرىمىزدىن يۇقىرى ھەربى تېخنىكا خادىملىرى تەربىيلەپ بەرسەڭلار، بۇمۇ بەك چوڭ ياردەم؛ ئەمما جەڭ مەيدانىدا ئەمەس، ئارقا سەپ ھەربى بازىسىدا ئۆگىتىلسۇن.

ئالتۇن چاچ: ئۆيدە ئۆگىنىدىغىنى قازان بېشىدىكى ئىش؛ ئۇرۇش ماھارىتى ئەزەلدىن جەڭ مەيدانىدا ئۆگىتىلىدۇ؛ دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەنمىدىم.

مەن:چۈنكى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بەك ئاز؛ ئۇلارنى جەڭ مەيدانىغا يوللىساڭلار ئۆگىنىپ بولغىچە، ئۆلۈپ تۈگەپ كەتسە بولمايدۇ.

ئاخشامدىن ھەر بىر سۆزۈمگە ئايەت ئوقۇپ چوماق سالغان، چاقماق كۆز: «سىلەر ئەڭ مۇستەھكەم يۇلتۇزلارغا بېكىنىۋالساڭلارمۇ، ئەجىلىڭلار توشقاندا، ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپلا، كۆيىنكىنى سېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بىلەك ۋە پاچاقلىرىدىكى يارا ئىزىدىن باشقا، باش ۋە گەۋدىسىنىڭ ئۈستۈن قىسمىدىلا 26 يەردە

ئوخشاشمىغان تاتۇقلار بارئىكەن. رۇس ـ ئافغان ئۇرۇشىدا ئوق، بومبىلار ئارىسىدا ئۆلۈملۈك ياردار بولغان بولسىمۇ، ھايات قالغان ئىكەن. ئون ئالتە يىل جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا، يىلىغا قانچە نۆۋەت ئېغىر يارىلانغان ئىكەن. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ماڭا تەئەددى قىلدى: سەن ئۆلۈمنىڭ ئاللاھدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمسەن؟ ئاللاھ يولىدا شەھىد بولغان كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمسەن؟ دۇنيادا ئۆلۈمسىز، مەڭگۈ قالىدىغانلىقىڭغا ئىشىنەمسەن؟ قېنى جاۋاب بېرىپ باق!

مېنىڭ كۈچۈم تۈگىگەن ئىدى. بىزنى يېرىم يىلدىن ئارتۇق ئىزدەپ، ئاران تاپقان بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئۆزىمىزنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپلاس تەقدىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۆزۈم يەتمىگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى بىر تىپىرلىشىمنى ئىشقا سېلىپ باقتىم: بۇنىڭغىمۇ ماقۇل؛ ئەمما بىز بىشكەك شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ، ئادەملىرىمگە ئەھۋالنى ئېيتىمەن؛ ئەگەر بۇ ئىشقا ئۆزىنى ئاتايدىغانلار چىقسا، سىلەرگە ئالاقە قىلىمىز ـ دېدىم، تۈگەشكەن بىر ھالەتتە.

ئالتۇن چاچ: سەن ئادەملىرىڭدىن سورىمايسەن؛ بەلكى بۇيرۇق چۈشۈرىسەن!

مەن: مېنىڭ ئۇنچىلىك كۈچۈم يوق! بىز ھەر قانداق ئىشنى مەسلىھەت بىلەن قىلىمىز.

ئالتۇن چاچ: سېنى ئەمىر سايلىغانلار، نېمىشقا ئەمرىڭگە بويسۇنمايدۇ؟

مەن: مەن قورچاق ئەمىر؛ كۆپچىلىككە ۋاكالەتچىلىك

قىلىشتىن ئارتۇق كۈچۈم يوق.

ئالتۇن چاچ: مۇنۇ ياردەمچى ئەمىرىكا بىلەن قوغدىغۇچىلىق سېنى قوللىسىچۇ؟

مەن: بۇلارنىڭ قوللاش، قوللىماسلىقىنى بىلمەيمەن. - بىراق، باش كېسەر قاسساپلار، ئىككى ئادىمىمدىن مېنى قوللايدىغانلىق توغرىسىدا ۋەدە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيلىمىغان يەردىن تۇزاققا چۈشتۇق. يېڭى رەزىللىكنىڭ، جان سېتىشنىڭ پىلانىنى تۈزدۇق. مېنى، دوكتورنى، بىر نەپەر شوپۇرنى، ئىككى نەپەر ھەم ئاشپەز ھەم قوغدىغۇچى بولۇپ، جەمى بەش كىشىنى چىم كەنتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان، بىزگە تاجىكىستان پاسپورتى ئالىدىغان، شۇڭا چىمكەنتتە تاجىك تىلى ئۆگىنىپ، تاجىستانلىق سالاھىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان، ئادەتتىكى چاغلاردا قارا كۆزلۈك مەرسېدېس ماشىنىدا ماڭساقمۇ، جىددى ئەھۋالدا مەخسۇس ھېلىكوپتېر بىلەن ئۇچۇپ يۈرىدىغان، شوپۇرغا، ئىككى ئاشپەز قوغدىغۇچىلىرىمىزغا ئۈچ يۈز دوللار ئايلىق مۇقىم مائاش بەلگىلەيدىغان، مۇئاۋىن ئەمىر بىلەن ئىككىمىز ئاق ھۆججەت ئارقىلىق پۇل خىراجەت قىلالايدىغان، يەنى پۇلنى ھېسابسىز چىقىم قىلالايدىغان بولۇپ پۈتۈشتۇق. ئەمما ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدا ئۇرۇشىغا ئادەم ماڭدۇرۇش كېرەك.

ھازىرقى ئۇرۇش رايونى چېچەنىستان بولۇپ، مەن تاپشۇرىدىغان ئۇيغۇر غازاتچىلارنى تاجىستانغا يۆتكەپ، ئىككى ھەپتە قورال ئېتىشنى مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن، چېچەنىستانغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار رۇسىيىنىڭ مۇنتىزىم دۆلەت ئارمىيىسىگە قارشى ئالدىنقى سەپتە، خۇدا ئۇرۇشىغا

قاتناشتۇرۇلىدۇ. ئەمما بۇ قۇشخانىغا ئالدانمىغان ئەھۋالدا ھېچ كىم بارمايتتى. شۇڭا پىلان ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلدۇق. پىلانىنىڭ ئىككىسى ھىلە ـ مىكىر، بىرسى تۇزاق ئىدى: «ۋەتەن ممللەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىمكانىيەت تېپىلدى. بىرىنچىسى بىلىم ئارقىلىق خىزمەت كۆرسىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن دوكتورلۇق دىپلوم ئالغۇچە ئوقۇش شەرت. ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولمايدۇ. ئىككىنچىسى خەلقئارالاشقان، چوڭ تىجارەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، پۇل ئارقىلىق ۋەتەن ـ ممللەتكە خىزمەت كۆرسىتىش. بۇنىڭدا كىچىك دۇكان ئېچىشقا، يايمىچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۈچىنچى ئارقا سەپ ھەربى بازىدا، ھەربى تېخنىكا ئۆگىنىش. بۇ تۈردە بارلىق زامانىۋى قوراللارنى ئىشلىتىشنى، كىچىك تىپتىكى قوراللاردىن تانكا ئاتار، ئايروپىلان سوقارغىچە ئۆگىنىش. ئۇرۇش پىلانى تۈزۈشنى، ھەربى ستراتېگىيىسى نەزەرىيىسى تۈزۈشنى ئۆگىنىش. بۇ كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر ھەربى گېنېرال بولىدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا دۆلەت ئۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋاقتى پەقەتلا ئالتە ئاي.» ئۇيغۇرلارنى ئالداش پىلانىنى يۇقىرىقىدەك مۇزاكىرە قىلىپ، مۇكەممەل پۈتتۈردۇق. بىراق ئادەملىرىمنى ئالداش ۋەزىپىسى ماڭا ئالاھىدە تاپشۇرۇلدى. چۈنكى مېنىڭ سۆز قابىلىيىتىم، قايىل قىلىش ئىقتىدارىم، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بايقاش پىسخولوگ ھۈنىرىم، مۇنازىرىدە مەنتىقىگە تايىنىپ قارشى تەرەپكە قارىتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ماھارىتىم بارمىش. شۇڭا ئادەملەر بىلەن مەنىلا گەپلىشىشىم كېرەكمىش. ھەممە ھەر بىر ئادەمگە ئوخشاش شەكىلدە،

ھەر بىر ئادەم بىلەن ئايرىم گەپلىشىپ، ھەر بىرىدىن باشقىلارغا دېمەسلىك ئۈچۈن ۋەدە ئېلىشىم بەك مۇھىممىش. چۈنكى ئىككى ئادەم سۆزلىشىپ، مۇزاكىرە قىلىشىپ قالسا، ئەقىل تېپىپ گۇمانلىنىشى، ئىشنىڭ بېشىدىلا چاتاق چىقىشى مۇمكىنمىش. مۇنۇ ئىككىسى مەن سۆھبەتلىشىدىغان جايدىن يىراق تۇرۇشى، ئادەملەرنىڭ بىردە بىرى مېنىڭ ئېيتقانلىرىمدىن ئىككىلىنىپ، بۇلاردىن سوراپ قالسا، ئەمىر نېمە دېسە شۇ پۈتۈنلەي توغرا؛ بىز خەلقئارالىق چوڭ ئورۇن بىلەن كۆرۈشتۇق؛ بۇ ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئەمەس-دەپلا، ئىشنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، مېنى قۇۋۋەتلەپ بېرەرمىش.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىمىزنى ئۆرە كوزۇپلۇق مېرسېدېس جىپ ماشىنىغا قاچىلاپ، بىز قورامىلىق ئىككى نەپەر باش كېسەر ئەرەبلەر بىشكەك شەھىرىگە ئېلىپ ماڭدى.

يۈرىكىم چەكسىز ئازابنىڭ ئىسكەنجىسىدە تىپىرلايتتى. ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، مانا ئەمدى ئەرەبلەرگە ئادەم سېتىپ ۋىجداندىن، ئادىمىلىكتىن ئايرىلىش يولىغا قاراپ كېتىۋاتاتتىم. ئىلاھىم شۇ ئېپلاسلىقتىن قۇتقۇزساڭ، بىر مۆجىزە كۆرسىتىپ، ئۇيقۇمنى ئاچساڭ، 85 - يىلىدا ئويغانسام، قەدەمنى يېڭىدىن باسسام! يارەببىم، بۇ ماشىنىنى ئەزرائىلنىڭ قانىتى بىلەن پاچاقلىتىۋەتسەڭ، بۇ بىزنىڭ جىنازىمىزغا ئايلىنىپ كەتسە!- مەن شۇنداق تىلەيتتىم. ماڭا جانمۇ ئېغىر كەلمەكتە ئىدى. ئەرەبلەر خىيالىمنى بۇزۇپ، ناخشا قويۇۋەتتى. ناخشىنىڭ تېكىستى گەرچە ئاللاھ، رۇسۇل، ئىمان، جىھات، جەننەت، ھۆر

پەرى دېگەندەك دىنى گەپلەر بولسىمۇ، مۇزىكىسىنىڭ غىر - غىرلىقى، خۇددى بېشىغا لېچەك، ئۇچىسىغا ئۇزۇن تار كۆينەك كىيىۋالغان، ماز پايىنەك ھېجىقىز، ھەزلەكلەرنىڭ غىرمىيىپ، بېلىنى تولغاپ، خۇدا ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرىنى ئايلىنىپ، نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقاندەك، شۇنداق يىرگىنىشلىك بىر مەنزىرە كاللامغا كىرىۋالدى - دە، ئىچىمگە پاتماي ئاران تۇرغان ئازابلىرىمنى ناخشا قىلىپ، كۇچار ئاھاڭىدا «بويلارىڭ ساز ۋاي دادەي» نى باشلىۋەتتىم. ئاغزىمغا نېمە كەلسە، بوغۇزۇمغا يۆتمەي، ئاھاڭى كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ بەرى بىر، كۇچار پەدىسىگە توۋلايتتىم. شوپۇر ئەرەب مۇزىكىسىنى توختىتىپ، يېنىدا ئولتۇرغان بىزنىڭ دوكتۇردىن ناخشامنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. دوكتور ماڭا قارىۋىدى، تولۇق تەرجىمە قىلىپ بەرسىلە - دېدىم ۋە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ توۋلىغىلى تۇردۇم تازا.

*«ئاق لەيلى قىزىل لەيلى*
*ۋاي يارىنىڭ بارمىدۇ مەيلى،*
*ۋاي يارىنىڭ بارمىدۇ مەيلى،*
*يارىنىڭ بولمىسا مەيلى جان بالىخان،*
*مەن يارىنىڭ قەلەندەرى.*
*ئۆتىڭىز يامان، سۆزىڭىز يامان،*
*ئاھ گۈليارىخان بويلارىڭ ساز ۋاي دادەي.*
*ئاخشام كەلدى بەش ئاتلىق*
*ۋاي بەشىلىسى بوز ئاتلىق،*
*ۋاي بەشىلىسى بوز ئاتلىق.*

*مېنى ياردىن ئايرىغان ۋاي*
*كۆڭلى قارا مۇناپىق.*

گۈل يارىخان ئاھ ئىشقىڭ يامان ۋاي دادەي ...» كۇچار ئاھاڭىغا، گەپلا بولسا كەلتۈرۈپ توۋلىسا ناخشا بولۇۋېرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى بىلەتتىم. ئاۋازىم كەلمىسىمۇ توۋلاۋەردىم. شۇنداق قىلىپ غاراك ـ غۇرۇڭ ئاۋازىم بىزار قىلدىمۇ، ماشىنا ھەيدەپ ماڭغان ئەرەب قول ئىشارىسى قىلىپ، ناخشا ئېيتىشتىن توختاتتى ـ دە: سېنى مۇجاھىتلارنىڭ ئەمىرى دەۋاتاتتى ـ بىزنىڭ ئەمىرىمىز. ئەمما شەيتانى ناخشا توۋلايدىكەنسەن ـ دېدى، خاپىلىق يىغىپ تۇرغان سۆزلىرىنى تەلەتى بىلەن.

مەن: سەن قويغان ناخشا پۈتۈنلەي شەھۋانە ئىكەن. شۇنىڭغا ماسلاشتىم.

شوپۇر: ھاشا، ئەئۇزۇ بىللاھ، سۇبھان ئاللاھ، شەيخ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مەن قويغان نەرسە ناخشا ئەمەس، ئىلاھى قەسىدە. سەن بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى شەھۋانىي دېسەڭ دۇرۇس بولامدۇ؟

مەن: سېنىڭ ئەرەبچە ئېيتقىنىڭ ئىلاھى، باشقا خەقنىڭ ئېيتقىنى شەيتانى بولامدۇ؟

شوپۇر: ئۇنداق بىلمەس بولۇۋالما! بىزنىڭ قەسىدىمىزدە ئاللاھ، رەسۇل، جىھات كۈيلىنىدۇ. سېنىڭ ئېيتقىنىڭ ئايال، سۆيگۈ، ئىشق، بۇنىڭ قايسى شەيتانى، قايسى ئىلاھى؟ بىلمىگۈدەك نەرسە ئەمەس.

مەن: سىنىڭ ئېيتقىنىڭ ئاللاھ، رەسۇل، جەھەت، ئاخىرەتتا ساناقسىز خوتۇن! مېنىڭ ئېيتقىنىم ئىنسانى سۆيگۈ، ئىشىق، مۇھەببەت، بىرلا خوتۇن. قايسىڭىزنىڭ شەھۋانىي، شەيتانى، قايسىڭىزنىڭ رەخمانى، ئىنسانىي؟ ئىشقىلىپ مەيلى سىنىڭكى، مەيلى مېنىڭكى ئاخىرى خوتۇن. باشقا نەرسە يوق. ئەمما مەن ئاللاھ بىلەن رەسۇلنى دېگەن چېغىمدا خوتۇننى دېمەيمەن!

شوپۇر بىلەن يەنە بىر ئەرەب قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. مەنمۇ كۈلدۈم. ئەمما دوكتور مىيىقىدا يالغان كۈلۈپ جىمىۋالدى. بىر ئاز كۈلكە ـ چاقچاقتىن كېيىن: شەيخ، سەن ئىلمى ساھەدە قايسى كەسىپتە ئوقۇغان ـ دەپ، سوراپ قالدى.

: شەيتان تۇتۇش كەسپىدە ئوقۇغان. ئەمما كەسپىم بويىچە تۈزۈك بىر نەتىجە قازىنالمىدىم ـ دېدىم، چىرايىمنى جىددى تۈسكە كىرگۈزۈپ. ھەر ئىككى ئەرەب تەڭلا: بىز ئاڭلاپ باقمىغان كەسىپكەن بۇ، دىنى ساھەدە ئوقۇغانمىدىڭ بۇ ئىلىمنى؟ سورىدى، تېڭىرقاپ.

مەن: بۇ كەسىپنىڭ ئېتى پەلسەپە.

شوپۇر: ھە، چۈشىنىشلىك بولدى؛ باياتىنقى گەپلىرىڭنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم؛ ئەمما ھازىرغىچە بىرەر شەيتاننى تۇتۇپ باقتىڭمۇ شەيخ؟

مەن: كۆپ شەيتانلارنى ئۇچراتتىم. لېكىن ئۆزەم يالغۇز بولغاچقا، تۇتۇشتا مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ كېلىۋاتىمەن؛ قىسقىسى مۇشۇ ئاخىرقى ئىككى كۈننىڭياقى ئېلىشىپ، ئۆزەم تۇتۇلۇپ قالدىم.

شوپۇر: نەئۇزۇ بىللا، سۇبھان ئاللاھ، شەيخ ئىستىغپار ئېيت. ئارىغا دوكتور كىرىپ، پاراڭنى باشقا تەرەپكە يۆتكىدى. يۇمۇرلاشتۇق، كۈلۈشتۇق. لېكىن شەيتانلارنىڭ تۈزىقىدا يۈرىكىم تىلغىناتتى.

بىز بىشكەك شەھىرىگە كېلىپلا، پىلاندىكى ئون بىر باللار بىلەن سۆزلىششنى باشلىۋەتتىم. ھېچ بىرسىنىڭ ھەربى تېخنىكا ئۆگىنىمەن دېيىشىنى ئارزۇ قىلمايتتىم. لېكىن ئۇلاردىن بىرسى: ھازىرغىچە ئىچىمىزدىن تۈزۈك بىر سىياسى كەسىپ ئەھلى چىقماپتۇ؛ شۇڭا قىلغان ئىنقىلاۋىمىز يېرىم يولدا مەغلۇب بولۇپ كەپتىكەن؛ مەن خەلقئارا سىياسى مۇناسىۋەت كەسپىدە ئوقۇي- دېدى. ئىككەيلەن: ئىقتىساد يېتەرلىك بولمىسا، قىلغان ئىنقىلاۋىمىزنىڭ مېۋىسىنى ساتىدىغان ئىش يۈز بېرىدىكەن، شۇڭا مەن ئىنقىلابنىڭ ئىقتىسادى قىينچىلىقىنى ھەل قىلىدىغان يولغا ماڭاي - دېدى. قالغان سەككىزەيلەن ھەربى كەسپى ئۆگىنىشنى تاللىدى. چۈنكى خەلقئارا سەۋىيىدە ھەربى خادىملىرىمىز بولمىغاچقا، ھازىرغىچە قىلغان ئىنقىلاپلىرىمىزنى غەلىبىگە يۈزلەندۈرەلمەي، ۋەيران بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقى ۋەتەن ئۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەربى قوماندان يېتىشىپ چىقىشى بەك مۇھىم. ئۇلار شۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

كاشكى مۇشۇ ئادەملەرگە دەۋاتقانلىرىم يالغان بولمىغان بولسا، شۇنداق ياردەم قىلىدىغان ھەقىقى بىر ئىنتىپاقداشلارنى خۇدايىم يەتكۈزگەن بولسا، بۇ پىداكار

ئوغلانلارنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ھاياتى ئىسراپ بولۇپ كەتمەس ئىدى. لېكىن بۇلارغا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان. ئۇلارنى جان بازىرىغا، توغرىسى قۇشخانىغا تەييارلاۋاتىمەن. بالىلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى دوكتورغا ئۇدۇللۇق مەلۇم قىلىپ تۇرىمەن. ئۇ ئەرەبلەرگە يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىدىغان بولغۇسى گېنېراللار ھاۋادا لەيلەپ يۈرەتتى. يۈزلىرىدىكى سولغۇنلۇق، ئۈمىتسىزلىكتىن قىلچىلىك ئەسەر قالمىغان، روھى كۆتۈرەڭگۈ، كەيپىياتلىرى جۇشقۇن، ھازىردىن باشلاپلا ئۆزلىرىنى گېنېراللاردەك جەسۇر، مەغرۇر تۇتۇشماقتا. مەن بولسام ئۆزىنى، ھاياتىنى ماڭا ئامانەت قىلغان بىرتوپ سەپداشلارنىڭ قېنىغا چىلىشىپ كەتكەن بىر مەلئۇن ئىدىم. بوغۇزۇمدىن بىر نەرسە ئۆتمەيتتى. يېگۈدەك نەرسىنىڭغۇ تايىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ يۇرت ئەھلى نەزىر - چىراق، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردىن قىسىنىپ ئەكىلىپ بېرىدىغان، يېتىمچىلەرگە لايىق رىزقىمىز بار ئىدى. يېيىش ئۈچۈن قولۇمغا ئالغانلا نەرسە قانغا مىلەنگەندەك يىرگىنىشلىك كۆرۈنىدۇ. ئىچكەن سۇدىن قان ھىدى كېلىدۇ. ئۆز قولۇم بىلەن پۇت - قوللىرىنى تۇشەپ، باش كەستى قاسساپنىڭ ئالدىدا ياتقۇزۇپ بېرىۋاتقان جاندارلارنىڭ قېنى.

ئۈرۈمچىدە مۆكۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ھەم پۇل تېپىپ جاننى باقىدىغان، ھەم مۆكۈۋالىدىغان ئەپلىك جاي قۇشخانا بولۇپ قالغان ئىدى. ھەر بىر سۇپىغا يۈز ئەللىك ئەتراپىدا قوينىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ياتقۇزاتتىم - دە، باش كېسەرنى چاقىرىپ بۇغۇزلىتاتتىم. بۇ مەن ئۈچۈن جان ساقلاشنىڭ بىرلا يولى ئىدى. كىيىملىرىم، يۈزى -

كۆزلىرىم غەقپەز قانغا بويۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىنى ھېچكىم تونۇمايتتى. مانا ئەمدى قايسى ئېھتىياج، قايسى زۆرۈرىيەت تۈپەيلى قانغا مىلىنىۋاتىمەن؟ كىيىم كېچەك، يۈزى ـ كۆزلىرىمدە قان دېغى كۆرۈنمىسىمۇ، ئەمما روھىم، ۋىجدانىم، ئىچكى دۇنيارىم غىققىدە قانغا چىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاللاھ يېيىش ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەن جاندارلارنىڭ قېنى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ، دوستلىرىمنىڭ، ئىنقىلاۋى سەپداشلىرىمنىڭ، ماڭا ئىشىنىپ ئۆزىنى تاپشۇرغان ئامانەتلەرنىڭ قېنى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم چىلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ۋاقىت يېتىپ كەلدى. 95 ـ يىلى 13 ـ مارت، ئەتىگەن سائەت 11. مېنىڭ ئادىمىلىكىم بىلەن ئىبلىس بولۇشۇمنىڭ ۋاقىت چېگراسىنىڭ ئاخىرقى سىزىقى. مەن تۈگەشتىم. كۆز ئالدىمدىن سەككىز نەپەر قېرىنداشلارنى قۇشخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ پەقەت ئىككى ھەپتىلىكلا ھاياتى قالغان ئىدى. مەن ھويلىدىكى كۆھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جانسىز مۇردىدەك، قىمىرلىماستىن تۇرۇپ قالدىم. باللارنىڭ بىرسى سىرتتىن قايتىپ كىرىپ: رەئىس، ئەگەر ھايات قايتىپ كېلەلمەي قالسام، بۇ سىلىگە ئەسلىمە بولۇپ قالسۇن ـ دەپ، زەنجىر ھالقىلىق، كىچىككىنە تىرناق ئالغۇچنى ئالقىنىمغا قويدى ـ دە، ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. مەن سۆزلىيەلمەيتتىم. چۈنكى تىلىم قېتىپ قالغان ئىدى. زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالدى. نېرۋام قېتىپ قالدى. تۇرغان يېرىمدىن قىمىرلىيالمايتتىم.

بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋال تۈرمىدىكى ۋاقتىمدا شۇنداق

بولغان ئىدىم. ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ، تەڭرىتاغ رايونلۇق باشقارما باشلىقى، بارىن «ئەكسىل ئىنقىلاۋى ھەرىكەتنى» نى باستۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى مەمەت روزى، سوراق جەريانىدا مەقسەتتىكە يېتەلمەي ئۇرۇپ، قولى ئاغرىپ كەتسە تېپىپ، دەسسەپ، بەزىدە قولاق تۈيمىگە قاتتىق تىگىپ كەتكەندە ھوشسىزلىنىپ قالسام، بېشىمنى سوغاق سۇغا چىلاپ ھۇشۇمغا كەلتۈرۈپ، يەنە ئۇرۇپ، قىيناپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سوراق ئۈستىلىگە بىر چامادان قىيناش ئۈسكۈنە، ئەسۋابلارنى قاتار تىزدى. ساناپ باقسام ھەممىسى ئوتتۇز يەتتە تۈرلۈك بولۇپ، ئارىسىدا بىر دانە تاپانچىمۇ بار ئىدى. ئۇ قىيناش ئەسۋابلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بولۇپ: بۇلاردىن قايسىنى تاللايسەن؟ مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم، سېنى ئۇرغۇدەك ھالىم قالمىدى. دېلورىڭنى تېزراق تۇرغۇزۇۋېتىپ، كەتمىسەم بولمايدۇ. سەندەك دۈشمەنلەردىن يەنە يۈزلىگەن ئەبلەخلەر مېنى كۈتۈپ تۇرماقتا - دېدى. مەنمۇ تازا قاملاشمىغان گەپتىن بىرنى دەپتىمەن: بۇلارنىڭ ھېچ بىرى ماڭا لايىق ئەمەس. چۈنكى مېنىڭ جىنايىتىم يوق!
- ئۇنداق بولسا سېنىڭ تاللاش ھەققىڭ تۈگىدى. مەن تەلەي سىنايمەن - دېگىنىچە، ئايلانما دىسكىلىق تاپانچىنى ئېلىپ، ئىچىدىكى ئوقنىڭ ھەممىسىنى ئۈستەلگە تۆكتى. ئاندىن بىر دانە ئوقنى دىسكىغا سېلىپ: مېنىڭ تەلىيىم، سېنىڭ تەلىيىڭ، مېنىڭ تەلىيىم - دەپ، دىسكىنى ئۈچ قېتىم پىرقىرىتىپ، ئىككى قېشىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاپانچىنىڭ ئۇچىنى نىقتاپ تۇرۇپ: يوقال ئەبلەخ! -دەپلا تەپكىنى بېسىۋەتتى. شاھادەت ئېيتىشقىمۇ پۇرسەت بولمىغان ئىدى.

كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ ئەتراپقا قارىدىم. سوراقخانا ئاجايىپ سۈرلۈك، قان ئىچەر جاللاتلارنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. قاچان يىقىلىدىغانلىقىمنى بىر ئاز كۈتۈپ بېقىپ، قوللىرىمنى مىدىرلاتتىم. كېيىن پېشانەمدىكى ئوق ئىزىنى، ئارقا دوقامدىن سىرغىپ چىقىدىغان قانلارنى سىلاپ باقتىم. تاپانچىدىن ئوق چىقمىغان بولسا كېرەك. بىراق ھاياتىمدا ئۆز جېنىمغا بەدەل بولىدىغان يەنە بىر ماز گەپنى دەپ تاشلىدىم: «ئاساسى قانۇنغا، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنغا ئىگە بىر دۆلەتنىڭ سوراقخانىسىدا ئىكەنلىكىمىزنى، شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ كاۋبوي فىلىملىرىدە رول ئېلىۋاتمىغانلىقىمىزنى بىلىمەن.» ۋەھشى باش قاتىل مەي چۈجاڭ ئوق چىقمىغان تاپانچىدىن يامانلاپ، ئەمدىلا يەرگە پىرقىرىتىپ تاشلىغان ئىكەن. گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىگىچە تاپانچىغا يۈگۈرۈۋېدى، ھەربى سوتتىن كەلگەن تامدەك ئىككى ھەربى ئۇنى پومداقلاپ پۇرلىغان پېتى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇلار مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا ئويۇن قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىلىۋاتسام، بىر توپ قاتىللارنىڭ ئاياق ئاستىدا دۇمباللىنىپ كەتتىم. سوراقخانىدا ساقچى نازارىتىدىن ۋە ھەربى سوتتىن ئۈچ كىشى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتتىن، ھەربى سوتتىن ئىككى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت ۋە ھەربى سوتتىن ئىككى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت ۋە ھەربى سوتتىن ئۈچ كىشى، كۇچار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سىياسى بۆلۈمنىڭ باشلىقى، يەنە بىر قانچە باش كېسەر جاللاتلار بولۇپ جەمى ئون يەتتە كىشى بار ئىدى. ئۇلار يەردە ياتقان مېنى دەسسەيتتى، تېپەتتى: تاپانچىدىن ئوق چىقماي،

تىرىك قالغىنىڭغا شۈكرى ئېيتماي، كىمنى مەسخىرە قىلسەن گۇي - دېيىشىپ، مەي چۈجاڭنىڭ قايتىلاپ ئېتىۋېتىشىدىن مېنى قوغداپ قالغانلىقىنىڭ شۈكرانىسىگە شۇنداق دەسسەپ، دوملىتىپ ئويناۋېتىپتۇ. ناھىيىلىك ئىككى ساقچى باشلىقى بىر بۇلۇڭدا شۈمشىيىپ قاپتۇ قورقۇنچتىن. نېمىشقىكىن شۇنچىۋالا تىپىك يەپمۇ هوشۇمدىن كېتەلمىدىم. ئەمما قاتتىق خورلىنىۋاتاتتىم.

كېيىنكى كۈنى سائەت توققۇزدا سوراق يەنە باشلاندى. بۇ يۇقىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئالتىنچى كۈندىكى سوراق ئىدى. ئۆزىنى مەي چۈجاڭ دەۋالىدىغان جاللات مەمەت روزى مېنىڭدىن بەتتەر تۈگۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ: جېنىم بالام، مەن بوۋاڭدەك ئادەم. ياخشى دېيىشتۇق، يامان دېيىشتۇق. جېنىڭغا زامىن بولغىلى تاسقالدىم. سەنمۇ هارام ئۆلمە، مېنىمۇ خۇدانىڭ ئالدىدا قاتىل قىلىپ قويما. جىنايىتىڭنى بىر چىرايلىق دەۋەتكىن. دېلورىڭنى تۇرغۇزۇپ، مەنمۇ ئارام تاپاي. قېنى ئەمىسە، ئارىمىزدا هېچ نەرسە بولمىغاندەك، سوئال - سوراق يېڭى باشلانغاندەك، چىرايلىق پاراڭلىشايلى. باشلا - دېدى. مەن ئادەتتىكىدەك تەمكىن هالدا: شۇ قەدەر كادىرلار نەچچە كۈندىن بېرى مېنىڭ ئىقرار قىلىشىمنى، مەسىلە تاپشۇرۇشىمنى كۈتۈپ بەك چارچىدى. ئەگەر مېنىڭ ئىقرار قىلغۇدەك جىنايىتىم، تاپشۇرغىدەك مەسىلەم بولغان بولسا، مىڭ جېنىم ئېتىلىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، هەر بىرىڭلارنىڭ يۈزىدىن، هەممىنى دەۋەتكەن بولاتتىم. خىجىللىقتىن ئۆلەي دەپ قېلىۋاتىمەن. شۇڭا ئاخىرقى سۆزۈم، جىنايىتىمگە ئائىت قولۇڭلاردا قانداق يىپ ئۇچى بولسا، ئۈستۈمدىن قانداق

شـىكايەت، مەسـىلە تاپشـۇرۇلغان بولسـا، شـۇنى ئاسـاس قىلـىپ دېـلـو تۇرغۇزساڭلار، مېنىـڭ ھېچقانـداق ئېتىرازىـم يـوق. بېرىلىدىغـان جازانـى قوبـۇل قىلىمـەن ـ دېدىـم. گېپىـڭ تۈگىدىمـۇ؟ـ سـورىدى مـەي چۈجـاڭ. ـ ھەئـە، دېدىـم تەسـتىنقلاپ. قورسـىقىڭ ئاچمـۇ؟ بىـر نەرسـە يەمسـەن؟ سـورىدى ئـۇ، شـۇنچىلىك سـەممى ھالـدا. ـ ئـاچ، يەيمـەن ـ دېدىـم ـ يېتىـم بالـىدەك بوينۇمنـى قىسـىپ. 25 ـ ئىيـۇل تۇتۇلغـان ئىدىـم. بۈگـۈن 16 ـ ئاۋغۇسـت، 22 كۈنلۈك سـولاقتا يېگـۈدەك نەرسـىنىڭ تايىنـى يـوق، ئۆزەمنـى يـەپ بـولاي دەپ قالغانتىـم. ئېچىرقـاش شـۇنچىلىك ھەيۋەتلىـك، شـۇنچىلىك ۋەھشـى ھۆكۈمرانكـى، ئـۇ تەختكـە چىقسـا ھەممىنىـڭ ئۈسـتىدە ئولتۇرىدىكـەن. ۋىجـدان، غـۇرۇر، ئىمـان، مېھـرى ـ شـەپقەت، ھاكاۋۇرلـۇق، نوچىلىـق، پوچىلىـق ھەممىسـى ئۇنىڭغـا يولنـى بوشـىتىپ بېرىدىكـەن. تۈرمـە ئاشخانىسـىدا ساقچى كادىرلارغـا ئەتكـەن تاماقـلار بولسـا كېـرەك، كۆزنىـڭ يېغىنـى يـەپ تۇرىغـىدەك بىـر تەخسـە قورۇمـا، ئىككـى توغـرام ناننـى شـىرەگە قويـۇپ: ئىچىملىكمـۇ؟ چايمـۇ؟ ـ سـورىدى مـەي چۈجـاڭ، ئاشـخانا كۈتكۈچىلىرىـدەك قـول باغـلاپ تـۇرۇپ. ئىچىملىـك دېگىنـى ئەلۋەتتـە ھـاراق ئىـدى. شـۇڭا ـ چـاي دېدىـم تارتىنماسـتىن. ئـۇ بىـر چاينـەك قىزىـق چـاي ئەكـىردى. ئۇنىـڭ قىلىقلىـرى مېنـى مەسـخىرە قىلىۋاتقانـدەك تۇيۇلسـىمۇ، لېكىـن سوراقخانىـدا ئاجايىـپ سـۆرلۈك، جىمغۇرلـۇق ھۆكـۈم سـۈرەتتى. يـە بـالام ـ دېـدى ئـۇ، پىيالىگـە چـاي قۇيـۇپ ئالدىمـدا قويغـاچ. بىـر تەخسـە قورۇمـا بىلـەن ئىككـى توغـرام نانـنـى يـەپ، ئىككـى پىيالـە قىزىـق چـاي ئىچتىـم. بـۇ ماڭـا بېرىلگـەن ئۆلـۈم ئالدىدىكـى ئۇزىتىـش تامىقـى ئىكەنلىكىنـى خىيالىمغىمۇ

كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. ئەگەر شۇنداق بىر شەپىنى ھېس قىلغان بولسام، ھەرقانچە ئېچىرقاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەزرائىلنىڭ ئەجەللىك تىرنىقى ئاستىدا، بوغۇزۇمدىن بىر نەرسە ئۆتمەس ئىدى. قورسىقىڭ تويدىمۇ؟ - سورىدى ئۇ، بىردىنلا ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىپ. تويدى، رەخمەت - دېدىم پەس ئاۋازدا. ئۇنداق بولسا ئاخىرقى قېتىم تەلەي سىناپمىز - دەپ، تۈنۈگۈنكى تاپانچىنى ئېلىپ، دىسكىدىكى ئوقنى ئۈستەلگە تۆكتى - دە: ساناپ باقە، قانچىتال ئوقكەن - دېدى. ئالتە دانە ئىكەن - دېدىم. ئۇ دىسكىغا بىر پاي ئوقنى سېلىپ: مېنىڭ تەلىيىم، سېنىڭ تەلىيىڭ، مېنىڭ تەلىيىم - دەپ، دىسكىنى ئۈچ قېتىم پىرقىرىتىۋېتىپ، تۈنۈگۈنكىدەكلا پېشانەمگە تىرەپ تەپكىنى باستى. ئوق چىقمىدى. ئۇڭ چېكەمگە تىرەپ تەپكىنى يەنە باستى. ئوق چىقمىدى. سوراقخانىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئۇپۇر - دۈپۈر بولۇپ كەتتى - دە، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، مەمەت روزىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىدىن كەلگەن، ئىسمىنى ياڭ شۆ مىن دەپ تونۇشتۇرغان قېرى خىتاي، يەنە بىرقانچە ساقچىلار قۇچاقلاپ تۇتۇۋاپتۇ. مېنى ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى ھەمدۇللا ئابلا، سىياسى بۆلۈم باشلىقى كېۋىر رازى ئارىغا ئېلىپ ئوراپ تۇرۇپتۇ. بىردەملىك پات - پاراقچىلىقتىن كېيىن، بىر گۇرۇپپا ساقچىلار مېنى ئارىغا ئېلىپ، يالاپ قارا دەرۋازىدىن ئەكىرىپ، كامېرغا سولىۋەتتى. مەن ئويغاقلىقىمنى، ياكى چۈش كۆرىۋاتقانلىقىمنى ئاڭقىرالمايتتىم. بېشىمنىڭ ئىچىدە بىر ساغۇچ تۇمان مانايىقىپ تۇراتتى. چۈشتىن كېيىن باشقا بىر سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىشتى. بۇ سوراقخانىدا تۇرپان ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ

باشلىقى، تۇرسۇن گايىت دەمدۇ بىر كالانپاي مېنى سوراق قىلماقچىكەن. ئۇ گەپنىڭ بېشىدىلا: كۆردىڭما، مەي چۈجاڭنىڭ ئاچچىقىنى؟ ھە ئۇبداراق دىققەت قىلىپ، جىنايىتىڭنى ماڭغا دەپ بەر - دېدى. مەن ئوخشاشلا جىنايىتىم يوق - دېدىم. ئۇ: ھەي كوتلەش، بىزنىڭ تۇرپانلاغا بېرىپ، بىزنىڭ ياشلانى ئالداپ، گۇڭسەنداڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز - دېگەن جىنايىتىڭنى دېمەمسە! گە قىلە كوتلەش! - دېدى، ئاغزىنى بۇزۇپ تۇرپانچە تىللاپ. شۇ ئارىدا پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىن بېشىمغىچە، ھەر بىر چاچلىرىمغىچە سىرقىرىغان بىر سېزىم بىلەن تىلىم قېتىپ قالدى. ئۇ ۋارقىراپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتىدۇ. زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى شەرەت قىلىپ بىلدۈرەي دېسەم، قوللىرىم مېڭەمگە بويسۇنماي، جىملا تۇرىدۇ. ئاخىرى پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ بىرلا مىدىرلىغانچە ھېلىقى مەتونىڭ ئالدىغا ئېتىلىپتىمەن. ئۇنىڭ كاتىپى بىلەن بىر قوغدىغۇچى مېنى تۇتۇۋالدى. بىراق پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ سەكرىمەكتە. قارىغاندا يۈز - كۆزلىرىمدىمۇ بىر ۋەھشى ئۆزگىرىش بولغان ئوخشايدۇ. تۇرپانلىق سوراقچى يېنىمغا كېلىپ: ھەي ئابدىرەم، گە قىلسانا، نىم بولدى ساڭا؟ - دەپ، پېشانەمنى يېنىك سىلىدى - دە، ھەي ئوت كېتىپتو بۇنىڭ بېشىغا، قانا قىلىمىز؟ پوقۋاشلا مىياققا ئەكەسىنا، بۇنىڭ بېشىغا سۇ قۇيايلى - دەپ، سوراقخانىدىكى سۇلۇققا بېشىمنى تۇتۇپ سۇ ئېقىتىشتى. شۇ ئارىدا قانۇن دوختۇرىنى چاقىرىپتۇ. ئىككى نەپەر دوختۇر بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىپ: ھازىرچە دىئاگنوز قويالمايمىز، تولۇق تەكشۈرتۈش ئۈچۈن چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك. ئەمما سالامەتلىكى خەتەر ئاستىدا، سوراق

قىلىشقا بولمايدۇ ـ دېدى.

مەن شۇ جىمىپ قالغانچە، بىر قانچە كۈن زۇۋانىم ئېچىلمىدى. تىلىم گەپكە كەلمەي قېتىپلا تۇراتتى. كېيىنچە زۇۋانىم ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ، بەش مىنۇت ئەتراپىدا گەپلىشەلەيدىغان بولدۇم. زۇۋانىم تۇتۇلغىلى باشلىغاندا گەجگەمدىن بىر سوغۇق سىېزىم پەسكە ماڭاتتى. شۇنداق چاغدا گەپتىن توختىۋالاتتىم. زۇۋانىم ئۈچ ئايدەك تۇتۇلغان بولۇپ، سوراقلاردىن، قىيىن ـ قىستاق، تەھدىت، تاياقلاردىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسامۇ، لېكىن كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەن ھامان سوراقخانىلاردا، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىدىغان مەيدانلاردا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋاتقان، دادام، ئاپام، تۇغقانلىرىم، ئايالىم، نارسىدە ئوغلۇم، دوست ـ ئاغىنىلىرىم، ساۋاقداش، سەپداشلىرىم جەسىدىمگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ يىغلىشىۋاتقان، ساقچىلار كېلىپ: بۇ تېخى ئۆلمەپتۇ، قايتا ئاتايلى دەپ، جەسىدىمنى سۆرەپ ئاچىقىپ يەنە ئېتىۋاتقان، شۇنداق قورقۇنچلۇق چۈش كۆرەتتىم ـ دە، ئىڭراپ، چىرقىراپ، يېنىمدا ياتقان مەھبۇسلارنىمۇ بىئارام قىلاتتىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چاغلاردا ھايات قېلىشىم ئۈچۈن زۇۋانىمنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بولسا كېرەك ـ دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئىدىم. مانا ئەمدى قاتىل، تېرروررچى ئەرەبلەرنىڭ ئەپسۇنىغا تاقابىل تۇرالماي: بىزدە سەنلەرنىڭ قۇشخاناڭغا بېرىدىغان ھارام جان يوق ـ دەپ، قاتتىق رەت قىلالماي، ئۆزەم تاپقان روھى، ۋىجدانى ئازاپتىن تىلىم قېتىپ، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ئەمدى بۇ كىمنىڭ ھېكمىتى؟

مەن گۆدەك چاغلىرىمدىنلا كىشىلەرنىڭ روھى ئازابلىرىغا ھەمدەم بولاتتىم. تەسەللى بېرەتتىم. ئۇتۇقلۇققا، نەتىجىگە ئۈندەيتتىم. مەسلىھەت بېرەتتىم. ئەقلىمگە ئىشىنەتتىم. ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىللارنى نىيىتىدىن ياندۇراتتىم. ئۈمۈتسىزلىنىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلارغا ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، گۈزەللىكنىڭ چەكسىزلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ئۈمىت بېرەتتىم. ئۆزەم گۆدەك بولسامۇ چوڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەم سۆھبەتلىك ئورنۇم باتتى. ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم. كۈچلۈك ئىدىم. ھەر زامان يېڭىپ چىقىشىمغا ئىشىنەتتىم. ئەمدى يىقىلغىنىمدا، مېنى قۇتقۇزىدىغان كىم بار؟ مېنىڭدىن كۈچلۈك كىم بار؟ ئادەملىرىم ئۇرۇشتا ئۆلسە، جاۋابكارى كىم؟ ئۇلاردىن ھايات قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ قىساس ئوتىدىن، مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئۆلگەنلەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ۋەتەن ئازات بولغاندا ئۈستۈمدىن سوت ئېچىلسا، مېنى كىم ئاقلىيالايدۇ؟ ئۇلار جەڭ مەيدانىدا رۇسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسا، رۇس ئاخباراتى: رادىكال ئىسلامچى، ئۇيغۇر تېررورىستلىرى رۇسىيىگە قارشى خۇدا ئۇرۇشى قىلدى. ئۇيغۇر تېررورچىلىرى ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمايدۇ. ئۇيغۇر تېررورىستلىرى دۇنيا تىنچلىقىنى بۇزىدۇ - دەپ، سازايى قىلغىلى تۇرسا، مىللىتىمىزنىڭ يۈزى چۈشۈپ، مۇستەقىللىق كۈرىشىمىز يېتىم قالدۇرۇلسا، پۈتۈن مۇشۇ خىيانەتكە سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغان مېنى، كىم ئاقلىيالايدۇ؟ بۇ جىنايەتتىن كېيىن، مەن يوشۇرۇنۇشۇم كېرەك! ئۆزەمنىڭ ئىبلىس جېنىمنى قوغداش ئۈچۈن، ئەرەب تېررورىستلىرىغا گۆرۈگە ئېلىنىشىم كېرەك! ئۇلار مېنى ھېچ

كىم كۆرمەيدىغان، ھېچ كىم تاپالمايدىغان يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، مېنىڭ نامىمدىن خۇدا ئۇرۇشىغا ئۈيغۇرلارنى چاقىرىدۇ. ۋەتەندە خىتايغا قارشى ھەرىكەتلىرىمىزنىمۇ خۇدا ئۇرۇشىغا يېتەكلىتىدۇ. نەدە خۇدا ئۇرۇشى بولسا، مېنى شۇ يەرگە يۆتكەپ ئىشلىتىدۇ. مەن ئىسمى بار جىسمى يوق، ھەقىقى ئىبلىسقا ئايلىنىپ كېتىمەن. شۇ تاپتا ماڭا ياردەم كېرەك ئىدى. مېنى قۇتقۇزىدىغان بىر كۈچكە ھەممىدىن بەك ئېھتىياجلىق ئىدىم. تىلىم قېتىپ قېلىش بىلەن تەڭ، بەدەنلىرىممۇ مىدىرلىمايتتى. ھاياتلىق پەقەت خىيالىم بىلەن كۆزۈمدىلا قالغاندەك، بەدەنلىرىم مىدىرلىمايتتى. شۇ ئارىدا كۈھنىگە ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز، قوغدىغۇچى قارىم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئەنسىز بىر جىددىيچىلىكتە: ئابدۇرەھىمجان، سىلىگە نېمە بولىۋاتىدۇ؟ پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىپلا ـ دېدى. بىردىنلا تىلىم مىدىرلاپ زۇۋانىم ئېچىلىپ قالدى: مەن تۈگەشمەي كىم تۈگىشەتتى! ئادەملەرنى ئۆلۈمگە يوللىغان تۇرسام ـ دېدىم، جىنايەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ. ـ ھەممە ئىشقا سىلە مەسئۇل بولىلا، جاۋابكارلىقمۇ سىلىگە ئارتىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا تەدبىر قوللىنارمىز ـ دېدى ئۇ، شۇنچىلىك ئۈمۈتسىز، ئىزتىراپ ئىچىدە پۇچۇلۇنۇپ. ئۇنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا كۈھنىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتىم. ئۇ ئارقامدىن ھويلىغا چىقىپ بولغىچە، مەن يولغا چىقىپ بوپتىمەن. كۈھنى ئىسىق ئىدى. كۆڭلەكچان، يالاڭ باشتاق، پۈتۈمدا كېپىش، شۇ تۇرقۇمدىلا يۈگۈرۈپتىمەن. بىر قەدەم كېچىكسەم ئادىمىلىكىمدىن ئايرىلىپ، ئىبلىسقا ئايلىنىدىغان، شۇم تەقدىرىم يېزىلىدۇ. ئاياق، چاپان، پوسما كىيىشكە ۋاقىت يوق. تېزدا قار. چېپىپ كېتىۋېتىپ،

تېيىلىپ مولـلاق ئاتتىـم. ئورنۇمدىـن تۇرسـام بىـر پـاي كېپىـش يـوق. ئۇنـى ئىزدەشـكە ۋاقـت قالمـدى. يەنـە بىـر پـاي كېپىشـنىمۇ بىـر پەشـۋا بىلـەن قاياقلارغـا چۆرۋۈۋېتـىپ، يۈگۈرۈشـنى داۋام قىلدىـم. ئارقامدىـن كېلىۋاتقـان بىـر ماشـىنا يېنىـك سـىگنال بېرىۋىـدى، بۇرۇلـۇپ قارىسـام، قوغدىغۇچـى قارىـم بىـر تاكسـى بىلـەن مېنـى قوغـلاپ كەپتـۇ.

شـەھەرنىڭ ئوتتۇرىسـىغا تۈركىيـە ھۆكۈمىتـى سـېلىپ بېرىۋاتقـان، ئىنشـائاتى داۋاملىشـىۋاتقان «سـېنتىرالنى مەسـچىت» نىـڭ ئالدىغـا يېتىـپ بـاردۇق. مەسـچىتنىڭ چـوڭ يـول تەرىپىدىكـى يـان تامنىـڭ بۇرجىكىگـە ئـۇلاپ، ئۈسـتى يېپىـق قوتانـدەكلا كۆرۈنىدىغـان بىـر لاپاسـتا، بىزنىـڭ گېنېرالـلار پوچـى تۇرۇشـۇپ كېتىپتـۇ. ئـۇلار مېنىـڭ تۇرقۇمنـى كـۆرۈپ، چاقچـاق قىلغىلـى تـۇردى.

مـەن: ھازىـر چاقچاقنىـڭ ۋاقتـى ئەمەس، جـەڭ مەيدانىدىـن چېكىنىـش ۋاقتـى. ھەممىڭلار تەلمۇ؟

ئـۇلار: رەئىـس، ھەممىمىـز تەل. ئۇرۇش تېخى باشـلانمىدى، شۇڭا چېكىنمەيمىز!

مـەن: بـۇ چاقچـاق ئەمـەس، ھەممىـڭلار ئۆيگـە قايتىسـلەر. ئەگـەر كېچىكسـەڭ، ھاياتىڭلاردىـن پەقـەت ئىككـى ھەپتىـلا قالغـان بولىـدۇ.

ئـۇلار: يولـۋاس يولىدىـن قايتمـاس، يىگىـت سـۆزىدىن. بىـز ھـەم يىگىـت، سـەم يولـۋاس. سۆزىمىزدىنمۇ يولىمىزدىنمۇ قايتمايمىـز!

مـەن: ئۇنـداق بولسـا ئىككـى مەسـىلە بـار. شـۇنى قوبـۇل

قىلساڭلار، يولغا داۋام. بىرىنچى سىلەرنىڭ بۇ سەپىرىڭلار ئۇدۇل جەڭ مەيدانىغا بارىدۇ. مەن سىلەرگە يالغان سۆزلىگەن. شۇڭا سىلەرنى يوللىغان ئۆلۈم مەيدانىغا مەنمۇ بىرگە بارىمەن. ئۆلسەك بىرگە ئۆلىمىز. ئىككىنچى بىز چېچەنلەرنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ جىھات قىلىمىز. چېچەن خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق دۆلەت ئۇرۇشىنى، بىزنىڭ قولىمىز بىلەن خۇدا ئۇرۇشىغا ئۆزگەرتمەكچى. بۇ ئۇرۇشنى پۈتۈن كاۋكازغا يايماقچى. ئەگەر ئۇرۇشتا رۇسلارنىڭ قولىغا ھايات چۈشۈپ قالساق، مىللىتىمىزنىڭ يۈزىنى تۆككەن خائىنلاردىن بولۇپ كېتىمىز! بىز چوڭ بىر تۇزاققا چۈشۈپ قالدۇق. ئىش بىزنىڭ ئۆلۈمىمىز بىلەن تۈگىمەيدۇ. بەلكى مىللىتىمىزنى تۈگىمەس بالاغا سۆرەپ كىرىدىغان، چوڭ بىر جىنايەتكە يول ئېچىپ قويىمىز. ئاغىنىلەر بىر دەقىقە كېچىكسەك، مەڭگۈلۈك نەپرەتكە قالىمىز. شۇڭا بۇيەردىن ھازىرلا قېچىشىمىز كېرەك!

بىر ئاز دە ـ تالاشتىن كېيىن، ھارام ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن، ھالال ھاياتلىققا قايتىپ كەلگەن مەنىۋى شەھىدلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغا ـ زارە قىلىشىپ كەتتۇق. ئاڭغىچە قوغدىغۇچى قارىم ئىككى دانە تاكسىنى تۇتۇپ كەپتۇ. بىز قېچىشقا تەمشىلىۋاتىمىز. ئەمما يەنە بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا دوكتۇر: ئەرەبلەر يولدا كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى قانداق قىلارمىز؟

مەن: سىلەر ۋاقتىدا كەلمىدىڭلار. ساقچىلار كېلىپ ئەمىر بىلەن قوشۇپ توققۇز ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى. مەن ئۆزەمنى دالدىغا ئېلىپ ئاران قۇتۇلدۇم دەيلا.

دوكتور: كېيىن يالغانلىقى بىلىنىپ قالارمۇ؟

مەن: ھازىرقى جىددى مەسىلە تۇزاقتىن قېچىپ، جاننى قۇتقۇزۇش. كېيىنكى مەسىلىنىڭ تەدبىرىنى كېيىن تاپىمىز.

بىز دەماللىققا قۇتۇلغان بولساقمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۆت بالىلار ئالمۇتادىكى ھاجىم ئاكىلارنىڭ يېنىدىن پانالىق ئىزدەپ يولغا چىقتى. قالغانلارنىڭ تۇرار جايلىرىنى ئالماشتۇردۇق. ئەمما بىز ئويلىمىغان يەردىن 17 ـ مارت قىرغىزىستان «پاسپورتنى رېژىم» ئېلان قىلدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، ئامانلىق ساقلاش ئۈچۈن يۈرگۈزىدىغان جىددى ھالەت تۈزۈمى بولۇپ، تۇتقۇن قىلىدىغان ئوبيېكتنى ئاشكارە ئېلان قىلماي، بىر قاچقۇن ئۈچۈن مىليونلىغان بىگۇناھ پۇقرالارنى تۇتۇپ، ئۆي ئاختۇرۇپ پاراكەندە قىلىدىغان، بىرگە زەربە، مىڭگە تەربىيە سىياستى ئىكەن. ئۆتكەن يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ قېتىم «پاسپورتنى رېژىم» ئېلان قىلغان ئىدى. ھەر قېتىمدا خىتاي بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن تۇتۇش نوتى تاپشۇرغانمىشلىقنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئەمما بۇ قېتىم نوتنى كىم تاپشۇردى؟ تۇتۇش ئوبيېكتى كىمـۇ؟ ئۇلارنى ئويلىغۇدەك، تەھلىل قىلغۇدەك ئارامىمىز قالمىغاچقا، تېخىمۇ ۋەھشى مۆكۈشتىن باشقىسى بىز ئۈچۈن بىر تېيىن بولۇپ قالغان ئىدى. كىرگىدەك يەر قالمىغاندەك، پۈتۈن ئالەم كىچىككىنە بىر ھويلىچىلىك، ھەممە بۇلۇڭلارغىچە ئاختۇرۇپ بىزنى ئىزدەۋاتقاندەك، شۇنچىلىك قىستالغىلى تۇرغاندا، ھاشىم قارىغا تېلېفون قىلىپ، ياردەم سورىدۇق. ئۇ دېيىشكەن يەرگە، زاپوروژ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يېتىپ

كەلدى. غالتەكچىلىك ماشىنىغا بەشىمىز مۆكۈپ، كارۋانچىلىق هاياتىنى باشلىۋەتتۇق. شەھەرگە قارىغاندا سەھرا خاتىرجەمرەك بولىدىكەن. بىر سەھرادىكى مەسچىتتە ناماز ئوقۇش باناسىدا، يەنە بىر سەھرادىكى مەسچىتتە سوغاق سۇغا نان چىلاپ يەپ دېگەندەك، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتۇق. قىزىق يېرى شۇ بولغانكى، ئەزرائىلنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ قېچىپ يۈرگەن تۇرۇغلۇق، شاھمات تاختىسىنىمۇ قولتۇقلاپ قاچقانكەنمىز. باش تىققۇدەك بىرەر ئۆيگە كىرىۋالساق، تەزگاھنى يېيىپ، شاھماتنى باشلايمىز. هاشىم قازى كاداڭ ئۇستا. بىزنى بىر باشتىن ئۇتۇپ چىقىدۇ. بەزىدە ئۇتىۋالساق: گۇيلار، سالا قىلىش يوق دېدىمغۇ! ئەمدى ئۇتۇۋېلىشساڭ ماشىنىنى ھەيدىمەيمەن - دەپ، ۋارقىراپمۇ قوياتتى. شاھماتنى بىرلا باشلىۋالساق، بىزنى ئىزدەۋاتامدۇ، قوغلاۋاتامدۇ، تۇتۇلۇپ قالىمىزمۇ، قورساق ئاچتىمۇ، نېمە يەيمىز، ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئويۇننىڭ ئىچىگە كىرىپ يۈتۈپ كېتەتتۇق.

بۇ قېتىمقى «پاسپورتنى رېژىم» ئۈچ ھەپتىچە داۋاملىشىپ، ۋەزىيەت يەنە ئوڭشىلىپ قالدى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىياغا يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئۆزىلا، يېتەرلىك دەرىجىدە خەتەر ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدۇق. شۇڭا ئادەملەرنى بىرلەپ، ئىككىلەپ يىراق ئەللەرگە يولغا سېلىشقا باشلىدۇق.

(كېيىنكى بابتا تەپسىلاتى بايان قىلىنىدىغان يەنە بىر قېتىملىق تۇزاق) مۇشۇ ۋەقەدىن بىر يىل كېيىن، بىشكەك شەھىرىدە قۇرۇلغان موسكۋانىڭ تۇزىقىدىن قېچىپ، جان ساقلاش ئۈچۈن ئالمۇتىدا پاناھلىنىپ تۇرىۋاتقان كۈنلەردە،

مالىم ھاجىم بىلەن بىرگە مەسچىتتىن چىقىپ، لەغمەن ئىشتىھاسىدا بىرسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتۇق. تۇساتتىن ھېلىقى ئالتۇن چاچ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ بىر تېڭىرقىپراق سالام بېرىپ، قولىنى ئۇزارتتى. مەن ھودۇقماستىن: ئىزدراستۋىتي، كاك دېلا؟- دەپ، ئۇنىڭ سالىمىنى رۇسچە ئىلىك ئالدىم. ئۇ: مېنى تونىمىدىڭمۇ؟ بىز سۆھبەتلەشكەن؟ - دېدى ئەرەبچىلەپ. مەن: ئىزۋىنىتي پاژالۇستا! ئارابىسكى نىپونىمايۇ - دېدىم يەنە رۇسچىلاپ. ئۇ مالىم ھاجىمغا: مەن بۇ ئادەمنى تونۇيمەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنى يوشۇرىۋاتىدۇ - دېۋىدى، ھاجىم ماڭا قاراپ، جاۋابقا ئۈندىدى. مەن: چىتو گاۋارىش؟ - دېدىم. مالىم ھاجىم بىر نەرسىنى ئاڭقىرغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى دەرھال تەرجىمە قىلىپ بەرگەن بولدى. مەن: كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، تاشكەنتتىن كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئالمۇتىغا كېلىپ باققان ئەمەسمەن. بىرسىگە ئوخشاتقانسىز - دېدىم. مالىم ھاجىم ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن يەنە رۇسچىلاپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن مالىم ھاجىم ماڭا يېتىشىپ: ئۇ ئىدەم بەك ھاڭ - تاڭ قاپتۇ ئابدۇرەھىمجان قالىسىلا. سىلى كېتىپتىلە، ئۇ مۇنداق دېدى: يا مەن بۇنى ھېلىقى ئادەمگە راستىنلا ئوخشىتىپ قالدىم، يابولمىسا ھېلىقى بۇ بەك يامان ئادەم - دېگەنتى، مەن - سىز راستىنلا خاتا تونۇپ قاپسىز، بۇ تاشكەنتلىك تىجارەتچى ناسىروپ بولىدۇ، ھېلىقى كىشى ئەمەس - دېسەم، بىر كۆزىنى قىسىپ ئاسمانغا قاراپ خىيال قىلغىلى قوپقانتى، شۇنىڭ بىلەن: ئاۋۇ تىجارەتچىدە ئېلىشىم باتتە، ئۇنى يوقىتىپ قويسام بولمايدۇ دەپلام

تىكىۋەتتىم. ھاي ئابدۇرەھىمجان، ئەمدى قانداق بولار؟ ـ دېدى ئۇ سەل ئەنسىرەپ. ـ ھېچ نېمە بولمايدۇ ھاجىم؛ ئەگەر ئۇ ئىستىخباراتنىڭ ئادىمى بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئۇنى تونىمىغانلىقىمنىڭ ئۆزىلا، مەخپىيەتلىك قەبرىگە كۆمۈلدى دېگەن گەپ؛ ئۇلار ئۈچۈن مېنىڭ خەتىرىم يوق؛ شۇڭا ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ ـ دېدىم، ئۇنى بەزلەپ. يەنە بىرى مېنىڭ كاناداغا قاچىدىغان ۋاقتىممۇ ئانچە ئۇزۇن قالمىغاچقا، ئۆزۈممۇ خاتىرجەمرەك ئىدىم. بىراق كېيىنكى كۈنى، ئويلىمىغان يەردىن ماڭا يەنە بىر خېرىدار چىقتى. بۇ قىرغىزستاندىكى يېگىدىن ئېچىلغان خەلقئارالىق جان بازىرى. مېنى يەنە بىر قاسساپلارنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مەن شۇ بازارنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتتىم.

(داۋامى كېيىنكى بابتا)

(ئىزاھات: * يىللاردىن كېيىن ئاڭلىشىمچە، 97 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا تويلاشقان غازاتچىلارنىڭ سەركىلىرى، ئالتۇن چاچ بىلەن مۇناسىۋەت قۇرغانمىش. * مۇئاۋىن ئەمىر دوكتور ئەپەندى ـ ئەركىن ئەللەردە ئىلمى خىزمەت قىلىپ، مىللەتنىڭ ئېھتىياجىنى قامداۋاتىدۇ. * قوغدىغۇچى قارىم ـ بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتۈپ، ھازىر ئەركىن ئەللەردە تۇرمۇش قامدىغاچ، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. * ئىككى ئاشپەز كاندېداتلىرىنىڭ بىرسى ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەنمىش، ئەمما ئىز ـ دېرىكى يوق. يەنە بىرسى بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتۈپ، ھازىر ئەركىن ئەللەردە. * سەككىز نەپەر پىدائىلاردىن بىرسى 98 ـ يىللىرى ئالمۇتىدا غازاتچىلار بىلەن ئازاتچىلار ماجىراسىغا ئارىلىشىپ، ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بىرسى

پاكىستاندا غازاتچىلارنىڭ ئىچكى ماجىراسىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بىرسى ئىز دېرەكسىز. قالغان بەش كىشى بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق سوغۇق ئۆتتۈپ، ھازىر ئەركىن دۇنيادا، مىللەت ئۈچۈن تېگىشلىك خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. * ئەلچى ئەپەندىم نۇرغۇن خەتەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قۇربانلىق بېرىپ، كېيىن ئەركىن ئەللەرگە يەرلەشتى. * مالىم ھاجىم ئۆلۈم خەتىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ئەللەردە ياشاۋاتىدۇ.)

2019 .06 .04

## ئون ئىككىنچى باب

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پېشقەدەملەرنىڭ مەۋقەسى ۋە رۇسىيە

«سەن بېسىپ ماڭغان يول سېنىڭلا ئەمەس. بەلكى سەندىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر بىلەن سېنىڭدىن كېيىن كېلىدىغانلارنىڭ.»

مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلانسا باشقىلارغا، ياكى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەرگە زىيان سالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ياكى مەخپىيەتلىك ئالاھىدىلىكى قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، باشقىلارنىڭ ساۋاق ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاشكارىلاش كېرەك. ئىلگىرىكىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى، قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قانداق زىيان سالغانلىقىنى، قايسى ئىشتا توغرا قىلىپ، قايسى ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمىسە، كېيىنكىلەرمۇ قەدەمنى باشتىن بېسىشقا، ئالدىنقىلار نېمە قىلغان بولسا، كېيىنكىلەرمۇ ئەينەن شۇنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ دەل ـ تارىخنى تەكرارلاش دېمەكتۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەندە ـ بىز جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەچكە، ئادەتتە قازاقىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، تاجىكىستاننى سىرتىدا قالدۇرغان ھالدا قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك رايونلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز.

مەقسىتىمىز ـ قوشنا ئەللەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا پىكىر قىلىش بولغاچقا، ئاتالغۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار تۆۋەندىكىدەك تۆرت گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى: قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار. ئىككىنچى: مانجۇر ئىشغالىيىتىدىن باشلاپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇيغۇرىستاندىن كۆچۈپ چىققان، كۆچۈرۈلۈپ چىققان، قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلار. ئۈچىنچى: جۇمھۇرىيىتىمىز مەغلۇب بولغاندىن كېيىن 51 ـ يىلى، 57 ـ يىلى ۋە 62 ـ يىللىرى كۆچۈرۈلۈپ چىققان، ئۆزلىكىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلار. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرگە مەنسۇپ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «يەرلىكلەر» دەپ، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنى «كۆچمەنلەر، ئۇياقتىن چىققانلار، قاشقالىقلار، خىتايلىقلار» ـ دەپ ئاتىشاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن بۇرۇن، يەرلىك ئۇيغۇرلار كۆچمەن ئۇيغۇرلارنى يات كۆرەتتى ۋە خېلە ئېغىر يەكلەپ كەلگەن. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلار رەسمى ھوقۇقلۇق دۆلەت بولغاندىن كېيىن، بۇ ئەللەردە ياشاپ كېلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئىككىنچى سىنىپ، ياكى كۆچمەن خەلق قاتارىغا چۈشۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا «خىتايلىق» دەپ ئاتىلىپ قازاق، قىرغىز، ئۆزبېكلەر «يەرلىك» خەلق دېيىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كونا ـ يېڭى، يەرلىك ـ كۆچمەن دېيىشمەستىن، بارلىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىكىدىن بىر يىپقا تىزىلىغىلى تۇردى. بالقاش كۆلىگىچە، ئالتۇن ئوردىغىچە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ياشىغان، بىزمۇ بۇ يەرلەرنىڭ يەرلىك

ئىگىلىرى ـ دېگەن گەپ ئاقمىدى. چۈنكى ۋەتەننىڭ نامى، دۆلەتنىڭ نامى راستىنلا شۇ قوۋملەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەجدادىمىز ياشىغان يەر» دەيدىغان گەپلىرىنىڭ سىياسى قىممىتى ۋە ئېتنىك ئاساسى يوق، قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ ئەجدادلىرى دۆلەت قۇرۇپ شەھەر سورىغان بۇ تۇپراقلاردا، ئۇيغۇرنىڭ نامى يوق، باشقىلارنىڭ نامى مۆھۈر بولۇپ بېسىلىپ كەتكەن ئىدى. ھېچ بولمىسا ئورتاق مەدەنىيەت ياراتقان، تارىخلارنىڭ ياخشى ـ يامان كۈنلىرىدە بىرگە ئۆتكەن، ئاتا كۆرگەن خەلق، بىزنىڭ يېقىنلىرىمىز، دۆلەت بىزنىڭ بولسىمۇ ۋەتەندە ئۇلارنىڭ بىر ئۈلۈش مىراسىي بار ـ دېمەستىن، ئەكسىچە دۈشمەنچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا: ئۇيغۇرلار پان تۈركىزمچى. بۇلار خىتايدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرسا، تۈركىستاننىڭ شەرقىنى تىكلەپ چىقىپ، تۈركىستاننىڭ غەربىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بىزنىڭ ئېتنىك مىللى دۆلەتلىرىمىزنى قانغا بۇلاپ، بىزنى يوقىتىدۇ. شۇڭا بۇلارنى خىتاي باشقۇرۇپ، تۇتۇپ تۇرغىنى ياخشى ـ دېگەن قارارىدا ھەممىسى ئورتاقلاشتى.

تارىختا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ دېگەنلىرى، قىلغانلىرى، ئارقىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرىنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدىمۇ توغرا بولىۋەرمەيدۇ. رېئال دۇنيادا ياشاۋاتقانلار رېئال ئىش كۆرۈشى كېرەك. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار (ھاشىر ۋاھىدى، تارىخچى ئالىم ئىسمائىل ئەنۋەرى، سىياسەت ۋە تارىخشۇناس تەتقىقاتچى سابىت ئۇيغۇرى، ئارخىئولوگىيە ۋە ئېتنولوگ تەتقىقاتچى ئابدۇ كېرىم سابىت قاتارلىق يۈزلىگەن مۇنەۋۋەر شەخسلەر

86 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئاۋام خەلقىنىڭ زور بىر تۈركۈمى چەتكە قېقىپ، يېقىن يولىمىغان) «مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان، ئۆز ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىپ ئۇيغۇرىستان دۆلىتى قۇرىمىز!» دېگەن ھەقىقەتنىڭ ئەتراپىغا بىر تۇتاش ئۇيۇشتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرىستانچىلىق تەپەككۇرى، ئۇيغۇرىستانچىلىق سىياسى نەزەرىيسى ئومۇملاشتى. نەتىجىدە 92 ـ يىلى ئاپرېل «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات مەركىزى»، «ئۇيغۇر يازغۇچىلار جەمئىيىتى»، «جۇمھۇرىيەتلەر ئارا ئۇيغۇر ئىتتىپاقى»، «قازاقىستان دۆلەتلىك ـ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى» قاتارلىق، ئۇيغۇرچىلىق نىشان قىلىنغان نۇرغۇن تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. ئۆز ـ ئانا تۇپراقلىرىدا تۇرۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كەمسىتىشىگە، چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر پارچە ئانا ۋەتىنىنى مىللى، ئېتنىك خاس نامى بىلەن ئاتاشقا مەستانە بولۇشتى. شۇنىڭدەك ئەن ـ ئەنىگە مەھكەم ئېسىلىدىغان شەخسلەرمۇ ئەلۋەتتە يوق ئەمەس ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە يەنە بىر تۈركۈم پېشقەدەم تەتقىقاتچى، زىيالىيلار يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى ئەپەندىمنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى قىلىپ «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىشتى. لېكىن ئۇلارمۇ ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىدىغان، كۆرەشچى ئېقىم بولۇپ ۋەتەنىنىڭ نامىنى «شەرقى تۈركىستان ـ ئۇيغۇرىيە» ـ دەپ ئاتاشنى، مۇستەقىل بولغاندا «شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر

جۇمھۇرىيىتى» ـ دەپ، ئاتىلىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. تېمىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرى، تەشكىللىك ياكى تەشكىلسىز بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئالىڭ، پىكىر جەھەتتە «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» بىلەن «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» ئەتىراپىغا يىغىنچاقلىنىدۇ. «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»: ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئامېرىكا، ياۋروپا قاتارلىق دېموكراتىك غەرب ئەللىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ؛ رۇسىيە بىزگە تارىختىن بۇيان سەممىيەتلىك كۆرسەتمىگەن؛ رۇسلار ئىككى يۈزلىمچى، بىزنى سەمرىتىپ پۇلىغا چىققانىدا دۈشمەنگە ساتىدۇ ـ دەپ قارىسا، «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى»: ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئاچقۇچى رۇسىيىنىڭ قولىدا؛ رۇسىيە ۋەتىنىمىز بىلەن بىۋاستە چېگرىداش؛ غەربلىكنىڭ بىز بىلەن جۇغراپىيىلىك مۇناسىۋىتى يوق؛ شۇڭا بىز يەنىلا رۇسىيىنىڭ كوزۇرىغا ئايلىنىش ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەتۈرەلەيمىز ـ دەپ قارايتتى. «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ غەربكە مايىللىق تەشەببۇسلىرىنى ۋە مىللى ـ ئېتنىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىلمى، ئىلغار، رېئال ـ دەپ قارىساقمۇ، بىزدەك جاندىن تويۇپ قالغان، خىتايدىن قىساس ئېلىشقا تىكلىنىپ تۇرىۋاتقانلارغا نىسبەتەن، ھەرىكەتسىز ـ پاسسىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» گەرچە رۇسپەرەست بولسىمۇ، خىتايغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىشتا ئاكتىپ ئىدى. شۇڭا بىز ھەر ئىككىلى ئېقىم بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئىدۇق. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا

«خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» بىزنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىمىزغا، ھەرىكەت قىلىشىمىزغا بۇيرۇق بېرەتتى. بىزنىڭ تەلىپىمىز بولسا، بىر قانچە ئادەم ۋەتەنگە قايتىپ، تاينى يوق ئىشلار بىلەن ئۆلۈش ئەمەس، بەلكى قانچە ئون مىڭلىغان مۇنتىزىم پىدائىيلار بىراقلا قوزغىلىپ، ۋەتەنىنىڭ چېگرىسىدىن مەلۇم بىر پارچە تۇپراقتا ئىستىھكام قۇرۇپ، خىتايغا قارشى ئۇرۇش باشلىغانلىقىمىزنى دۇنياغا جاكارلاش ئىدى. ئارىمىزدىكى بۇنداق تەتۈر تاناسىپ بەزىدە بېشىمىزغا ئېغىر بالا - قازا ياغدۇرۇپمۇ قوياتتى. مەسىلەن: ۋەتەندە خىتايغا قارشى بىرەر ھەرىكەت يۈز بەرگەن ھامان «مىللى كامىتېت» نىڭ ئالقانچىلىك بىر بەتلىك گېزىتىگە بىزنىڭ بىر پارچە ئۇپچە رەسىمىمىزنى چاپلاپ: بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى مۇشۇ قەھرىمانلار ئىجرا قىلدى - دەپ خەۋەر باساتتى. ئەسلىدە بۇ رەسىم 94 - يىلى ئىيۇل ئاتالمىش «ياپونىيە پادىشاھ ئاخباراتى» نىڭ مۇخبىرى، بىز توغرۇلۇق يازغان زىيارەت خاتىرىسىگە بەرگەن رەسىم بولۇپ، ھەر قېتىم مۇشۇ رەسىم گېزىتلەرگە چاپلانسىلا، يۇقىرىسى رۇسىيە، تۆۋىنى خىتايغىچە ئۈستىمىزدىن تۇتۇش بۇيرۇقى، ئىزدەش ئۇقتۇرۇشلىرى ئېلان قىلىناتتى. «مىللى كامىتېت» قا بىر نەرسە دېسەك: بۇ ئىنقىلاپ، بەزىدە ھۇجۇم، بەزىدە ئۆلۈم بولۇپ تۇرىدۇ؛ سىلەرنى پىداكار ئىنقىلابچى دەپ بىلىمىز - دېگەنچىلىكلا جاۋاب بېرەتتى. مۇشۇنداق تاكتىكا ئارقىلىق، بىزنى ۋەتەنگە قايتىشقا قىستاۋاتقان بولسا كېرەك - دەپ ئويلايتتۇق. لېكىن بۇنداق قىستىلىپ، ئامالسىز ۋەتەنگە قايتىش ئىنقىلاب ئەمەس، ئەكسىچە بىر تۈرلۈك خىيانەت، چوڭراق بولسا خىتاينى ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا

سەگەكلەشتۈرۈش بولۇپ قالاتتى. ھەر قانچە ئىغىر كۈن چۈشكەندىمۇ چىداپ، كەلگۈسىگە، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا ئۈمىت باغلاشتىن ۋاز كەچمەيتتۇق.

ئادەم ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا، پەلەكنىڭ قايسى يۆنىلىشتە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىش بەك قىيىن بولىدىكەن. ھەتتا بىرگە چۈگىلەۋاتقان بولغاچقا، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىكەن. 95 ـ يىلى 17 ـ نويابىر، بىر ئادىمىم كونىراق بىر تونۇشۇمنى، تۈيۇقسىزلا مەن مۆكۈپ تۇرغان قوروغا باشلاپ كەپتۇ. ۋەتەندىكى چاغدا ئۇنى بىر جەڭچى دەپ بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە تونۇشۇپ قالغان. ئۇنىڭ بىر جەسۇر«قاتىل» ئىكەنلىكىنى ھەم قىسمەن بىلەتتىم. شۇ چاغلاردا قازاقىستانغا بىر قانچە قېتىم چىققانلىقىنى، «مىللى كامىتېت» بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىنىمۇ ماڭا دەپ بەرگەن. لېكىن بىز چەتكە قاچىدىغاندا ئۇنىڭغا دىمىگەن. بۇ بىر چوڭ مەخپىيەتلىك تۇرسا؛ دادىمىزغىمۇ دېمىگەن ئىشنى، بىر «قاتىل» غا نېمىشقا دەيتتۇق. ھاڭ ـ تاڭلىق ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ تۇنجا سۆزى: مېنىڭدىن يوشۇرۇن قېچىپ كېلىپ مۆكۈۋالغان يېرىنى! ھەجەپ ئۇزۇن مۆكتىلە ئاكا؛ ھېچ بىر سادا چىقمىدى؛ ئاخىرى رەھبىرىڭلارنى ئېلىپ چىقتىم! ـ دېگەنلەر بولدى. ئۇ ئېلىپ چىققان موللام گەرچە بىزنىڭ رەھبىرىمىز بولمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىمتىيازى، نوپۇزى ئالدىدا بېشىمىز تۆۋەن تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ يالغۇز موللىلا ئەمەس، بەلكى 69 ـ يىلىدىكى قاراجۇلدىكى جەڭ ئۇرۇشىدا، دىنى يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللىق

قاماق جازاسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇر، زىيالىي ۋە سىياسىيونلار بىلەن بىرگە بولۇپ، پىشىپ چىققان بىر قوماندان ھەم سىياسىي مۇتەپەككۇر بولغاچقا، ئۇنىڭ تاللىشىنى قوبۇل قىلماسلىقتىن باشقا يولمۇ يوق ئىدى. قاتىل ئۇنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، بىر دېھقاننىڭ پاسپورتىنى ئالمۇتىغا ئاچىقىپ، ئۇنىڭ رەسىمىنى چاپلىتىپ تەييارلاپتىكەن. ئەسلىدە ئۇ موللام بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ مەنىۋى قۇتراتقۇچىسى دېگەن جىنايەت بىلەن، ئۈچ يىللىق كېسىلىپ، جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ ئەركىن قويۇپ بەرمەي، سۈرگۈن قىلىپ ھەم ئۆمۈر بويى بىر مەھەللىدىن سىرتقا چىقمايدىغان، نازارەت ئاستىغا بەنت قىلىنغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى قارا جۇلدىكى جەڭ ھەرىكىتىنى موسكۋا بىر تۇتاش ئويلىغان بولغاچقا، موللامنىڭ تىزىملىكى ئارخىپتا بارئىكەن. ئۇنى كونا خوجايىن زاكاز قىلىپ ئاچىقتۇرغان بولسا كېرەك. بۇمۇ بىر ھېسابتا تەۋەككۈل قىلىدىغان ئىشتەك بىلىندى. لېكىن ھەرقانچە بولسىمۇ، سىناپ باقىدىغان ئىش ئەمەس.

موللام بىلەن بىر قانچە ھەپتە سۆھبەتلىشىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھۋالنى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ، «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» نىڭ ئەھۋالىنى، ئاتالمىش «شەرقى تۈركىستان مىللى فرونتى» نىڭ نامدا بار، ئەمەلدە يوق ساختا ئويۇن ئىكەنلىكىنى، «شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى» نىڭمۇ ئىستانبۇلدا يېتىپ قالغانلىقىنى، غەربىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنلىكىنى، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەدىن تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىغانلىقىنى،

ھەم ئۇيغۇرلاردىن قورقۇپ يامان كۆرىدىغانلىقىنى تەپسىلى چۈشەندۈردۈم. شۇ ئارىدا موللامنى «مىللىي كامىتېت» ئالمۇتىغا چاقىردى. ھەر ئېھتىماللغا قارشى، ئەگەر رۇسىيە تەرەپتىن بىرسى بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا سۆھبەت بولۇپ قالسا: رۇسىيە ھۆكۈمىتى قورال ۋە ھەربىي كۈچىدىن ياردەم قىلىدىغانلىقى، ئۇرۇشنى قاچان باشلاش، قاچان توختىتىش، خىتاي بىلەن سۈلھى قىلىش - قىلماسلىق، ئۇرۇش جەريانىدا رۇسىيە قوماندانلىق قىلماسلىقى ... قاتارلىق بىر قۇر شەرتلەرنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكلىكىنى موللامغا ئېزىپ ئىچىردىم. موللام شۇنچىلىك مەمنۇنلۇق بىلەن ماقۇل كۆرۈپ، ئالمۇتىغا كەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئىچىگە لىق ھاۋا تولدۇرۇلغان شاردەك، يەتتە قات ئاسماننىڭ تۆپىسىدە لەيلەپ قايتىپ كەپتۇ موللام. ئۇ شۇ قەدەر ھاياجانكى: ئۇرۇشقا تەييار ئوغامبالا باما؟ - دېدى قەشقەرچە ئاھاڭ چىقىرىپ. ئۇ رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. شەرقى تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىپ، خىتايدىن ئايرىپ، رۇسىيىنىڭ ئەسكىرى ھىمايىسىدە رەسمى ئىتتىپاقداش دۆلەت قىلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ تاشقى مۇناسىۋەتتىكى دىپلوماتىيە ئىدارىچىلىقىنى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۈستىگە ئالىدىكەن! بىز دۆلەت ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىدىكەنمىز. بۇ گەپلەرنىڭ بىر پۈتى دەسسىمەيۋاتقانلىقىدىن گۇمانسىراپ: چېچەن ئۇرۇشىدا پەشۋا يەۋاتقان رۇسىيىنىڭ ئىگىكىنى تاگىدىغان ماتاغا ئايلىنىپ قالمساق بولاتتى - دېگىنىمنى بىلمەن، موللام ئاغزىنى بۇزۇپ، ئىتتىن خار، تاپتىن سېسىق، سەت گەپلەر بىلەن قەشقەرچىلەپ تىللاپ، رەسۋا

قىلىشۋەتتى. تىللاپىلا توختاپ قالماي: 2 ـ فېۋرال موسكۋا ۋەكىللىرى كەلگەندە، يەنە مۇشۇنداق جىۋىلىسەڭ، دەسسەپ، پېتىقداپ سەندەك نەرسىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىمەن جۇما! ئۇنتۇپ قالما ـ دېمەمدۇ، ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۆركۈپ ئەتراپىمغا قارىسام، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئولتۇرغان يېرىگە مىقلىشىپ كېتىپتۇ. بىر ھازا سۆكۈتتىن كېيىن: بوپتۇ، بۇنداق سەت گەپنى ئاڭلىغۇچە رۇسىيە ئۆچۈن ئۆلۈپ كەتسەكمۇ مەيلى! ئەمما بۇ ئىش 44 ـ يىلىنى تەكرارلاپ، ئۆلۈك ئىشەكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندەك بولماسلىقى ئۈچۈن، رۇسىيە ۋەكىلىگە مىللەت نامىدىن قويىدىغان شەرتىمىز بار؛ شۇنى قوبۇل قىلسا ئاندىن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلساق بولىدۇ ـ دېدىم، يۈزۈمنى چەمدەك قىلىپ. موللام ماقۇللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئارتۇق گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. ئاردىن بىرەر ھەپتە ئۆتتىمىكىن بىرىنچى فېۋرال كەچقۇرۇن موللام ئادەم ئەۋەتىپتۇ ـ ئىپتاردىن بۇرۇن پالانى ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئۆزى يالغۇز كەلسۇن، ۋەكىل بىلەن سۆھبەتلىشىمىز ـ دەپ.

موللام مېنىڭدىن خېلە بۇرۇن كەلگەن چېغى، ئەسنەپ ئولتۇرۇپتىكەن. بىز ھېچ نەرسە بولمىغاندەك، قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتمۈشتىكى پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتۇق. نېمىشقا ماي تارتىپ قالغۇدەكمىز ھە؟ شەخسى ماجىرا بولمىسا بۇ. بىر مىللەتنىڭ قېنى، بىر ۋەتەننىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ماجىرالاشتۇق. شەخسى پاراڭغا ئارىلاشتۇرمايمىز ـ دە. شۇ ئارىدا بىز كۈتۈۋاتقان مېھمان كەلدى. لېكىن رۇسىيىنىڭ ۋەكىلى ئۆزى كەلمەي، ۋاكالەتچىسىنى ئەۋەتىپتۇ. مەن موللامغا تىكىلىپ تۇرۇپ: تېلېفون قىلىۋەتمىگەن بولغىيتىلە

تايلىق؟ دېۋىدىم، ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان موللام: ئاغزىمىز يۇگۇرەك بولغان بىلەن، ھەرىكىتىمىز ئاستاراق جۇما- دېدى ئۆزىنى يەڭگىللىتىپ. ۋاكالەتچى: قاشقالىقنىڭ تىلىنىڭ تەكتىدە كىچىك تىلى بار دەيدىغان. راستمۇ نېمە؟ مەن ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىدىم - دېدى، سىكرىتتەك تىكىلىپ. يالغاندىن كۈلۈشمەك قىلىپ، گەپنى مەقسەتكە يۆتكىدۇق. ۋاكالەتچى رۇسىيەنى ماختاپ، ئاغزىدىن كۆپۈك چىققىچە سۆزلىدى. دۇنيادا بىرمىش رۇسىيە دېگەن. قورال، سىياسەت، ئىقتىساد، دۇنيا سىياسىتىنى، رايون سىياسىتىنى بەلگىلەشتە ئامېرىكا نەدە قالسۇنمىش. ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئەسلى مەزمۇنغا يۆتكىدىم گەپنى. يەنە ئۇ ئادەم گەپدانلىق قىلىپ، رۇسىيىنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرسەك، بىزگە دۇنيادا ھېچكىم ئالىيىپ قارىيالمايدىغان، كىرپىكىمىزگە چاڭ قونمايدىغان، رۇسىيىنىڭ شاھزادىسى بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا تۆۋەندىكىدەك، قىسقىچە دىئالوگ بولۇپ قالدى.

مەن: 19 - ئەسىردە پارالېل ئىككى دۆلىتىمىزنى مانجۇر ئىمپېرىيىسىگە ساتقان، 20 - ئەسىردە ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيىتىمىزنى خىتايغا ساتقان رۇسىيىگە ئىشەنچ قىلىپ، بەشىنچى قېتىم ساتمايدۇ دېسەك بولامدۇ؟

ۋاكالەتچى: ھازىرغىچە رۇسىيىگە مۇشۇنداق دەيدىغان بىر ئۇيغۇر چىقمىغان؛ بەك مۇھىم سوئالنى قويدىڭىز؛ رۇسىيە تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا خىيانەت قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ قېتىم شەرقى تۈركىستاننى قول تىقىپ ئازات

قىلىش ئارقىلىق، تارىختا قىلغان خاتالىقى ئۈچۈن ئەپۇ سورىماقچى.

مەن: رۇسىيە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئۇرۇشىنى ئۆزى قوزغاپ، بىزنىڭ قېنىمىز بىلەن مۇستەقىل ھۆكۈمەتنى ئۆزى قۇردۇرۇپ، يەنە خىتايغا ساتقانتى. بۇ قېتىم يەنە شۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەت بېرەلەيدۇ؟

ۋاكالەتچى: ئەمدى دېمىسەم بولمايدىغان يەرگە يەتكەندەك تۇرىدۇ؛ شەرقى تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش - يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى رۇسىيىنىڭ تولۇپ مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ بەك مۇھىمدۇر؛ چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىقىلىشىدا ئاساسەن ھەربى خىراجەت چوڭ رول ئوينىغان؛ ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇستەقىل بولغىنى بىلەن، چېگرا مۇداپىئە كۈچى يوق؛ رۇسىيىنىڭ خىتايغا قارشى قوغداۋاتقان چېگرا لىنىيىسى 2600 كىلومېتىر بولۇپ، ئەگەر شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولسا، چېگرا لىنىيىسى 260 كىلو مېتىرغا قىسقىرايدۇ؛ رۇسىيىنىڭ شەرقى تۈركىستاننى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا ئاجراتقان بارلىق خىراجىتى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە تېجىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيە قەددىنى تىكلەشكە يۈزلىنىدۇ؛ ھەربى خىراجىتى ھەر قانداق قۇدرەتلىك دۆلەتنىمۇ ئۇپرىتىدىغان نەرسە؛ بەلكىم ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى كۈچلۈك، دۆلەتچىلىك ئېڭى يۇقىرى بولغاچقا، دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن رۇسىيە ئالاھىدە خىراجەت ئاجرىتىمىسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ؛ مانا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تولۇپ مەقسىتى.

ۋاكالەتچى بىلەن قىلىدىغان سۆھبەت ئاخىرلاشتى. ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇزدا، رەسمىيەتلىك سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان جاينىڭ ئادرېسىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتىم. لېكىن مەن بۇ گەپلەرگە بىر پىرسەنت ئىشىنىش ئېھتىماللىقىدا بولسامۇ، مېنى ساقلاپ تۇرغان باللارغا تەپسىلى چۈشەندۈردۈم. غەيرى رەسمى كاتىپ ئۈچ ماددىغا يىغىنچاقلاپ تەييارلىغان شەرتىمىزنى، رەسمى ماتېرىيال سۈپىتىدە كونكرېتلاشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ چىقتى. ھاياجاندا ئىدۇق. رۇسىيىنىڭ قوراللىرى ـ كالاشىنكوۋ، كاتوشالار بىلەن خىتاينى ئەسكى چاپاندەك تىتىپ، توزغاقتەك توزۇتۇپ، ئەنتىمىزنى ئالىدىغان پۇرسەت كەلمەكتە.

ئەتىسى ـ 96 ـ يىلى 2 ـ فېۋرال سائەت دەل توققۇزدا، ئەسكەردەك ۋاقىت ئىنتىزامى بىلەن ھېلىقى قوروغا يېتىپ كەلدۇق. ئالدىمىزغا بىر ئادەم چىقىپ ئىچكىرىگە باشلىماقچى بولۇۋىدى، خاتا كېلىپ قالغان چېغىمىز دەپ، ئارقىغا داجىدۇق. ئۇ سىپايىلىك بىلەن قايتا ـ قايتىلاپ: مېھمانلارمۇ ھازىرلا كەلگەن، سىلەر دەمبەس قەدەم كەلدىڭلار، قېنى ئىچكىرىگە كىرىڭلار ـ دېدۈيدى، ئاخشامقى گەپكە بولغان بىر پىرسەنتلىك ئىشىنىش ئېھتىماللىقىمۇ يوققا چىقتى. چۈنكى بۇ ئادەم «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» نىڭ قىرغىزىستاندىكى ۋەكىلى بولۇپ، كامىتېت بىلەن بولىدىغان ئالاقىمىزدا ۋاستىچىلىك قىلاتتى. نۇرغۇن ئالاقىلاردىن خەۋىرى بار بۇ كىشى، 95 ـ يىلى ئىيۇل بېجىڭ ھۆكۈمىتىدىن بەش مىليون دوللار ئېلىپ، بىشكەك شەھىرىدە قۇرۇلغان ئاتالمىش «تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى» نىڭ رەھبىرى ھەيئەت ئىدارىسىدىن ۋەزىپە

ئالغان. شۇنىڭدىن بىر ئايچە ئۆتۈپ، 12 ـ ئاۋغۇست مىللىي كامىتېتتىن بىر ئۇچۇر كەلدى ـ «ئالدىنقى يىلى قازاقىستان ۋەتەنداشلىقىغا سۇنغان ئىلتىماسىمىز توغرىسىدا مۇھىم يېڭىلىق بارمىش؛ شۇنىڭ ئۈچۈن چۇقۇرچاق قەشقەر رېستورانىغا، سائەت 12 دە يىغىلىشىمىز لازىم ئىكەن».

مەن يىراق ـ يېقىندىكى باللارنى رېستورانغا جىددى توپلىدىم. بىزنى ئالاھىدە مېھمانلار ئولتۇرىدىغان، ئوتتۇز كىشىلىكچە چوڭلۇقتىكى خاس كابىنىتقا باشلىدى. كابىنېت ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بولۇپ، بىر كۆرۈنۈشتىلا يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە خاسلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بىز تام ـ تورىسىغا، ئاستىمىزدىكى سۆلەت ئورۇندۇقلارغا قاراپ كەيپىلىنىۋاتاتتۇق، كابىنىتقا مۇشۇ ساھىبخان كىردى. بىز ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ بىزنىڭ قازاقىستان ۋەتەنداشلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھەل بولغانلىقى، ھازىرچە ئىككى كىشىگە پاسپورت بېرىلىدىغانلىقى، كېيىنكى قەدەمدە ھەممىمىزگە تولۇق بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پاسپورتى ھەل بولغان ئىككى ئادەمنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سورىدىم. قىزىق يېرى ئۆزىمىز ئىككى نەپەر پاسپورت ئېلىش كاندىداتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەنمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر دەمدىلا پاسپورت كاندىداتلىق ماجىراسى چىقتى. «ماجىرانى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن» كاندىداتنى سىز كۆرسىتىپ بېرىڭ ـ دېدى بۇ ساھىبخان. مەنمۇ ئارتۇقچە ئويلىنىپ كەتمەيلا ئىككى بالىنى كۆرسىتىپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك: كەتمەن ساماندىن قورقىدۇ، باشلىق ياماندىن ـ دېگەن شۇ مانا ـ دەپ غەۋغا كۆتۈرۈشكىلى تۇردى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ماڭا ئۆچلۈك قىلىدىغان، گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان باللار

ئىدى. ئەگەر ئۇلاردىن باشقىلارنى كۆرسەتسەم، ئۇستۇمدىن ئىغۋا تېرىشى ئېنىق. ئەمما باشقىلارمۇ قارارىمغا ئۆكتە قوپتى. بىر دەمدىلا ئارىمىز بۇزۇلۇشقا باشلىۋىدى، ساھىبخاندىن سورىدىم: نېمىشقا ئىككى ئادەمگە ئالدىن بېرىلىدۇ؟ نېمىشقا پاسپورت بەرگەنلەر ئۆزى بىلىپ بەرمەي، بۇنداق مەسىلە پەيدا قىلدۇرىدۇ؟ ساھىبخان كىرپىكىنى قىملداتماستىن: قازاقىستان «ك گ ب» ئىدارىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاراڭلاردا خىتايغا باغلانغان گۇمانلىق بىر كىشى باركەن. شۇنى سىلەر ئاشكارىلاپ بەرسەڭلار، ئاندىن ھەممىڭلارغا بىراقلا بېرىدىغان بولىدى ـ دېمەمدا، ئۇنىڭ ئاغزى يۇمۇلۇپ بولغىچە، بىر شۇڭغۇپ شىرەنىڭ ئۇستىگە سەكرەپ چىقتىم ـ دە، ئۇنىڭ پوكىنىغا تەپمەكچى بولۇۋىدىم، باللار پاچاقلىرىمغا يامىشىپ تۇتۇۋالدى. تېخى بىر ئاي ئاۋۋال بېجىن ھۆكۈمىتىنىڭ بەش مىليون دوللار مەبلىغىنى ئېلىپ، بىشكەكتە قۇرغان «تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى» تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتىدىن ئورۇن ئالغان بۇ مەلئۇنىنىڭ، بىزنى ئۇسۇلغا سېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن: خىتاي خوجايىنىڭدىن ئالغان بەش مىليون دوللارنىڭ كۆچىنى بىزگە كۆرسىتىۋاتامسەن مۇناپىق! ئەگەر ئارىمىزدا خىتايغا باغلانغان بىرى بولسا، ئۇ دەل سەن بولىسەن. ئۆزەڭدىن باشقا يەنە بىر مۇناپىقنىڭ بارلىقىنى بىلسەڭ، بۇگۇن مۇشۇ ئۇستەلدە ئاشكارىلا. بولمىسا قارنىڭنى يېرىپ، ئىچ ـ باغرىڭنى شىرە ئۇستىگە قويۇپ، خوجايىنىڭغا ئىبرەت قىلىمەن ـ دېدىم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك ھۆركىرەپ.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: مانا بىزگە مۇشۇنداق قان ئىچەر، قورقۇمسىز، باتۇر قەھرىمانلار كېرەك! باللىرىم، ھەممىڭلار

باشلىقلىرىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىڭلار! ئەسلىدە سىلەردىن مۇشۇنداق ئىنكاسنى كۈتەتتۇق؛ ھەكىمجان ئەپەندىم ئولتۇرۇڭ، بىز جاۋابقا ئېرىشتۇق؛ قازاقلارنىڭ پاسپورتى مۇھىم ئەمەس؛ مۇھىم بولغىنى مۇشۇنداق جاسارەت - دېدى قۇۋ تۈلكە، مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈۋېلىپ. بۇ ئادەم خېلە ياشىنىپ قالغان، يۇرت ئىچىدە ئانچە بەك يۈزلۈكمۇ ئەمەس، بىر پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاكتىپ پائالىيەتچانلاردىن ئىدى. بىر تۇرۇپ بوۋام ياشلىق ئادەمگە ئالدىراپ تىل سالدىممۇ دەيتتىم ئىچىمدە. ئەمما يەنىلا بۇنىڭ بىر سېتىلما ئىكەنلىكىگە، مۇشۇ سورۇندا خىتايچە بىر ئويۇن قىلىۋاتقىنىغا جەزىم قىلاتتىم. ئۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاچ، بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شىرەنى نازۇ -نېمەتلەر بىلەن بېزىۋەتتى. شىرەدىكى نەرسىلەر كۆزۈمگە مىللەتنىڭ قېنىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ھەتتا بۇ خانىنىڭ تام -تورىسىلىرىمۇ قىزىل مەخمەل بىلەن قاپلانغان بولۇپ، شىرەگە يېيىلغان داستىخان، ئورۇندۇقلارنىڭ رەختلىرى ھەممىسىلا قىزىل مەخمەلدىن بېزەلگەنلىكى، ئەمدىلا كۆزۈمگە چېلىقىپ، ئۆزەمنى بېجىندىكى خىتاي ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا ئولتۇرغاندەك، شۇنچىلىك يىرگىنىشلىك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن جىددى بىر ئىشىم بارلىقىنى ئېيتىپ، چىقىپ كەتتىم ھەم مىللى كامىتېتنىڭ رەھبىرى يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى ئەپەندىگە تېلېفون قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەمنى ئالاقىچى قىلماسلىقنى ئۆتۈنگەن ئىدىم. ئارىدىن يېرىم يىلچە ئۆتۈپ، بۈگۈن ئۇ ئىشىكى ئالدىدا بىزگە ساھىپخانلىق قىلىۋاتاتتى.

ئىچكىرىكى ئۆيدە ۋاكالەتچى بىلەن موللام ئەمدىلا

ئولتۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان ئىكەن. بىزنى كۆرگەن ۋاكالەتچىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ تۆرگە تەكلىپ قىلدى. مەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن بەش نەپەر باللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ۋاكالەتچى: مۇھىم ئىشلارنى ئالدىنقى كۈنى دېيىشىپ بولدۇق مېنىڭچە؛ ھازىر دىنى ئۇسۇلدا بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋەتسەك، ئىشىمىز باشلىنىپ كېتىدۇ - دېدى، سورۇنغا جىددى تۈس كىرگۈزۈپ. ساھىپخانمۇ ئارىمىزغا كىرىپ ئولتۇرغان ئىدى. مەن سوغاق ئاھاڭدا: ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇنۇ ساھىبخان ئەپەندىم بىلەن گەپلىشىۋالسام بولامدۇ - دېدىم ۋە رۇخسەتنىمۇ كۈتمەي: سىز 95 - يىلى ئىيۇلدا، بېجىن ھۆكۈمىتى بەرگەن بەش مىليون دوللار بىلەن قۇرۇلغان، تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى ھەيئەت ئەزاسىغۇ - دېدىم.

ساھىبخان: شۇنداق، مەن ئۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتىدە ھەم قۇرغۇچى رەھبەرلىرىدىن بىرى بولىمەن.

مەن: خىتاي ھۆكۈمىتىدىن بەش مىليون دوللار ئالغىنىڭلار راستمۇ؟

ساھىبخان: بەش مىليون تەستىقلاندى. ئەمما ھازىرغىچە بىر يېرىم مىليون ئەمەلىيلەشتى.

مەن: پۇلنى ئېلىپ نېمىگە ئىشلەتتىڭلار؟

ساھىبخان: شۇ پۇل بىلەن تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق. قۇتادغۇ بىلىكنى، ئويغانغان زېمىن رومانىنى، دىۋان لۇغەت تۈركنى رۇسچە، ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشىرگە بەردۇق...

مەن: خىتاي ھۆكۈمىتى شېرىك بولۇپ، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئاجراتقان مەبلەغنى تەشكىلات قۇرۇش، كىتاب ـ كىچەك نەشىر قىلىش بىلەن بۇزۇپ ـ چېچىۋەتسەڭلار، كېيىن ھېسابىنى سورىمامدۇ؟

ساھىبخان: ئارىلىقتا تاپقان پايدىنى ئىشلىتىمىزدە.

مەن: خىتاي سالغان مەبلەغنى ئىشلىتىپ، بىرەر ئىش ـ تاپاۋەت قىلمىدىڭلارغۇ تېخىچە. زادى نېمە قىلىپ بېرىمىز دەپ ئالغان پۇل ئۇ؟

ساھىبخان: ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش فىرمىلىرىنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىشسىز قېلىۋاتقان، دۆلەت تەرىپىدىن يەكلىنىۋاتقان، چەتكە قېقىلىۋاتقان نامرات ئۇيغۇرلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش ۋە پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن باشلىغان ئىش بۇ! لېكىن ئۈستىمىزدىن غەيۋەتلەر ئېغىر. بۇنىڭ سەۋەبى يۈسۈپ بەگ مۇخلىسى. ئۇ ئادەم مېنىڭدىن سوراپ، ئەھۋالنى ئېنىقلىمايتۇرۇپلا، موسكۋادىن كەلگەن ئۈچۈرغا ئاساسلىنىپ، بىزنىڭ قىلمىشىمىزنى ۋەتەن ساتقان خائىنغا چىقىرىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىۋەتتى. سىزنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىڭىزمۇ شۇ گېزىتتىكى خاتا ئەيىبلەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەۋاتىدۇ.

مەن: يۈسۈپ بەگ مۇخلىسىغا موسكۋادىن ئۈچۈر كەلگەن بولسا، سىزدىن نېمىشقا سورىشى كېرەك ئىدى؟

ساھىبخان: چۈنكى مەن «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» نىڭ قىرغىزستاندىكى ۋەكىلىغۇ! بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

مەن: سىزنى مىللىي كامىتېتتىن ئىستىپا بېرىپ، ئاندىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن شىرىكلەشتى دەپ قارايتتىم.

ساھىبخان: نېمىشقا ئىستىپا بەرگۈدەكمەن؟ بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز ۋەتەن ساتقانلىق ئەمەس، ئەكسىچە ۋەتەن ـ مىللەتكە خىزمەت قىلىۋاتىمىز؛ بۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتاي ئۆز يېغىمىزدا ئۆز گۆشىمىزنى قورۇپ كەلگەن؛ مانا ئەمدى بىزمۇ خىتاينىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆز مۇشتۇمىدا ئۆز تۇمشۇقىنى يارىمىز!

كۆپچىلىك بىزگە قاراپ، يات بىر تىلدا كىنو كۆرۈۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ۋاكالەتچى بىزنىڭ دىئالوگىمىزنى توختىتىپ: مەن بىلمەيدىغان كۆپ ئىشلار باركەن؛ تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بېجىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئىقتىسادى ھەمكارلىق ئورناتقانلىقىنى ۋە خىتايدىن پۇل ئالغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتىم؛ قانداقلا بولمىسۇن مەلۇم جەھەتتىن ئايدىڭلاشتى؛ شۇڭا بۇ ھەقتە ئايرىم پىكىرلىشەرمىز؛ ھازىر ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى ـ دېدى. موللام بۇ ئىشتىمۇ خۇددى 69 ـ يىلىدىكىدەك تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىمىكىن، شۇنچىلىك ئۈمۈتسىز، بىچارە ھالدا بۇ تۇزاقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمۇ ـ دەۋاتقاندەك ئاجىز كۆرۈنەتتى ھەم نەچچە ھەپتىدىن بېرى ماڭا دېگەن ـ ئەتكەنلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىنى، تەسۋىرلىگۈسىز ئىزتىراپلىق بىر كەيپىيات ئىچىدە ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ دىنى مۇراسىم

دېگىنى ـ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش ئىكەن. ۋاكالەتچى قۇرئاننى موللامغا ئۇزارتتى. موللام قۇرئاننى تۇتىۋاتامدۇ، ياكى ئوتنى تۇتىۋالدىمۇ، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا مەن يازمىچە شەرتنى چىقىرىپ ۋاكالەتچىگە سۇندۇم ھەم: ئالدى بىلەن بۇنىڭغا ئىمزا قويۇپ، ئاندىن مۇراسىمنى باشلىساق بولار؛ بۇ مىللىي مەنپەئەتىمىزگە كاپالەتلىك قىلىدىغان توختام ـ دېدىم. ۋاكالەتچى خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن: نېمىشقا بۇ قەدەر زوڭغۇيلۇق قىلىدۇ بۇلار؟ ـ دېدى موللامغا قاراپ، سەل تېرىككەندەك كەيپىياتتا. گەپنى يەنە مەن تارتىۋالدىم: بىرىنچى روسىيىگە ئىشەنچىمىز قالمىغان. ئىككىنچى روسىيە چېچەن ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلالماي، ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى روسىيىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا: چېچەن ئۇرۇشىنى ئامېرىكا، ياۋروپا قوللاۋاتىدۇ ۋە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. ئۈچىنچى روسىيە غەربكە قارشى ئۆزى يالغۇز قالدى. روسىيىنىڭ ھارامدىن تېپىپ قويغان بالىسى ـ خىتاي ئوتتۇز يىلدىن بېرى ئامېرىكىنىڭ، ياۋروپانىڭ بېقىندى بالىسى بولىۋالدى. ئەگەر روسىيە بۇ قېتىممۇ خۇددى 44 ـ يىلدىكىدەك ئۇيغۇر كوزۇرىنى ئوينىسا، خىتاي غەربتىن چېكىنىپ روسىيىگە يىلىنىشقا مەجبۇرلىنىدۇ ۋە روسىيىنىڭ ئۇيغۇر ئويۇنى شۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مىللىتىمىزنى روسىيىگە ئويۇنچۇق قىلىپ بەرمەي، ئەكسىچە روسىيىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىۋېلىش ئويۇننى رەسمى ئويناىمىز. بۇ توختام شۇ ئويۇننىڭ توغرا ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم. شۇڭا زوڭغۇيلىمىساق بولمايدۇ.

ۋاكالەتچى: بۇ ئىشنىڭ رەھبىرى موللام بولامدۇ ياكى

سىزمۇ؟ سىزنى موسكۋا قانچىلىك بىلىدۇ؟ سىز بۇ ئىشنىڭ قانداق يېرىدە؟ زادىلا ئاڭقىرالمىدىم ــ دېدى ئۆپكىدەپ.

مەن: موسكۋانىڭ مېنى بىلىپ ــ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن موسكۋانى ياخشى بىلىمەن. موللام بىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمى ئىشلار رەھبىرى. ئىنقىلاۋىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە تاشقى ئىشلار يېتەكچىسى. مەن بولسام بۇ قېتىمقى قوراللىق ھەرىكەتنىڭ ھەربى باشلىقى. ئەسكەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، يېتەكلەش ماڭا ئائىت. موللام مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشالمايدۇ ــ دېدىم دادىللىق بىلەن. بۇ مېنىڭ دادىللىقىمۇ ياكى ھاكاۋۇرلىقىمۇ، شۇ تاپتا ئۆزۈممۇ تازا ئاڭقىرالمايتتىم. لېكىن موللامنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، سولغۇن يۈزلىرىنىڭ جۇلالىنىپ كېتىۋاتقىنىدىن، ئۆزەمنى بىر ھەربى باشلىقتەك ھېس قىلىپ، خېلە ئوبدانلا قېتىۋالدىم.

ۋاكالەتچى: ئىنتايىن توغرا پىكىر قىلدىڭىز. تولۇق قوشۇلىمەن. بىراق مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت ۋاكالەتچىلىك قىلىش. بۇ يەرگە دىنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ۋە بېرىدىغان ئادىمىڭلارنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈنلا كەلدىم. شۇنداقتىمۇ سىلەرنىڭ شەرتىڭلارنى ۋەكىلگە يوللايمەن. ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن گەپلىشىدۇ. نېرىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن. ھەر ھالدا ئۇرۇش ــ سىياسى ستراتېگىيە، تاكتىكا ۋە تەۋەككۇل دېمەكتۇر. سىياسى ستراتېگىيە، تاكتىكا رۇسىيىگە ئائىت. بىزگە قالغىنى تەۋەككۇل ــ دېدى، گەپنى كېسىپ. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىش باشلاندى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە قۇرئاننى

قولۇمغا ئالماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ: مىللىتىمگە، ۋەتىنىمگە ئاسىيلىق قىلمايمەن. خىيانەت قىلمايمەن. لېكىن بۇ مېنىڭ قەسىمىم ئەمەس. ئەكسىچە ۋىجدانىم! قەسەمنى سىياسەتكە ئارىلاشتۇرمايمەن. سىياسەت قەسەم بىلەن، ۋەدە بىلەن ئەمەس، توختام بىلەن بولىدۇ. قەسەم بولسىمۇ، ۋەدە بولسىمۇ ئوخشاشلا ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپ. سىياسەتتە گەپكە ئىشەنمەيمەن. مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق - دېدىم.

ئۈچىنچى فېۋرال تۈنجا بولۇپ يەتتە كىشىنى تاپشۇرىدىغان بولۇپ پۈتۈشتۇق. ئۇلاردىن بەش كىشى بىشكېكتە، ئىككىسى ئالمۇتىدا ئىدى. مەن ئۈچ كىشىنى بىر يەرگە يىغىپ تۆۋەندىكىدەك تەلەپ قىلدىم: بىز يەنە بىر قېتىم رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ تۇزىقىغا چۈشكەندەك تۇرىمىز. بۇ قېتىم خاتالاشساق پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنىڭ ۋەيران بولىشىغا ئۆز قولىمىز بىلەن كەتمەن چاپقان، مىللەت خائىنى بولۇپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تۈرلۈك شەرتنامىنىڭ بىردە بىرىگە خىلاپلىق قىلىنسا، سىلەر ئۈچۈڭلار قارشى تۇرىسىلەر! ھەتتا جېنىڭلار بىلەن بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ، خائىنلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭلار كېرەك!

ئۈچىنچى فېۋرال ئادەملەرنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر سائەت بىر يىلدەك، ھەر كۈن بىر قىيامەتتەك ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى. يۈرىكىمنى ئىككى نەرسە تىلغايتتى. - بىرى ئۇزۇن ۋاقىت بىر تەقدىرگە چېتىلغان، بىر ئۇۋىغا تەڭ مۆككەن جان - جىگەرلەرنى قانداق قىسمەت كۈتۈۋاتقاندۇر دېگەن تۇيغۇ. يەنە بىرى -

ئۆز قولىمىز بىلەن رۇسىيىنىڭ ۋە خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى بەربات قىلىدىغان خىيانەتكە شېرىك بولۇپ، سىيقەستچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ قېلىشنىڭ قايغۇسى ئىدى.

موللام بىلەن ئارىدا ئىككى قېتىمچە كۆرۈشتۇق. ئىشنىڭ نەدىن چىقىدىغانلىقى ئۈستىدە ئەندىشىلەشتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەت خىتايچە سىياسەتنى بىلىدىغانلىقىغا تايىنىپلا، رۇسلارنىڭ خىتاي ـ ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ، ستراتېگىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا دىققەتسىزلىك قىلغانلىقى، ھەتتا ۋەتەندىن ئەمدى چىقىپلا ئەتراپىقا ئوبدان قارىمايتۇرۇپ، چوڭ بىر خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىقى، ئارىغا كىرگەنلەرنىڭ كاززاپ، قارا يۈز بولىدىغانلىقى، ئاتالمىش «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» نىڭ، رۇسىيىگە بۇ قەدەر باغلىق بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپ، ئېغىر ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەسرەتنى بىلدۈرگەن بولدى. مېنىڭمۇ ئۇيقۇم قېچىپ، چارچاپ ھالىمدىن كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ـ 15 ـ فېۋرال كەچ قۇرۇن ئېپتارغا يېقىن كاتىپتىن تېلېفون كەلدى. ئۇ بەكلا ئەنسىز: مال بۇزۇق چىقتى، ئالمىدۇق. سودىگەرلەر سېنى ئىزدىشى مۇمكىن. مەن بارغىچە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ تۇرغىن! ـ دەپلا تېلېفوننى قويىۋەتتى. مەن مولامنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە تېلېفون قىلىپمۇ ئۇلىشالمىدىم. ئاقىۋەتنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى قاراڭغۇ ئىدى. 17 ـ فېۋرال چۈشتىن كېيىنرەك مولام مەن بار ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭغا كاتىپ بىلەن بولغان ئالاقىنى دېمەيلا، ئۆزەمنىڭ يەر ئالماشتۇرمىسام بولمايدىغانلىقى، مولامنىڭ بىر قانچە كۈن

ئېھتىيات قىلىشى، سىرت بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىلا تەۋسىيە قىلدىم. شۇ ئارىدا ئەسىر ۋاقتى كىرىپ قالغان بولغاچقا، گەپنى قويۇپ تۇرۇپ نامازنى ئوقۇماقچى بولدۇق. سەپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بولغان موللام بىردىنلا: بىز نېمە قىلماقچى ھازەر؟ - دېدى مۇغەمبەرانە كۈلۈمسىرەپ - ئەسىر ئوقۇيمىزغۇ - دېدى تەكبىر ئېيتقان بالا. شۇنداما؟ ئابىيام مەسچىتتە ئوقىغىنىمچا؟ - دېدى موللام جىددى بىر تەلەپپۇزدا. ئابىيام ئوقۇغانلىرى پېشىن نامىزى بولمامدۇ - دېدى بىرى. ھە شۇنداما؟ ئاندا بولسا مەن ئارقىدا تۇراي، بىرىڭلار باشلاڭلار نامازنى - دېدى موللام ئارقىغا يېنىپ. نامازدىن كېيىن شۇنداق ئالدىراش: مەمەتجان، مەندە بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ، سىلە تېپىڭلار - دېدى موللام كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ. - ماڭا قاراپ تۇرۇپ كىمگە گەپ قىلىۋاتىلا؟ مېنىڭ ئىسمىم مەمەتجان ئەمەس، بۇ يەردە مەمەتجان دەيدىغان بىرسىمۇ يوققۇ - دېدىم سەل ئەنسىرەپ. ھە بولدە، ئۇ مۇھىم ئەمەس. سىلە تاپىدىغان نەرسە مۇھىم. شۇنى تېپىڭلار دەرھال - دېدى ئۇ تىرىكىپ. مەن موللا تاپقاق ئەمەس، ئالدىدا تېپىشماقنى دېسىلە، ئاندىن تاپاي - دېدىم چاق چاق ئارىلاشتۇرۇپ. ماڭا قايلاڭلا مەمەتجان: ئون ئالتە، بەش، ئىككى. مۇشۇنى تېپىپ چىقىڭلار، جىددى بولۇڭلار -دېدى - موللام ئەنسىز بىر كەيپىياتتا. مەن سانغا ئالاقىدار نەرسىلەرنى بىر باشتىن دېگىلى تۇردۇم. ئۇ بېشىنى چايقاپ: ياق دەيتتى. رامزاننىڭ ئون ئالتىسى -دېۋىدىم، ھە ئاز قالدى، يەنە دەڭلا - دېدى. شۇنداق قىلىپ كالېندارغا قاراش ئەقلىمگە كېلىپ قاپتۇ - دە، 16 - فېۋرال كۈنى - دېيىشىمگە: تاپتىڭلار

مەمەتجان. ئەمدى قالغىنىنى تاپالايسىلەر - دېدى، كۆزلىرىنى چاقنىتىپ. بەش ناماز، بەش سوم، ياق، ياق. سائەت بەش - ھە مانا تاپتىڭلار. ئەمدى ئىككىنى تاپساڭلار، مېنىڭ نېمە بولۇۋاتقىنىمنى تاپالايسىلەر - دېدى، بىر خىل ئۈمۈتۋارلىق بىلەن. 16 - فېۋرال سائەت بەشتە ئىپتار قىلغاندا، شۇنداقمۇ؟ - دېدىم. ھە ئە، دەل شۇنداق - دېدى تەستىقلاپ. ئىككى ئادەم كەلدى؟- ياق. ئىككى باللار؟ -ياق! ئىككى نان؟ - ياق، مۇنەك، ئىككى تال مۇنەك يەپ مۇشۇنداق بولدۇق مەمەتجان - دېدى كىچىك بالدەك ئۈمچىيىپ. ئىككى تال ئالما؟ - ياق. ئىككى تال ئۈزۈم؟ - ياق. ئىچىدىن سېسىق چىقتى مۇنەكنىڭ. - سېسىپ قالغان نەشپۈت؟ -ياق. ئىككى تال چۆچۈرە؟ - ئاز قالدىڭلار مەمەتجان، تېپىڭلا. ئىككى تال مانتا؟ - ھە، ئىككى تال مۇنەك. ئىچىدىن سېسىق چىقتى. ئۇنى يەپ، بىز مۇشۇنداق بولدۇق - دېدى موللام ساقىلىنى تۇتاملاپ. بىردىنلا كۆڭلۈمگە شۈبھە چۈشتى - دە: مۇنەكنى ئۆزلىرى ئېلىپ يېگەنمۇ، ياكى ئۆي ئىگىسى قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويغانمۇ - دەپ سورىۋىدىم - پوچى ئادەم قولۇمغا تۇتقۇزۇپ - بۇنى يەۋېتىڭ، ھە بۇنىمۇ يەۋېتىڭ دېدى، بىز يەۋەتتۇق - دېدى موللام كىچىك بالدەك بويىنىنى قىسىپ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسىدە، مېھمانلار تائامغا قول ئۇزىتىشتىن ئاۋۋال، ساھىبخان مېھمانىنىڭ ھۆرمەتلىكىگە ئۆز قولى بىلەن يېگۈزۈپ قويىدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. موللام يېڭى كەلگەندىلا ئۇنى قوغدايدىغان ھەم ئاشپەزلىكىنى قىلىدىغان ئىككى ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە مۇشۇ ئىككى ئادەمنىڭ ماقۇللىقىسىز ھېچقانداق بىرسىنىڭ ئۆيىدە تاماق

يېمەسلىكنى، چاي ـ پاي ئىچمەسلىكنى قاتتىق تاپىلىغان ئىدىم. بىراق موللام چوڭ ئىش بىلەن چېگرادىن چىققىنىغا قارىماي، ئۇيغۇرچىلاپ مېھمان دوستلۇققا كۆڭۈل بەردى ۋە مەن ئورۇنلاشتۇرغان ئىككى قوغدىغۇچىنى ئۇن كۈنمۇ يېنىدا تۇرغۇزماي كەتكۈزۈۋەتكەن ئىدى.

مەن دەرھال نوۋى پاكرووكا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇكېرەم ھاجىمغا تېلېفون قىلىپ، ئالدىنقى ئاخشام نەدە ئىپتار قىلغانلىقىنى، ئىپتاردىن كېيىن قانداق ئەھۋال بولغانلىقىنى سورىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە نەغمەت بازاكوپىنىڭ ئۆيىدە ئىپتار قىلغانلىقى ۋە ئىپتاردىن كېيىن مەسچىتكە خۇپتەن نامىزى، تەراۋىھ ئوقۇغىلى كېلىپ، موللام خۇپتەننىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئايەتتىن ئېزىپ، نامازنى ئوقىتالمىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن مۇناسىۋەتلىك سودىگەر ـ تىجارەتچى بايلارغا خەۋەر قىلىپ، موللامنى دوختۇرغا كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدىم. كېيىنكى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇلاردىن بەش كىشى كەلدى. موللامنى مىنىستىرلارنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت خادىملىرىنى داۋالايدىغان دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق. تەكشۈرۈش جەريانى بەش مىنۇتتىن ئاشماي، پۈتۈنلەي ساغلامكەن؛ قان بېسىمى بىر ئاز ئۆرلەپ قاپتۇ؛ دورا بەرسەڭلا ساقىيىپ قالىدۇ ـ دەپ، بىر قاپ دورىغا رېتسىپ يېزىپ بېرىپ چىقىرىۋەتتى. دوختۇردىن قايتىپ كېلىپ، كاتىپنىڭ ئېيتقانلىرىغا بىنائەن، ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئامىنە ھاجىمغا تېلېفون قىلىپ، موللامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، بەش ـ تۆت كۈن ساھىپخانلىق قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇلارنىڭ بىر قىزى دوختۇر بولغاچقا موللامنىڭ

كېيىنلىدىن خەۋەر ئاللايدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتتىم. ئامىنە ھاجىم دەرھال كېلىشىمىزنى ئېيتتى. بىز كوچىغا چىققاندا موللام كىچىك بالىدەك قىلىق چىقىرىپ، بىردە كاللىچىنى سىلىغۇەتسە، بىردە سەرپۇش تۇمىقىنى ئاسمانغا ئېتىپ تاماشا قىلاتتى. تەلىيىمىزگە يول بويى بىرەر ساقچى ئۇچراپ قالماي، ھاجىملارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىۋالدۇق. ئوبۇلقاسىم ھاجىممۇ ئۆيدە باركەن. ئۇنىڭغا موللامنىڭ ئەھۋالىنى، مىنىستىرلار دوختۇرخانىسىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئېيتىپ، بىرەر تەجرىبىلىك دوختۇرغا ئۆيدىلا كۆرسىتىپ، كېيىنلىكە ۋاقتىدا دورا قىلىشنى ئېيتتىم. ئوبۇل قاسىم ھاجىم جىددى تۇتۇش قىلىپ، سىت ھېشىپ (سىيت ھوشۇروپ) ئەپەندىنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۇ «ك گ ب» نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرى بولۇپ، قىرىق يىلدىن ئارتۇق مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلەپ، «دەم ئېلىشقا ھايات چىقالىغان» تەلەيلىك دوختۇرلارنىڭ بىرىكەن. سىيت ھېشىپ، موللامنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، خۇددى مىنىستىرلار دوختۇرخانىسىدىكىلەردەكلا قان بېسىمى يۇقىرىكەن، ياخشىلىنىپ قالىدۇ ـ دەپ، كەشىنى توغرىلاپ، شۇنچىلىك ئالدىراش كەتمەكچى بولدى. مەن ئۆزەم ئۆزۈتۈپ قويىدىغان بولۇپ، ئارقىسىدىن دەرۋازىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن راست گەپنى دېيىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ سەل ھودۇقۇپ: سەن بۇ يەرلىك ئەمەسقۇ ـ دېدى. شۇنداق مەن قەشقەرلىق؛ بىر قانچە كۈندىن كېيىن قەشقەرگە كېتىمەن؛ موللامنىڭ كېلىسىنى سىز بىلدىڭىز، ماڭا بولسىمۇ ئېيتىپ بېرىڭ ـ دېدىم يىلىنىپ. بولىدۇ مەن دەپ بېرەي، ئەمما ئۆزەڭنىڭ بىختەرلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاغزىڭنى يۇمسەن ـ دېدى

ۋە: بۇ كۆرۈنگىنىدەك ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسكەن؛ شۇڭا بۇنى ئىنتايىن نادىر ئىشلىتىلىدىغان زەھەر بىلەن جۆندەپ قويۇپتۇ؛ سەن قورقما، بۇ ئادەم ساراڭ بولۇپ قالمايدۇ؛ ئىككى ھەپتە ئەتراپىدا زەھەرنىڭ تەسىرى تۈگەپ نورماللىشىدۇ؛ بىراق خاتىرىسى ئەسلىگە كەلمەيدۇ؛ يېڭىدىن بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ؛ تەپەككۇرى بەش ياشلىق كىچىك باللارنىڭدەك بىر ھالەتتە بولىدۇ؛ ھەر ھالدا بۇ ئادەم چوڭ بىر يەرلەر بىلەن چاتىقى باركەن؛ سەنمۇ دىققەت قىل - دېدى.

روزا ھېيت كۈنلىرى كاتىپ ئالمۇتىدىن كېلىپ، ئەھۋالنى بىلدۈرگەندىن كېيىنلا، تۈگۈنىنىڭ سىرى تولۇق يېشىلدى. رۇسىيە بىزدىن ئاتالمىش ئەپۇ سوراش، تارىختا قىلغان خىيانەتلىرى ئۈچۈن شەرقى تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىپ بېرىش، رۇسىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە لىنيىسىنى ئون قاتلاپ قىسقارتىش قاتارلىق، چوڭ ھەرىكەت پىلانى ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن يەتتە ئادەملىرىمىزنى، ئالمۇتا شەھىرىگە يەتمىش كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى بىر كولخوزدا، ئۆز ۋاقتىدا رۇس ئەسكەرلىرى گازارما قىلىپ قوللانغان بىر تاشلاندۇق ھەربى بازىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ بىر كۈنى بىر قىرى ئادەم بىر دانە تاپانچىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بۇزۇپ چۇۋۇپ قوراشتۇرۇشنى ئۆگىتىدىكەن. بىر كۈنى بىر پروفېسسور كېلىپ، بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئەگرى - بۈگرى سىزىق تارتىپ، ئورۇش خەرىتىسى ئۆگىتىدىكەن. باشقا بىر كۈنى بىر خادىم كېلىپ رازۋېت، كونت رازۋېت دەپ، بىرىڭلار دۈشمەننى رازۋېت قىلىپ مارىلاپ ماڭسىلەر، ئۇ رازۋېتچىنى يەنە بىرىڭلار مارىلاپ ماڭسىلەر. ئالدىدا

ماڭغىنى رازۋېتچىك، ئۇنى پايلاپ ئارقىسىدىن ماڭغىنى كونت رازۋېت دېيىلىدۇ. دۈشمەننى مارىلاپ ماڭغان رازۋېتچىك سېزىلىپ قېلىپ قولغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى باش شتابقا كونت رازۋېت دوكلات قىلىدۇ - دېگەندەك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتمەي، 15 - فېۋرال رازۋېت ھېكايىسى ئوقۇپ بېرىدىغان پروفېسسور: بۈگۈن كەچتە ئىككىدىن، ئىككىدىن گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، پىيادە خىتاي چېگرىسىدىن ئۆتىسىلەر؛ تەييارلىق قىلىڭلار - دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگىدەك. ھېلىقى مەن ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان ئۈچ باللار: باشلىقىمىز بىلەن توختاملاشقان ئۈچ شەرتنىڭ ھېچ بىرى ئورۇنلانمىدى، بۇنداق ۋەزىيەتتە بىز چېگرادىن ئۆتۈپ نېمە ئىش قىلىمىز؟ - دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ بېقىپتۇ. بىراق پروفېسسور: بۇ موسكۋانىڭ ھەربىي بۇيرۇقى، سىلەر ئەسكەر، ۋەزىپەڭلار بۇيرۇققا بويسۇنۇش - دەپ قاتتىق تېگىپتۇ. ئۇلاردىن ئىككىسى بويسۇنۇپ كۆپچىلىككە نېمە بولسا بىزگىمۇ شۇ، باشقا گېپىمىز يوق - دەپ جىمىقىپ قاپتۇ. ئاخىرىدا كاتىپ بىر ھىلە ئىشلىتىپ بېقىش ئۈچۈن: بولىدۇ، بىز بۇيرۇققا بويسۇنايلى. ئەمما ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنىڭمۇ ئاخىرقى ئارزۇسى قاندۇرۇلىدىكەن. مەن بۇ يەردە ئىككى ھەپتىدەك لەغمەن يېرالمىدىم. چېگرادىن ئۆتۈپ بولالماي ئېتىلىپ كېتىمەنمۇ، ياكى چېگرادىن ئۆتۈپ تۇتقۇن بولىمەنمۇ، تەقدىر پېشانە. شۇڭا ئاخىرقى ھاياتىمدا بىر تەخسە لەغمەن يەۋېلىش ئارزۇيۇم بار - دەپ، ھەسرەت بىلەن ئۆتۈنۈپتۇ. پروفېسسور بىر ئاز تىرىكىپ: ئەزرائىل بىلەن جان تالاشماي، بىر قاچا لەغمەن تالىشىدىغان ئاخماقلاركەنسەن؛ بىر قاچا

لەغمەننى دەپ، چېگرادىن قايتىپ كېلىشمە يەنە. ھەممەڭنى لەغمەنگە تويغۇزۇپ كېلەي، مېڭىشە ـ دەپ، باللارنىڭ ھەممىسىنى ماشىنىغا بېسىپ ئالمۇتا شەھىرىدىكى بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا ئېلىپ كەلگەن گەپ. كاتىپ لەغمەندىن بىر ئىككى چۇكا يەپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ قازناق تەرەپكە ماڭغان ئىكەن، ئۇلارنى بىرگە يالاپ كەلگەن ئىككى قاراۋۇلنىڭ بىرى: ھەي نەگە؟ دەپ، ئالدىنى توسۇپتۇ. كاتىپ: ئاشنىڭ سۈيى بولمىسا لەغمەننى يېيەلمەيمەن. قازان بېشىغا ماڭدىم ـ دەپتۇ. ئۇنداق بولسا، چاپىنىڭ بىلەن ئايىقىڭنى بۇ يەرگە سېلىپ قويۇپ ئاندىن مىدىرلا ـ دەپتۇ قاراۋۇل. كاتىپ چاپاننى سېلىپ ئورۇندۇققا كىيدۈرۈپ، ئايىقىنى سېلىپ ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغىراق ئىتتىرىپ: ئوبدانىراق قاراپ قويارسەن، ئوغرى ئېلىپ قاچمىسۇن ـ دەپ، قاراۋۇلنىڭ كۆزىگە تىكىلىپتۇ ھەم ئىككى قەدەم ئالغا مېڭىپ بولۇپ، قاراۋۇلغا قارىسا بەخىرامان ئولتۇرغىدەك. كاتىپ مىيىقىدا ئوماققىنە بىرنى تەبەسسۇم قىلىۋېتىپ ئىشكچىرىگە كىرگەنچە: مېنىڭ كۆڭلۈم بىسەرەمجان، ياندۇرمىسام بولمايدۇ، دېرىزىنى ئېچىپ بېرىڭلار ـ دەپتۇ ئاشپەزلەرگە. دېرىزە ئېچىلىشى بىلەنلا قاپلاندەك شۇڭغۇپ سىرتقا سەكرەپ چىقىپ، تىزدا قارنى دەسسەپ يالاڭ ئاياق يۈگۈرۈشكە تەمشىلىۋاتسا، بىر ماشىنا كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ ماشىنىنى توسۇپ، تونۇش ھاجىم ئاكىلارنىڭ بىرسىنىڭ ئۆيىگە يول ئاپتۇ. شۇ چاغدا ھاجىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە ماڭا تېلېفون قىلىپ، قىسقىچە خەۋەرلەندۈرگەن ئىكەن. ئەپسۇس تەلەي ئوڭدىن كەلمەي موللام جازادىن ئامان قالمىغان گەپ.

كاتىپىنىڭ چاپىنى بىلەن ئايىغىنى بېقىپ ئولتۇرغان

پروفېسسور، ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، قالغان باللارنىمۇ ئاشخانىدىلا تاشلىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئىشنىڭ نېمە بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان هالدا جېنىنى دالدىغا ئاپتۇ. مەن كاتىپتىن ئەھۋالنى تولۇق بىلگەندىن كېيىن قىسقىچە خۇلاسە چىقاردىم: كاتىپ موسكۋانىڭ ئويۇنىنى بۇزغاندىن كېيىن، پروفېسسور موسكۋاغا دەرھال مەلۇم قىلغان؛ موسكۋا دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، بىشكەكتىكى ھەم بېجىڭدا ھەم موسكۋاغا ئىشلەيدىغان، يۈرەكلىك ئاتامانى نەغمەت بازاكوپ (نەغمەت ھاجى بوساقوپ) قا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، موللامنى زەھەرلەتكۈزگەن. شۇڭا بۇ ئويۇنغا مەسئۇل بولغان يەنە بىر جاۋابكار ـ مېنى تۇتۇش ئۈچۈن، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغىچە تىنتىش قىلماقتا ئىكەن.

مەن كىرىۋالغۇدەك ئېھتىماللىقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ماراقچىلارنىڭ، ساقچىلارنىڭ ئىزچىل پايلاپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، مۆكۈدىغان بىرەر ئەسكى تاملىقمۇ قالمىغىلى تۇرغاندا، 23 ـ فېۋرال ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىدىن مېنىڭ ئىشلىرىمغا قارايدىغان ئاكىمىزغا تېلېفون قىلىپ، ۋاقتىمنىڭ تارىيىپ كەتكەنلىكىنى، پەقەت ئەتە سائەت 12 دىن كېيىن ئاخىرقى كۈنۈم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن دۇكان تاقىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. تېلېفوندا شۇنداق مەخپىي شىفىرلىق گەپلىشەتتۇق بەك جىددى ئەھۋالدا. ئاكىمىز دەرھال كېلىپ ـ دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن قىلچىلىكمۇ سەزدۈرۈپ قويماستىن، قىرغىزستاندا تورنىڭ يىغىلغانلىقىنى، دەسسىگۈدەك ئالقانچىلىك يەر قالمىغانلىقىنى، مېنى ساقچىلار

ھەم نامەلۇم بىر قارا گۇرۇھلارنىڭ ئىزدەۋاتقانلىقىنى، كىمگە تەسلىم بولسام قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا بەك تېڭىرقاپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشى ئارتۇق گەپ قىلمايلا، رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى كەتتى. «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» بىزنىڭ «خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كامىتېتى» بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، ھەتتا موسكوۋاغىچە تۇتىشىپ كەتكەتلىكىمىزنى زادىلا بىلمەيتتى. بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغان ھەرقانداق بالا ـ قازانىڭ بىۋاستە خىتايدىنلا كېلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. دەرۋەقە 94 ـ يىلى ئىيۇل بىز توغرىلىق تەپسىلى ئاخبارات ياپونىيىدە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، خىتاي ۋە قىرغىزىستان بىزنى ئىزدەشنى باشلىغان ئىدى. بىر باشتىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ ئۈركۈتۈش ئارقىلىق، جاندىن تويغۇزۇپ ھەرىكەت قىلىشقا قىستىسا، يەنە بىر باشتىن ۋەتەنپەرۋەر ياش كادىرلارنى ۋەتەندىن چىقارتىپ، قوراللىق ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئارام بەرمەيتتى. بۇ قېتىم ئويۇننى رۇسىيە ئويناپ، موللامنى ئاچىقىش ئارقىلىق، ئۆز قولىمىز بىلەن رايون خاراكتېرلىق تېررور دېلوسى پەيدا قىلىشقا، بىزنى مەجبۇرلىغان بولسا كېرەك. ئەمما بۇ قاملاشمىغان ئويۇننىڭ جازاسىنى قانداق ئۆتەيدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. موللامنىغۇ ئەقلىدىن ئايرىپ جازالىدى. گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا موللام بارلىق ئازاپتىن قۇتۇلدى. ئەمما مەن قولغا چۈشۈپ قالسام ئۆلتۈرۈلۈش بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتەمەنمۇ، ياكى يالغان دېلو بىلەن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە، سازايى قىلىنىپ شەرمەندىلەرچە ئۆلتۈرۈلمەنمۇ! ياكى موسكۋا

ئۆيلىمىغان يەردىن تېخىمۇ چوڭ جىنايەتلەرگە شېرىك قىلىپ، مىللىتىمىزگە زىيانكەشلىك قىلدۇرارمۇ. بېشىم تۈگمەن تېشىدەك پىرقىرايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ: ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇزغىچە جان ساقلاپ تۇرالامسىز؟ ـ دېدى، ئۈمۈتسىز ھەم ھودۇقۇش كەيپىياتتا. ئاماللىنى قىلاي ـ بۈگۈن ئەل ياتقۇغىچە كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا شەھەر ئايلىنىمەن؛ چۈنكى ئاپتوبۇس ھەم ئىسسىق ھەم بىخەتەر؛ كەچ كىرىپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا، ھېلىقى پېچەتلىۋېتىلگەن ئۆيگە كىرىپ مۆكۈمەن ـ دېدىم پىلان ۋە ئاخىرقى چارىلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ. بىزگە ئىجارىگە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ۋە بىر قېتىملىق تۇتقۇن بولۇشىمىزنى ئۆي ئىگىسى بىزگە يەتكۈزۈپ چاپان ياپقانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتلىق پېچەتلىۋېتىلگەن قورو ئىدى ئاخىرقى بىر كېچىلىك جان ساقلايدىغان قورغىنىم. ئىلگىرى بۇ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋاتقان چاغلاردا، ئۆگزە ئۈستىدىكى شىپىر قېتىغا مۆكۈپ، شوتىنى ئۆگزىگە تارتىۋېلىش، ئۆيگە ئىشىكتىن ئەمەس، دېرىزىدىن كىرىش ئۈچۈن بىر كۆز ئەينەكنى بوشىتىپ تەييارلىق قىلىش قاتارلىق ھەممە زۆرۈرىيەتلەرنى تەجرىبە قىلغان ئىدۇق. دېگىنىمدەك، كەچ كىرگىچە ئاپتوبۇستا جان ساقلىدىم. ئەل ئايىغى بېسىققان مەھەلدە تار كوچىدىن ئىچكىرىلەپ مېڭىپ، پېچەتلەنگەن قورونىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئەتىراپ قەبرىستانلىقتەك سۈرلۈك، تىۋىشسىز ئىدى. پەم بىلەن تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتۈم. بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، كۆھنى تەرەپتىكى دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى ئاۋايلاپ چىقاردىمدە، باش ئاران پاتقۇدەك كاماردىن سۇغۇرۇلۇپ، سۈرۈلۈپ ئۆيگە كىرىۋالدىم. ئۆينىڭ ئىچىمۇ بىخەتەر

ھېسابلانمايتتى. شۇڭا سافانىڭ ئالدىغا سېلىقلىق گىلەمنى قايرىپ، تۆگلۈكتىن پولنىڭ ئاستىغا چۈشتۈم. ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ئۆيلىرىنىڭ ئاستى پول تاختايلىق بولۇپ، پولنىڭ ئاستىدا ئادەم ئۆمىلەپ ماڭغۇدەك، گەمىگە ئوخشاش بوشلۇق بولاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر قېتىم ئىزدەش بورنى چىققاندا، بەزىدە ئۆگزىدىكى شىپىرغا، بەزىدە پول تايختاي ئاستىدىكى مۇشۇ گەمىگە مۆكۈپ جان ساقلاپ ئۆتكەن ئىدۇق. ھازىر ئاخىرقى قېتىم پولنىڭ ئاستىغا چۈشتۈم. قول چىراغنىڭ يورۇقىدا تۆگلۈكنىڭ قاپقىقىنى يېپىپ، بۇرۇنقى ئۇسۇل بويىچە پولنىڭ ئارىلىقىدىن پىچاق بىلەن گىلەمنى سۈرۈپ، قاپقاقنىڭ ئۈستىنى ياپقان بولدۇم. يۈرىكىمنىڭ ئەنسىز سوقۇشلىرىدىن باشقا ھېچ قانداق تىۋىش، شەپە كەلمەيتتى. ئىككى تال پىچاقنى دەرھال قولۇمغا چىققۇدەك يەردە قويۇپ، ئەديالنى يۆگىنىپ ياتقاچ، ئۆزەمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. لېكىن سوغۇقتا تۈگۈلۈپ قېتىپ قېلىشتىنمۇ قورقاتتىم ـ دە، شۇڭا ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەسرەتلىك، ئازابلىق كۈنلەرنى ئەسلەپ ياتتىم. قورقۇنچلۇق بىر كېچە مەڭگۈلۈك جەھەننەمدەك چەكسىز ھەم ئازابلىق ئىدى. ئۇزۇن ـ ئۇزۇن خىياللاردىن كېيىن، بىلىكىمدىكى تۇك سائەتكە قارايمەن. ۋاقىت بەزىدە بەش مىنۇت، بەزىدە ئۈچ مىنۇتلاپ شۇنچىلىك ئاستا سىلجىۋاتاتتى. سائەتكە قاراشتىنمۇ بىزارلىق ئىش يوقتەك ھېس قىلىپ، ئاستا ۋاز كەچتىم. بىر كەمدە يىگى بىر كۈنلۈك ھايات باشلانغانلىقىنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقاندەك بولۇپ، سىرتتا موتور ئاۋازى ئاڭلاندى. سائەتكە قارىسام بەش بولۇپ قاپتۇ. قول چىراقنى يورۇتۇپ، پەم بىلەن ئەديالدىن سۇغۇرلۇپ چىقتىم ۋە ئېڭىشىپ

ئولتۇرۇپ تەيەممۇم قىلىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. سوغاقتىنمۇ ياكى بىر كېچە مىدىرلىماي ياتقانلىقتىنمۇ، تەنلىرىم ھازىرلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك، سىزىمىنىڭمۇ تايىنى يوق، شۇنچىلىك قېتىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پولنىڭ ئاستىدا بىر ھازا ئۆمىلەپ بەرسەم، بىر ئاز ئوڭشالغاندەك بولدى. بىر يىلدەك ئۇزۇن بىزارلىقتىن كېيىن، سىرتتىن تونۇشلۇق بەلگە ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، چەبدەسلىك بىلەن ئاكوپتىن چىقىپ، دېرىزىنىڭ بىر كۆز ئەينىكىنى چىقىرىپ، ئۆيگە كىرگەن يەردىن يەنە شۇنداق چىقتىم. دەرۋازا ئالدىدىكى ماشىنىدا، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ ئىككى نەپەر رەھبەرلىرى ئولتۇراتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت خادىمى. مەن ئۈست - بېشىمدىكى چاڭ توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، ماشىنىدا ئولتۇردۇم. ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىدۇق. ماشىنا شەھەردىن چىقىپ، ئالمۇتىغا ماڭىدىغان چوڭ يولغا قايرىلىۋىدى: چېگرا ئېغىزىدا تەكشۈرۈشنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئاڭلىغانتىم - دېدىم ئەنسىرەپ. خاتىرجەم بولۇڭ، يول خېتىڭىز بار - دېدى يەنە بىر رەھبەر ھېلىقى دۆلەت خادىمىغا ئىما قىلىپ. شۇنىڭ بىلەن دەككە - دۈككە، ئەندىشە يەنە باشلاندى. ماشىنا ھاۋادا ئۇچىۋاتقاندەك، چاقى يەرگە تەگمەي كېتىۋاتىدۇ. ئىچىمدە: ماشىنا دېگەن نەرسىنىمۇ تەرەكتۇردەك ئاستا ماڭىدىغان قىلىپ لاھىيىلىسىمۇ بولىدىغان گەپ. چاقىنىڭ يىلى چىقىپ كەتسىدى ئىلاھىم، يېرىم يولدا بىر ئاز بولسىمۇ پېشكەللىككە يولۇقۇپ، مەن تۇتۇلىدىغان يەرگە كېچىكىپ بارساق. موتورغا سەنەركە ئۆتۈشمەي ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالسا، بىر دەم بولسىمۇ كېچىكىپ تۇتۇلۇپ

قالسام ـ دېگەندەك، كۆڭۈلسىز تىلەكلەر ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر ئالغان ئىدى. بىراق مېنى تۇتۇپ كېتىدىغان ئالۋاستىنىڭ ئېغىزى بىر تەرەپكە يىقىنلاپ كەلمەكتە. تەكشۈرۈش ئېغىزىدا قاتار تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىغا بىزمۇ تىزىلدۇق. چېگرا ئېغىزىدىكى ئەسكەر ۋە ساقچىلار، بەزى كىشىلەرنى ماشىنىسىدىن چۈشۈرۈپ، قولىغا كىشەن سالغىنىچە ئېلىپ ماڭاتتى. بەزىلىرىنى بىر ئاز تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. نۆۋەت بىزگە كەلگەندە دۆلەت رەھبىرى ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى پەسكە چۈشۈرۈپ، خىزمەت كېنىشكىسىنى كۆرسىتىۋىدى، ئەسكەر ۋە ساقچىلار كوماندا بېرىپ، ئارقىچە ئۈچ قەدەم چېكىنىدى ـ دە، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە تەگلەپ ئەسكەرچە چاس بېرىپ ھۆرمەتتە تۇرۇشتى. بىزنىڭ ئەمەلدار قىرغىزچىلاپ: قىرغىز جىگىتدېرى، خىزمەتدېرىڭىزنى جاقسى بېجېرىدېڭىزدېر. ۋولكېمىز سىزدېرگە ئامانەت! ـ دېدى، ئۇلارنى تەقدىرلەپ. ماشىنا ئالۋاستى ئېغىزىدىن قوزغىلىپ يولغا راۋان بولىشىغا، ھەممىمىز كۆلكىدىن پارتلاپ كەتتۇق. رەھبەرنىڭ يول خېتىڭىز تەييار دېگەن گېپىنى ئەمدىلا چۈشىنىۋاتاتتىم. ئۇ: دۆلەتنىڭ بىر رەھبىرى ھەم يول خېتىڭىز ھەم شوپۇرىڭىز بولۇپ، سىزنى بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە، ئامان ئېسەن يۆتكەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئۆزىڭىزنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسىز؟ دېمەسىما، شۇنىڭ بىلەن يۇمۇر باشلىنىپ كەتتى. كىمنىڭ گېپىنى كىم ئاڭلاۋاتىدۇ، ئىشقىلىپ، ئۈچىلىمىز گەپ قىلىۋاتىمىز. گەپلەر بىر بىرىدىن قىزىق. تۇرۇپلا ئالا تاغىل تۇۋلاپ ناخشا ئېيتىمىز. ئالۋاستى ئېغىزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۈرلۈك سۈكۈتتىن ئەسەرمۇ يوق. تۇتقۇن بولۇشۇمدىن، قاراڭغۇ

كامېرلارغا سولىنىش، تاياق، قىيىن قىستاق، ئۆلۈم ئەندىشىلىرىدىن زادى ھېچنېمە يوق. كۆلكە چاقچاق، ناخشا قوشاقلار بىلەن، ساق سالامەت ئالمۇتىغا بېرىپ قالدۇق. 25 - فېۋرال ئۇلار مېنى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى مەركىزى شتابىغا ئاپىرىپ، ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى. ھەكىمجان دېگەن ئىسىم ئالۋاستى ئېغىزىدا تاشلىنىپ، ھازىردىن باشلاپ سەيدەخمەت بولدۇم. قىلىدىغان ئىشىم تەشكىلاتنىڭ ئارخىپلىرىدىكى بارلىق يازما ماتېرىياللارنى يىل، ئاي تەرتىپى بويىچە تۈرگە ئايرىپ رەتلەش، تەشكىلاتنىڭ تەشۋىقات، ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى يېزىش، بېسىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش بولۇپ بېكىتىلدى. لېكىن ئىككى ئاي سىرتقا چىقماي، كۈن نۇرى ۋە سىرتنىڭ ھاۋاسىنى كۆرمىگەچكە، تەنلىرىمنىڭ رەڭگى تېگى تېگىدىن كۆكىرىشكە باشلىدى. مېنىڭ بىخەتەرلىكىمنى ئۈستىگە ئالغان رەھبەرلەرنىڭ بىرى ئەھۋالىمدىن ئەندىشە قىلىپ: سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە ئوخشاشلا سالامەتلىكىڭىزمۇ مۇھىم؛ ئەگەر ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا بويسۇنسىڭىز، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرىدىغان باشقا جايغا يۆتكەي - دېدى. مەن ھەر قانداق تەدبىرگە بويسۇنىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كېيىنكى كۈنى ئۇ كىشىنىڭ شەخسى قورۇسىغا يۆتكەلدىم. سەيدەخمەت دېگەن ئىسىمنى تەشكىلاتنىڭ ئىشخانىسىدا قالدۇرۇپ، چونچىدىن كەلگەن دېھقان غەيرەتچان بولدۇم. ئۇلارنىڭ ھويلىسىنىڭ ئارقىسىدا كىچىك بىر ئۇششاقلىقى باركەن. كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگەچ، ساپ ھاۋادا گۈرجەك بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ، تېرىمغا تەييارلىق قىلدىم - دە، بىر تەرەپكە پىياز تېرىپ، بىر تەرەپكە سامساق تىكىپ، گۈل تېرىپ

دېگەنىدەك، بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزدۈم. كۈن كۆرۈش ئۈچۈن بىر ئىش بىلەن مىلكىت بولىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھويلا ئارام، تام تورۇسلىرىنى ئاقارتىپ، ئىشىك ـ دېرىزە ئايۋان، ئىشقىلىپ ياغاچ ـ تاشقا تەۋە ھەممە نەرسىنى سىرلىسامۇ ۋاقىت ئۆتمەي، ئۆزەم بىكار بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. شۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر مەزگىل جان ساقلاشنى ئېيتتىم. مېنىڭ تەدبىرىمنى ئاڭلاپ رەھبەرمۇ قايىل بولدى. مەھەللىدىكى مەسچىت قىلىۋالغان كونا كومتېپ قورۇسىنىڭ ئورنىغا، پاكىستانلىق باينىڭ ياردىمىدە، ھەشەمەتلىك بىر مەسچىتنى بىنا قىلىشقا مەسئۇل بولغان، دوستىمىز ئاتاخانغا «تاشكەنتتىن» تېلېفون قىلىپ، سالامەتلىكىمنىڭ ناچارلىقى سەۋەپلىك بىر مەزگىل ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئارزۇيۇمنى دېدىم. ئاردىن ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىر كوچا نېرىسىدىكى قورودىن چامدىنىمنى سۆرەپ چىقىپ، ئاتاخاننىڭ ھويلىسىغا تاشكەنتتىن كەلگەن بولدۇم. چونچىلىق دېھقان غەيرەتچان دېگەن ئىسمىمنى تەشكىلات رەھبىرىنىڭ قورۇسىدا قالدۇرۇپ، تاشكەنتتىن كەلگەن، ئۇيغۇر ـ ئىسلام تەتقىقاتچىسى، دىنى كىتاپ تەرجىمە قىلىدىغان، ئۇيغۇر ئىسلام تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، ئۆزبېك ناسىرۇپ ئەپەندى بولۇپ مەسچىتكە كىردىم. جامائەتچىلىك سىرلىق بىر دۇنيا. يالغان ئادەم ئۆزىنى راست قىلىش ئۈچۈن ھېچكىمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن ھالدا، چاندۇرۇپ قويماستىن، مەنتىقلىق خاتالىق ئۆتكۈزمەستىن، ھەر كۈنى توقسان توققۇز يالغاننى توقۇپ چىقىشقا، ئۇ يالغانلارغا ئۆزىمۇ ئىشىنىشكە مەجبۇر

بولىدىكەن. ئىككى كۈن ئۆتمەيلا مەسچىتنىڭ ئىدارە ھەيئىتى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، گەپ سوراشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ئۆزبېك تالىبانلىرى ھەر تەرەپتە تېررورچىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ يۈرۈۋاتقان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ سەزگۈرلىكى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى.

- سەن ئۆزبېك بولساڭ نېمىشقا ئۆزبېكچىنى ئۇيغۇرچىدەك سۆزلەيسەن؟ - ئۇشى، مېن ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدە بەش يىل ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيوت، تورىخ كەسپىدە ئوقۇگان مېن. - ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان بولساڭ، نېمىشقا بۇ مەسچىتتە دىنى كىتاپ تەرجىمە قىلىسەن؟ - ئۇشى، ئۇرۇمچىدە ئۇنىۋېرسىتېت تومومللانگاندەن كەيىن ئىسلوم ئىنىستىتوتىدە بەش يىل ئىسلوم دىنى مۇئامالەرى ئوقۇگانمېن. سوڭرە ئىسلوم تەتقىقوت دەرگوھىدا ئىككى يىل ئىشلىگان مېن. - ماقۇل دەيلى، لېكىن سەن بەك ئېغىر بىر دەرتمەندەك كۆرۈنىسەن. كەسىلىڭ بارمۇ؟ ياكى باشقا بىر دەرتلىرىڭ بارمۇ؟ - دەردلەرىم ئەلبەتتە بور. ئۇشى، ئوقۇش زامونىدا ئۇرۇمچىدە يوشوپ تۇرگان تۇغقونلارنىڭ قىزىگا ئويلەنگان مېن. ئىككى پەرزانتىمىز بولگان. مېنىڭ ئوتام توشكەنتگە قەيتىپ كەلوشىمنى ئايتىب باسىم قىلدى. ئويالىم توشكەنتگە كىتمويمېن دېپ رەد قىلدى. مېن توشكەنتگە كەلىپ ئۇرۇمچىگا قەيتولمادىم. خازىر بىر بولام يەتتە ياشدە، بىر بولام ئۇچ ياشدە. ئولەرنى كورەلايمونمى، كورەلمويمەنمى خۇدو بىلىدى. گەپنىڭ ھەممىسى يالغان بولسىمۇ، يەتتە ياشقا، ئۈچ ياشقا كىرىۋاتقان ئىككى بالام ۋە ئايالىمدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىم راست ئىدى ھەم ئىككى يىلدىن بېرى ھېچ قانداق ئالاقە بولمىغانلىقى بىر چوڭ دەرت

ئىدى. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزەمنى تۇتالماي، راستىنلا يىغلىۋەتتىم. باشقىلارمۇ ماڭا تەڭكەش قىلىپ يىغلىغىلى تۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىران دەۋرلىرىدىكى جۇدالىق دەردى مېنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولغان ئىدى. كۆتۈلمىگەندىكى ئازابلىق كۆز ـ ياش مېنى ئىشەنچكە ئېرىشتۈردى. بىر تەلەيسىز ئۆزبېك يىتىمچىنىڭ ھەسرەتلىرىگە مەلھەم بولۇشقا تەييار تۇرغان، ئۇيغۇر قېرىنداشلار ماڭا تەسەللى بەرگەچ، ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇردى. ئايلىقىمغا ئەللىك دوللار مائاش بېرىدىغان، ئارزۇيۇم بويىچە (تېخى رۇس تىلى چىقمىغان) كىچىك بالىلارغا ساۋات چىقىرىش دەرسى ئۆتىدىغان بولۇپ، ئىشنى پۈتتۈردۇق.

جامائەتلەر بىلەن ئىچىكىشىپ، راست ـ يالغانىنىڭ سۈرۈشتىسى تۈگەپ، ئاتاخان مېنىڭ كاناداغا قېچىشىم ئۈچۈن يول ئىزدىگىلى تۇرغان كۈنلەردە، 12 ـ ئىيۇن بىشكەكتىن ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن ئۈچ كىشى ئالمۇتىغا كەلگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ مېنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشتىم. بىر خوش خەۋەر باركەن. پۈتۈن ۋەتەن خەلقى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي زىكرى قىلىدىغان «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا مەسئۇل باش شتابى، بىشكەك شەھرىگە قۇرۇلۇپ، ئىشنى باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مۇئەمماسىنى مۇھىم تۇتقا قىلىدىكەن. شۇڭا بىشكەك شەھرىگە قايتىپ، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەققى، قانۇنلۇق ئىنقىلابقا قاتنىششىم تەلەپ قىلىندى. بۇ ھادىسە مېنىڭ ئۈچۈن ۋەتەننىڭ يېرىم ئازاتلىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى «ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى»

ئۇيغۇرنى قوبۇل قىلدى دېگەن گەپ، سەل چاغلايدىغان گەپلەردىن ئەمەستە! شۇنىڭ بىلەن بىشكەك شەھرىگە قايتىدىغان بولۇپ جامائەت بىلەن خوشلىشىپ، يىراق - يېقىندىكى باللارنىمۇ بىرگە كېتىشكە دەۋەت قىلدىم. ئاتاخانىنىڭ «ب د ت» دەيدىغان يەرگە ئىشەنمەسلىك توغرىسىدىكى تەۋسىيەلىرىنى رەت قىلىپ، 14 - ئىيۇن ئالمۇتىدىن ئايرىلدىم. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە، نە خىتايدىن، نە موسكۋادىن كۆرۈشكە بوشلۇق قالمىغان، ھېچ كىمدىن رەنجىشكە ئورۇن يوق، پەقەت ئۆز پېشانەمدىن كۆرىدىغان ئۆلۈملۈك بالا - قازالارنىڭ، مېنى كۈتنۋاتقانلىقى ئاللاھدىن باشقىغا قاراڭغۇ ئىدى.

چەتئەلدىكى 25 يىللىق ھاياتىمدا بىلگەنلىرىمنى، ئاڭلىغانلىرىمنى، تەسەۋۋۇرلىرىمنى ھازىرغىچە بىر قانچە دانە كىتاپ قىلىپ تارقاتتىم. مىللىتىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر يېتەرسىزلىكنىڭ بىرى: ئۆتكەن ئىشتىن ئىبرەت ئېلىشنىڭ ئورنىغا، بولدىلا ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئالدىغا قاراپ ماڭايلىچۇ! - دەيدىغان بىغەملىك مىجەزى ئىكەنلىكىنى بايقاپ چىقتىم. شۇ بىغەملىكىمىز، ئوخشاش ئىش ئۈستىدە ئوخشاشمىغان قېتىملاپ ھالاكەتنى تەكرارلاپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ئىكەن. بۇنىڭمۇ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى بارئىكەن. بىز تارىخنى بىلمەيدىكەنمىز. تارىخنى ئۆزلەشتۈرمەيدىكەنمىز. مۇشۇ كەمچىلىكىمىز تۈپەيلى ئۆتكەن ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىش قابىلىيىتى يېتىلمىگەن ئىكەن. بۇ سەل قارايدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. بىزنىڭ روناق تاپالماسلىقىمىز، بىر قەدەم ئالدىغا مىدىرلاپ، بەش قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ يۈرىشىمىز، دۈشمەننى بىزگە قارشى

پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىچىمىزدىكى كاۋاك، دەل تارىخسىزلىقىمىز ئىكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز كام ئۈچ يىللىق ھاياتىمدا، ۋەتەن مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىمىزگە چېتىشلىق، بېشىمدىن ئۆتكەن ھادىسىدىن بۇ يازمىدا بىرنىلا ئاشكارىلىدىم. بولۇپمۇ رۇسىيىگە مۇناسىۋەتلىك، دىپلوماتىك ئىشلاردا ھۆكۈمەت دوماسىدىن، ياكى ئەڭ بولمىغاندا، مىنىستىرلار كابىنېتىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئىدارە ۋە ئەمەلدارلار بىلەن قىلغان ئىشنىڭ ئىگىسى چىقمايدىغانلىقىنى، بەك ئەزان قۇربانلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشكە تىرىشتىم. ئەمما نۆۋەتتىكى رۇسىيە قىزغىنلىقىغا سوغاق سۇ سېپىش ئارزۇسىدا ئەمەس. ئەكسىچە ئىزدىنىش ۋە ئىشنى پۇختا قىلىش ئۈچۈن، ئىبرەت بولۇپ قالار دېگەن خىيالدا. رۇسلار سىياسەتنى كۈندىلىك تاكتىكا ئورنىدا قوللىنىدىغان بولسا كېرەك. يەنى ستراتېگىيىلىك ئىشلار رۇس مەدەنىيىتىنى ۋە رۇس ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلىدىكەن. رۇس ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ستراتېگىيىنى ئاساس قىلغانلا بولسا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى تاكتىكىلىق ۋاستە بولىشى تەبىئىي.

بىز خىتايغا قارشى ھەم خىتاي بىلەن ياشاۋاتىمىز. بىراق خىتاي ئىشلىرى تەتقىقاتچىمىز يوق دېيەرلىك. رۇسلار بىلەن ياشاۋاتىمىز. ئوخشاشلا رۇس ئىشلىرى تەتقىقاتچىمىز يوق. تۈركىيەدە ياشاۋاتىمىز. ئەمما سەۋىيىمىز دەرنەكچىلىكتىن ھالقىمىدى. غەربتە ياشاۋاتىمىز. ئەپسۇس غەربلىكنىڭ ئۆزلىرىمۇ ياقتۇرمايدىغان بەزى بىر چاكىنا ئادەتلىرىنىلا

يۇقتۇرىۋالغىنىمىزدىن باشقا، ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدۇق. ئۆزىمىزنى تەربىيىلەشكە ئېھتىياجىمىز بەك ئېغىر. (داۋامى كېيىنكى بابتا)

(ئىزاھات: ساھىبخان ـ كەرىم قالماق ئەپەندى.

: قاتىل ـ كېيىنكى چاغلاردا غازاتچىلار تەرىپىدىن خىتاينىڭ جاسۇسى دەپ تۆھمەتكە قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. پاكىستاندىن تۇتۇپ كېتىلىپ، ئىز ـ دېرىكى يوق.

: موللام ـ ۋەتەنگە قايتقان ئىكەن. نازارەت ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

: نەغمەت بازاكوپ ـ چېچەن پىدائىيسى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ھازىر قىرغىز تۈرمىسىدە ھايات.

: كاتىپ ـ نەغمەت بازاكوپ دېلوسىدا قولى بار دېگەن تۆھمەت بىلەن ئون ئالتە يىل كېسىلگەن ئىدى. جازاسىنى ئۆتەپ تۈرمىدىن چىقتى. ھازىر ئەركىن ئەللەردە ھايات.)

2019 .06 .26

## ئون ئۈچىنچى باب

## «ب د ت» بىزنى ئىزدەپ كەلسە، بىز ئۇنى تاشلاپ نەگە بارالايمىز؟

ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ھەممە ئىشقا قىزىقىدۇ. دۇنيادىكى تۆرلۈك مىللەتلەرنى بىلىدۇ. قايسى مىللەت قايسى قىتئەدە، قايسى دۆلەتتە ياشايدىغانلىقىنى، قايسى شەھەر قايسى دۆلەتنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكىنى، قايسى مىللەت قاچان مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ سىياسى ئىشلىرىغا بەك قىزىقىدۇ. مۇسۇلمانلارغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. پەلەستىنگە ئىچ ئاغرىتىپ، يەھۇدىلارنى قارغايدۇ. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قاچان رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ. مۇستاپا كامال بىلەن ستالىننىڭ مۇنازىرىلىرىنى سۆزلىشىپ، ستالىننى يەر بىلەن يەكسان، مۇستافا كامالنى پەلەككە چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇيغۇرلار سىياسەتۋاز، بىراق سىياسەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مائارىپى بولمىغاچقا، خىتاي تۈزۈپ بەرگەن، مېغىزىنى ئېلىۋېتىپ، شاكىلىنى تاشلاپ بەرگەن يالتىراق مائارىپتا تەربىيلىنىدىغان بولغاچقا، خىتاي ئۆگىتىپ قويغان

سوبيېكتىپ مەپكۇرنى ئەندىزە قىلىپ مەسىلىنى يېشىدىغان بولغاچقا، نەرسىلەرنىڭ تەتۈر تەرىپىنىلا بىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئاخباراتلارمۇ خىتاينىڭ سۆزگۈچلىرىدىن ئۆتۈپ، تولۇق خىتايچىلاشتۇرۇپ يەتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، دۇنيا ۋەزىيىتىگە ھەرقانچە قىزىقسىمۇ، خىتاينىڭ سۆزگۈچىدىن ئۆتكەن مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغاچقا، بىلىدۇق دېگەندىمۇ نەرسىنىڭ تەتۈر تەرىپىنى بىلىۋالىدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇيغۇرلار دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار ھەممە نەرسىنى بىلىشكە ئىنتىلسىمۇ، خىتاينىڭ توردىن ئۆتۈپ چىققاننى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۆزگە پايدىسىز نەرسىگە قىزىقىپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

«ب د ت» دېسە ئۆلۈپ بەرگىلى تەييار تۇراتتۇق. ئىنسانىيەتكە ئالاقىدار سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، دىنى، مائارىپ ئىشقىلىپ پۈتۈن مەسىلە «ب د ت» دا ھەل قىلىنىدۇ ـ دەپلا چىڭ تۇراتتۇق. «ب د ت» دىكى بەشىنىڭ بىرى خىتاي ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، بىز بىلەن خىتاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مىللى مەسىلىنى «ب د ت» ھەل قىلىدۇ ـ دەپ، ئولتۇرغان قوپقان يەرلەردە، چايخانا پاراڭلىرىدا، ئۈستى يېپىق تار سۆھبەتلىرىمىزدە پىكرىمىزنىڭ مەركىزى نۇقتىسى ساپلا «ب د ت» غا باغلىنىپ ئاخىرلىشاتتى. گەپنىڭ قىسقىسى خىتاي ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە دۇمباق چالىدىغان بۇ ئورۇننى، بىزگە شاپائەتچى قىلىپ تاڭغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالماي، «ب د ت» بىر كۈنى خىتاينىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، خەپ خىتاي!ـ دەپ، چىشىمىزنى غۇچۇرلىتىپ يۈرگەنىكەنمىز. «ئۈرۈمچى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس

ستاتىستىكىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلاپ، ھەرەمگە ماڭغان بىر ھاجىمىنىڭ بىر توپ يىپەك رەختىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويغانىكەن؛ چېگرادا خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ھاجىمۇ كاردىن چىقىپتۇ، مالىمۇ 9 يىللىق كېسىلىپ كېتىپتۇ، پالىنى مالىم شۇ ئىدى.» بۇ تونۇش مالىم بولغاچقا ھەم «ب د ت» بىزگە شاپائەتچى بولغاچقا، ماتېرىيالنىڭ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن، «ب د ت» غا يېتىپ بارالمىغانلىقىدىن بەك ئازابلانغان ئىدۇق. مانا شۇ «ب د ت» ئۇيغۇرلارنى ئىزدەپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بىشكەك شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، باش شتابىنى قۇرۇپتۇ. ئەرزۇ ـ ھالىمىزنى ئاڭلىغىلى ئۆزى ئالدىمىزغا كەلسە، بىزگە كانادادا نېمە ئىش بار؟

شۇنداق قىلىپ، 96 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇن ئالمۇتىدىن ئايرىلىپ، بىشكەك شەھىرىگە قايتىپ كەلدىم. ئالامىدىن ئەدىن مەھەللىسىدە يوشۇرۇن تۇرىۋاتقان، بولغۇسى (سابىق) گۇئانتانامو مەھبۇسىنىڭ ئۆيىگە چۈشكۈن قىلدىم. كېيىنكى كۈنى رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشتۇق. بىز ئالدى بىلەن قىرغىزىستان مۇھاجىرلار مىنىستىرلىكىگە ئىلتىماس يېزىپ، سىياسى پاناھلىق تىلەيدىكەنمىز. ئۇلار بەرى بىر ئىلتىماسىمىزنى رەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ بىشكەكتىكى ئىشخانىسىغا ئىلتىماس قىلىدىكەنمىز. يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئىلتىماستىكى ئىسىم تىزىملىكىگە ئىمزا قويدۇم. جەمى 37 كىشى ئىدى. 16 ـ ئىيۇن قىرغىزىستان مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا بېرىپ ئىلتىماسنى تاپشۇردۇق. 21 ـ ئىيۇن

ئىلتىماسىمىزنىڭ رەت قىلىنغانلىقى توغرىسىدا، قىرغىزىستان گېزىتىدە خەۋەر ۋە بايانات ئېلان قىلىندى. قىرغىزىستان مۇھاجىرلار مىنىستىرلىكى، بىز توغرىلىق بىشكەكتىكى خىتاي ئەلچىخانىسىدىن سورىغانمىش؛ خىتاي ئەلچىخانىسى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانمىش؛ خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى: بىز ئۇنداق كىشىلەرنى تونىمايمىز، بىلمەيمىز ـ دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسى رەت قىلىندى ـ دېگەن مەزمۇنغا يەنە مۇنداق بىر تەھلىلنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ قويۇپتۇ: «خىتاي ھۆكۈمىتى 94 ـ يىلى ئىيۇلدىن بۇيان 14 نەپەر ئۇيغۇر قاچقۇنلىرىنى تۇتۇپ قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا، قىرغىزىستانغا كۆپ قېتىم بېسىم ئىشلەتكەن ئىدى. ئەمدى بىز ئۇنداق كىشىلەرنى تونىمايمىز ـ دەپ، تېنىۋالدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قىرغىزىستانغا قېچىپ كېلىپ، ئىككى يىلدىن بېرى قانۇنسىز تۇرىۋاتقان، ھەم ئىز ـ دېرىكى يوقاپ كەتكەن بۇ 14 ئۇيغۇر، نەدە ياشىغان؟ ئەمدى قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ بۇلار قانداق كىشىلەر؟» شۇنىڭ بىلەن رۇسچە گېزىتلاردا ئۈستىمىزدىن تۈرلۈك ئېغىۋالار، تەھلىللەر قايناپ كەتتى. بىز گېزىتنى «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ، سىياسىي پاناھلىق تىلىدۇق. بىزنىڭ ئىشىمىزغا مۇشۇ بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، ئۆزى شىۋىتسارىيەلىك گېرمان بورىس ھېلمۇت ئەپەندى، يەنە بىر ئامېرىكىلىق قاپ ـ قارا زەڭگى ئادەم مەسئۇل بولدى. ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىم بىلەن سۆھبەتلەشمەيدىغان بولۇپ پۈتۈشتۇق. ئېھتىمال بىزنىڭ مەخپىيەتلىكىمىزنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. گەپنىڭ بېشىدىلا بىز ياردەم قىلىشقا

تېگىشلىك، تەخمىنەن قانچىلىك ئۇيغۇر بار؟ مەسىلەن قانچە يۈز مىڭ؟ - دەپ سورىدى، ھېلمۇت ئەپەندى. - قانچە يۈز مىڭ ئەمەس، بىگىرمە مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە چوڭ بىر مىللەت، ئۇيغۇر دېگەن - دېدىم بىر قىسما بولۇپ.

ھېلمۇت: سىز خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى دەۋاتامسىز؟

مەن: خىتايدىكى ئەمەس، ئۇيغۇرىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى دەۋاتىمەن.

ھېلمۇت: ھە، چۈشىنىشمەسلىك بولۇپ قاپتۇ. بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس. بەلكى قېچىپ چىقىپ، ياردەمگە ئېھتىياجلىق، قۇتۇلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغانلار.

مەن: قېچىپ چىقالمىغان ئۇيغۇرلارنىمۇ قۇتقۇزۇشقا ياردەم قىلالامسىلەر؟

ھېلمۇت: خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنى چېگرادىن كىرگۈزمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ئامالىمىز يوق.

مەن: مېنىڭ دەۋاتقىنىم - ۋەتىنىمىزنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلىپ، مۇستەقىل بولۇشىمىزغا ياردەم قىلالامسىلەر دېگەن گەپتى.

ھېلمۇت: ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ھەم بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سىياسى قاچقۇنلارنى ھىمايە قىلىش، ئۇرۇش رايونلىرىدىن قېچىپ چىققانلارغا تۇرلۇك ماددى جەھەتتىن ياردەم قىلىش قاتارلىق جىددى ئەھۋاللارغا

ئالاقىدار ئىشلار.

مەن: ئەگەر بىزگە سىياسى پاناھلىق بەرسەڭلار، قايسى ئۇسۇلدا بولىدۇ؟ سىلەر بېرىدىغان پاناھلىق بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئەركىن ياشاپ، ئەركىن پائالىيەت قىلالايمىزمۇ؟

ھېلمۇت: بىز سىلەرگە بىۋاستە پاناھلىق بېرەلمەيمىز. ئەكسىچە ماتېرىيالىڭلارنى دېموكراتىك دۆلەتلەرگە يوللايمىز. قايسى دۆلەتتىن قوبۇل جاۋابى كەلسە، شۇ دۆلەتكە بېرىپ ئورۇنلىشىسىلەر.

مەن: ئۇ دۆلەتلەرگە ئۆزىمىز قاچاق يوللار بىلەن بېرىپ پاناھلىق تىلىسەك، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرەمدۇ، ياكى قوبۇل قىلامدۇ؟

ھېلمۇت: ئەلۋەتتە خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. دېموكراتىك دۆلەتلەر جەزمەن قوبۇل قىلىدۇ.

مەن: بىز قازاقىستاندىن، قىرغىزستاندىن پاناھلىق تىلىدۇق. بۇلارمۇ دېموكراتىك دۆلەت. لېكىن بۇلار بىزنى تۇتۇپ خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز دەپ، ھەلا دېسە پاسپورتنى رېژىم ئېلان قىلىدۇ. سىلەر يوللىماقچى بولغان دۆلەتلەرگە بېرىۋالساق، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلارمۇ؟

ھېلمۇت: ياق، دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس. «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ قانۇنلىرىغا ئىمزا قويغان يۈزدىن ئارتۇق دۆلەتلەر بار. بىراق ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىدىغان ئارانلا ئون ئىككى دۆلەت بار. سىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان دۆلەتلەرمۇ شۇ.

مەن: ئۇنداق بولسا، بىز سىلەرگە دەپ، سىلەر ئۇلارغا دەپ، ئۇلاردىن جاۋاب كېلىشىنى ساقلاپ يۈرگىچە، ئۆزىمىز بىرىپلا پاناھلىق تىلەۋەرسەك بولغىدەكقۇ! سىلەرنىڭ ئارىغا كىرىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوقتەك تۇرامدۇ قانداق؟

ھېلمۇت: ئەگەر سىزمۇ ئۆزىڭىز بىرىپ ئۆز ئىشىڭىزنى ھەل قىلىۋالسىڭىز، يەنە بىرسىمۇ، يەنە باشقا بىرسىمۇ شۇنداق قىلىۋالسا، ئۇ چاغدا ھەربىر ئادەمنىڭ يالغۇز مەسىلىسى ھەل بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە ئىش قىلساڭلار، بىر مىللەتنىڭ ئىشىنى قىلغان بولىسىلەر. گېپىم بەك ئوچۇق بولۇپ كەتمىگەندۇر! ـ ئۇ ئۆزىچە ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك، ئىككى ياققا قاراپ قويدى ھەم يېنىك كۈلدى. مەقسەتنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، بىزمۇ كۈلدۇق. كۆپچىلىكنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پەقەت ئىككىلا كىشى ۋاكالىتەن سۆھبەتلىشىدىغان، كىشىلىك ئەھۋالىمىزنى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا كېيىنكى كۈنى كېلىدىغان بولۇپ قايتتۇق. ئەمما يەنە بىر قېتىم ھاۋادا لەيلەپ، كۆڭلىكىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى تۇيغۇلىرىنى ئېچىۋېتىپ، ئازادە نەپەس ئالغاچ، زارېشىنى ئۇيغۇر مەھەللىسىدىكى، ئۇيغۇر ۋەقپىگە قاراپ كېتىپ قالدۇق. بۇ چوڭ بىر قورۇ بولۇپ، ئاتۇش سۇنتاغلىق داۋۇتجان ھاجىم ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ۋەقپە قىلغان جاي ئىكەن. ھويلا شۇنچىلىك كۆركەم، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇستىنى تال باراڭلىرى چۈمكەپ تۇرغان يوغان كارىۋات، ئۇنىڭ يېنىدىلا بوستانلىق، بەش ئالتە ئېغىز ئۆي، يۈز ئەللىك ئادەم ناماز ئوقۇيالىغۇدەك چوڭ بىر زال بولۇپ، بۇ يەردىمۇ جامائەتكە ئىماملىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان،

تۇرگۇن مىجەزلىك قارى، يەنە مەتمىن قارىلار باتتى. بۈگۈندىن باشلاپ مەنمۇ مۇشۇ قوروغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇم. كېيىنكى كۈنى دېيىشكەن سائەتتە ھېلمۇت ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. ئىككى ۋەكىل ئايرىم - ئايرىم باراتتۇق. دەسلىۋىدە بىر قانچە قېتىم كىشىلىك ئەھۋالىمىز ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى سۆھبەتلەر ئومۇمى مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى كىملىكى توغرىسىدا يىغىنچاق خۇلاسە، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى ئىشغال قىلىش دەۋرىدىكى ۋەزىيەت، ئىشغال قىلىش جەريانى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر، خىتاينىڭ زۇلۇملىرى، بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ تەشكىللىنىشى، قوراللىق ئۇرۇش جەريانى، قانلىق باستۇرۇلۇشى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جازالار، ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ دۈشمەنلىك پوزىتسىيەلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ خىتاي ئىستىخباراتى تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلۇپ، ھەر تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن تېررورچىلىق ۋە رادىكال يۆلۈنۈشلەرگە بۇراپ كېتىلىش ئەھۋاللىرى قاتارلىق، نۇرغۇن تېمىلاردا، ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسى بىزنىڭ ۋاقتىلىق ئولتۇرۇم رۇخسىتى ئېلىشىمىز ئۈچۈن، تۇرگۇن قارى بىلەن ئىككىمىزنى قىرغىزىستان مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا يوللىدى. ئۇلارنىڭ ۋاكالىتەن ئولتۇرۇم بېرىش مەجبۇرىيىتى بارئىكەن. ئولتۇرۇم ئىسپاتى دەپ، ئىككى بارماق كەڭلىكتىكى، بىر پارچە باغاقچىغا ئىسمىمىزنى يېزىپ، تامغا بېسىپ بېرىدىكەن. بەرگەن ئولتۇرمىسى بەزىدە بىر ھەپتىلىك، بەزىدە ئۈچ كۈنلۈك بولۇپ، ئەگەر

بىرەر كۈن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ئولتۇرۇم ئېلىشقا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ساقچىلار تۇتۇۋېلىپ قالىدىغان بولسا، ئىشىمىز چاتاق. قانۇنسىز تۇرغان دەپ، بەش پاتمان پۇل جازاسى تۆلەيدىغان گەپ.

ئايدا بىر قانچە كۈن «ۋىجدان ئاۋازى - ئىتتىپاق» رېداكسىيىسىدە ماقالە، خەۋەر تەھرىرلەشكە ياردەملىشىشتىن باشقا، قىلىدىغان مۇھىم ئىشىم بولمىغاچقا، پەخەسلىكىمىز ئېشىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئولتۇرۇمخانىغا بارىمىز. قېچىپ، مۆكۈپ يۈرۈپ ئىككى يىلدىن ئارتۇق جان ساقلاپ، تۈزۈك كۆرۈشكە پۇرسەت بولمىغان بۇ شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىنى، تار كوچىلىرىنى، ھەر بىر مەيدانلىرىنى، تازا كۆرگىلى تۇرۇۋىدۇق، ئۈچ كۈندىلا تەكرار كۆرۈشكە باشلىدۇق. كىچىككىنە، بۆكۈمچىلىك شەھەركەن ئەسلىدە. «مىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى» دېيىلىدىغان قەۋەتلىك بىرتال چوڭ دۇكىنى، ئاق ئۆي دەۋالىدىغان ھۆكۈمەت بىناسى، قىزىل مەيدانى، چاغلىقلا بىر شەھەركەن. چوڭراق دوقمۇشلارنى ئۆزىچە بازار قىلىۋالغان، قىرغىز ئاياللىرىنىڭ قوللىرىدا بىر قانچە دانە پىشۇرۇلغان تۇخۇم، بىرەر تەخسە پىشۇرۇلغان توخۇ پاچىقى، كىچىككىنە يېشىكنىڭ ئۈستىنى دۇكان قىلىپ تىزىپ قويۇلغان ملىشمال، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇپ چىقىپ ئىش يوق، مۇشۇنداق بازارلاردا توخۇ پاچىقى سېتىپ يۈرگەن قىزلار، يەرگىلا بىر- ئىككى دانە پايپاق، پوسما تاشلاپ قويۇپ يايمىچىلىق قىلىۋاتقان قېرىلار، بارلىق مۇشۇ كۆرۈنۈشلەردىن، بۇ دۆلەتنىڭ قايسى ھالدا پېقىر ئىكەنلىكى بەش قولدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۈتۈن قىرغىزستاندىكى شەخسى بايلىق توربازاغىلا يىغىنچاقلىنىدىكەن. بۇ بازارمۇ

قەشقەر، خوتەن، ئاتۇشتىن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ بولغاچقا، بۇ ئەلنىڭ يەككە ئىگىلىكى پەقەتلا يوق ئىدى. «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، ئەركىن نەپەس ئېلىشقا ئېرىشىپ بىرەر ھەپتە ئىچىدىلا، بىر دۆلەتنىڭ پايتەختى مەركىزى شەھىرىنى كۆرۈپ، ئىقتىسادى ئەھۋالىنى دەڭسەپ بولغان ئىدۇق. بۇ يەر دۆلەت بولالماپتۇ. بەش تەڭگە پۇل بەرگۈدەك بىرەر كۆچ ئۇتتۇرىغا چىقسا، بۇيەرنى ئادەملىرى بىلەن، دۆلەت ھوقۇقى بىلەن، پىرىزىدېنت، ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋالالىغۇدەك. شۇڭا بىز «ب د ت» دەپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرماي، بىر ياقلارغا قېچىشنىڭ ئامالىنىمۇ قىلغاچ تۇرمىساق بولمىغۇدەك - دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالدۇق.

دەرۋەقە 26 - ئىيۇن شاڭخەيدە رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، خىتاي بەش دۆلەت رەھبەرلىرى يىغىلىپ «شاڭخەي ھەمكارلىق ئىتتىپاقى» نى قۇرغانلىقىنى خەۋەردە كۆردۇق. رۇسچە ئاخباراتلاردا ئاددىيلاشتۇرۇپلا: شاڭخەي بەشلىكى - دەپ قويىدىكەن. بۇ بەشلىكنىڭ تەپسىلى پروگراممىلىرىدىنمۇ خەۋەر تاپتۇق. «ئىتتىپاق - ۋىجدان ئاۋازى» گېزىتىدە خەۋەر، ماقالىلار ئېلان قىلدۇق. بىراق بۇ بەشلىكنىڭ ئاساسى ماددىلىرىنىڭ مەزمۇنىدا، بىزدەكلەرنى تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان توختاملارمۇ بار ئىكەن. ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى يېڭى بىر شۇم خەۋەر كەلدى: پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا بىشكەك شەھىرىگە خىتاينىڭ مەملىكەتلىك ئالى تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ئېچىشى تەستىقلىنىپتۇ. خىتاينىڭ قانۇن دائىرىسىدىكى تەپتىش دېمەك، دېلو تۇرغۇزۇپ، تېرگاۋ قىلىپ، قولغا

ئالدۇ، قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ - دېگەن گەپ.

بىزنىڭ ئەندىشىمىز ئاشقىلى تۇردى. بىر كۈنى خىتاينىڭ بۇ ئىشى توغرىسىدا سۆزلىشىپ، ئەنسىرەۋاتقانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ كېلەيلى دەپ، ھېلمۇت ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا بارساق، بىر چىرايلىق قىزغىز سەتەڭ، بىزنى ئىشخانىغا باشلاپ، مۇلازىمەت قىلىپ يۈرمەمدا، بۇ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى دېدىم ئىچىمدە ۋە: سىز نېمە ئىش قىلىسىز بۇ ئىشخانىدا؟- سورىدىم تاقەتسىزلىنىپ. - ھە، كەچىرىپ قويۇڭ بايىكا، مېنى دۆلەتتىن بۇ ئىشقانىغا تەرجىمان قىلىپ ئورۇندوستۇرغان، ئاتىم فازىلەت دەيدۇ - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. خىتاي ئىشنى بىزدىن باشلايدىكەندە - دېدىم ئىچىمگە تىنىپ. بىز ئارتۇق پاراڭلاشمايلا كېتىپ قالدۇق. لېكىن ئەندىشىمىز ئارتماقتا. ئۆزىمىز يول تاپقانچە ئادەملەرنى تۈركىيىگە، مىسىرغا ماڭدۇرغىلى تۇردۇق. ئەمما ئەڭ خەتەرلىك قىلغان بىر ئىشىمىز: سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ تىزىملىكىدە موللامنىڭ راست، يالغان ئىسىملىرىمۇ بار ئىدى. (موللام: 12. بابقا قارالسۇن) بىز كونا - يېڭى ئۇنسۇرلارنى يىپقا تىزىپ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇرغانكەنمىز. ئويلىغانسېرى پۈتۈن جاھان قەپەستەك تار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇنداق ئوڭۇشسىز كۈنلەردە، قويۇلۇپ كەتكەن سودىگەرلەردىن بىرى، غۇلجىدا يۈز بەرگەن بىر سىرلىق دېلو توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى بىزنىڭ گېزىتقا سۇنۇپتىكەن. ئۇنى تەھرىرلەش ماڭا قالغاچقا، بىر تەسىرلىك دېلو خاتىرىسى پۈتۈپ چىقىپ، گېزىتتا نەشىر قىلىنغاندىن

كېيىن، يازمىنىڭ ئەسلى ئىگىسى رېداكسىيەگە كېلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇ كىشى ئەھۋالىمىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىغا بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى.

ئەگەر مىللەتنىڭ دەردىنى «ب د ت» غا يەتكۈزىدىغانلا ئىش بولسا، ئامېرىكىدىمۇ ئىشخانىسى بولغانىكەن، شۇ يەرگە بېرىپ دەرت تۆكسىمۇ بولۇۋېرىدىغان گەپ. ياكى «ب د ت» ئىشخانىسىنىڭ ھىمايىسى ئارقىلىق جانىنى قۇتقۇزىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئامېرىكىغا بېرىۋېلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك. ئۇنداقتا ئوتتۇرا ئاسىيادەك، خىتاينىڭ ئالقىنىدا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىغان جايلاردا تۇرۇۋېرىشىنىڭ، خەتەرنى كۈتۈشتىن باشقا مەناسى يوق. ئامېرىكىغا كېتىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن بىر قانچە بالىلار بىلەن كېلىشتۇق. تونۇش سودىگەرلەر ۋىزىنىڭ يولىغا مېڭىۋاتاتتى. بۇ ئامېرىكىغا كېتىش ئىشلىرىمىز بەكمۇ يوشۇرۇن بولمىغاچقا، بىزگە غەمخورلۇق قىلىۋاتقان، ئۇيغۇرىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا كېرەك. ئىشىمىز پۈتكەن چاغدىغۇ ئەلۋەتتە ئاشكارە سۆزلىشىپ، خوشلىشىپ ئاندىن ماڭاتتۇق بولمىسا. بىراق تىزدا يېرىم پىلاندىكى نەرسىنى دەپمۇ يۈرمىگەن ئىدۇق. ئۇلارغا سىرتتىن ئاڭلانغان بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل يېرىمچىلىقىنى بىزمۇ ئاڭلاپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىغا قاچىدىغان پىلاننى جايىدا توختىتىپ، «ب د ت» نىڭ يولىغا قاراشنى داۋام قىلىۋەردۇق. لېكىن ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى ھېلمۇت ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ قارىۋاي ياردەمچىسى، يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن بەش

ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا كەتتى. بىزنىڭ ماتېرىيالىمىزنى دەم ئېلىشتىن قايتىپ كەلگەندە يۇقىرىغا يوللايدىكەن.

بەش ھەپتە - تىنىچ، خاتىرجەم ئىنسانلار ئۈچۈن سانىغۇدەك ۋاقىت ئەمەس. ھەتتا خىزمەتتىن دەم ئېلىشقا ماڭغانلار ئۈچۈن بەك قىسقا، خۇددى بەش مىنۇتتەك قىسقا تۇيۇلىدۇ. بىزدەك جان قايغۇسىدا، بەختسىزلىكتە، چارىسىزلىكتە قېلىۋاتقانلار ئۈچۈن، قىيامەتنىڭ ئۆزى. سائەت، كۈن، ھەپتە ساناشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بىز ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ھېلمۇت ئەپەندىمۇ قايتىپ كەپتۇ. بىراق بىزگە ئالاقە قىلمىغاچقا، چاقىرتمىسىمۇ 9. سېنتەبىر ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا باردۇق. تەلەتى گېرمانىنىڭكىدەكلا سۈرۈن: ماتېرىياللارغا قايتا قاراپ چىقىپ، سىلەرنى چاقىرغۇچە، كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ - دەپ، ئۇزىتىپ قويدى. بىز شۇنچىلىك غەمكىن، شىكەست يېدۇقكى، ئۆز - ئارا بىرەر ئېغىز گەپمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. - مېنىڭچە مۇشۇ فازىلەت دېگەن مەينەت ئىشنى بۇزدىمىكىن - دېدى ئەخمەت قارى، سۈكۈتنى بۇزۇپ. بىز جاننىڭ قايغۇسىدا، ما ئىدەم سەتەڭنى ئويلاپ يۈرگىنىنى ئەمدى - دېدىم سەل تىرىكىپ. لېكىن مېنىڭ ئىنكاسىم بىلەن چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. ئۆزگە «پىدائىي» - دەپ تەخەللۇس قويۇۋالغان ئەمما بەك نازۇك - ئەخمەت قارىم يىغلىۋېتەي دېگەندىلا، چاقچاقنى توختىتىپ، ئۆز غېمىمىزگە كەلدۇق. فازىلەتنى قىرغىز ھۆكۈمىتى پايلاقچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغىنى راست. بىراق ئۇنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈشى، ھۆكۈمەت بىزگە قارشى سۈيىقەست پىلانلاش ئېھتىماللىقى توغرىسىدا ھېلمۇت ئەپەندى بىلەن پىكىرلەشكەن، شۇڭا ئېھتىيات قىلماقچى

بولغان ئىدۇققۇ. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنى قارىلاپ، ئۈستىمىزدىن قاتىل، بۆلگۈنچى، ئىقتىسادىي جىنايەتچى دېگەندەك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ دېلو تۇرغۇزۇشى، بىزنى قولغا ئېلىپ قايتۇرۇپ كېتىشى توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي سۆزلىشىپ، ھەر ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىشكەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدىلىكتە بىزگە ئىشەنمىگەندەك مۇئامىلە قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ - بىز تولا باش قاتۇرۇپ چارچىدۇق. شۇڭلاھازىرچە ئاخىرى چىقمىغان ئىشقا ئۆزىمىزنى ئۇپراتمايلىچۇ، بېشىمىزغا ھەربالا كەلگەندىمۇ ئۆلۈپ قالماي، بوگۈنگە كەلدۇق؛ بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئېچىلمايدىغان سىر يوق - دېيىشىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ھاۋالە قىلدۇق.

ۋاقىت شۇنچىلىك ھورۇن، خۇددى پۇتىغا گۇندا ئېسىپ قويۇلغان مەھبۇستەك سۆرۈلۈپ مېڭىۋاتاتتى. ئارىدا ھېلمۇتنىڭ ئىشخانىسىغا بىر قانچە قېتىم بېرىپ، قىرغىز ساقچىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدۇق. ساقچىلار تەلەپ قىلغان پۇلنى بەرمىسەك بىزنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىمىز - دەپ تەھدىت سالدى؛ ماتېرىيالىمىزنى يۇقىرىغا تېزراق يوللىغان بولساڭلار- دەپ، ئۆتۈنگەن بولدۇق. بىراق ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى سوغاقلا ئىدى. 7 - ئۆكتەبىر ئولتۇرۇمنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا بارساق، تۇرىۋاتقان ئادرېس بىلەن بىر پارچە رەسىم تاپشۇرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىخەتەرلىكىمىزگە دەخلى يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئادرېس بەرمەيمىز دېسەك، - ئادرېسىڭلار بولمىسا، سىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان دۆلەتلەر قانداق ئالاقە قىلىدۇ؟ بۇ پرىنسىپ، ئەگەر ئادرېس بەرمەيمىز دەپ قارشىلىق قىلساڭلار، بىزمۇ ئولتۇرۇم بېرەلمەيمىز- دېدى. بىز ھېلمۇت ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى

ئېقتىماي تېمتىماي مەلۇم قىلدۇق. بىراق دەسلىۋىدە ئادرېس بىلەن رەسىم بەرسەڭلار قەتئىي بولمايدۇ، سىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ھەر قانداق دۆلەت ئالاقىنى مەن بىلەن قىلىدۇ - دېگەن ھېلمۇت ئەپەندى، ئەمدىلىكتە يۈزى تەتۈرسىگە ئۆرۈلۈپ: ئەگەر مۇھاجىرلار ئىشخانىسى ئادرېس، رەسىم تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ قىرغىز دۆلىتىنىڭ ئىشى، بىز ئارىلىشالمايمىز - دەپ قاراپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پالتا - كەكىمىزنى قاقتۇرۇپ، ئولتۇرۇم خانىغا يەنە قايتا بېرىپ، ئادرېسىمىز بىلەن بىر پارچىدىن رەسىم بەردۇق. ئىلگىرى ئىككىلىك قەغەزگە ئىسمىمىزنى يېزىپلا تامغا بېسىپ بېرەتتى. مانا ئەمدى يېرىم ۋاراق قەغەزگە خەت دېگەننى ھەر يوغان يېزىپ، تامغىنى ئىككى يەرگە باسقان گەپ. كۆركەم - رەسمى دوكۇمېنت. ئاۋۋال ئۈچ كۈنلۈك، بەش كۈنلۈك بېرەتتى. مانا ئەمدى قىرىق كۈنلۈك بېرىۋېتىپتۇ ئاللە شەرىڭنى، ئىشىمىز ھەل بولۇپ قالامدۇ نېمە؟ - بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ قىرغىزىستان بىلەن ئىشى يوق. بىزنى بۇلار دەسلىۋىدىلا رەت قىلغان تۇرسا. ھەقاچان ئىككى كۈندە بىر ئولتۇرمىغا يول مېڭىپ جاپا تارتىپ كەتتى دەپ، ئىچ ئاغرىتىپ بەرگەن نەرسىدۇ تايىنلىق. نېمە بولسا بولسۇن، قولىمىزدا رەسمى دوكۇمېنت بار. مۇھىمى شۇغۇ. بىز خوش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن «ئىنتىپاق رېداكسىيىسى» گە كەلدۇق. ئۇلار بىزدىنمۇ بەكراق خوشال بولۇپ، تەشكىلات رەھبەرلىرىگە يەتكۈزدى تېلېفون ئارقىلىق. قولىمىزدىكى يېرىم ۋاراق قەغەزنىڭلا خۇشاللىقى ئەمەس، بەلكى قىرغىز دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر قاچقۇنلىرىغا ئىشىكنى قانۇن بويىچە ئاچقانلىقىمۇ بىر چوڭ غەلىبە ئىدى. بىز پو ئاتقىلى تۇردۇق:

قىرغىزستاننى دېموكراتىيىگە ئۆتكۈزگەن يىگىتلەر - دەپ، ئاق ئۆي يېنىڭ ئالدىغا ھەيكىلىمىزنى تىكلەش كېرەك! بۇ شەرەپ دەسلەپتىكى 14 قاچقۇنلارغا مەنسۇپ! ياق تىزىملىكتىكى 37 ئۈيغۇرغا مەنسۇپ. ياق زەيدۇن يۈسۈپكە مەنسۇپ! - تۇۋۋا گەپ دېگەننى دەۋرسە بولۇۋېرىدىكەن. بەك زېرىكىپ قالغان بەزى كۈنلىرى رەسىملىرىمنى يېيىپ قويۇپ: ۋەتەن ئازات بولغاندا قايسى رەسىمنى پۇلغا چاپلاتسام بولار، زادى تاللاپ بولالمايۋاتىمەن - دەپ، ئاغىنىلەرنى ساز قىلىپ، تېرىكتۈرەتتىم. ھازىرمۇ چاقچاق شۇ تەرەپكە كېتىپ قالدى: دېموكراتىيە ھەيكىلىگە ئىسمىمىزنى قانداق يازدۇرساق بولار؟ - چەك تاشلايلى، كىمنىڭ ئىسمى چىقسا شۇنى ئەڭ يۇقىرىغا يازدۇرايلى. - ياق باللار، چەكتىن تەلىيىم يوقلىقىنى بىلىمەن؛ شۇڭا ئىش ئوچۇق بولىۋەرسۇن؛ ئىسمىم ئا بىلەن باشلانغانكىن، يىللاپ پىكىر- ماقالە يېزىپ ئەجىر سىڭدۈرگەنكىن، ھەيكەلنىڭ پېشانىسىگە مېنىڭ ئىسمىمنى يازدۇرايلى. قالغىنى بىرگەپ بولار - دېدىم، رەسمى تالىشىپ. باللارمۇ تولۇق ماسلىشىپ تارتىشقىلى تۇرۇۋېدى، دەسلىۋىدە ھە- ھۇ دېيىشىپ بېرىۋاتقان رېداكسىيەدىكى رۇس مىجەزلىك قېرىنداشلىرىمىز ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قاپتۇ. ئارىدىن بىر ئاق كۆڭۈل ئاكىمىز: سىلەرنى بۇنداق ئەمەس دەپ ئويلايتتىم ئۇكىلار؛ ئابدۇرەھىمجان سىزنى بەك خالىس، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتىدۇ دەپ قارايتتۇق؛ ۋەتەن ئازات بولۇپ قالسا، يۇقىرىنى تالىشىپ بىر ئىشلار بولامدۇ نېمە؟ مېنى ئۈمۈتسىز قىلماڭلارچۇ ئۇكىلار - دېمەمدۇ، شۇنچىلىك غەمكىن ھالدا. ئىمم دەپلا قالدۇق. يا چاقچاق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى: بىزنى مۇشۇنداقمۇ

بوز كۆز كۆردۈڭلارمۇ؟ - دەپ، تېخىمۇ رەنجىيدىغان گەپ.
- ھە بەلەن بولدىمۇ ئەمدى! قاتۇرىدىغان ھەيكەلمۇ يوق، ساڭىمۇ، ماڭىمۇ يوق بولدى! ئۆز - ئارا تاپا -تەنە قىلىشتۇق - ھەم ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولۇپ، ھەممە كىشى چۈشىنەلەيدىغان، ئامىباب يۇمۇر سۆزلەشكە باشلىدۇق. ئەمما كەيپىيات ئۇمۇمەن بەك ياخشى ئىدى. سىرتتا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، ئاۋۋال يامغۇر، كېيىن مۆلدۈر، ئاخىرىدا قار يېغىۋەتتى. - بۇ نېمىنىڭ سۇرى ئەمدى، ئاران خاتىرجەم بولىۋاتساق، خاتىرجەم كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەرمىز دېسەك، بۇمۇ يوق بولامدۇ - دېيىشىپ، تۇرالغۇمىزغا قايتتۇق. 9 - ئۆكتەبىر ئەتىگەندە رېداكسىيەگە ماڭدىم، نۆۋەتتىكى گېزىتنىڭ نەشرىگە بېرىلىش ۋاقتى قىستاپ قالغان ئىكەن. شۇڭا تەھرىراتتىكىلەر ئىشخانىدا ناشتا قىلماقچى بولغان ئىدۇق. ئۆتەر يولدىكى رەيىس پولكوم مەھەللە بازىرىدا ناۋاي ئەتىگەندىلا تونۇردىن ناننى قوماغلى تۇرۇپتىكەن، ناشتىلىق ئۈچۈن بىر قانچىنى ئېلىۋالدىم. باش رېداكتور ئەپەندىدىن باشقىلار تەل بولۇپ، ئىشنى باشلىماستىن ناشتىغا تۇتۇش قىلغىلى تۇرساق، رېداكتور ئەپەندى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە: ناشتىنى ئاز قىلىپ، ئىشتىھانى ساقلاپ، ئىشنى كۆپ قىلايلى! چۈشلۈك تاماق نىجات ھۈسەيىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە، زىياپەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى - دېدى، خوشال، تېتىك ھالدا. ئۇنى بۇ قەدەر خوشال قىلىۋەتكەن نەرسە بىزنىڭ پىداكارلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىدە، قىرغىزستاننى دېموكراتىيەگە يېقىنلاشتۇرغانلىقىنىڭ شەپىسى ئىدى. چۈشلۈك زىياپەتنى ئاڭلاپ ناشتىلىقنى توختاتتىم. مېنىڭ قىلىقىم بەك قىزىق

تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ، ياكى «ب د ت» ئارقىلىق بىر دۆلەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇيغۇرلارغا ئېچىۋاتقان غەلىبىنىڭ شاتلىقىمۇ ئىشقىلىپ، چاقچاقتىن باشقىسىغا ئورۇن قالمىغاندەك شاتلىق ھەم خۇش كەيپىياتتا ئىشنى باشلاپ كەتتۇق. رېداكتور ئەپەندى نىجاتنىڭ دادىسى ھۈسەيىن ئەپەندى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇمات سۆزلەپ بەردى. ھۈسەيىن ئەپەندى ئۆز ۋاقتىدىكى جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىدىن بولۇپ، پىرزىكا پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرەشىد ھۈسەيىن، ئۇيغۇر ئاكتىپلىرىدىن خىزمەتدىشىمىز (كېيىن مەرھۇمە) نائىلە ھۈسەيىن، نەتىجىلىك بايلاردىن نىجات ھۈسەيىنلەرنىڭ دادىسى ئىكەن. بىز چۈشكە يېقىن زىياپەتكە بېرىۋالدۇق. شەھەرنىڭ ئىچىدە، كەڭ كەتكەن تېرىلغۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىمارەتكەن نىجات ھۈسەيىننىڭ قورۇسى. قارىغاندا يېڭىدىن جاي قۇرۇلۇپ، يېڭىدىن سېلىنغان ئىمارەت بولسا كېرەك. بىر قانچە پەلەمپەيدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، قەسىرگە كىردۇق. كۆز قامىشىپ تۇرىدىغان مېھمان خانىدىكى داستىخاننىڭ تۆرىدە، گەۋرى بىر بوۋاي تەكيىگە يانپاش يۆلىنىپ، ئۆزى يالغۇز دوغاپ ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى ئەربابلار: ۋاي ئازىز نارىنبايېپ ئاكا، ئوبدانلا تۇرۇپسىز ـ دېيىشىپ ھال سورىغاندىن كېيىنلا بىلدىمكى، ئالدىنقى يىلى بېجىن ھۆكۈمىتىدىن بەش مىليون دوللار ئېلىپ، بىشكەكتە قۇرۇلغان ھېلىقى ئاتالمىش «تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى» ئۆزلىرىگە پەخرى رەھبەر قىلىۋېلىپ، ئوتتۇز مىڭ دوللارلىق مېرسېدېس تەقدىم قىلىنغان كىشى دېمەك. ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي ئىنكاسلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ يېزىلغان ماقالىنى مەن

تەھرىرلىگەن بولغاچقا، ئىچىمدە بىر ئاچچىق سىاقلىنىپ قاپتىكەن بۇ كىشىگە. تۇيۇقسىز: سىز ھېلىقى رىۋايەتتىكى پەيلاسوپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئەزىز نارىن بايۇپ ئەپەندى شۇمۇ؟ ياكى يېگىسىمۇ؟ ـ دەپ، سوراپ تاشلىدىم. ئۇ: رىۋايەتتىكىسىمۇ، يېگىسىمۇ ھەممىسى مەن شۇ؛ ئاما رىۋايەتتىكىسىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

مەن: تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىنىڭ كىتابلىرىدا نەقىل ئېلىنغان مەنبەلەردىن بىلگەن. ئۇ: ھە قاشقالىق، گەپ ـ سۆزۈڭدىن بىلىپ قالدىم، ھېلىقى تەنقىد بىلەن سېنىڭ ئالاقەڭ بار، شۇنداقمۇ؟ مەن: نەدىن بىلدىڭىز ئالاقەمنى؟ ئۇ: كونىسىمۇ يېگىسىمۇ دەپ، قىمىزنىڭ ئاستىدىن سۆيۈگۈرتىنىڭ قاشقالىق. «خىتاي پەرەستلەردىن يىراق تۇرغان بولسىڭىز كونىسى، ئۇلارنىڭ سېپىگە كىرسىڭىز يېگىسى، كونىسى بولالمايسىز» ـ دېدىڭغۇ! بۇ گەپنى ماۋۇ بىزنىڭ باللار دەرەلمەيدۇ، سېنىڭدەك قاشقالىق دېمىسە؛ يەنە بىرى شۇ چاغدا باللار گېزىتنى كۆتىۈرۈپ كەپتىكەن داد ئېيتىپ. شۇنداقلا قارىسام، تىلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە بۇياقنىڭ ئەمەس، گېزىتتە قاشقالىق بارمۇ ـ دەپ سورىسام، بىلمەيمىز دەپ قاراپ تۇرغانتى ئۇلار. سېنى يازغانمىكىن دېسەم، ئىچىدە بۇياقتىكى كۆپ نەرسىلەر بار، ئورامدىن قارىسام قاشقالىق يازغان. مەن: ئۇ ماقالىنى مەن تەھرىرلىگەن. ئۇ: ھە مانا، بىزنىڭكىلەرمۇ ئۇستا سىياسەتچى، ئۆتنى قاشقالىقنىڭ قولى بىلەن تۇتۇپتۇ ـ دە، ئازىز ئاكا بىلىپ قالمىسۇن دەپ. مەن: ئۆز ۋاقتىدا پاچىقىڭىزغا ئوق تەگكەندە، داد دېمەپتىكەنسىز، ئەمدى خەلقتىن كەلگەن بۇنچىلىك گەپكە خاپا بولمىغانسىز ھەقاچان. ئۇ: پاچاققا ئوق تەگكەندە ياش ئىدۇق، ھەم

دۈشمەنىنىڭ ئوقى ياندىن ئۆتكەن، شۇڭا داد دېمىگەن. ئەمدى قېرىغاندا دوستلار ئاتقان ئوق يۈرەككە تېگىپ جاندىن ئۆتۈپ كەتتى قاشقالىق!

ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىۋاتاتتۇق ئۇ: ماۋۇ - خەلقتىن كەلگەن نارازىلىقتا چىدىماي داد دېسەك، پەيلاسوپ، ئالىم، دوكتور دېگەن ناملارنى يىرتىپ ئوتقا تاشلاش كېرەك؛ ماڭىمۇ ئاز دەڭلار، خىتايپەرەستلەرنىڭ ماشىنىسىغا مىنگەنكىن ... «كۆل بىلگە قاغان خىتايلارنىڭ سۆزى يۇمشاق، ھەدىيىسى گۈزەل، ئالدانماڭلار دېگەن» - دەپ، تېزىس يېزىپ، ئالىم دېگەن دىپلومنى ئېلىپ، ئاندىن خىتاينىڭ ھەدىيەسىگە مۇللاق ئاتقان ساڭا ئاز - دەۋاتقانسەن قاشقالىق! داستىخان ئاجايىپ قىزىق چاقچاق سورۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى. كۈلۈشتۇق، كۈلۈپ بولالماي كۆزلىرىمىزدىن ياشمۇ ئېقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا پەيلاسوپ ئەزىز نارىن بايۇپ بىر ئۇستاكان دوغاپنى ماڭا سۇنۇپ: ئىچە بالام، سەن قاشقالىققۇ دوغاپتىن باشقىنى بىلمەيسەن، لېكىن بۇ دوغاپ ئەمەس قىمىز - دېدى. مەن ئۇستاكاننى قولۇمغا ئېلىپ: قىمىز ئىچىپ باقمىغان، شۇڭا ئىچمىسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمەس - دېدىم. ئۇ: مانا دېدىمغۇ، بۇ قاشقالىق دوغاپتىن باشقىنى بىلمەيدۇ - دەپ، ئىچە بۇ ھاراق ئەمەس - دېدى - دە، ئارقا ئارقىدىن ئىككى ئۇستاكان ئىچتۈرىۋەتتى. تەمى دوغاپقا ئوخشاپراق قالدىغان، بىر ئاز چۈچۈك ھەم قاڭسىقراق نەرسىكەن قىمىز دېگىنى. شۇنىڭ بىلەن: ۋايىيەي قىمىز دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى غۇلجىلىقلار، ئىچىپ قالغان دوغاپكەنغۇ بۇ - دەپ تاشلاپتىمەن. داستىخان ئەھلى كۈلۈپ چاڭ چىقىرىۋەتتى. ئۇ: قارا بالام بۇ بىر خاتىرە؛ تۇرغۇن

ئالماسقۇ مېنى كۆرمەيتۇرۇپ كىتاۋىمدىن نەقىل ئاپتىكەن؛ بىر كۈنلەردە يېزىپ قالساڭ ـ ماڭا قىمىز تۇتقان، بىر داستىخاندا ئولتۇرغان ـ دەپ نەقىل ئېلىشقا يارايدۇ. مەن: تۇرغۇن ئالماسقۇ چوڭ بىر ئالىم، ئۇ كىتاۋىڭىزدىن نەقىل ئالغۇچىلىكى بار ئادەم؛ ئەمما مەن نەقىل ئالسام، كىشىلەر ـ ئەزىز نارىن بايىپ چاغلىقمۇ نېمە، مۇنۇ سولتەك بىلەن قىمىز ئىچىشىپتۇ ـ دەپ قالارمىكىن. ئۇ: خەق نېمە دەپ قالار ـ دېمىگەن بولغاچقا بۈگۈنكى مەن بولالىغان؛ ھەممىمىز ئوخشاشلا خەققۇ؛ مۇھىمى مەيداندا تىك تۇرۇش؛ ئەمما مېنىڭدەك قېرىپ قالغاندا ئىككى ياققا ئىرغىپ قالسىمۇ ئەيىب ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىگىمۇ تازا كۈلۈشتۇق. چاقچاقلار شۇنچىلىك مەزمۇنلۇق، شوق، ھېچكىمنى زېرىكتۈرمىگەن، ھېچكىمنى رەنجىتمىگەن ئىدى. نازۇ ـ نېمەتلەرگىمۇ تويۇندۇق. رېداكتور ئەپەندىم ئىجازەت سورىدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ خوشلىشىۋاتاتتۇق: ھەي نىجات بىرەر تاۋاق زەللە قىلىپ بەر، قاشقالىق دېگەن زورلاپ تۇرمىسا يېمەيدىغان خەق؛ مۇنۇ كۆپ بىر نەرسە يېمىدى؛ رېداكسىيەگە بارغاندا تولۇقلىۋالسۇن ـ دېۋىدى نارىن بايۇپ، يەنە بىر قېتىم كۈلكە ـ چاقچاق كۆتۈرۈلدى. بىز ئىككى قەۋەتلىك زەللىنى ئېلىپ رېداكسىيەگە قايتىپ كەلسەك، ئەخمەت قارى بىلەن مەتىمىن قارىم ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئەسلىدە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قىشلىق كىيىمنىڭ غېمىنى قىلىش ئۈچۈن، دۇكان ئايلانماقچىدۇق. رېداكتور ئەپەندىم ئۇلارنىمۇ زىياپەتتىن ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن داستىخاننى ئېچىپ، كۆپچىلىك ئەمدىلا تاماققا قول ئۇزىتىشىغا، سىرتتىن سۆلەت ئەپەندى ئوبۇل

قاسىمنى ئەگەشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلغاچ رېداكتور ئەپەندىم سورىدى: بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ بەك يات كىشى ئەمەستۇ؟ ئۇنىڭ سوئالى بەكمۇ قوپال ئەمەس ئىدى. ئادەتتە رېداكسىيەگە مۇناسىۋەتسىز ھەم ناتونۇش ئادەملەر كىرمەسلىكى كېرەك ئىدى. بىراق سۆلەت ئەپەندى: بۇ يىگىت ھەققى ئىش قىلىدىغانلاردىن؛ مۇنىۇ ئابدىرىملاردەك بىكار يەپ ياتىدىغانلاردىن ئەمەس - دېدى، گەپنى چىشلەپ، دىمىغىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ. مەن ئوبۇل قاسىمغا قارىدىم. ئۇ يوغان بەستى بىلەن يەرگە مىقلىنىپ كەتكەن ئىدى. رېداكتور ئەپەندى: ھاي ھاي، ئۇنداق دېمەڭ، ئابدۇرەھىمجانلارمۇ ئىش قىلىۋاتىدۇ - دېدى، سەل تېرىكىپ. سۆلەت ئەپەندى: بۇنى بىلىمىزغۇ قەغەزنى تىتمىلاپ يۈرىدا؛ بۇگۈنكى كۈندە قەغەز قەلەمدىن بىر ئىش چىقمايدا؛ ئىش دېگەن باشقا. شۇ ئارىدا ئەخمەت قارى ئورنىدىن تۇرۇپ: سىلەر مۇڭدىشىپ تۇرارسىلەر، بىز چىقايلى، قوپىسىلا - دېدى مېنى نوقۇپ. شۇنچىلىك كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە رېداكسىيەدىن چىقىپ كەتتۇق. سۆلەت ئەپەندى بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىزغا ئاز تولا كۆڭۈل بۆلەتتى. بىراق بىكار ياتماي، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىمىزنى، ۋاقتى كەلسە ھەرىكەت قوزغىشىمىزنى تەشەببۇس قىلىپ، ئارىمىزدىكى بەزى باللارنى ئالاڭ - بۇلاڭ قىلىپ قوياتتى. بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قوراللىق تەشكىللىنىشكە تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ۋەتەندىن چىقىپ تۇرىدىغان، «ۋەتەن پەرۋەر كادىرلار» مۇ، سۆلەت ئەپەندى ئارقىلىق بىزنى تېپىۋالاتتى. شۇڭا، يا ئۈستىدىن گۇمان قىلغىلى تېخى بولمىغان، يا يۈرەكتىن چىقىرىپ تېخى ئىشەنچ قىلغىلى

بولمىغان، ئاجايىپ كىشىلەردىن ئىدى. بىز بىردەم دۇكان ئايلىنىپ ئۆيگىلا قايتىپ كەتتۇق.

10 ـ ئۆكتەبىر ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق، قوياش بىلەن تەڭ تومۇز ئايتىپىدەك كۆيدۈرگۈچى ئىسسىق ھەم دىمىق بىر كۈن باشلاندى. ناشتىدىن كېيىن ھويلىدىكى بوستاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا باشلىدىم. ئىككى كۈنلۈك تەتۈر قۇيۇن، يامغۇر، مۆلدۈر، قار ئازابىدا سولۇپ، سولىشىپ كەتكەن گۈل ـ چېچەكلەرنى قىرقىپ، يىرىلىپ كەتكەن تال باراڭنىڭ نوتا شاقلىرىنى كېسىپ دېگەندەك، بىر ئىشلار بىلەن مىلكىت بولۇۋاتىمەن. بىراق ئىچىمنى بىر نەرسە تاتىلايدۇ. يۈرىكىمدە بىر نەرسە بار. نەپسىم يېتىشمەيدۇ. تۇرۇپلام زۇۋانىم يەنە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. نەچچە كۈننىڭياقى تولا كۈلۈپ، شاتلىق خەزىنىسى بوشاپ قالغانمىدۇ تېخى. پىژغىرىم ئاپتاپ، گۈزەل كۆك ئاسمان، لېكىن كۆڭلۈم بەك پەرىشان. ۋاقىت شۇنداق زېرىكىشلىك.

يان قوشنىمىز چۈشلۈك تاماققا چاقىرىپتۇ. بىرەر قېتىم سالاملىشىپمۇ باقماپتىكەنمەن. كوچىدا بىرەر قېتىم دوقۇرۇشۇپمۇ قالماپتىكەنمەن. تونىمىغان خەقنىڭ ئۆيىگە چىقماي بولىدى دېسەم، تۈرگۈن قارىم يەنە تۈرگۈنلىكىنى قىلدى. يان قوشنا ئوچۇق چىراي شۇنداق ئوگىلۇق خەقكەن بولمىسا. نارىن، پولو، يەنە نېمىلەر ئىشقىلىپ تاماقلار كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بىراق تىلىمغا بىر نەرسە تېتىمايدۇ. تاماقلار مېنى يەپ كېتىۋاتقاندەك، ئىشتىھايىم يوق. ناز قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۆنىگدىن بۇنىگدىن بىر ئاز يېدىم بولغاي. قايتىپ چىققاندا تۈرگۈن قارىم: مېھماندارچىلىقتا پەيزىلىرى

باتتىغۇ، بوْگوْن ھەجەپ ھال تارتىپ قاپلا، بەك جىمغۇر. توْنوْگوْن سوْلەت ئەپەندى ئەلەم قىلدى دەۋاتاتتىلە، شۇنىڭ خاپىلىقى تۇتۇپ قالدىمۇ يابولمىسا؟ - دېدى، ئۇدۇللا. - ئۇنچىلىك گەپلەر يېنىمغىمۇ كەلمەيتتى؛ ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ ھېچ بىر تەسىر قىلغاندەك ئەمەس، ئوْزوْممۇ بىلمەيمەن - دېدىم خوش ياقمىغاندەك قىياپەتتە.

پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇستاپا مەھەللىسىدىكى تاش پولات ھاجىمكامنىڭ ئوْيىگە بىرىپ باقاي، ھېلىقى «ئەل ئىكرام» قويمچى توڭلاتقۇمىزنى ئەكىلىپ بەردىمىكىن - دەپ، ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ، ئوْزوْمچە ۋەسىيەت قىلغۇم كەپ قالدى: ئەگەر مەن قايتىپ كەلمىسەم، بۇ ماقالىنى ئەتە رېداكسىيەگە تاپشۇرۇپ بەرسىلە؛ مەن زادىلا كەلمەيدىغان بولۇپ قالسام، ئوْز ئىسمىم بىلەن ئېلان قىلسۇن؛ ئەگەر مېنى خىتايغا ئوْتكوْزوْپ بېرىش ئېھتىماللىقى بولۇپ قالسا، يەنە تەخەللۇسۇم بىلەن ئېلان قىلسۇن؛ مۇشۇ گەپ سىلىگە ئامانەت. ئۇ ماقالىنى قولىغا ئالغاچ: ماڭا قارىسىلا، سىلە ھەرەمگە كېتىپ بامايلا، ئاۋۇ مۇستاپا مەھەللىسىگە كېتىۋاتىلا؛ لاغايلاپ ماڭسىلىمۇ بىر ئاش پىشىملىق يەر - دېدى تەنە ئارىلاش كوْلوْپ.

يول بويى بەزىدە دەرەخ ئارىلاپ، بەزىدە ئوْستەڭ بويلاپ، لاغايلاپ يوْروْپ، تاش پولات ھاجىمنىڭكىگە يېتىپ باردىم. بىراق قويمچىدىن خەۋەر يوقكەن. بىردەم ھال مۇڭ بولغاچ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇق. ئىچىمدىن بىر ۋەسىيەت تۇيغۇسى قىستاپ ئارام بەرمەيتتى: بۇ توڭلاتقۇ توْموْر يول

ئىدارىسىغا ئائىت بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۈلكى ئىكەن؛ ئاغىنىلەر ئۇقۇشماستىن قويمىچىغا ئارىيەتكە بېرىپ قويۇپتۇ؛ كېيىن سۈرۈشتىسى بولۇپ قالسا، بەش پاتمان پۇل تۆلەيدىغان ئىش؛ بىزگە ياخشىلىق قىلغان ئاكىلارغا بىزدىن زەرەر يېتىپ قالمىسا بولاتتى؛ مەن كېلەلمەي قېلىشىم مۇمكىن؛ قويمىچىدىن ئۇچۇر ئالسىڭىز، رېداكسىيەدىكىلەرگە هايت دەۋېتەرسىز هاجىكا ـ دېدىم ئۆتۈنۈپ. مەن تاشپولات هاجىم بىلەن خوشلىشىپ، كەلگەن يول بىلەن ئۆي تەرەپكە قايتىپ ماڭدىم. كەچ كىرگەنچە هاۋا تېخىمۇ دىمىق، نەپەس بوغۇلۇپ تۇرغان، دەرەخ سايىسىدا سەگىدەپ ئولتۇرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئەتراپ قەبرىستانلىقتەك شۈنچىلىك سۈكۈتتە. كېتىۋېتىپ تازا بىر ۋارقىراپ بىر نەرسە دەپ باقسام، ئىچىمدىكى بوشاپ كېتەرمۇيا ـ دېدىم ـ دە: هەي دەرەخلەر مەن هايات تۇرسام، سىلەر نېمىشقا ماتەم تۇتىسىلەر! هەي ياپراقلار، مەن ئۆلمىگەن تۇرسام، سىلەر ئۇسۇل ئوينىما، نېمىشقا تەزىيە تۇتىسىلەر! هەي جىم جېت مەهەللە مەن تىرىك تۇرسام، سىلەر نېمىشقا قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ كەتتىڭلار! بىراق گەپلىرىم قاپىيىلىشىپ، ئۆزۈمگە ئوقۇلۇۋاتقان مەرسىيەدەك تۇيۇلۇپ كەتتىدە ـ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئوساللىشىپ يىغلىۋەتتىم. ۋەتەندىكى چاغلىرىمدىلا ئەپ تاپسام، يالغۇز يەرگە بېرىپ يىغلىۋالىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. خۇددى مېنى سوراقخانىدا ئېتىۋەتكەندەكلا، يېقىنلىرىمنىڭ بەزىسى ئېتىلىپ كەتكەن، بەزىسى جەڭ مەيدانىدا شەهىد بولغان، بەزىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا مەهكۇم بولغان، بەزىسى مېنىڭدىنمۇ بەتتەر ۋەيرانچىلىقتا كۈن كۆرەلمەيۋاتقان، مىللەتنىڭ هالى تېخىمۇ

بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقان، بىز مۇشۇنچىۋالا مەغلۇبىيەت ۋە يوقىتىشلار ئۈچۈن قۇربان بولدۇقمۇ؟ مۇشۇ جازالار ئۈچۈن بەدەل تۆلەتكۈزدىمۇ؟ پەردىنىڭ ئارقىسىدا كىم بار؟ چەكسىز غايە ئۈچۈن تەربىيىلىنىپ، چەكسىز يوقىتىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىنىپ كەتسە، دەردنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرگىلى بولمسا، ئادەم ئۆزىنى مەن كۈچلۈك دەۋالغىنى بىلەن، ئىچىدىكى ئاجىزلىق كۆزىدىن مۇنچاقتەك سەكرەپ چىقىدىغان گەپكەن. ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ بىر هازا يىغلىغاندىن كېيىن، يۈز- كۆزلىرىمنى يۇيۇۋېتىپ، يەنە يولغا چۈشتۈم. كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم باسقىلى تۇرغاندا مەهەللىگە يېتىپ كەلدىم. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ كەچ كىرىشتىن بۇرۇنلا سۈكۈتكە چۆمىدىغان بۇ مەهەللە، هازىر قەۋەتلا سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. مەهەللىگە ئىچكىرىلەپ كىرىۋېتىپ، بىزنىڭ هويلىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنىلارنى كۆرۈپ بويۇم تىكەنلىشىپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىدەك، هەر تەرەپتە ئۈچتىن ئىككى قانات ماشىنا تۇراتتى. مەن مېڭىشىمدا هېچقانداق ئۆزگىرىش قىلماي ئۇدۇل كېتىۋەردىم. بىراق ئارقام تەرەپتىن: ستايات، رۇكاۋېرخ! ـ دېگەن رۇسچە كوماندا بىلەن تەڭ، شاراقلاپ بەتلەنگەن قورال ئاۋازى مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتكىلى تاس قىلىپ: ياق، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدۇ؛ «شاگخەي هەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ قىرغىزستاندىن ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇنجا قۇربانلىقى تۇرسام، مېنىڭ تىرىكىم لازىم؛ ئەمما مىدىرلىسامىلا پاچاقلىرىم ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. مەن چاقماق تېزلىكىدە شۇلارنى ئويلىدىم ۋە جايىمدىن قىمىرلىماي، ئارقامغىمۇ بۇرۇلماي، قولمۇ كۆتۈرمەي، هەيكەلدەك قېتىۋالدىم. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەتراپىمنى

ئالتە ـ يەتتە قارا كىيىملىك ئاپتوماتچىلار قورشاپ، قولۇمنى ئارقىغا قايرىپ كىشەن سالغاندىن كېيىن، جاللاتلار پۈتۈن بەدەنلىرىمنى سىلاپ تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىككى ساقچى قولتۇقىمدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ بىر ئاق ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارمۇ ئىككى يېنىمدا ئولتۇرۇپ، بىر قولىدا جەينىكىمدىن مەھكەم تۇتۇپ، بىر قولىدا مۈرەمدىن بېسىپ شۇنچىلىك جىددى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈۋېلىشتى. ـ قولۇم ئارقىغا باغلاقلىق بولغانكىن بۇنچىۋالا قورقۇشىنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ـ دېدىم بىر ئاز تېرىكىپ. بۇ پرىنسىپ ـ دېدى سول يېنىمدىكىسى قوپال تەلەپپۇزدا. شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىرسى: كېرەك يوق، قويۇۋېتىڭلارچۇ ـ دېۋىدى، دەرھال قوللىرىنى تارتىشتى. مۈكچىيىپ قالغان گەۋدەمنى بىر ئاز ئوڭشاپ تۇرۇۋشۇمغا، ھېلىقى ئادەم تۇرىسىدىكى لامپىنى يورۇتتى. يېنىمدىكىلەرگە قارىسام، يىرتىق تېرىنىڭ تۆشۈكىدەك كىچىككىنە يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قاراپ، غادىيىۋاپتۇ. ئۇلار ساقچى فورمىسى كىيىۋالغىنى بىلەن، تۇرقىدىن ئەسكەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئالدى ئورۇندىكى ئادەم قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە سىنچىلاپ قارىۋېتىپ ماڭا بۇرۇلدى. ئۇ گېزىنە يۈز، قارا مالتاق، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ئادەم بولۇپ، چىرايىدىن قۇۋلۇق، شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ تېخىمۇ ئېنىق مۇقىملاش ئۈچۈن، قەغەزگە سىنچىلاپ يەنە بىر قېتىم قارىۋىدى، قىسقا بوينۇمنى سوزۇپ مەنمۇ قارىدىم. ئۇنىڭ قولىدىكى مۇھاجىرلار ئىشخانىسىدىن ماڭا بەرگەن ئاخىرقى دوكۇمېنتنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن.

: بايقا قولىڭىزدىكىسى مېنىڭ يانچۇقۇمدىكى دوكۇمېنتقۇ

ـ دېدىم، ئەجەبلەنگەن بولۇۋېلىپ. ئۇ: بۇ مېنىڭ يانچۇقۇمدىكىسى، سىزنىڭكى هازىرمۇ يانچۇقىڭىزدا ـ دېدى، كۆڭلىكىمنىڭ تۆش يانچۇقىنى ئىشارەت قىلىپ. مەن: ماڭا تېخى ئۈچ كۈن ئاۋۋال مۇهاجىرلار ئىشخانىسى ياساپ بەرگەن. ئۇ: سىزگە ياساپ بەرگەن كۈنى، ماڭىمۇ بىرنى ياساپ بەرگەن. مەن: دوكۇمېنت مېنىڭ تۇرسا، سىزگە نېمىشقا ياساپ بېرىدۇ؟ ئۇ: چۈنكى ئۈچ يىلدىن بېرى سىزنى تۇتالمىدىم؛ خىتاي ئېغىر بېسىم قىلدى؛ سىزنى تۇتالماي دۆلىتىمىزنىڭ يۈزى تۆكۈلۈپ كەتتى بايكا؛ ئاڭلىساق «ئىنسان هەقلىرى ئىشخانىسى» نىڭ ياردىمى بىلەن، بىزنىڭ مۇهاجىرلار ئىدارىسىدىن دوكۇمېنت ئېلىپسىز؛ سىزنى تۇتىمىز دەپ كۆپ قىيىنچىلىق بولدى؛ خاتا ئادەملەرنى تۇتۇپ قالدۇق؛ ئاخىرىدا بۇ تاكتىكىنى ئىشلىتىپ، ئادرېسىڭىزنى ئالدۇق؛ ئەسلىدە مۇهاجىرلار ئىشخانىسىغا بىز دېگەن، بىز زاكاز قىلغان؛ سىزنى ئۈچ يىل تۇتالمىغان ئىدۇق، بۇ تاكتىكا بىلەن ئۈچ كۈندە تۇتتۇق. مەن: مېنى ئۈچ يىل تۇتالمىغان دەيسىز، مەن كەلگىلى ئىككى يېرىم يىل بولدى؛ ساقچىلار كۆپ قېتىم تۇتۇۋالغاندا ئەللىك، ئاتمىش سوم بەرسەم، مېنى قويۇپ بېرەتتىغۇ؛ سىز ئېيتقاندەك، ئەگەر مېنى ئۈچ يىلدىن بېرى ئىزدىگەن بولسىڭىز، هەر قېتىم تۇتقان ساقچىلىرىڭىز مېنى سىزگە تاپشۇرۇپ بەرمەي، ئەللىك سومغا ئۆزۈمگە ساتاتتىمۇ؟ ئۇ: بايكا سىزنى بىز ئىزدىمىدۇق؛ خىتاي دۆلىتى تەلەپ قىلغان؛ ساقچىلارنىڭ مائاشى تۆۋەن، ئۇلارنىڭمۇ ئائىلىسى بار، سىزدىن ئالغان پۇل بىلەن جان باقىدۇ؛ بۇنى توغرا چۈشىنىپ كېتىڭچۇ! مەن: ساقچىلىرىڭىزنىڭ ئۈستىدىن

پۇلۇمنى ئېلىۋالغان دەپ شىكايەت قىلىۋاتىمەن؛ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن؛ توغرا چۈشىنىدىغان كىشى سىز؛ چۈنكى مېنىڭ ئۈچ يىل قوغلاپ تۇتقۇدەك خاتالىقىم يوق؛ پەقەت قىرغىزىستاندا دوكۇمېنتىسىز، ۋىزىسىز تۇرغان خاتالىقىم بار. ئۇ: بايىقى سىزنى مەن ئىزدىمىدىم، خىتاي تەلەپ قىلدى دېدىمغۇ! مەن: لېكىن مېنى خاتا تۇتتىڭىز. ئۇ: خاتا ئەمەس، قولۇمدىكى دوكۇمېنت بىلەن يېنىڭىزدىكى دوكۇمېنت ئوخشاش؛ توغرا ئادەمنى تۇتتۇم. مەن: ئادەمنى خاتا تۇتتىڭىز دېمىدىم؛ خاتا ۋاقىتتا تۇتتىڭىز ـ دېدىم! ئۇ: ئاخشامدا تۇتماي كۈندۈزى تۇتسام توغرا ۋاقىت بولامتى؟ مەن: ياق، بۇ كۈندىلىك ۋاقىتنىڭ گېپى ئەمەس؛ 22 ـ ئىيۇندىن بۇرۇن تۇتقان بولسىڭىز، دۆلىتىڭىزدە قانۇنسىز تۇرغان ۋاقتىم ئىدى؛ ئەمما ھازىر قانۇنلۇق ئولتۇرۇۋاتىمەن؛ يەنە «ب د ت» نىڭ ھىمايىسىدىكى ۋاقتىمدا تۇتقان بولۇپ، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى پرىنسىپىغا، دېموكراتىك پرىنسىپقا، «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى قانۇنىغا قارشى ئىش قىلغان بولۇپ قالىسىز؛ شۇڭا مېنى قويۇپ بېرىشىڭىز كېرەك! ئۇ: 22 ـ ئىيۇندىن بۇرۇن سىزنى ئىزدەپ، «پاسپورتنى رېژىم» ئېلان قىلىپمۇ تۇتالمىدۇق؛ ئەمدى مەن قۇرغان تۇزاققا ئۆزىڭىز دەسسىدىڭىز؛ بۇ ئىشنىڭ خاتا ـ توغرىسىنى سىز بەلگىلىمەيسىز، ئەكسىچە بىز قىرغىز ئېلى بەلگىلەيمىز. مەن: ئىشنىڭ قانداق بولىشى كېرەكلىكىنى «ب د ت» بەلگىلەيدۇ بايىقى؛ مېنى خاتا تۇتۇپ قالدىڭىز؛ قويۇپ بېرىشىڭىز كېرەك! ئۇ: باشقا دوستلىرىڭىز نەدە تۇرىدۇ؟ بۇ ئۆيدە سىزدىن باشقا قانچە كىشى بار؟ مەن: بۇ ئۆيدە ئىككىلا ئادەم بار؛ باشقىلار باشقا جايلاردا

تۇردۇ. ئۇ: بىز ھازىر ساقچىغا بارىمىز؛ باشقا سۆزىڭىز بارمۇ؟ مەن: بۇ ئۆيدىكى دوستۇمغا ئېيتىپ قويسام بولامدۇ؟ ئۇ: ھاجىتى يوق؛ دوستىڭىزنى تۇتۇپ كەتتۇق. مەن: ئۇنداق بولسا باشقا گېپىم يوق بايكا.

ساقچىخانىدا مېنىڭ - توغرا مەن ئىكەنلىكىمنى قىسقىچە ئېنىقلىغاندىن كېيىن كەمەرنى، قول سائىتىمنى، شېئىر- قوشاق يېزىۋاتقان بىر قانچە پارچە ۋاراقنى بىر پلاستىك خالتىغا سېلىپ، ئىسمىمنى يازغاندىن كېيىن، ئېگىزلىكى باش تاقاشمىغۇدەك، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئىككى قەدەم كېلىدىغان، ساندۇقتەكلا بىر تۆمۈر ئۆيگە سولاپ قويدى. كۆزۈم قاراڭغۇلۇققا كۆنۈك بولسىمۇ، بۇ قەپەسنىڭ ئىچى شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، كۆزۈمنى ئويۇپ ئېلىۋەتكەندەك، ئۆزەم چەكسىز قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. ئاۋۋال بېشىمنى تۇتۇپ باقتىم. كېيىن بەدەنلىرىمنى سىلاشتۇرۇپ، ئۆزەمنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە توزۇپ كەتمىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئاندىن قولۇمنى يۇقىرىغا ئۇزاتماقچى بولۇۋىدىم، قولۇم ئۆگزىگە قاتتىق تېگىپ كەتتى. دېمەك ئۆگزە بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا ئىكەن. ئارقامغا بىر قەدەم داجىسام ئىشىككە تاقاشتىم. تاملارنى سىلاشتۇرۇپ، بىر دوقمۇشتىن يەنە بىر دوقمۇشقا ئۈسۈپ، يۈرەتتىم، بۇ قەپەسنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن. توساتتىن يۇمشاق بىر نەرسىگە پۇتۇم تېگىپ كەتتى. ئويلاپتىمەن بۇ ماتراسمىدۇ، ياكا سافامىدۇر. بىراق داق تۆمۈر يەردە ياتقان ئادەم ئىكەن ھېلىقى. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىنكاس قىلمىغانلىقىدىن، ئۆلگەن بىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم - دە، ئاستا ئېڭىشىپ دىققەت قىلسام

مىشىلداپ يىغلاۋېتىپتۇ. ھەي، بۇ قەپەسكە ئىشپىيوندىن بىرنى سولاپ قويۇپ، مەندىن گەپ ئالغىلى تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتىكەن - دە، بۇ قەقەشلەر - دېدىم ئىچىمدە. شۇنىڭ بىلەن ئاستا سۇرۇلۇپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. بىر ئازدىن كېيىن: كىتو ئېتا؟ دېدى ئۇ، شۇنداق جانسىز بىر ئاۋازدا. مەن ئۇيغۇر، رۇسچە بىلمەيمەن - دېدىم، ئۇيغۇرچىلاپ. ئۇ قازاقچىلاپ: ھە، ئۇنداق بولسا قازاقچە چۈشىنەمسەن؟ مەن: ئازراق چۈشىنىمەن. ئۇ: سەن قەيەرلىك ئۇيغۇر؟ رۇسچە بىلمەيسەن، قازاقچىنى ئاز چۈشىنىسەن. مەن: ئۇيغۇرىستانلىق بولىمەن، شۇڭا. ئۇ: سېنى نېمىشقا سولاپ قويدى؟ مەن: سودىگەرچىلىك قىلاتتىم؛ ۋىزامىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن؛ شۇڭا سولاپ قويدى. سەن قازاقىستاندىنما؟ ئۇ: ياق، كوزاكىسكى ئوبلوستتىن. مەن: سەن قازاقمۇ. ئۇ: ياق، مەن كوزاك؛ بىزنىڭ كوزاكىسكى ئوبلۇستتا ئۆز ۋاقتىدا ستالىن سۈرگۈن قىلغان ھەر خىل مىللەتلەر ياشايدۇ؛ بىزنىڭ رايوندىمۇ قازاقىستاندىن سۈرگۈن قىلىنغان قازاقلار كۆپ؛ مېنىڭ كىچىكىمدىن بىرگە ئوينىغان، مەكتەپتە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بىرگە ئوقۇغان، قازاق دوستلىرىم كۆپ؛ شۇڭا قازاقچىنىمۇ رۇسچىغا ئوخشاش بىلىمەن. مەن: سېنى بۇ ساندۇققا نېمىشقا سولاپ قويدى؟ ئۇ: مېنىڭ ئىككى قازاق دوستۇم ئائىلىسى بىلەن ئالتايغا كۆچۈپ كەتكەن؛ شۇلار مېنى ئويناپ كەتكىن، بەك سېغىندۇق دەپ چاقىرغان؛ مەن ئالتايغا بېرىپ، قازاق دوستلىرىم بىلەن چۆچەككە باردىم؛ بىر ئاي ياخشى ئوينىدۇق؛ قايتىشىمدا ئالمۇتىدا ئۈچ كۈن تۇردۇم؛ ئۇيەرگە كۆچۈپ كەتكەن قازاق دوستلىرىم بىلەن ئۈچ كۈن بىرگە ئويناپ، ئەمدى قىرغىزىستانىنىمۇ كۆرۈپ كېتەي

دەپ، بۇ يەرگە كەلگەن؛ ئاپتوۋوگزالدا پاسپورت تەكشۈرىدىغان ساقچىلار ۋىزاڭ يوقكەن دەپ، بۇ ساقچىخانىغا ئەكىلىپ قويدى؛ بۇ يەردىكىلەر خىتايغا نېمىشقا باردىڭ؟ قىرغىزستانغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ سەن ئىشپىيون بولمىساڭ، ھازىرقىدەك ۋاقىتتا نېمىشقا بۇنداق يول مېڭىپ يۈرىسەن ـ دەپ سولاپ قويدى. مەن: قانچە كۈن بولدى سولاپ قويغىلى؟ ئۇ: بىلمەيمەن؛ بىر كۈن بولدىمۇ، بىر يىل بولدىمۇ، مەن ۋاقىتنى كۆرەلمىگەنىكەن، ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن؛ مېنى سولاپ قويغاندىن بۇيان بەك سوغاق بولدى، يەنە بەك ئىسسىق بولۇپ كەتتى؛ يىللار ئۆتۈپ كەتتىمۇ؛ ھەم بىر نەرسە يېمىدىم، ئىچمىدىم، شۇڭا بىر كۈن بولدىمۇ، ھېچ نېمىنى بىلمەيمەن؛ ئۆلۈپ ئاسمانغا توزۇپ كەتتىمىكىن دەپمۇ ئويلىغانتىم، سەن بىلەن گەپلىشىپ، ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلىۋاتىمەن. مەن: سېنى قايسى كۈنى سولاپ قويغان؟ ئۇ: ھە، ياخشى سورۇدۇڭ، مېنى 7 ـ ئۆكتەبىر چۈشكە يېقىن سولاپ قويغان؛ بۈگۈن قايسى ۋاقىت؟ مەن: 10 ـ ئۆكتەبىر ئاخشام سائەت 10 بولدىمىكىن. ئۇ: رەھمەت ساڭا؛ ئۈچ كۈن قاراڭغۇدا يېتىپ، ئۆزەم يوقتەك بولۇپ قالدىم؛ مەن ئۇنىۋېرسىتىتنى ئالدىنقى يىلى پۈتتۈرگەن؛ يىگىرمە يەتتە ياشتا؛ ئەمدى مۇشۇنداقلا قاراڭغۇ ئالەمگە سىڭىپ يوقاپ كېتەرمەنمۇ؟ بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانچە سۇسلاپ كېتىۋاتاتتى. بېشىنى تۇتۇپ باقسام، قىزىپ ئوت بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتراپىنى سىلاشتۇرسام ئۇنىڭ قىشلىق چاپانىدەك قېلىنىراق چاپىنىنى تاپتىم ـ دە قاتلاپ بېشىغا قويدۇم ھەم پېشانىسىنى يېنىك ئۇۋۇلىدىم. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. مەن قاراڭغۇلۇقتا ئۆزەم يالغۇز

لەيلەپ قىلىۋاتاتتىم. كۆزۈمنى ئاچساممۇ، يۇمساممۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇلۇق. كاللامنىڭ ئىچىمۇ بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك، نە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىيالمايتتىم، نە كەلگۈسى ئۈستىدە خىيال قىلالمايتتىم. ھەتتا ئۇخلاپ قالاي دېسەممۇ، ئىچ - تېشىم تۇم قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇيقۇ مېنىڭدىن قورقۇۋاتقاندەك، يېقىن يولىمايتتى. كوزاك بالىنىڭ: ماموچكا، ماموچكا - دەپ، ئاپىسىنى چاقىرىپ جۆيلۈشلىرىلا، ماددى دۇنيادا ئىكەنلىكىمنى ئەسكە سېلىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىتىم - تىتىم پارچىلىنىپ، توزغاقتەك توزۇپ كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئىشىكى ئەنسىز ئېچىلىپ، ئىككى ساقچى كىردىدە - قولتۇقۇمدىن قاماللىغىنىچە ھەيۋەت كۆرسەتكەچ، ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى. ئىشخانىدا ئۈستەلنىڭ نېرى تەرىپىدە ئۇيغۇر چىراي، ئېگىز بويلۇق، سالاپەتلىك بىر ساقچى ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. سوراق باشلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم - دە، بىر ئېغىز گەپنى بولسىمۇ ئارتۇقراق سۆزلىشىپ، يورۇقلۇقتىن بەھرە ئېلىۋېلىشنى ئويلىغاچ، ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردۇم. ساقچى شىرەنىڭ تاتمىسىدىن پلاستىك خالتىنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى ۋە ئابدۇرەھىم بايكا، بۇ سىزنىڭ نەرسىڭىز، ھەممىسى بارمىكەن قاراپ بېقىڭ - دېدى. خالتىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ: ھەممىسى باركەن، بەك مۇھىم بىر نەرسىمۇ يوقتى - دېدىم ئۇيغۇرچىلاپ. ئۇ: قىرغىزشە بىلمېيسىڭبە؟ - دېدى، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. مەن: ئۇيغۇرشەنى چۈشۈنبەيسىزبە بايكا؟ مېن سىزنى ئۇيغۇر دەپ ئويلاپ تۇرۋايبېنمې،

كەچـۈرۈپ قويـۇڭ بايـكا ـ دېدىـم ۋە ھەممـە نەرسـەمنىڭ تولـۇق ئىكەنلىكىنـى ئېيتتىـم. ئـۇ ئالقانچىلىـك بىـر جەدۋەلنـى ئالدىمغـا قويـۇپ: بۇنىڭغـا ئىمـزا قويـۇڭ ـ دېۋىـدى ئىچىمگـە بىـر قورقۇنـچ كىرىۋالـدى ـ ھـەي مىنـى خىتايغـا ئۆتكـۈزۈپ بېرىدىغـان توختـام بولسـا كېـرەك؛ مەيلىتـى مۇشـۇ قاراڭغـۇ تۆمـۈر ساندۇقتا يېتىـپ جازالانسـامۇ. خىتايغـا قايتـۇرۇپ بەرمىسـىلا، ھـەر قانـداق جـازا كەلسـە مەيلىتـى. ئـۇ خىيالىمنـى بـۇزۇپ: ئابدۇرەھـىم بايـكا، مۇنـۇ دوكۇمېنتقـا ئىمـزا قويـۇڭ ـ دېـدى تەكـرار. ـ بـۇ قانـداق دوكۇمېنـت؟ نېمىشـقا ئىمـزا قويىمـەن؟ ـ سـورىدىم مـۇز چىـراي بىـر ئاھاڭـدا. ـ ساقچىخانىدىكى نەرسـىلىرىمنى تولـۇق ئالدىـم دېگـەن دوكۇمېنـت بايـكا؛ نەرسـىلىرىڭىزنى سىـز ئالسـىز، بـۇ دوكۇمېنـت مەنـدە قالـدۇ ـ دېـدى ئـۇ چۈشـەندۈرۈپ. بىـر ئاخشـام تۆمـۈر ساندۇقتا ھـارام ياتقـۇزدۇڭ، قـارا قورسـاق قىرغىـزلار؛ ئەسـلىدە ئاخشاملا ئۆيىنىڭ ئالدىـدا ماشىنىدىـن چۈشـۈرۈۋەتسـە تۈگـەيدىغان گەپتـى؛ خـەپ، «ب د ت» قوبـۇل قىلىـپ، ئەركىـن دۇنياغـا يۆتكىلىـپ بولسـام، سـەنلەرنىڭ ئۈسـتۈڭدىن ئـەرز قىلىـپ، ئاخبارتچىلارغـا دەپ، چاۋاڭنـى چىتقـا يايمىسـام خـەپ ـ دەيتتىـم ئىچىمـدە. قانداقلا بولمىسـۇن، ھازىـر ئىمزانـى قويۇۋېتىـپ بـۇ ئىتنىـڭ ئۇۋىسـىدىن تېـزراق چىقىـپ كېتىشـىم كېـرەك، بولمىسـا ئىـش ئۆزگىرىـپ قالمىسۇن يەنـە ـ ئىمزانـى قويـۇپ بولـۇپ، خالتامنـى كۆتـۈرۈپ سىرتقا ماڭدىـم. ساقچى: ئابدۇرەھـىم بايـكا، قاياققا يۈردىڭىـز ـ دېـدى ئەنسـىز كەيپىياتتـا. قويـۇپ بەردىڭىزغـۇ، ئۆيگـە ماڭدىـم ـ دېدىـم، سـەل تېڭىرقـاپ. ساقچى: جـوق بايـكا، سـىزنى قويـۇپ بېرگـەن جـوق؛ بىـر ئـاز كۈتـۈڭ، رىسـكولۇپ بايـكام سـىزنى تۈرمگـە ئېلىـپ كېتىـدۇ. مـەن: نېمىشـقا تۈرمگـە

ئېلىپ كېتىدۇ؟ مېنىڭ جىنايىتىم يوققۇ! ساقچى: مەن بىلمەيمەن بايكا؛ رىسكولۇپ بايكام ماڭا شۇنداق دېدى؛ بىر ئاز كۈتسىڭىز ئۇ كېلىدۇ.

ئاخشام مېنى تۇتقان گېزىنە يۈز، قارا مالتاق، قالماق چىراي ئادەم رىسكولۇپ ئىكەن. ئۇ ئىشخانىغا كىرگەن پېتى ئالدىمغا كېلىپ: ئابدۇرەھىم بايكا، مەن ئاخشام ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم؛ سىز توغرىلىق يۇقىرى بىلەن كۆپ سۆزلەشتىم؛ سىزنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم؛ چۈنكى مېنى تەسىرلەندۈردىڭىز؛ ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرا؛ مەن سىزدەك ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن؛ سىزنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن؛ ئەمما يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى مېنىڭمۇ ئامالىم يوق؛ مېنىڭمۇ ئائىلەم بارغۇ، خىزمەت قىلىپ مائاش ئالمىسام جاننى باقالمايمەنغۇ؛ شۇڭا مېنى توغرا چۈشىنىپ كېتىڭ بايكا؛ مەن سىزگە ھۆرمەت قىلىمەن؛ سىزگە ئىشىنىمەن؛ ئاخشام خىزمەت بېجىرگەنلەر قولىڭىزغا كىشەن سېلىپ ياخشى قىلمىدى؛ ئۇلار يۇقىرىدىن كەلگەن مۇھىم كىشىلەر ئىدى؛ ھازىر ئۇنداق قىلمايمىز؛ ماشىنىدا ئەركىن ئولتۇرىسىز؛ سىزنى تۈرمىگە ئاپىرىپ قويۇپ، يۇقىرى بىلەن يەنە ئېيتىشىمەن؛ سىزنى تۈرمىدىن ئۆزەم چىقىرىمەن - دېدى. كۆز ئالدىمدا سېيىت نوچى بىلەن ماتتەينىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. چۇغۇم كىچىك، ئۆزەم جەسۇر، قولۇمدىن چوڭ ئىش كەلمىسىمۇ، چاچنى مۈرىگىچە قويۇپ، بۇرۇتنى يىمىرىپ لاچىن قانىتى چىقىرىۋېلىپ، كۆڭلەكنىڭ پېشىنى بوغۇپ، تۆشنى ئېچىپ قويۇپ، ئوڭ تەرەپكە چۈيۈن مۇشت، سول تەرەپكە يىگىسار پىچىقنى ئېسىۋېلىپ، بەش - تۆت

باللار بىلەن يۇرتىمىزغا غورۇر بېغىشلىغان چاغلىرىمىز بولغان. كوچىلارغا چىقساق، خىتايلار ئەيمىنەتتى. يۇرت - يۇرتقا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن مېڭىپ قالساق، خىتايلار يول ئۈستىدىلا چۈشۈپ قالاتتى. گەرچە رەسمى لۈكچەكلەردەك، ئۇر- چاپ قىلمىساقمۇ، تىلىمىز بىلەن، ھەيۋىمىز بىلەن: بىز بۇ دەۋرنىڭ ئىگىسى!- دەپ ياشىغان ئىدۇق. مانا ئەمدى ئۆزەم سېپىت نوچى، ئالدىمدىكىسى ماتىتەي. سېپىت نوچىغۇ ئۈچتۈرپاندىن قەشقەرگە بارغۇچە، ئۆلۈم خېتىنى تۆش يانچۇقىدا ئىككى ھەپتە ساقلاپتىكەن. ئەمما مەن ئۆلۈم خېتىمنى تۆش يانچۇقۇمدا ئاران ئۈچ كۈن ساقلىيالىدىم. بەلكى تەرەققى تاپقان بۇ زاماندا ھەممە نەرسە، ھەممە ئىش مۇشۇنداق ئىخچاملىنىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن بىر تەرەپتىن ئۆزەمنى سېپىت نوچىغا دەل ئوخشاتقۇم كەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ھېچكىم ساالا قىلمىغان، ھېچكىم ئارىغا كىرمىگەن. ئۈچتۈرپاندىكى خىتاي ئامبال يېزىپ بەرگەن ئۆلۈم خېتىنى، ئۆزى كۆتۈرۈپ دار ئالدىغا بارغان ئىدى. مەن ئالمۇتىدىن كاناداغا قېچىشقا يول ئىزدەۋاتسام، بىشكەكتىن كەلگەن پىشقەدەم رەھبەرلەر، دوكتور، زىيالىيلار تەكلىپ، تەۋسىيە قىلىپ، مېنىڭ شەخسى يولدىن توختاپ، مۇشۇ يولغا مېڭىشىمنى راۋا كۆرگەن. بىشكەكتىن ئامېرىكىغا قېچىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتقاندا بولسا، تەشكىلات رەھبەرلىرى، «ب د ت» ئىشخانىسى، بورىست ھېلمۇت ئەپەندى ئارىغا كىرىپ، ئۆزەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا ئەمەس ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرستىشىمنى تەۋسىيە قىلغان. ماڭا كەلگەن بۇ ئۆلۈم جازاسى ئۆزەمنىڭ تاللىشىم ۋە شەخسى تۇرمۇشۇم، شەخسى

ئارزۇيۇم ئۈچۈن باسقان قەدەمنىڭ نەتىجىسى ئەمەس! شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزەمنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشسامۇ، يەنە كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئېچىنىش تۇيغۇلىرى قۇترايتتى: ماڭا يېزىلغان بۇ مۇدھىش ئۆلۈم تەقدىرى بىلەن مەن يوقىلىمەن؛ مېنى بالىلىرىمۇ تونىيالماي چوڭ بولىدۇ؛ ئۇلار مېنى دادىمىز ئىدى ـ دەپ، تىلغا ئېلىشتىن قورقۇپ، مەڭگۈلۈك بىلمەسلىككە تىرىشىدۇ؛ مەن دادام ـ ئاپامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن، تۇغقانلىرىمنىڭ، ئايالىمنىڭ، يېقىنلىرىمنىڭ ھەسرىتى بىلەن كۆمۈلۈپ تۈگەيمەن؛ ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ؛ دۇنياغا يارالمىغاندەكلا، ئىز ـ دېرەكسىز يوقۇلۇپ كېتىمەن! لېكىن ۋىجدانىمدا تاش ئابىدەم تىكلىنىدۇ؛ ئاللاھنىڭ دەپتىرىدە ئاق يۈزلۈكۈم خاتىرىلىنىدۇ؛ شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك؛ بىراق مىللىتىم، ۋەتىنىم ئۈچۈن ھېچنېمە قىلالمىدىم؛ دۈشمەندىن قىساس ئالالمىدىم؛ پۈتۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم بىلەن تۇپراققا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان بولدۇم؛ تەقدىر بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى!

مېنى ئىككى ساقچى قولتۇقلاپ ئېلىپ چىقىپ، ساقچى قورۇسىدىكى بىر ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى ھەم ئۇلارمۇ ئىككى يېنىمدا ئولتۇرۇشتى. ھايال قالماي رىسكولۇپ ئالدى ئورۇندۇقتا پەيدا بولدى. ماشىنا قوزغىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئوڭ يېنىمدىكى ساقچى: بايكا، سىزگە ھۆرمەت قىلىمىز؛ شۇڭا قولىڭىزنى باغلاپ قويمىدۇق؛ چۈشىنىسىزغۇ ـ دېدى، سەممىيىتىنى ئىزھار قىلغاندەك. ـ قىلالمايدىغان ئىشنى قىلمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى رىسكولۇپ بايكام ياخشى بىلىدۇ ـ دېدىم، يالغان كۈلۈپ. ـ يارايسىز ئابدۇرەھىم بايكا، سىز ئەقىللىق ئادەم ـ دېدى رىسكولۇپ

باشمالتنقنى چىقارغاچ ھەم ئارقىغا بۇرۇلۇپ كۆلۈمسىرىدى. گەرچە ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدە ئايرىم خەۋپسىرەشلىرىمىز بولسىمۇ، ئۆزىمىزنى پەرۋاسىز كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، يالغان كۆلۈشەتتۇق. شوپۇرنى قوتقاندا بىرگە قارشى تۆت ھەم قورالسىز، كۆچسىز بىرگە قارشى، قورالىق ئاتارمەن تۆت دۆشمەنگە چىقىلىدىغان، ئۇ قەدەر ئۇششاق ئىش قىلىپ يۈرىدىغان دۆشمەندىن ئەمەسلىكىمنى ئىپادىلەپ تۇرسامۇ، ئۇلار يەنىلا ئەندىشە قىلاتتى.

ماشىنا ساقچى قورۇسىدىن ئايرىلىپ، كوچىغا چىقتى. ئېھتىيات يۈزىدىن كاتتاڭلاشتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك، ماشىنا ساقچى قورۇسىنىڭ ئالدىدىن چوڭ يولغا چىققۇچە، خۇددى سەھرا يولىدا كېتىۋاتقان كالا ھارۋىسىدەك، ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ، سەكرەپ، سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزەمنى جىنازىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغاندەك، مۇنۇ ساقچىلار بولسا مېنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېتىۋاتقان گۆركەشلەردەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئەتراپقا تويماي قارايتتىم. يول ياقىسىدىكى ھەربىر بىناغا، ھەر بىر دەرەخكە، ئادەملەرگە قارايتتىم. گەرچە ئۈچ يىلغا يېقىن بۇ ئەلدە قورقۇنچ ئىچىدە، يۈرەك ئالدى بولۇپ ئۆتكەن بولسامۇ، ئاتا-ئانامدىن چارە بىلگۈدەك، ئاكا، ئاچىلىرىمدىن قېلىشقۇسىز، مېھرىبان ئۇيغۇرلارغا خوش دېيەلمەي، مۇشۇنداق ئۇن - تىنسىز غايىپ بولۇپ كېتىشكە كۆزۈم قىيمايتتى. قىرغىز خەلقىنىمۇ يات ھېس قىلىپ باقمىدىم. قىرغىز ئېلىنى يات تۇپراق دېگەن تۇيغۇدا بولۇپ باقمىدىم. چۈنكى بۇ خەلق بىز بىلەن بىر مەدەنىيەتكە، ئورتاق تارىخقا ئىگە ئىدى. بۇ ئەلدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۆڭەكلىرى، سەلتەنەتلىرى

كۆمۈلگەن تۇرسا، قانداقمۇ ياتنىڭ يېرى دېيىشكە رايىم بارسۇن ھە! مېنى تۇتۇپ، دۈشمەنگە ساتقىلى ئېلىپ ماڭغان بۇ ئادەملەردىن قاتتىق نەپرەتلىنىۋاتقان بولسامۇ، ئۇلارنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپ، ئۆزەمنى قۇتقۇزۇش قولۇمدىن كەلمەيدىغان بولغاچقا، قىسمەت شۇ بولسا كېرەك ـ دەيتتىم ئۆز ئۆزۈمگە. (داۋامى كېيىنكى بابتا)

(ئىزاھات: * سابىق مەھبۇس ـ 97 ـ ۋە 98 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن ئازاتچىلار بىلەن غازاتچىلارنىڭ ئىچكى ماجىراسىدىن كېيىن، پاكىستاندىن گۇئانتانامونغا تۇتقۇن قىلىنغان. ھازىر ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ. * ئەخمەت قارىم پىدائىي ـ ئازاتچىلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پاكىستانغا يىغىلغان غازاتچىلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماجىراسىدا، 2000 ـ يىلى قىش پەسلى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. * مەمتىمىن قارىم ـ ھېچ قايسىنىڭ سېپىگە قېتىلماي، ھايات قالغان، ھازىر گېرمانىيەدە. * تۇرگۇن قارىم ـ قىرغىز تۇرمىسىدىن سالامەت چىقىپ گېرمانىيەگە كېلىۋالغان. * زىيان تارتقان سودىگەر ـ شۇ چاغدا ئامېرىكىغا كەتكەن، ھازىرمۇ تۇرمۇش قامداپ ياشاۋاتىدۇ. * سۆلەت ئەپەندى ـ ئازاتچىلار بىلەن غازاتچىلارنىڭ ئىشىدىن سالامەت قۇتۇلۇپ، ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ. * ئوبۇلقاسىم ـ باشتا غازاتچىلارنىڭ، كېيىن ئازاتچىلارنىڭ سېپىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، كېيىن ئازاتچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەمىرى بولغان، قىرغىزىستاندا 14 يىللىق كېسىلگەن ۋە تۇرمىدە زەھەرلىنىپ، قان راكى بىلەن 2006 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىر ۋاپات بولدى.)

05.07.2019

## ئون تۆتىنچى باب

## قىرغىزىستاندىكى ئۆلۈم قىسمەتلىرى

«قازا كەلسە ئەقلىنىڭ كۆزى كۆرمەس»

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بېرىشنى رەت قىلغاندا، جاۋابكارلىقنى تەقدىر ـ قىسمەتكە ئارتىپ قويىدۇ. ئاجىزلار ئۆزىنىڭ خاتالىقنى تونۇشنى رەت قىلغاندا، جاۋابكارلىقنى كۈچلۈكلەرگە ئارتىپ قويۇشقا بانا ئىزدەيدۇ. ئىنساني ھاياتلىق ئەقىدە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ـ ئاللاھ بەرگەن، يەنە ئاللاھ قايتۇرۇپ ئالىدىغان ئامانەتتۇر. پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئېيتقاندا ـ زىددىيەتنىڭ بىرلىكمىسىدۇر. يەنى ھايات ـ كۈرەش دېمەكتۇر. بۇ نۇقتىنى ھازىرقىدەك مەغرىبتە ئاچ قالغانلارغا، مەشرىقتىكىلەر نان ئەۋەتىپ بېرىدىغان زاماندىن يىشمەن دېمەي، ئوت دەۋرىدىن بۇرۇنقى، مۇز دەۋرىدىن بۇرۇنقى، تاش قورال دەۋرىدىن بۇرۇنقى، قىسقىسى ئىپتىدائى ئادەملەر دەۋرىدىكى ھاياتلىقنىڭ قانداق شەكىلدە داۋاملاشقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق يەشكەندە، ھايات ـ چىن مەنىسىدىن كۈرەش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. شۇنىڭدەك ئېكران ئارقىلىق كۆرۈش ئىمكانىيىتىمىزدە، ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى تىرىپىنىشلارمۇ ھاياتلىقنىڭ پەقەتلا جان تىكىپ ئېلىشىش ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارمۇ ھايۋاناتلارنىڭ بىر تۈرى. قوغلاش، ئوۋلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك ھايۋانلار يېتەرلىك ئوزۇقلىنالىغاندەك، قېچىش، يۈگرەش ئىقتىدارى يېتەرلىك ھايۋانلارمۇ ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇرنى قۇلىقىغىچە سۇغا دۈم چۈشكەن كىيىك، تىمساخقا يەم بولىدۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن كىيىك، ئوتلاقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي نەپسىنىڭ بالاسىدا قالغاندا، قاپلانغا يەم بولىدۇ. ئادەملەر دۇنياسىمۇ ئوخشاش- بىرى ئۆلمىسە يەنە بىرى كۈن كۆرمەس. بۇ - ئەقىل، ئەخلاق، دىن، دىيانەت بىلەن باغلىنىشى يوق، تەبىئىي خىسلەتتۇر. ئادەملەر دۇنياسى تەرەققى قىلدى. تاش قورال دەۋرىدىكىدەك بىرى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يەنە بىرسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەيدۇ. بەلكى ھېچقانداق ئېھتىياجى چۈشمىگەن بىر ئەھۋال ئاستىدا باشقىلارنى يوقىتىدۇ، يوقاتقاندىمۇ ئاممىۋى يوقىتىدۇ. باشقىلارنىڭ جىددى ئېھتىياجىدىن سىرت، يوقىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر گۇرۇپ پەرزەنتلىرى، يوقىتىشنىڭ بىۋاستە نىشانىغا ئېلىنغان ئىدۇق. بىزنى يوقىتىش زۆرۈرى ئېھتىياج تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئاخىرقى يولىغا كىرگەن چېغىمىزدا، چوڭقۇر قېزىلغان ئورەككە چۈشۈپ كەتتۇق. ياكى ئۇستىلىق بىلەن قۇرۇلغان تۇزاققا دەسسىۋالدۇق. بۇ - قىسمەت بولىشى ناتايىن. ھازىرچە كۈچلۈكلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كۆرۈپ تۇرايلى.

ئۆكتەبىرنىڭ 11. كۈنى ساقچى ئىدارىسىدىكى تۆمۈر ساندۇقتىن، تۈرمىگە يۆتكەلدىم. مېنى ئىككىنچى قەۋەت توققۇزىنچى كامېرغا سولاپ قويدى. كامېردا بىرى ئورۇس،

بىرى قازاق جەمى يەتتە مەھبۇس بارئىكەن. ئۇلار مېنى قارشى ئېلىشىپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇشتى. ھەممىسىلا مەن قورامىلىق ياشلار بولۇپ، قازاقنىڭ ئىسمى ئارمان بېك ئىكەن. ئۇ قازاقىستان گېرراجدانى بولۇپ، تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىشقا ئورۇنلىشالماي، ئالدى - ساتتى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتىكەن. ئۇنىڭ تىجارەت دەپ ئاتىۋالغان ئىشى ئاشلىق بازىرىدا بۇغداي، قوناق، كېپەك، دان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ - سېتىش قاتارلىق، كۈندىلىك رىزقىنى ئاران تېپىپ يەپ، خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ كۈن كەچۈرمەكتە ئىكەن. بىشكەك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ۋىزىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سولاپ قويۇپتۇ. تالاسلىق تۆلكە باي ئىسىملىك بىر قىرغىز بالىمۇ، ئاشلىق بازىرىدا دانچىلىق قىلىپ، جان ساقلاپ يۈرگەن بولۇپ، بىشكەك شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئەنگە ئالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، قاچاق تۇرغانلىق جىنايىتى بىلەن سولاپ قويۇلۇپتۇ. ئولتۇرۇم ئېلىش ئاسان ئىش ئەمەس. خۇددى بىزگە ئوخشاش ئېنىق ئادرېس بېرىشى كېرەك. ئۇيغۇرلار كۆيۈمچان بولغاچقا، بېشىغا كېلىدىغان بالا - قازالار بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئىگە بولغىنى بىلەن، باشقا مىللەتلەر بىركىمنىڭ ئاچ قېلىپ، تالادا قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن پەرۋايى پەلەك. بېك بولات ئىسىملىك بىر قىرغىز بالا ئوشتىن بولۇپ، بۇلاڭچىلىق تۆھمىتى بىلەن سولاققا چۈشۈپ قاپتۇ. ئازىز ئاپىنا ئىسىملىك بىر قىرغىز بالا گۇمانلىق قاتىل ئىكەن. ئالېكساندېر ئىۋان ئىسىملىك، رۇسىيىلىك ئورۇس گۇمانلىق ئىشپىيون دەپ سولاپ قويۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر قۇر ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ

كىلىپ: سىز نېمىشقا كىرىپ قالدىڭىز؟ ئىسمىڭىزنى سورىساق بولامدۇ بايىكا - دېدى ئارمان بېك، بىر خىل ئۆكۈنۈش ئىچىدە. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرىستاندىن كەلگەن تىجارەتچى ئىكەنلىكىمنى، ۋىزىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، ئالتە يۈز دوللار جازانى تۆلەپ بولالماي سولاقتا چۈشكەنلىكىمنى ئېيتىپ بەردىم. ھەممىسى ھېسداشلىق بىلدۈرۈشتى. كامېرىنىڭ ئىچى تار، ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئىككى قەۋەتلىك تۆمۈر كارىۋاتلار ئىككى تامغا تاقاپ قويۇلغان بولۇپ، بىر غۇلاچ كەڭلىكتە پەگا، ئىشىكنىڭ يېنىدا يېرىم مېتىرچە كۆتۈرمە قىلىنغان ئوچۇق خالاجاي، ئۇدۇل تامدا كوچا تەرەپكە قارىتىلغان، بويىدىن ئېگىز، كىچىك پەنجىرە بار ئىدى. بېك بولات مۇشۇ پەنجىرىنىڭ يېنىدا ئۈستۈنكى قەۋەتتە ياتاتتىكەن. ئۇ ئورنىنى ماڭا بېرىپ، ئۆزى ئاستىدىكى كارىۋاتقا چۈشتى. بېك بولاتنىڭ مەنىسى بەگ بولىدۇ - دېگەنلىك ئىكەن. جاپاكەش ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش جاپاكەش بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلماي، بەگكە ئوخشاش باياشاتلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىنى تىلەپ قويغان ئىسىم. ئەمما ئۆز دۆلىتىدە، ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قۇلدىن بەتتەر خورلۇقتا قېلىۋاتقان بەختسىزلەر. كارىۋات دېگىنى ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى ئاتمىش سانتا، ھەر بەش سانتا ئارىلىق قويۇپ، ئۈچ قىرلىق تۆمۈر بالداق قىلىپ ياسالغان، تەن جازىسىنىڭ بىر تۈرلۈك قورالى ئىكەن. تۆمۈر بالداقلارنىڭ ئۈستىدە ھېچ نەرسە يوق، يالىڭاچلا ئىدى. ئۆزۈمچە: بەلكىم ماتراسلىرىنى، ياكى يوتقان، كۆرپىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن يىغىشتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك - دەپ ئويلىۋاتىمەن.

ھەممىمىز ئاستىنقى كارىۋاتلاردا ئولتۇرۇپ تونۇشلۇق بېرىشىپ، قىسقىچە ھال - مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن، بېك بولات بىلەن ئارمان بېك ئۈچىسىدىكى يالاڭ چاپىنىنى سېلىپ مېنىڭ كارىۋىتىمغا يايدى - دە: ئابدۇرەھىم بايكا، بەك چارچاپ كېتىپسىز، بۇ چاپانىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ بىر ئاز ئۇخلىۋېلىڭ، تۆمۈردە ياتسىڭىز بەدەنلىرىڭىز ئاغرىپ كېتىدۇ، ئۇخلىيالمايسىز - دېدى. ئۇلارنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى، ياكى راستىن ماڭا كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي: قېرىنداشلار، غەمخورلۇقنى سولاپ قويغانلار قىلىشى كېرەككۇ، سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلارنى چۈشىنەلمىدىم - دېدىم، سەل ئوڭايسىزلىنىپ. - بايكا بىزگە ھېچكىم غەمخورلۇق قىلمايدۇ. بۇ تۆمۈرلەر بىزنى ئازابلايدىغان جازا قوراللىرى. بىز ئۆز - ئارا ئۆزىمىزنى ئاسرايمىز - دېدى ئارمان بېك، نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ. مەن ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىنى تېخىچە چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتقان بولسامۇ، رەھمەت ئېيتىپ، كارىۋىتىمغا چىقتىم - دە، چاپانىنىڭ ئۈستىدە تولغۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. بىر كەمدە تاراڭ - تۇرۇڭ قىلغان ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم. چۈشلۈك ۋاقتى سائەت بىردە قايناق چاي بېرىلىدىكەن. بىزنىڭ كامېردىكىلەر ئىشىككە قاراپ، قاتار تىزىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۆچىرەتكە قېتىلدىم. قوشنا كامېردىكىلەر تۈگىگەندە نۆۋەت بىزگە كېلىدىكەن. تونكا قاچىدا بىر لىتىر قايناق چاي بېرىدىكەن. تۆكۈۋېتىش جىنايەت ھېسابلىنىدىكەن. ئەمما ئاغزىم كۆيىدى دېيىشكە ۋاقىت يوق، قايناق چاينى بىر مىنۇت ئىچىدە ئىچىپ بولۇش لازىمكەن. ئادەتتە بىر لىتىر سوغاق سۇنىمۇ بىرەر مىنۇتتا ئىچىۋېتىش خېلى قىيىن

گەپ. ئەمما پورۇقلاپ قاينىغان چاينى پۈلمەيتۇرۇپ سۈمۈرۈپ ئىچىۋېتىش تەسەۋۋۇرغا سىغماي قالىدۇ. نۆۋەت بىزنىڭ كامىرىغا كەلدى. ئىشىكنى تولۇق ئېچىۋېتىپ، تونكا قاچىغا چاينى ئۇسۇپ تارقىتىشقا باشلىدى. دەرۋەقە ئالدىدا تۇرغانلار چاينى ئالغان يەردە كۆتۈرۈپلا ئىچىۋاتىدۇ. كۆيۈك ئازابىدا ۋارقىراپ، جارقىراپ تۇرۇپ ئىچىۋاتىدۇ. مەنمۇ چېيىمنى ئېلىپ كۆزۈمنى يۇمۇپ گېلىمغىلا قۇيدۇم - دە، بېرىلگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىچىپ تۈگەتتىم. ھەممىمىزنىڭ ئاغزى ئاپتاپتا قالغان بېلىقنىڭ ئاغزىدەك ئېلىپ قالغان، ھاۋانى سۈمۈرۈپ، ئىچىمىزنى سوۋۇتۇش بىلەن مەشغۇل. «دوزىخىلەر ئۇسساپ كەتتۇق دەپ نالە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا زوقۇم قۇيۇلىدۇ، ئۇلار ئازابقا چىدىماي ئېشەكتەك ھاڭراپ كېتىدۇ» دېگەندەك، ئۆلمەيتۇرۇپلا دوزاخنىڭ ئازابىغا گىرىپتار بولغانلىقىمغا ھەيران قېلىۋاتاتتىم. يا بىز ئۇسساپ كەتتۇق دېمىسەك، نېمىشقا بۇنداق بوزەك قىلىدىغاندۇ؟ مۇشۇنداق قايناق چاي بىلەن ھەر كۈنى قەرەللىك ئۈچ قېتىم ئازابلايدىكەن - تووۋا. سەھەر سائەت بەشتە بىر قېتىم، چۈشلۈك سائەت بىردە بىر قېتىم، ئاخشام سائەت توققۇزدا بىر قېتىم، شۇنداق قايناق چاي بىلەن ئىچ - باغرىمىزنى داغلاپ چىقىدىكەن. ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئىككى قوشۇق كاشا، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە يېرىم تال ئالمىدەك، قارا بولكىنىڭ يېرىمىنى بېرىدىكەن. كامىرداشلىرىم چۈشەندۈرگەندەك، سائەت ئۈچتە كارىدور گۈلدۈر تاراقلاشقا باشلاپ، بىزنىڭ كامىرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. مەيلى چاي ئەكەلسۇن، مەيلى بولكا ئەكەلسۇن، ئىككى نەپەر نۆۋەتچى ساقچى، ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەر بىرگە كېلىدىكەن. بۇ تۈرمىنىڭ بىخەتەرلىكى

ئۈچۈنمۇ ياكى مەھبۇسلارغا ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ، ئۇنى ئويلىغىدەك، ئۇنىڭغا كاللا قاتۇرغىدەك ھالىممۇ قالمىغان ئىدى. كىچىككىنە قارا بولكىنىڭ يېرىمىنى ئىككى ئالقىنىمىزنى ئېچىپ، بارماقلىرىمىزنى جىپسىلاپ ئولتۇرۇپ يەيدىكەنمىز. كامېرىدىكى مەھبۇسلارنىڭ كونىسى بەش كۈنلۈك بولغان - ئارمان بېك، يېڭىسى مەن ئىكەنمەن. مەن بولكا يېيىشتىكى ئەھۋالنى تۈرمە قائىدىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. كەچ سائەت توققۇزدا ئاخشاملىق قايناق چاي كەلدى. چايدىن كېيىن ئەتىنگەنكىگە ئوخشاش ئاغزىمىزنى يوغان ئېچىپ ھاۋا سۈمۈردۇق يېرىم سائەتچە. ھېچكىم ئۈنلۈك گەپ قىلمايتتى. ئۇنىمۇ تۈرمە قائىدىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. 13 - ئۆكتەبىردە ئەتىنگەنلىك بېرىلىدىغان، ئىككى قوشۇق كاشانىڭ قىسقارتىلغانلىقى بىلدۈرۈلدى. چۈنكى مەھبۇسلار كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئايلىق كاشا نورمىسى تۈگەپ بولۇپتۇ. شۇڭا بۈگۈندىن ئېتىبارەن كاشا يوق. كاشا دېگىنى رۇسچە تاماق بولۇپ، بۇغداي يارمىسىدىن ئېتىلىدىغان، كۆرۈنىشىمۇ سەت، تەمسىز، قويۇق شويلىغا ئوخشاپ قالىدىغان تاماق ئىكەن. رۇسچە ئۇماچ دېگەن گەپ بولسا كېرەك. تەمسىز تاماقلارنىمۇ، شۇنىڭدەك مەزمۇنسىز زېرىكىشلىك گەپ - سۆزلەرنىمۇ كاشا دەپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. تەمسىز بولسىمۇ ئىككى قوشۇق بولسىمۇ، ئېچىپ كېتىۋاتقان قورساق ئۈچۈن ھاي بېرەلمىسىمۇ لېكىن - ئەتىنگەن سائەت توققۇزدا تاماق كېلىدۇ - دېگەندەك، كۆڭۈلدىكى بىر سانىنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ كېتىشى، تېخىمۇ ئېغىر ئېچىرقاشنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ئىدى. كامېرداشلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر قايغۇغا پاتتى.

ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. كاشا ۋاقتىدىن بىر ئاز ئۆتكەندە، كارىدوردىن بىرسىنىڭ ئاۋازى كېلىۋىدى: پولات بېك بايكام، بۈگۈن دېجۈرنى بولۇپتۇ - دېدى تۆلكە باي ئېچىلىپ يايراپ. باشقىلارمۇ بىر خىل خۇش كەيپىياتقا چۈمۈلگەندەك بولۇشتى. ئۆز ۋاقتىدا سولانغان تۈرمىلەردىمۇ بىرەر ياخشى گۇندىپاي، ھەپتىدە ئىككى قېتىم نۆۋەتچى بولۇپ قالغىنىدا، تۈرمە ئىچى شاتلىققا تولىدىغان. سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدىمۇ، ئادىمگەرچىلىكنى قولدىن بەرمىگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. ئاللاھ تاشلىۋەتكەن، بەرىكەت قاچقان، ئىنسانىيلىق يوقىلىۋاتقان بۇ ئەلدىكى مۇدھىش جايدىمۇ چارىسىز، غېرىب مەھبۇسلارنىڭ كۆڭۈل چىراقلىرىغا ياغ تولدۇرۇپ تۇرىدىغان ياخشى گۇندىپايمۇ بار ئىكەن. دەل كاشادىن ئايرىلغان ۋاقتىمىزدا پولات بېكنىڭ نۆۋەتچى بولغىنىمۇ ئازراق روھى تەسەللى بولماقتا. پولات بېكنىڭ ئاۋازى كارىدوردا ئاڭلىنىپ ھايال ئۆتمەي، بىزنىڭ كامېرانىڭ ئىشىكىدىكى، ئىزدىنىش رومانىدەك چوڭلۇقتىكى كۆزنەك قاپقىغى ئېچىلدى. يۈزى يۇمۇلاق، قاڭشالىق، سەل ئورا كۆزلۈك، ياش قورامى يىگىرمە بەش ئەتراپىدىكى گۇندىپاي، كامېرداشلىرىمنىڭ ئىسمىنى بىر بىرلەپ ئاتاپ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن: بايكا سىز يېڭى كىردىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ئاتىم پولات، ئېتىڭىزنى دەپ بېرەمسىز؟ - دېدى شۇنچىلىك يېقىملىق تەلەپپۇزدا. مەن كىرگەن كۈنۈمنى، ۋېزامنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن سولاققا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى، ئىسمىم - فامىلەمنى دەپ بەردىم. ئۇ: رەھمەت، سىزنى قاشقارلىق بايكام دېسەم رەنجىمسىز؟ - دېدى، تەبەسسۇم يېغىپ

تۇرغان چىرايىنى كۆزنەكتىن كۆرسىتىپ. مەن: ئەلۋەتتە بولىدۇ پولات بېك بايكا - دېدىم مەمنۇنلۇق بىلەن. ئۇ: ياق بايكا، مەن سىزنى قاشقارلىق ئابدۇرەشىد بايكا - دەپ چاقىراي، سىز بىلىسىزغۇ - دېدى پەسىرەك ئاۋازدا. ئارمان بېك: ئەمدى توغرا دېدىڭىز پولات بېك بايكا، بىزنىڭ سۇلتانىمىزنى ئەسكە سالىدۇ - دېدى چاقچاق قىلىپ. ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. گۇندىپاي پولات بېك بىز بىلەن خوشلىشىپ، كۆزنەكنى تاقىغاندىن كېيىن، قوشنا كامېردىكىلەر بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشنى داۋام ئەتتۈردى. كاشانىڭ يوقلۇق پىراقىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئۇنۇتتۇق.

چۈشكە يېقىن كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، پولات بېك: قاشقارلىق ئابدۇرەشىد بايكا، سىزگە سوراق كەلدى. مەن بىلەن يۈرۈڭ - دېدى، شۇنچىلىك كۆيۈمچان بىر كەيپىياتتا. مەن كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. پەس قەۋەتكە چۈشىدىغان پەلەمپەيگە كەلگەندە: ئابدۇرەشىد بايكا، تۈرمىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردىڭىز، بۈگۈندىن باشلاپ كاشا بېرىلمەيدۇ. كۈندە بىر قېتىم قارا بولكا بېرىلىدۇ. بىلەمسىز بايكا، يۈز ئەللىك گىراملىق، ئالمىدەك بىرتال بولكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ، بىر كىشىگە يەتمىش بەش گىرام تاماق بېرىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۈچەيلىرى يەملىشىپ، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كۈندە قەرەللىك ۋاقىتتا قايناق چاي بېرىلىدۇ. مەھبۇسلار بۇ تۈرمىدە ئەڭ ئۇزۇن بولسىمۇ ئۈچ ئاي تۇرىدۇ. دېلوسى مۇقىملانغان جىنايەتچىلەر، نورمال تۈرمىگە يۆتكىلىدۇ. ئۇ يەر ياخشى. ياردىمىم كېرەك بولسا دەڭ، قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن - دېدى،

كونا تونۇشلاردەك ھەم ئىنتايىن سەممىيتىنى كۆرسىتىپ. مەن رەھمەت ئېيتقاچ: ئېھتىياجىم بولۇپ قالسا ئەلۋەتتە سىزگە ئېيتىمەن ـ دەپ قويدۇم ـ يۇ، لېكىن ـ يارەببىم مۇشۇ يەردىمۇ پايلاقچىلاردىن قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم. كامېردىكىلەرنىڭ قايسي ئايغاقچى، قايسى پايلاقچى ئۇنى تېخى بىلگىلى بولمايۋاتسا، مانا ئەمدى گۇندىپاي چىقتى ئوتتۇرىغا ـ دەيتتىم ئىچىمدە ئاللاھقا داتلاپ. چۈنكى ۋەتەندىكى چاغلاردا قانداقلا بىر تۈرمىگە سولانسام، مەن بار كامېرغا بىر ـ ئىككى پايلاقچىنى سولاپ قوياتتى. ھەتتا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قوشنا كامېرغىمۇ پايلاقچى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنىڭ بىلەن گەپلىشىش، مېنىڭدىن گەپ ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەتتى. بىر تەرەپتىن ئۆزەمنىڭ پەۋقۇلئاددە پەخەسلىكىم، ھەم كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا جەمەت تۇغقانلىرىمىزنىڭ، ئائىلىۋى يېقىنلىرىمىزنىڭ تۈرمە ھاياتلىرى توغرىسىدىكى قىسمەت، پاجىئەلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەنلىكىم، دادام ئاپامنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم، قاچقۇنلۇق ھاياتتا يوشۇرۇنۇش، ئۆزىنى قوغداش تەدبىرلىرىگە شىرىك بولۇپ ئۆسكەنلىكىم، ماڭا سېلىنغان پايلاقچىلارغا كېيەك ئالدۇرمايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگەن ئىكەن. ۋەتەندىكى تۈرمىلەردىغۇ ئېتىلسامىمۇ، تاياق يېسەممۇ لېكىن تۈزاققا چۈشمىگەن ئىدىم. ئەمما مۇنۇ «ك گ ب» دېگەن خەقلەر بىلەن قانداق قىسمەتنى باشتىن كەچۈرەرمەن؟ ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنولىرىدا «ك گ ب» نىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرگەن. ئۇغۇ توقۇلما نەرسىلەر. شۇنداق بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدە مۆكۈپ يۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقان چاغلىرىمدا،

پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپلەردە «ك گ ب» دەيدىغان ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قېلىشقا بولمايدۇ ـ دېگەندەك تەۋسىيەلەرنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان. بۇياققا كەلگەندىن بۇيان كىشىلەردىن «كا گې بې» نىڭ نەقەدەر ۋەھشى بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنىمۇ ئاز- ئامانسىز ئاڭلاپ، قۇلاق گاس، يۈرەك تەپمەس بولۇپ كەتكەن. ھەتتا «كا گې بې» دېسەك، ئۇلار دېيىشىۋاتقان گەپنى بىلىپ قالىدۇ دەپ، «ئۈچ ھەرپ» دېگەن نامنى ئىجات قىلغان ئىكەن. ئەمما بۇ گەپ بارلىق مىللەتلەرگە يات ئەمەس، مەخپىيەتلىكىمۇ يوق، ئاشكارا مەخپىيەتلىك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر قايسى مىللەت ئۆز تىلىدا «ئۈچ ھەرپ» دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئادەتلىنىپ كېتىپتىكەن خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قايسى مىللەت «ك گ ب» نى، ئۈچ ھەرپكە ئايلاندۇرۇپ، قانداق ئاتايدىغانلىقىنى «كا گې بې» خادىملىرى بىلمەي قالىدىغاندەك. قانداقلا بولمىسۇن مەن ھازىر ئاشۇ ھەيۋەتلىك، ۋەھشى «ئۈچ ھەرپ» نىڭ ئالقىنىغا تىرىك چۈشۈپ قالغان ئىدىم. ئويلىغۇدەك ئارامىم يوق ئىدى. پولات بېك مېنى يەر قەۋەتكە ئېلىپ چۈشۈپ، بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى ۋە: مۇشۇ كىشى توغرىمۇ ـ دەپ، سورىدى. سوراق ئۈستىلىنىڭ نېرى تەرىپىدە، ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر ئادەم، پىرقىرىما ئورۇندۇقنى ئايلاندۇرۇپ، يۈزىنى كۆرسەتتى ـ دە: ھە، شۇ مېنىڭ ئابدۇرەھىم بايكام ـ دېدى. سوراقچى يەنە شۇ رىسكولۇپ ئىكەن. پولات بېك ئىشىكتىنلا ئارقىغا قايتتى. مەن رىسكولۇپنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردۇم. ئادەتتە سوراقچى يالغۇز كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەپەر پۇتۇكچىسى

بىرگە بولىدۇ. پۈتۈكچى كۆرۈنۈشتە سوئال جاۋابنى، سوراق جەريانىنى تولۇق خاتىرلىگۈچى. لېكىن يەنە بىر ۋەزىپىسى سوراقچى بىلەن جاۋابكارنى نازارەت قىلىدىغان، سوراقچىدىنمۇ مۇھىم ۋەزىپىلىك، سوراقچىمۇ بىلمەيدىغان پەۋقۇلئاددە ئورۇنغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا بەزى چوڭ دېلوغا مەسئۇل بولغان سوراقچىلار، دېلو ئاغدۇرۇش جىنايىتى بىلەن ئېغىر جازالىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار، ئاشۇ قول ئاستىدىكى پۈتۈكچىنىڭ يوشۇرۇن خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.
ئابدۇرەھىم بايكا، ياخشى ئۇخلىدىڭىزمۇ؟ - سورىدى ئۇ، قوۋلۇق بىلەن ھىجىيىپ.: بۇ يەردە ئۇخلاشتىن باشقا ئىش يوققۇ - دېدىم، ئۆزەمنىڭ خاتىرجەم ئۇخلاپ ياتقانلىقىمنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ. ئۇ: ساقچى بايكام سىزگە بىر نەرسە دېدىمۇ؟ - ئۇنىڭ بۇ سوئالى كاللامدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى - «كا گې بې» بەك يامان، ئۇزۇن قولاق، كۆزى ئۆتكۈر، تىلى زەھەر دېگەن گەپ راستمۇ نېمە! ئىككىنچى قەۋەتتىكى پەلەمپەينىڭ بېشىدا دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم. لېكىن بىرەر كۆزىتىش ئاپپاراتىدەك نەرسىمۇ يوق، قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ ياكى ئىككىسى دېيىشىۋالغان گەپ بولسا، مېنى كولدۇرلىتىپ، ئارىدىن بىر ئىش چىقىرامدۇ نېمە؟ بېشىم گاراڭ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن.: ئابدۇرەھىم بايكا، سۆزۈمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ساقچى سىزگە بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟ مەن: ئاڭلىدىم رىسكولۇپ بايكا، سىزگە سوراق كەلدى - دېدى، ئارقىسىدىن مېڭىپ بۇ ئىشخانىغا كەلدىم. باشقا بىر نەرسە دېمىدىغۇ. ئۇ: ۋاي ئابدۇرەھىم بايكا، مېنىڭ سورىغىنىم مۇشۇ. ساقچى سىزگە

خاتا ئېيتىپتۇ. بۇ سوراق ئەمەس، سۆھبەت. ئىككىمىز سۆھبەت ئۆتكۈزۈمىز. ئۇنىڭ قوۋلۇق بىلەن دەۋاتقان گېپىنىڭ ئارقىسىدا قانداق شۇملۇقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم. 90 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇست كۇچار تۆرمىسىنىڭ سوراقخانىسىدا، ئۆزىنى مەي چۆجاڭ دەپ ئاتىۋالدىغان باش قاتىل مەمەت روزى: ئابدۇرەھىمجان بالام، گەپنى باشلاشتىن بۇرۇن ساڭا دەيدىغان مۇھىم نەرسە بار ـ سوراقنى تاللامسەن، سۆھبەتنىمۇ؟ سەن بىلەن بولىدىغان مۇئامىلەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزەڭ تاللايسەن ـ دېدى. مەن: سوراق قانداق بولىدۇ، سۆھبەت قانداق بولىدۇ؟ دەپ، ھېچ نېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە سورىدىم. ئۇ: سوراقنى قوبۇل قىلساڭ، مەن سورايمەن، سەن پەقەتلا جاۋاپ بېرىسەن. بىر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلىش ھەققىڭ بولمايدۇ. ئەگەر سۆھبەتنى قوبۇل قىلساڭ، مەن بىرنى دېگۈچە سەن ئوننى دېيەلەيسەن، ئۆزەڭنى ئاقلاش، گۇڭسەنداڭنىڭ خاتا سىياسەتلىرىنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش، زۇكۇملىشىش، مۇنازىرىلىشىش ھەققىڭ بولىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ لوگىكىلىق بولسا، مېنى يېڭىۋېتەلىسەڭ، تۆرمىدە بىر سائەتمۇ قالمايسەن، دەرھال قويۇپ بېرىمەن ـ دېدى، تەپسىلى چۆشەندۈرۈپ. مەن: بىر ئاز ئويلىنىپ جاۋاب بەرسەم بولامدۇ؟ ئۇ: دەل كۆتكىنىمدەك بولدى. بالام سەن بۆگۈن كەچكىچە، ئەتە تاڭ ئاتقۇچە ئويلان. ۋاقتىڭ يېتەرلىك بار. ئەتە ئەتىگەن سەككىز يېرىمدا كۆرىشەيلى، ئوبدان ئويلانغىن.

مەن كەچكىچە، يېرىم كېچىگىچە ئويلاندىم. خىتاينىڭ رەزىل سىياسەتلىرى، ئادەم جازالاشتىن باشقا مەناسى يوق

ساختا قانۇنلىرى، مەركىزى ھۆكۈمەت بۆكىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى كېسىپ ئاپىرىدىغان ياللانما ئەمەلدارلارنى تەنقىدلەپ نۇرغۇن تەييارلىق قىلدىم. بۇ رەزىل دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا خورلىنىپ، تاياق يەپ ئازاب تارتقۇچە، يۈرىكىنى زەرداب قىلىۋېتىدىغان گەپلەرنى دەپ، ئۆلگەن مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ! بىر تۇغۇلۇپ بىر ئۆلىدىغان جان، مىڭ يىل ياشىغىلى بولمايدىغان قىسقا ھايات، شۇڭا تىك تۇرۇپ، دۈشمەنىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك قادىلىپ شەرەپ بىلەن ئۆلۈش كېرەك! مەن ۋەھشى تەييارلىق قىلدىم. كېچە يېرىمدىن ئاشتى. ئەمدى يۈرىكىم توق، تازا راھەت بىلەن ئۇخلاپ كەتمەكچى بولۇپ كۆزۈمنى يۇمۇۋېدىم، كاللام باشقا تەرەپكە چۆگىلەپ، خىيالىمغا تامامەن باشقا نەرسىلەر كېلىۋالدى: توۋا خۇدايىم، مەن يا بىر سەھنىدە رول ئېلىۋاتمىسام، نېمىشقا سەھنە قەھرىمانلىقىنى قىلىشىم كېرەك ھە؟ بۇ دۈشمەنلەردە يا بىر ۋىجدان بولمىسا، توۋا دۆلەتنىمۇ ۋىجدان بولامدا؟ ئۇلار يا بىر سۆزىدە، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان تۇرسا، توۋا سىياسەتنىمۇ ۋەدە بولامدا؟ مەن بۇلار بىلەن زۇكۇملاشسام، بىرنى دېسە ئوننى دېسەم، يۈرىكىمدىكىنى، تەپەككۇرىمدىكىنى ئاشكارە بېيىپ بەرسەم، بەش پاتمان توقۇناق بالانى ئارتىپ، ئۈستۈمدىن دېلو تۇرغۇزسا، ئۆزەم بىلەن كەتمەي، پۈتۈن ئەتراپىمدىكىلەرنىمۇ ئوتقا تاشلىغان بولمايمەنمۇ! دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن سەسكىنىپ كەتتىم. سوراقنى ئۈستۈمگە ئېلىش لازىم. ئۇنداق سورىسا، مۇنداق جاۋاب بېرىشىم كېرەك! مەن باشقىچە تەييارلىق قىلىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتىم. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. بېشىم يوغان تونۇردەك، بېشىمنىڭ ئىچىدە ئىس تۈتەكلەر مانايىقىپ،

ئۆزۈم ئەمەسكە ئايلىنىپ قالغان ئىدىم.

كېيىنكى كۈنى دېگەن ۋاقىتتا مېنى سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىشتى. كۆزلىرىم قىزىرىپ، قاش ـ قاپاقلىرىم ئىششىپ پولتىيىپ قاپتىمىش. قانداق، چاپاننى ئوڭ كېيىپ چىقتىڭمۇ؟ ـ سورىدى مەي چۈجاڭ، سەل ئۈمۈتسىز كەيپىياتتا. مەن چاپىنىمنىڭ پەشلىرىنى، ياقىسىنى تۈزەشتۈرگەچ: ئوڭ كىيىپتىمەن ـ دېدىم ئەمما، تىل ـ ھاقارەت، مۇشت، پەشۋاغا كۆمۈلۈپ كەتتىم. ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تىللاۋاتىدۇ، مۇشتۇمى ـ مۇشتىغا يېتىشمەي، بوكسۇرچىدەك دۇمبالاۋاتىدۇ: نەۋرەمچىلىك بىر ھارامزادە مېنى بىر سوتكا ئەخمەق قىلدىڭما! مەن كىم! سېنىڭدەك ئەكسىل ئىنقىلاۋى ئۇنسۇرلاردىن قانچە يۈزنىڭ ئىپلاس جېنى يانچۇقۇمدىكى ئادەم مەن! سەن نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ سېنىڭدەك دىن دۈشمەنلىرىنى، ۋەتەن خائىنلىرىنى، دۆلەتىمىزنى، كوممۇنىزمنى ئاغدۇرماقچى بولغان، دۆلەتىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان سېنىڭدەك، تۆت ـ بەش نەپەر بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا تېتىيالمىسام، مەن مەمەت روزى بولماي ـ ئىت، ئېشەك بولۇپ كېتەي! ئوتتۇز بەش يىللىق خىزمەت ستاژىمنى، يىگىرمە يەتتە يىللىق خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق شەرەپ مېدالىمنى سېنىڭدەك تۆت ـ بەش دانە قاۋان توڭگۇزلارغا تارتقۇزۇپ قويسام، ئانامنىڭ سۈتى ھارام بولسۇن! مەن ئادەم بولماي كېتەي! (بۇ مېڭەمنى چەنلەپ ئېتىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، تۇنجا سوراق سائەتلىرىدە بولغان ماجىرا ئىدى.) بۇ قانخور جاللات سوراقنىڭ بىسمىللاسىدىلا، نېمىشقا بۇنچىۋالا ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى، خۇددى شەخسى ئىش بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان لۈكچەكلەردەك، قانۇن خادىمىغا لايىق كەسپى

خاراكتېرىنى يوقىتىپ، غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇزۇنغىچە چۈشىنىپ يېتەلمىگەن ئىدىم. كېيىن ئۇرۇمچىگە قېچىپ بېرىپ جان ساقلاپ يۈرگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ جازالاش ئىنىسكەنجىسىگە ئۇچرىغان پېشقەدەم ئىنقىلاۋى سابىق مەھبۇسلاردىن ئاڭلىشىمچە، سىياسى مەھبۇسلارنى سۆھبەت قىلىمىز دەپ ئالداپ، تۇزاققا چۈشۈرۈش ـ مەمەت روزىنىڭ كەسپى ھېلىسى ئىكەن. ئۇنىڭ «چاپاننى ئوڭ كەيدىڭمۇ؟» دېگىنى ـ مېنىڭ تۇزىقىمغا دەسسىدىڭمۇ دېگەن بولارمىش. مەھبۇسلارنىڭ سوراقنى ياكى سۆھبەتنى تاللاش ئۈچۈن، «ئويلىنىپ باقاي» دېگىنى باش ئەگكەنلىكىنى، ياكى تۇزاققا دەسسىگەنلىكىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇ خىزمەتنى خىزمەت تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى تەرىقىسىدە بەجانىدىللىق بىلەن، كىرىشىپ ئىشلەيدىكەن.

ئالمۇتىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمدا، ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن رەئىسى (مەرھۇم) سابىت ئۇيغۇرى ئەپەندى بىلەن، مەي چۈجاڭ توغرىسىدا ھەپتىلەپ پاراڭلاشقان ئىدۇق. ئۇنى غۇلجىدىكى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتنى باستۇرۇش ئۈچۈن، خوتەندىن ئالماشتۇرۇپ كېلىپ باش كېسەرلىككە سالغان بولۇپ، سابىت ئۇيغۇرىنى 63 ـ يىلىدىن 70 ـ يىلىغىچە قاق يەتتە يىل قىيناپ سوراق قىلغان ئىكەن. ئۇ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئىنقىلاپچى ياشلارنى، سوراقخانىدىلا ئېتىۋەتكەن ئىكەن. غۇلجىدا ئون يىل باستۇرۇش خىزمىتى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ساقچى نازارىتىگە ئۆستۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىگەن ئىكەن.

مانا هازىر ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەي چۈجاڭغا ئوخشاش يەنە بىر قاتىلنىڭ سۆھبىتىگە دۇچ كېلىۋاتاتتىم. ۋەھشى «ك گ ب» نىڭ سۆھبىتىدىن هايات چىقالماسلىقىم مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى سۆھبەتنى رەت قىلاي ـ دېگەن قارارغا كېلىپ: كەچۈرۈپ قويۇڭچۇ رىسكولوپ بايكا، سىز چوڭ بىر ئەرباب، دۆلەتنىڭ يۇقىرى ئەمەلدارى. مەن كىچىك بىر بىچارە. شۇڭا سىز بىلەن سۆھبەتلىشەلمەيمەن ـ دېدىم كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن. ئۇ: ئابدۇرەھىم بايكا، سۆھبەت قىلساق سىز ئۈچۈن ياخشى، ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزالايسىز. سوراق قىلساق دېلو تۇرغۇزۇلۇپ قالىدۇ ـ دېدى، جىددى تۈسكە كىرىپ. مەن: رىسكولوپ بايكا مېنى سوراق قىلسىڭىزمۇ دېلو تۇرغۇزۇلمايدۇ. چۈنكى مەن ھېچقانداق جىنايەت قىلمىدىم. ئۇ: مەن سىزگە قىسقا چۈشەندۈرەي: ئەگەر سوراق قىلسام ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان قىرغىزىستاندا، ياكى پۈتۈن سوۋېت تۇپراقلىرىدا قايسى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، خىتايغا قارشى قانداق ئىشلارنى قىلدىڭىز؟ بىزنىڭ دۆلەتتە تۇرۇپ پىلان تۈزۈپ خىتايغا كىملەرنى قاچان كىرگۈزدىڭىز؟ ئۇلار قانداق جايلارنى پارتلاتتى؟ كىملەرنى ئۆلتۈردى؟ سىز مۇشۇ جىنايەتلەرنى قايسى مەقسەتتە قىلدىڭىز؟ مانا بۇلار دېلو تۇرغۇزۇپ، سىزدىن سورايدىغان مەسىلە. ئويلاپ بېقىڭ؟ سوراق سىز ئۈچۈن ياخشى بولامدۇ ياكى سۆھبەتمۇ؟ مەن: رىسكولوپ بايكا، مەن قىرغىزىستاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا پەقەتلا مۆكۈپ يۈردۈم. ھېچ قانداق تەشكىلات بىلەن ئالاقەم يوق. ئۇيغۇرىستاندا، بىر جايلار پارتلىغان چاغدا مەن شۇ ۋەتەندە ئىدىم. خىتايلار مېنى تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ

قويۇپ بەرگەن. ئەگەر ئىپتىقانلىرىمغا ئىشەنمىسىڭىز، «ب د ت» ئىشخانىسىدىن سورىسىڭىز بولىدۇ. ئۇلار سىزگە ماتېرىيالىمنى بېرىدۇ. مەن قىرغىزستاندا قىلغان ئىشلىرىمنى شۇلارغا ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ: ئابدۇرەھىم بايكا، سىز مېنى تۇزاققا چۈشۈرمەكچىمۇ؟ سىزنى يوشۇرۇن تۇتۇپ كەتتىم. ئەمدى «ب د ت» ئىشخانىسىدىن سورىسام قىلغان ئىشىم ئاشكارە بولۇپ قالامدۇ! مەن: ئۇنداق بولسا، فازىلەت خانىمدىن سوراڭ. ئۇ ماتېرىيالىمنى سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ فازىلەتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئازراق ھودۇققاندەك قىلىپ يەنە چاندۇرماسلىققا تىرىشتى: ئابدۇرەھىم بايكا مەن فازىلەت خانىم دېگەن بىرسىنى بىلمەيمەن. ئۇنى باشقا ئىدارە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. ياخشى بولىدىغىنى ئۆزىمىزنىڭ سۆزىمىزگە كېلەيلى. سۆھبەت قانداق بولىدۇ، بۇنىمۇ چۈشەندۈرۈپ قوياي: مەسىلەن ـ سىز پرېزىدېنتىمىز ئاسكار ئاكايېۋنى نېمە تەلەپ قىلىسىز؟ مەن: ئاقايېۋتىن قىرغىز گراژدانلىق تەلەپ قىلىمەنغۇ، كۆپ قېتىم ئەرز خەت يازدىم. ئەمما ھازىرغىچە گاراژدانلىقمۇ يوق، جاۋابمۇ يوق. ئۇ: بۇ يىل ئىيۇندا گازىتتا خەۋەر چىقتىغۇ، سىزنىڭ ئەرزىڭىزنى رەت قىلدۇق دەپ. مەن: ماڭا بەرگەن جاۋاب ئەمەس بايكا، ئۇ گازىت خەۋەرلىرى. ئۇ: ئۇنداق بولسا گاراژدانلىقنى ئاكايېۋتىن تەلەپ قىلمايسىز، ئۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارنى تەلەپ قىلىسىز ئابدۇرەھىم بايكا. مەن: گراژدانلىق مېنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىشقۇ. ئۇ: ۋەتىنىمنى ئازات قىلىمەن، خىتايغا قارشى ياردەم قىلىڭ ـ دېگەندەك چوڭ ئىشلارنى سورايسىز پادىشاھلاردىن. گاراژدانلىق كىچىك ئىش. مەن: مەن ئۇيغۇرىستاننى ئازات قىلىمەن دېگىنىم يوققۇ.

ختاينىڭ زۇلمىدىن قېچىپ چىقىپ، قىرغىزستانغا گىراژدان بولۇپ ئەركىن ياشايمەن دېدىم. ئۇ: سىزگە گاراژدانلىق لازىم بولسا ماڭا ئېيتماسىز، ئۇنى مەن بېرەلەيمەن. ئاقايىپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. مەن: ئۇنداق بولسا ماڭا گاراژدانلىق بېرىڭچۇ رىسكولۇپ بايكا، مەن ئەركىن ياشاپ قالاي. ئۇ: مانا ئابدۇرەھىم بايكا، مانا بۇ سىز بىلەن قىلىدىغان سۆھبەت. مەن سىز بىلەن مۇشۇ توغرىسىدا سۆھبەت قىلماقچى. مەن ھازىر قايتىمەن. ئەتە ياخشى بىر سۆھبەت قىلايلى، گاراژدانلىق مېنىڭ قولۇمدىكى كىچىك ئىشلار. ئۇ، مېنى پولات بېككە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزى تۈرمىدىن چىقىپ كەتتى. بىز ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا پولات بېك: ئابدۇرەشىد بايكا، مۇنۇ سەككىزىنچى كامېرغا بىر قاشقارلىق بايكامنى يېڭىدىن سولاپ قويۇپتۇ. ئۇنى تونۇمسىز؟ - دەپ سوراپ قالدى. ھەقاچان تۈرگۈن قارىم بولمىغاي - دەپ ئويلاپ: تونۇيمەن - دېدىم. ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان سۆزىڭىز بارمۇ - دېدى ئۇ، گۇمانىمنى تېخىمۇ قوزغاپ. ياق، رەھمەت بايكا - دېدىم ئۇنىڭغا، سەممى كۆڭلۈمدىن. مەيلى ئۇ پايلاقچىلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تۈرگۈن قارىمنىڭ مەن بىلەن تام قوشنا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمغا ياردەم قىلغان ئىدى. باشقا كۈن چۈشكەن چاغدىكى تېرىقچىلىك ياخشىلىق تاغدەك مىننەتدارلىقنى قوزغىتالايدىكەن. مەن كامېرغا كىرىپ غول تامدىكى سۇ تۇربىسىنى تاراقشىتتىم. تامنى تېشىپ سۇ تۇربىسى ئۆتكۈزگەن يەردە بىر ئاز بوشلۇق بولۇپ، كامېرداشلار يان قوشنىلار بىلەن ئااقىلىشىپ يۈرەتتى. مەنمۇ شۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم. سەككىزىنچى كامېرىدىن ئىنكاس كەلگەندىن كېيىن: بايكا قاشقارلىق

بايكامنى چاقىرىپ قويۇۋچۇ - دېدىم ئۆتۉنۉش ئاھاڭىدا. ھايال قالماي تۉرگۉن قارىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ تېخى سوراققا چىقمىغانلىقىنى بىلدىم - دە: ئەگەر سوراققا چىقسىلا ئۇيغۇرچىدىن باشقا تىل بىلمەيمەن، تەرجىمان كېرەك دەپ چىڭ تۇرسىلا. بولمىسا بىزنى ھېچكىم بىلمەي، ۋەتەنگە كېتىپ قالىمىز، ئەھۋال چاتاق دېدىم. شۇنچىلىك بىر ئالاقىنىڭ ئۆزىمۇ، شىرىك مەھبۇسچىلىقتا ئوينايدىغان رولى ئاجايىپ چوڭ بولىدۇ.

كېيىنكى كۉنى كاشا ۋاقتىدا كامېرىنىڭ ئىشىكى ئەنسىز ئېچىلىپ، قولىدا رەزىنكە كالتەك كۆتۉرۉۋالغان بىر قىرغىز گۇندىپاي بىلەن، ئىشىككە بېشى تاقىشىپ قالغۇدەك شۇنداق بەستلىك، ئاپتومات كۆتۉرۉۋالغان بىر ئورۇس گۇندىپاي ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئورۇس گۇندىپاي غەزەپ بىلەن ھەممىڭ ئورنۇڭدىن تۇرۇش! دەپ كوماندا بەردى. كارىۋاتنىڭ ئۉستۉنكى قەۋەتلىرىدىكى ماغدۇرسىز تەنلەر ئۆزىمىزنى ئوڭشاپ يەرگە چۉشۉپ بولغىچە، ھېلىقى ئورۇس ئاغزىنى بۇزۇپ ئاناڭنى پالان، ھەزىلەك، كۆتلەر، تېز بولۇش- دەپ، شۇنچىلىك ھاقارەتلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قاراپ: كامىردىلا ئېتىپ تاشلىنىدىغان بىرلىرى بارمۇ نېمە - دېگەندەك بىر سوغاق تەشۋىش بەدىنىمنى مۇزلىتىپ ئۉلگۉرۉۋاتسا، ئۇ قولىدىكى قەغەزگە قاراپ - ئابدۇراخىم ئابدۇراشىد! سىرتقا چىق! - دېدى تېخىمۇ ھەيۋە كۆرسىتىپ. ھېلىقى ئېتىلىپ كېتىدىغىنى مەنكەنمەن - دە. ھەي ئىسسىت، خىتاي ئۆلۉكۉمنى تەلەپ قىلغان چېغى - قىرغىز ھۆكۉمىتى ئېتىۋېتىپتۇ، مانا ئۆلۉكنى قايتۇرۇپ كەلدۇق - دەپ، بىر ئويۇنغا دەسمى قىلماقچى بولسا

كېرەك. مەن سىرتقا مېڭۋېتىپ ئارقىمغا بۇرۇلۇپ، كامېرداشلار بىلەن نۇرسىز كۆزۈم ئارقىلىق خوشلاشتىم. ئۇلارنىڭ ئىككى قانات تىزىلىپ، قول باغلاپ تۇرۇشلىرى، خۇددى نامىزىمنى چۈشۈرۈۋاتقان جامائەتتەك بىلىنىپ كەتتى. مەن كارىدورغا چىقىۋىدىم، قىرغىز گۈندىپاي ئالدىمدا يول باشلاپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئارقامغا قارىسام ھېلىقى ئورۇس گۈندىپاي ئاپتوماتنى ماڭا تەڭلەپ كېلىۋېتىپتۇ. پۇت قوللىرىم ئۆزەمنىڭ ئەمەستەك، يەرگە دەسسەپ مېڭۋاتىمەنمۇ، ياكى لەيلەپ ئۇچۇۋاتىمەنمۇ، يۈرىكىمنىڭ قالايمىقان سوقۇشى ۋە كاللامنىڭ زۇقۇلداشلىرىدىن باشقا، ھاياتلىقىمدىن دېرەك قالمىغان ئىدى. پەس قەۋەتكە قانداق چۈشكەنلىكىمنىمۇ ئاڭقىرىپ بولالماي كېتىۋاتاتتىم، قىرغىز گۈندىپاي تۈنۈگۈنكى سوراقخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇھ - دېدىم ئىچ ئىچىمدىن ھاردۇق چىققاندەك، قايتا جانلىنىپ. بىراق يەنە بىر تەشۋىش كاللامنى چىرمىۋالدى: «ك گ ب» نىڭ ئەڭ چوڭى كەلگەن بولسا، كۆرگۈلۈكۈم بارمۇ نېمە؟ شۇ ئەسنادا قىرغىز گۈندىپاي ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىشىمگە شەرەت قىلدى. ئىشىكتىن كىرگۈم يوق ھالدا ئىشخانىغا قارىسام، يەنە شۇ رىسكولۇپ ئولتۇرمامدۇ، خۇددى يېقىن بىر ئادىمىمنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم ھەم: ئاسسالامۇ ئالەيكۇم رىسكولۇپ بايكا - دەۋېتىپتىمەن سالامنىڭ چوڭىنى بېرىپ. ئۇمۇ خۇش كەيىپ قارشى ئالدى. مەن ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردۇم. ئابدۇرەھىم بايكا، سۆھبەتنى باشلايمىزمۇ؟ - سورىدى ئۇ تەمكىن ھالدا. باشلايلى رىسكولۇپ بايكا - دېدىم خاتىرجەملىكىمنى بىلدۈرۈپ. ئۇ: ئابدۇرەھىم بايكا، سۆھبەت بەك قىسقا بولىدۇ. ئوچۇق

دېسەم، سىزگە گاراژدانلىق بېرىمەن. سىزمۇ مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىپ بېرىسىز. مەن: سىزغۇ گاراژدانلىقنى سومكىڭىزدىن چىقىرىپ بېرەلەيسىز. لېكىن مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئۇ: سىزنىڭ قولىڭىزدىن بەك كۆپ ئىشلار كېلىدۇ. مەسىلەن تىزىملىكتىكى قالغان ئوتتۇز بەش كىشىنى تاپشۇرىسىز. مەن: مېنى تۈرمىگە سولاپ قويسىڭىز ئۇلارنى قانداق تاپشۇرۇپ بېرىمەن؟ ئۇ: سىز ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى ئېيتىپ بېرىسىز، ئۆزۈم تۇتۇپ كېلىمەن. مەن: ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى بىلمەيمەن. ئۇلارنى راستىنلا تۇتماقچى بولسىڭىز، ماڭا گاراژدانلىق بېرىپ، قويۇپ بېرىڭ. مەن ئۇيغۇرلارغا گاراژدانلىق ئالغانلىقىمنى سۆزلەيمەن. شۇنداق قىلساق تىزىملىكتىكى ئۇيغۇرلار مۆكۈۋالغان جايدىن چىقىدۇ. شۇنداق ئاسان تۇتىۋالىسىز. ئۇ: ياق ئابدۇرەھىم بايكا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى پاش قىلىسىز، شۇنىڭ بەدىلىگە گاراژدانلىق ئالىسىز. مەن: سىزنىڭ مەقسىتىڭىز پەقەت ماڭا گاراژدانلىق بېرىشمۇ ياكى تىزىملىكتىكى ئۇيغۇرلارنى تۇتۇشمۇ؟ قايسى مۇھىم؟ ئۇ: ئەلۋەتتە تىزىملىكتىكى كىشىلەرنى تۇتۇش مەن ئۈچۈن مۇھىم، گاراژدانلىق ئېلىش سىز ئۈچۈن مۇھىم. مەن: ماڭا گاراژدانلىق بېرىش سىزگە بەك ئاسان، مېنىڭ ئىشىم ھازىرلا پۈتىدۇ. ئەمما مەن تۈرمىدە تۇرۇپ ئىشىمنى قىلىپ بېرەلمەيمەن. ئالدى بىلەن مېنى قويۇپ بېرىڭ. مەن ھېچيەرگە قېچىپ كەتمەيمەن. شۇنداق قىلسىڭىز ئادەملىرىمنى تۇتىۋالىسىز. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئىشى پۈتىدۇ ئەمەسمۇ! ئۇ: ئابدۇرەھىم بايكا، ماڭا تۇزاق قۇرۇۋاتامسىز، ياكى كىچىك بالىدەك كۆرۈۋاتامسىز؟ سىزگە كۆپ قېتىم ئېيتتىمغۇ، سىزنى ئۈچ يىل قوغلاپ

يـۈرۈپ ئـاران تۇتتـۇم ـ دەپ! باشـقىلارنى تۇتمـەن دەپ، ئەمدى سـىزنىمۇ قويۇۋەتسـەم، سـىزنىمۇ باشـقىلارنىمۇ تۇتالماي قالسـام مېنىـڭ بېشـىم كېتىـدۇ. شـۇڭا سـىزنى مۇشـۇ تۈرمـىدە تـوختۇتـۇپ قويـۇپ، باشـقا ئادەملىرىڭىزنى تۇتۇۋېلىشـىم كېرەك! سـىزگە گاراژدانلىـق بېرىـش قىيىـن ئىـش ئەمـەس. مـەن: بولـدۇ مـەن ئادەملىرىمنىـڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنـى دەپ بېرەي. لېكىـن تولـۇق ئادرېسـىنى بىلمەيمەن ـ ئىككى ئۇيغـۇر بىشـكەك شـەھىرىدە تۇرىـدۇ. بـەش ئۇيغـۇر ئىسـتانبۇلدا تۇرىـدۇ. ئـون بـەش ئۇيغـۇر ئالمۇتىـدا، قالغـان ئـون بىـر ئۇيغـۇر تاشـكەنت شـەھىرىدە. مـەن قەسـەم قىلىـپ بېرىمەنكـى ئۇلارنىـڭ ئېنىـق ئادرېسـىنى بىلمەيمـەن. بىـز شـۇنداق يوشـۇرۇنغاچقا، سـىز ئـۈچ يىـل ئىـزدەپ تۇتالمىغـان. ئاخىـرى سـىز قۇرغـان تۇزاققـا چۈشـۈپ، ئىككـى ئـادەم ئادرېسـىمىزنى بەرسـەك، ئـۈچ كـۈن ئىچىـدە تۇتىۋالدىڭىـز. ئـۇ: ئابدۇرەھىـم بايـكا سـۆھبىتىمىز ياخشـى بولمىدى. شـۇنىڭ ئۈچـۈن سـىزدىن سـورايدىغان بىـر قانچـە سـوئال بـار. جـاۋاب بېرەمسـىز؟ مـەن: ئەلۋەتتـە جـاۋاب بېرىمـەن.: قىرغىسـتانغا قاچـان كەلدىڭىـز؟ ـ 94 ـ يىلـى 7 ـ ئىيـۇن.: قىرغىزسـتاندا كىملـەر بىلـەن قايسـى تەشـكىلات بىلـەن ئالاقـە قىلدىڭىـز؟ ـ ئۇيغـۇر ئىتتىپـاق جەمئىيىتىنىـڭ رەئىسـى نۇرمەمـەت كەنجىيـۇپ بىلـەن ئالاقـە قىلدىـم.: نېمـە ئۈچـۈن ۋە قانـداق ئىشـلارنى بىرگـە قىلمـاق ئۈچـۈن؟ ـ ماڭـا قىرغىزىسـتان گاراژدانلىقـى ئېلىـپ بېرىـش ئۈچـۈن ئالاقـە قىلدىـم.: نەتىجىسـى قانـداق بولـدى؟ ـ كەنجىيوپنىـڭ دېيىشـىچە قىرغىزىسـتان خىتايدىـن قورقىدىكـەن، شـۇڭا ماڭا گاراژدانلىـق بەرمەيدىكـەن.: كەنجىيوپ بىلـەن قاچـان ئالاقـە قىلغان؟ 94 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇن.: قايسى ئورۇندا كۆرۈشتۈڭلار؟

- «قىرغىزىستان مىللەتلەر ئىتتىپاقى كومىتېتى» نىڭ بىناسىدىكى، ئۇيغۇر ئىتتىپاق جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈشكەن.: كېيىن قانداق ئالاقىدا بولدىڭىز؟ - ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرمىدىم.: مۇزەپپەرخان قۇربان بىلەن قانداق ئالاقىدا بولدىڭىز؟ ئۇنى قاچان تونىغان؟ - ئۇنى 9 - ئىيۇن ئىتتىپاقنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرگەن، شۇ چاغدا تونۇشقان. ئۇنىڭ بىلەنمۇ 96 - يىلى 22 - ئىيۇنغىچە ئالاقە قىلمىغانتىم.: نېمىشقا؟ - چۈنكى ماڭا ياردەم قىلمىدى، قىرغىز گاراژدانلىقى ئېلىشىپ بەرمىدى، شۇڭا ئۇلارنى ياقتۇرمىدىم.: 22 - ئىيۇن قانداق ئالاقە قىلدىڭىز؟ «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىدا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن.: قازاقىستاندا قايسى تەشكىلات بىلەن ئىش قىلدىڭىز؟ - ھېچ قانداق تەشكىلات بىلەن ھېچنېمە قىلمىدىم.: ئۇنداق بولسا، ئۈچ يىل قەيەردە قانداق ياشاپ يۈردىڭىز؟ - 94 - يىلى ئىيۇلدىن 95 - يىلى مارتقىچە توربازانىڭ يان تەرىپىدىكى ئاشخانىلاردا ئىشلىدىم. كىمنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلىدىڭىز؟ - ئايشەمخان لەڭمەنچىنىڭكىدە.: ئۇ يەردىكى ئاشخانىلار تاقىلىپ كەتتىغۇ. - شۇنداق، رېگىتلەر كۆپ قېتىم بۇلاپ كەتكەچكە، ئاشخانا تاقىلىپ كەتتى.: ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ - ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆكتەبىرگىچە پالانى بازاردىكى پالانى ھاجىنىڭ رېستۇرانىدا ئاشپەزلىك قىلدىم.: ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ - 95 - يىلى ئۆكتەبىردىن 96 - يىلى فېۋرالغىچە تاشكەنت شەھىرىدىكى ئىپادروم بازاردا تاۋار سېتىپ، سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىدا ئىشلىدىم.: ئۇنىڭدىن كېيىن؟ - 96 - فېۋرالدا ئالمۇتىغا كېلىپ، زېلېنىي بازاردا ئاشخانىدا ئىشلىدىم؛ 14 - ئىيۇن

بىشكەك شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، قىرغىزىستان مۇھاجىرلار مىنىستىرلىكىگە گاراژدانلىق ئەرزى سۇندۇم. ئۇلار رەت قىلغان جاۋابىنى ماڭا بەرمەستىن، گېزىتتە ئوچۇق ئاخبارات قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىم خەتەر ئاستىدا قالغاچقا، «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىدىن پانالىق تىلىدىم. ھەممىسى مۇشۇ. (قولغا چۈشۈپ قالسام، بۇ ئەللەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئايمۇ ئاي، يۇقىرىقىدەك تەييارلىق قىلىپ تۇراتتىم.): ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بىر گۇۋاھچىنى چاقىرىمەن. ئۇ سىز ئېيتقان پالانى بازارغا مەسئۇل ساقچى - ئاكتيابىر. ئۇ ھەم سىز ئېيتقان پالانى ھاجىنىڭ رېستورانىدىن ھەر كۈنى ئىككى قېتىم تاماق يەيدۇ. ئەگەر سىزنى تونۇمسا، ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشىڭىز بەك يامانلىشىپ قالىدۇ. ئۇ گېپىنى توختىتىپلا تېلېفون قىلىپ، ئۆكتەبىر ئىسىملىك ساقچىنى چاقىردى. مەن ئاللاھتىن تىلىگەچ تەييارلىق قىلدىم. بىر ئازدىن كېيىن بوي تۇرقى كېلىشكەن، زىلۋا ئىگىز بىر ساقچى ئىشخانىغا كىرىۋېدى، مەن: كېلىڭ ئۆكتەبىر بايىكا - دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ. تەلىيىمگە ئۇ راستىنلا ئۆكتەبىر ئىكەن. بىراق ئۇ: سىز مېنى قانداق تونۇيسىز؟ مەن سىزنى كۆرگىنىم يوققۇ - دېدى تېڭىرقاپ. مەن: سىز مېنى كۆرمەيتتىڭىز. ئەمما مەن سىزنى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم كۆرەتتىم. سىز پالانى ھاجىنىڭ رېستورانىدا تاماق يەيتتىڭىز. كاۋاپ، سامسا، لەڭمەننى بەك ياقتۇراتتىڭىز. ئۇ: توغرا ئېيتتىڭىز. لېكىن ئۇ رېستوراندا سىزنى كۆرگىنىم يوق. مەن: شۇنداق، سىز كەلگەندە مەن ئاشخانىنىڭ تاماق ئېتىدىغان

ئىچكىرىكى بۆلۈمدىن چىقمايتتىم. چۈنكى مېنىڭ دوكۇمېنتىم، ۋىزام بولمىغاچقا ساقچىلاردىن قورقاتتىم. ئۇ: رىسكولۇپ بايكا، بۇ كىشى راست ئېيتىۋاتىدۇ. مېنىڭ يەيدىغان تاماقلىرىمنىمۇ بىلىدىكەن. رىسكولۇپ: ئاكتىيابىر سىزگە رەھمەت، ۋاقتىڭىز بولسا بىر ئاز كۈتسىڭىز بىرگە چىقايلى - دېدى ئۆكتەبىر ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. رىسكولۇپ: ئابدۇرەھىم بايكا، يەنە بىر دوستىڭىز مۇشۇ تۈرمىدە. ئۇ قىرغىزچە ياكى رۇسچە بىلەمدۇ؟ - دېدى ئىشىمنى يەنە بىر قېتىم ئاسانلاشتۇرۇپ. مەن: ياق رىسكولۇپ بايكا. ئۇ دوستۇم ئۇيغۇرچىدىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ: سىز قىرغىزچىنى ياخشى سۆزلەيسىز. دوستىڭىز نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ مەن: سىزگە ئېيتتىمغۇ مەن ئاشخانىلاردا، رېستورانلاردا ئىشلىدىم. شۇڭا قىرغىزچىنى ياخشى چۈشىنىمەن، ياخشى سۆزلەيمەن. ئۇ دوستۇم ئۇيغۇر مەسچىتىدە ئىماملىق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ قىرغىزچە بىلمەيدۇ. رىسكولۇپ: ئۇنداق بولسا دوستىڭىز بىلەن قانداق سۆزلىشىمەن؟ مەن: ئۇيغۇر تەرجىمان كەلتۈرۈڭچۇ! ئۇ: ياق، بولمايدۇ. سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭلارنى سىرتتىكىلەر بىلىپ كەتسە بولمايدۇ. ئۆكتەبىر: مۇنۇ بايكام تەرجىمە قىلىپ بەرسۇنچۇ رىسكولۇپ بايكا - دېدى، تۈرمىدە ساقلاپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغاندەك. رىسكولۇپ: بۇ پرىنسىپقا چۈشمەيدۇ. ئۆكتەبىر: باشقا ئامالىڭىز بارمۇ؟ رىسكولۇپ: ئۇنداق بولسا ئابدۇرەھىم بايكا سىز تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىڭ. لېكىن ماڭا تۇزاق قويسىڭىز ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىسىز.

تۈرگۈن قارىمىنىڭ قىرغىزچە بىلمەيدىغانلىق تاكتىكىمىزدىكى چوڭ مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولساقمۇ،

لېكىن گەپنىڭ بىر يەردىن چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىۋالغان بولدۇق. ئۇنى سوراق خانىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، رىسكولوپ: ئابدۇرەھىم بايكا سىز دوستىڭىزغا چۈشەندۈرۈڭ، يالغان سۆزلىسە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. مەن سورىغان گەپكە توغرا جاۋاب بېرىشى كېرەك ـ دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەرمىسەممۇ تۇرگۇن قارى چۈشىنەتتى. ئەمما تاكتىكىدىن پايدىلاندۇق. قارىمىنىڭ سورىقى بەش مىنۇتتىن ئاشماي تۈگىدى. رىسكولوپ: ئابدۇرەھىم بايكا سىز ئۆزىڭىزگە ياخشى قىلمىدىڭىز. ئادەملەرنى تاپشۇرمىدىڭىز. دۆلىتىمىزدە قايسى تەشكىلات ۋە كىملەر بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە گاراژدانلىق بېرىشتە مەن ئامالسىز قېلىشىم مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن كەلمەيمەن. بېشىڭىزغا ئېغىرچىلىق كەلسە رىسكولوپ بايكام بىلەن سۆزلىشىمەن دېسىڭىز، ماڭا يەتكۈزىدۇ. خۇداغا ئامانەت ـ دېدى، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن قاتىلدەك، بەت ـ بەشىرە چىرايىنى يوشۇرالمىغان ھالدا.

كامېرغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ھەزىم قىلىشقا باشلىدىم ـ بېشىمغا بۇنىڭدىن باشقا نېمە كېلەتتى؟ ئاخىرقى ھېسابتا خىتايغا تاپشۇرىدۇ. تۇزاق قۇرۇپ مېنى تۇتقانمۇ، تۈرمىگە سولىغانمۇ، خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانمۇ مۇشۇ قاتىلنىڭ ئۆزى تۇرۇپ، بېشىمغا كېلىدىغان يەنە باشقا يامانلىق بولسا، مۇشۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغان تۇرۇپ، دەۋاتقان بۇ گېپىنىڭ مەناسى نېمە؟ ئېھتىمال جېنىمنى قۇتقۇزۇشنىڭ ۋەسۋەسىدە، بىرەر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىشىمنى كۈتكەندۇر تايىنلىق.

ۋەتەندىكى تۈرمە سوراقخانىلىرىنىڭ تاملىرىدا 91 ـ يىلى 15. يانۋاردىن ئىلگىرى «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، جاھىللىق قىلغانلارغا ئېغىر جازا» دېگەن لەۋھە ئېسىغلىق بولۇپ، مەھبۇسلار ئۇنىڭغا مۇنداق مەنا بېرەتتى: «ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك، قانچىلىك دېسەڭ شۇنچىلىك.» ئېغىر جازالىنىپ كېتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى، تۈرمىگە گۇمانلىق جىنايەتچى بولۇپ كىرىپ، ئىقرار قىلىپ كەڭچىلىككە ئېرىشىش نىيىتىدە، ھېچكىم بىلمەيدىغان، يىپ ئۇچى بولمىغان مەخپىي جىنايەتلىرىنىمۇ پاش قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئوتقا تىقىپ قويىدۇ. بەزىلىرى ئۆلگىچە تاياق يەپمۇ بەرداشلىق بېرىپ، ئىقرار قىلمىغان جىنايەتلىرىنى، كامېرداشلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان پايلاقچىغا دەپ قويۇپ، ھەتتا بېشىدىن كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

مەن خىتايغا ئۆچ، خىتاينى دۈشمەن كۆرۈپ چوڭ بولغانلىقىم ۋە كىچىك چاغلىرىمدىنلا ئائىلە، جەمەت بويىلاپ خىتاينىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، زىيانلانغۇچىلارنىڭ بىر پەرزەنتى ئىكەنلىكىمنى بىلگەن، خىتاينىڭ زۇلمىدىن ھەسرەتلىك يۈرەكنىڭ ئىگىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن، گۆدەك چاغلىرىمدىنلا خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىش غوم بىلەن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىقىنىمۇ يېتىلدۈرگەن ئىدىم. شۇڭا سوراق جەريانىدا، كامېر ئىچىدە بولىدىغان قايمۇقتۇرۇش، ھىلى، تۇزاقلار توغرىسىدا سابىق مەھبۇسلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشنى مۇھىم ئادىتىمگە ئايلاندۇرغان ئىدىم. 82 ـ يىللىرىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغىلى تۇرغان تۈرلۈك نەزەرىيىۋى، ھەم ئۆگىنىش كىتابلىرى ئارىسىدا «جىنايەت

لوگىكىسى، جىنايەتچىلەر پسىخىكىسى، دىپلو ۋە قانۇن» قاتارلىق كىتابلارنى، «جۇڭگو قانۇنى، قانۇندىن ساۋات، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك قانۇن نىزامناملىرى، دىپلو ۋە رازۋىت قىلىش ئۇسۇلى، ئادوكاتلار قوللانمىسى» قاتارلىق قانۇنغا ۋە قانۇن تەتقىقات، تەدبىقاتلىرىغا ئائىت كىتابلارنى پۇختا ئوقۇپ، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشكەندە نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق توغرىسىدا يېتەرلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا، ئەقلى، روھى تەييارلىقىغا ئىگە بولغاچقا، ئاللاھ ماڭا بەرگەن ئەقلىنى، ۋاقتىنى توغرا سەرپ قىلغاچقا، مەي چۈجاڭدەك ۋەھشى قاتىلنىڭ تۇزاقلىرىدىن ئامان قالغان ئىدىم. ئۇنىڭغا سىلىشتۇرغاندا، ئاتالمىش «ك گ ب» نىڭ ماڭا ئىشلەتكەن ھىلى، نەيرەڭ، ئەقلى تاكتىكىلىرى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچۇقى ئىدى. لېكىن ئاچارچىلىقتىن باشقا، يەنە قايسى ئۇسۇلدا تەن جازاسى بېرىدىغانلىقى بىر ۋەھىمە بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئەگەر بەدەنگە ئۇنداق ياكى مۇنداق نەرسىلەرنى سانجىپ قىينايدىغان ئىش بولمىسىلا، تاياق، توقماق دېگەن چاغلىق نەرسە ـ چۈنكى ئادەم بەدىنى تاياق تېگىشتىن ئىلگىرى ئاغرىيدۇ. ئەمما تاياق تېگىش بىلەن تەڭ ئاغرىقنىڭ كۈچى تۆگەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ «بېشىڭىزغا بېرەر ئىش كەلسە ...» دېگەن سۆزىنىڭ ۋەھىمىسى كاللامنى پاراكەندە قىلاتتى.

كۈنلەر جەھەننەمنىڭ مىڭ يىلىدەك ئازابلىق ئۆتمەكتە. بۇ تۈرمىگە قامالغىلى بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى. سىرتتىن بىرەر شەپە يوق. 15 ـ ئۆكتەبىردىن باشلاپ رەسمى قىش بولۇپ كەتتى. قار يېغىپ، يەر جاھاننى مۇز قاپلاپ كەتتى. ئۈچ قىرلىق تۆمۈر بالداقلىق كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە

كىچىلەپ، كۆندۈزلەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرىدىغانلا گەپ. كىچە بولامدۇ، كۈندۈز بولامدۇ ئۇيقۇ باسقاندىلا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتمىسە، باشقا چاغدا بۇ سوغاق ھەم رەھىمسىز تۆمۈر بالداقنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇراپ يېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھېچ كىم گەپ قىلمايدۇ. گەپنىمۇ قوساق توق بولسا دەيدىغان ھەم ئاڭلايدىغان نەرسە ئوخشايدۇ قارىغاندا. كامېردىكىلەرنىڭ ئارىسىدا تۆلكە باي بەك تىرىشچان. ئۇ ھەر كۈنى ئوخشاش قەرەلدە، بولىكا بېرىدىغان ۋاقىتقا ئاز قالغاندا ئادىتى بويىچە، شەپكىسىنى قاتلاپ ئۆمۈلەپ يۈرۈپ، ئوتتۇرىدىكى بوش يەرنى بىر قېتىم سىپاپ چىقىدۇ. كامېرغا سولانغان دەسلەپكى كۈنلەردە تۈرمىنىڭ قائىدىسى ئوخشايدۇ ـ دەپ ئويلاپ قالغان بەزى ئىشلارنى چۈشۈنۈپ يەتكەن ئىدىم. ۋەتەندىكى تۈرمىلەرنىڭ بەزىسىدە «ئالتە مەجبۇرىيەت، ئالتە چەكلىمە» دېيىلىدىغان، تۈرمە تۈزۈمىنى تاختايغا يېزىپ، كامېرنىڭ غول تېمىغا ئېسىپ قوياتتى. ياكى كونا مەھبۇسلار يېڭى مەھبۇسلارغا ئاغزاكى ئۆگىتىپ قويىدىغان تۈرمىلەرمۇ بار ئىدى. ئەمما بۇ تۈرمىدە ئۇنداق بىر قائىدىنى نە تاختايدا، نە مەھبۇسلاردىن ئاڭلىمىغاچقا، بەزى يوچۇن ئىشلارنى ئۆزۈمچە تۈرمە قائىدىسىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. تۆلكە باينىڭ يەرنى سىپاپ چىقىشى تۈرمە قائىدىسى بولماستىن، بەلكى بىز يەيدىغان تۇخۇمچىلىك قارا بولكىنىڭ تېرىقتەك، چىۋىنىنىڭ قانىتىچىلىك قاسىراقلىرى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، پاكىز يەرگە چۈشسۇن ـ دەپ شۇنداق قىلىدىكەن. ئاھ خۇدا! تۇخۇمچىلىك قارا بولكىدىن چاچراپ كەتكەن، تېرىقتەك چېپىنداق ئۇچۇن ئۆمۈلەپ يۈرۈپ، يەرگە داستىخان تەييارلايدىغان گەپ. بولكا يېگەندە ئىككى

ئالقاننى جۈپلەپ، بارماقلارنى جىپسىلاپ، خۇداغا دۇئا قىلىۋاتقاندەك ئولتۇرۇپ يەيدىغاننىڭ سىرىنى ئەمدىلەتىن چۈشىنىشكە باشلىدىم. بۇ تۈرمە قائىدىسى بولماستىن بەلكى بىر كۈنلۈك رىزقىنىڭ تېرىقچىلىق چېپىندىقىنىڭ قاڭقىپ چۈشۈپ غايىپ بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، شۇنداق ئاۋايلايدىغان ئىشكەن. بۇنداق قىلىشقا ھەرقانداق زورلۇق كۈچىدىنمۇ، ئىسراپ قىلساڭ يامان بولىدۇ- دېگەن دىنى تەشەببۇستىنمۇ، ئىسراپخورنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ - دېگەن دىنى تەھدىتلەردىنمۇ كۈچلۈك، ئۆتكۈر بىر كۈچ زورلايدىكەن. ئۇ بولسىمۇ ئاچارچىلىق، ئېچىرقاپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان كۈچ. لېكىن قورساقنىڭ ئېچىپ كېتىشىدىن باشقا ئەقلىنىڭ، روھنىڭ ئېچىرقاپ كېتىشىگە ھېچ قانداق تەھدىت تەڭ كېلەلمىسە كېرەك. تۇخۇمچىلىك بىر پارچە بولكا ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەم ئۈچۈن، تاغنىڭ ئۈستىگە تېرىقنى تاشلىغانچىلىك ۋەزنى بولمايۋاتسا، ئۇنىڭدىن چاچراپ چىقىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، تېرىقچىلىك چېپىنداقنىڭ ۋەزنى بولسۇنمۇ! بىچارە تۆلكە باي ھەر كۈنى قەرەللىك ۋاقىتتا يەردە ئۆمۈلەپ يۈرۈپ، ئاشۇ تېرىقچىلىك چېپىنداق ئۈچۈن خۇددى داستىخان سالىدۇ. قايسى بىرىمىزنىڭ چېپىندىقى قاڭقىپ كەتسە: بولكام يەرگە چۈشۈپ كەتتى، قىمىرلىماڭلار، تېپىۋالاي - دەپ ئۆتۈنىمىز. پەس قەۋەتتىكىلەرگىمۇ قىينالمايلا چېپىندىقنى ئىزدىيەلەيدۇ. لېكىن ئۈستۈنكى قاتتىكىلەرنىڭ يەرگە چۈشمىكى، چېپىندىقنى تاپقاندىن كېيىن يۇقىرىغا چىقىشى ئالەمچە مۇشەققەتلىك. بەزىدە بىر ئاش پىشما يەردە ئۆمۈلەپ يۈرۈپمۇ چېپىندىقنى تاپالماي، كۆڭلى يېرىم، ئۈمۈتسىز ھالدا يۇقىرى قەۋەتكە يامىشىدۇ. نېمىشقىدۇر

كۈندىن كۈنگە كامېرىنىڭ ئىچى خىرەلىشىپ، ھەممە نەرسە غۇۋا كۆرۈنمەكتە. ئەمما ئۇچۇپ كەتكەن چېپىندىقىمىزنى تۆلكە باي بەك قىينىلىپ كەتمەيلا تاپالايدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئۆتۈنمىسەكمۇ: بولكام ئۇچۇپ كەتتى - دېسەكلا، ئۇ ئۆزى ئۆمۈلەپ يۈرۈپ تېپىپ بېرىدۇ. كامېرىدىكى ھېچبىرى باشقىلارنىڭ ئۇچۇپ كەتكەن چېپىندىقىنى يەۋالمايدۇ. شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە بىك بولاتنىڭ ئاپىسى بىر دانە ئاق نان كىرگۈزۈپتۇ. - ئۇيغۇر نېنى! قاشقار نېنى - دەپ، كامېرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۇلدۇرلاپ سايرىشىپ كەتتى ھەم ناننى قولدىن قولغا ئېلىپ، پۈتۈن دۇنيانى دەم تارتىپ يۈتىۋەتكۈدەك ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرۈپ پۇراپ چىقتۇق. شۇ تەرىقىدە بىر قانچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ پۇرىۋالغاندىن كېيىن، تۆلكە باي چاپىنىنى يەرگە يېيىپ كۆپچىلىكنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ھەممىمىز شۇنچىلىك ئېچىرقاپ كەتكەن بولساقمۇ، ئۇ تەخسىچىلىك بىر تال نانغا شېرىك بولۇشقا رايىمىز يوق ئىدى. بىر ئادەم بولسىمۇ قوۋزى توشقىدەك، ئاشقازىنىغا چۈشكىدەك بىر نەرسە يەۋېلىشى ھەممىمىزنى مەمنۇن قىلاتتى. بىراق ساھىبخان تۆلكە باي: سىلەر يېمىسەڭلار ناننى قايتۇرۇپ چىقارتىۋاتىمەن، سىلەر يېمىگەن نان بوغۇزىمدىن ئۆتەمدۇ؟ - دەپ، مەرتلىك قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، كۆپچىلىك يەرگە چۈشۈپ، داستىخاننى چۆرىدەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇق. تۆلكە باي ئېھتىيات بىلەن ئوشتۇپ، بىر ناننى سەككىز پارچىگە بۆلدى. مۈشۈكنىڭ ئالقىنىچىلىك نانلىرىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ بولۇپ، بىگىز بارمىقىمىزنى تىلىمىزغا تەككۈزۈپ نەمدەپ، چاپاندا قالغان نان ئۇۋاقلىرىنى پەم بىلەن يەۋەتتۇق. ئاندىن ناننى

مىغىــزدەك ـ مىغىــزدەك چىشــلەپ، تــا ئېرىــپ بوغۇزىمىزدىــن ئۆتــۈپ كەتكۈچــە چاينىمــاي، يۈتمــەي، ئۇزۇنۇنىدىــن ـ ئــۇزۇن نــان يېــدۇق.

مــەن ئاســتا يامىشــىپ كارۋىتىمغــا چىقىــپ، قاتمــۇ قــات تۆمــۈر رېشــاتكا ۋە قويــۇق ســىم تــور بىلــەن قاپلىنىۋەتكــەن پەنجىرىدىــن سىــرتقا قارىدىــم. قــار توختــاپ، پۈتــۈن جاھــان ئــاق يوپۇقنىــڭ ئاســتىغا كۆمۈلگــەن، كۆزنىــڭ نــۇرى يەتكــۈدەك ئەتراپنــى كۆرگىلــى بولغــۇدەك بولــۇپ قاپتۇ. ئۇزۇنۇنىدىــن ـ ئۇزۇن قارىغاندىــن كېيىــن، يېقىنلا ئەتراپتىكــى ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىســىدا نىجــات ھۆســەيىن ئەپەندىنىــڭ قورۇســى كۆرۈنــدى. بــۇ مــاڭا شــۇنداق كۆرۈنۈۋاتامــدۇ، ياكــى راســت شــۇ قورۇمــۇ بىلمەيتتىــم. ئەممــا كــۆز ئالدىمــدا ھېلىقــى زىيابــەت داستىخانلىرى يېيىلىــپ ياتاتتــى. تۈرلــۈك نــازۇ نېمەتلــەر، يەمىســە ـ يــاق! كۈلكــە ـ چاقچاقــلار، يانچۇقتــا قانۇنلــۇق دوكۇمېنــت بــار. يــۈرەك تــوق، ھېچكىمدىــن قورقۇنــچ يــوق. شــۇ تاماقلارنــى نېمشــقىمۇ تــازا يەۋالمىغــان بولغىتتىــم؟ يــان قوشــنىلارنىڭ ئۆيــدە ھېلىقــى ئېســىل تائاملارنــى تىلىمغــا تېتىمىغــان بولســىمۇ زورلاپ تــۇرۇپ، نېمشــقا قارنىــم يېرىلىــپ كەتكۈچــە يەۋالمىغــان بولغىتتىــم؟ كىچىــك چاغلىرىمدىــن تارتىــپ، ئاپامنىــڭ تاماقلىرىنىمــۇ گۆشىســىز بولــۇپ قالســا يېمەيدىغــان ئادەتلىرىــم بــار ئىــدى. تۈنجــا قېتىــم تۈرمىگــە قامالغانــدا، ئــۈچ ئــاي ئــاچ قويۇلغاندىــن كېيىنمــۇ تامــاق تاللاش مىجەزىــم ئۆزگەرمىگــەن ئىكــەن. تەمسىز تاماقنــى ھەتتــا مېھماندارچىلىقتــا بولســىمۇ يېمەيتتىــم. تىلىمغــا تېتىمىغــان تاماقنــى زورلاپ يېگۈچــە ئــاچ قورســاقلىقنى ئــەۋزەل بىلەتتىــم. بىــراق ھازىــر پۈتــۈن دۇنيادىكــى تاماقلارنىــڭ تەمىنــى، سۈپىتىنى تاللىمــاي يەۋاتىمــەن. ھېــچ تويىدىغانــدەك

ئەمەس. يۇرتىمىزنىڭ يۇقىرىسىدىكى چوڭ كۆلگە چىقتىم بىرمۇنچە ئاغىنىلەر بىلەن. چوڭ كۆل بىردانە داشقازانغا ئايلاندى. يايلاقلاردىكى بارلىق قوي، كالا، ئۆچكىلەرنى بوغۇزلاپ، سويۇپ داش قازانغا تاشلاپ پىشۇردۇق. بىر باشتىن يەۋاتىمەن. سۆڭەكلەر تاغدەك دۆۋىلىشىپ كەتتى. لېكىن قورسىقىم تويىدىغاندەك ئەمەس. سۈت، ھەسەللەر دەريالاردا ئېقىۋاتىدۇ، ئىچىپ قانمايۋاتىمەن. ئاچ قالغاندا، سوغاق بەدەننى بەك چاقامدۇ، ياكى سوغاق بەدەننى بەك چاققاندا ئاچلىق ئازابى بەك چاقامدۇ؟ ـ بۇنىڭ ئازابىنى ھەم ئېچىرقاپ كەتكەن ھەم سوغۇقتا قالغان كىشى بىلىدۇ. ئاچلىق بەدەننىڭ ئىچىدىن چاقىدۇ. سوغاق بەدەننىڭ سىرتىدىن چاقىدۇ. ياتاي دېسە، ئولتۇراي دېسە قىرلىق ھەم سوغاق تۆمۈر بالداقلار سۆڭەككىچە پېتىپ كېتىۋاتقان. ئۆرە تۇراي دېسە تۇرغۇچىلىك ماغدۇر يوق. تەن جانغا يۈك، جان تەننى تاشلاپ چىقىپ كەتمەي، ئازابقا باغلاپ تۇرغان. پۈتۈن دۇنيادا ئىسسىق بىر ئاخشام، يۇمشاق بىر كېچە، ئېغىز تولغۇدەك بىر لوقما تاماق بارمىدۇر؟ دوزاخمۇ سوغاقمىدۇر؟ دۇنيا نەقەدەر سوغاق، نەقەدەر قاتتىق ھە! دوزىخىلارغا ئازابىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تېرىلىرىنى يېڭىلايدىكەن. ئاللاھ قۇدرىتىنى ئىشلىتىپ مېنىڭ تېرىلىرىمنى سەزمەس، ئەتىسىز بەدەنلىرىمنى، سۆڭەكلىرىمنى ئاغرىماس، سوغۇقنى بىلمەس قىلىۋەتسە، يېگۈدەك رىزقى بەرمىگەنىكىن، قورسىقىمنى ئاچماس قىلىۋەتسە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمدىن مەھرۇم قىلغاندەكلا، مېڭەمنى ئويلىنالمايدىغان قىلىۋەتسە، تەنلىرىمنى توڭلاتقاندەك ھېسلىرىمنىمۇ توڭلىتىۋەتسە نېمە بولار ئىدى! خالىغىنىمدەك ياشاشقا پۇرسەت بەرمىگەنىكىن،

بەرگەن هاياتلىقنىڭ نېمە ئەهمىيىتى؟ مۇشۇ كۆڭلەر تەقدىرمىدۇر؟ مۇشۇ خارلىق قىسمەتمىدۇر؟ ـ ياق، بۇنىڭ تەقدىرـ قىسمەت بىلەن ئالاقىسى يوق. تەقدىرـ قىسمەت بۇ قەدەر مەنىسىز نەرسە ئەمەس. ئاللاھ بۇ قەدەر تۇتامسىز ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ، ئاجىز قۇللارنى تېخىمۇ بىچارە قىلىپ، دادلىتىپ، قاخشىتىپ هۇزۇرلىنىدىغان پەسكەش ئىنسانلارغا ئوخشىمايدۇ! قىسقىسى مېنىڭ بۇ ئازابلىق كۆڭلىرىم بىلەن ئاللاهنىڭ جاۋابكارلىقى يوق. ئاللاهنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى باشقا. مېنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىم باشقا. مەن «ب د ت» نىڭ قولى بىلەن مۇشۇ كۆڭگە قېلىپ، ئەمدى هېسابىنى ئاللاهقا ئارتىپ قويسام، ئاللاھ بەرگەن ئەقلگە ئەۋۋال قىلغان بولمايمەنمۇ! لېكىن ئەقلىنىڭ ئىشقا يارىغۇدەك نېمىسى قالدى؟ ئەقىل ئىشلىگەن بولسا، سېپىت نوچىدەك ئۆلۈم خېتىمنى تۆش يانچۇقۇمدا كۆتۈرۈپ يۈرەتتىممۇ! ئىچىم ۋە تېشىمدىن قىيناۋاتقان ئازابقا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم قالمىغان ئىدى. مېنى مۇشۇ ئازابقا تاشلاپ قويغان «ب د ت» دىن باشقا، مېنى بۇ ئازابتىن چىقىرىدىغان كىشى يوق ئىدى. مەن بوينۇمنى يۇمشاق قىلىشىم كېرەك! دۈشمەنگە مەرتلىك ئىشلىمەيدۇ. دۈشمەن هىلىگەر، نامەرد بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەش كېرەك! مەن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئويلاپ چىقىپ، قولۇمدىن كېلىدىغان، ئەڭ ئاخىرقى بىرلا چارىنى ئىشقا سالماقچى بولدۇم.

بىز ساقچىلاردىن ئېھتىيات قىلىپ، يانچۇقلىرىمىزغا بىر ئاز پۇل سېلىپ قوياتتۇق. تۇتۇۋالغان ساقچىغا يانچۇقتىكى پۇلنىڭ هەممىسىنى بېرىپ بولساقمۇ، يەنە بىر نەرسە ئۈندۈرمەن دەپ، قويۇپ بەرمەيتتى. شۇ چاغدىلا ناسكايىنىڭ

ئىچىگە، ئىشتاننىڭ پۇچقاقلىرىغا تىقىپ قويغان ئاخىرقى پۇلنىمۇ بېرەتتۇق ـ دە، شۇ چاغدىلا ھېچنەرسىمىز قالمىغانلىقىغا قانائەت قىلىپ، قويۇپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭدىنمۇ پۇختا ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئاياغلىرىمنىڭ ئىچ چەمىنىڭ ئاستىغا، ھەر بىرىگە يۈز سوملۇقتىن بىرنى نىپىز پلاستىك بىلەن ئوراپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاياغنىڭ چەمنى يىلىم بىلەن قايتا يەملەپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدىم. بۈگۈن ـ 21 ـ ئۆكتەبىر كەچلىك ئىسمىنىدا پولات بېك يەنە بىر ئورۇس گۇندىپاي بىلەن نۆۋەتچى ئىكەن. مەن ئىككى يۈز سوم پۇلنى ئاياغنىڭ چەمدىن چىقىرىپ، پولات بېكنىڭ تېزراق كېلىشىنى كۈتتۈم. ئۇ ئىشقا چۈشۈپلا ئادىتى بويىچە ئىشىكتىكى كۆزنەكنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ، مەھبۇسلار بىلەن سالاملىشاتتى. ئۇ قوشنا كامېرىدىكى مەھبۇسلار بىلەن سالاملىشىۋاتقاندا، ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ بىزنىڭ ئىشىك كۆزنىكىنى ئېچىپ مېنى كۆردى ۋە: ئابدۇرەشىد بايكا، سىزگە بىر ئىش بولدىمۇ؟ ـ دەپلا ئىشىكنى ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى: ياق، ئەندىشە قىلماڭ پولات بېك بايكا. يېنىڭىزدا بىرسى بارمۇ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ ئىككى يېنىغا قارىۋېتىپ: ياق، مەن بۇ قەۋەتتە يالغۇز ـ دېدى. مەن پۇلنى مەھكەم سىقىمدىۋالغان مۇشتۇمنى كۆزنەكتىن چىقىرىپ، قولۇمدا بىر نەرسە بار، ئالقىنىڭىزنى ئېچىڭ ـ دېدىم پىچىرلاپ. ئۇ ئالقىنىنى ئاچتى. پۇلنى ئۇنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ: بۇ كامېرىدىكىلەر بەك قىيىنىلىپ كەتتۇق. بۇ ئاقچىنى قانداقلا قىلسىڭىز مەيلى، بىزگە بىر قېتىم تويغۇدەك نان ئەكىرىپ بېرىڭ ـ دېدىم تىترەك ئاۋازدا يىلىنىپ. ئادەتتىمۇ بەزگەكتەك تىترەپلا تۇراتتۇق.

ئۇ: ئابدۇرەشىد بايىكا مېنى خىجىل قىلماڭ. خىزمەتتىكىلەر مەھبۇسلارغا بىر نەرسە ئەكىرىپ بەرسە بولمايدۇ ـ دېدى تەمكىن چۈشەندۈرۈپ. مەن: ئۇنى بىلىمەن، بىرەر دوستىڭىزغا دېسىڭىز شۇ ئەكىرىپ بەرسە بولىدىغۇ. ئۇ: توغرا دېدىڭىز، شۇنداق قىلساقمۇ بولىدىكەن. ھە راست سىزنىڭ دوستلىرىڭىز يوقمۇ؟ مەن: مېنىڭ دوستلىرىم بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدىغان تۇرسا، ھەم قانداق ئالاقە قىلىمەن؟ مەن بىرسىنىڭ نومۇرىنى بەرسەم، سىز تېلېفون قىلىپ ئېيتىپ قويالامسىز؟ ئۇ: سىزنى دىجۇرنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقسام، ئۆزىڭىز تېلېفون قىلسىڭىز بولامدۇ؟ مەن: ئۇنداق قىلساق تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، سىزگە كۆپ رەھمەت.

پولات بېك مېنى دىجۇرنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. مەن ئەڭ مۇھىم دەپ يادلىۋالغان نومۇرلاردىن ئۈچىنچى كىشىگە ئاران ئۇلىشالىدىم. ئۇ كىشى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىدىن، بىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمىزغا مەسئۇل خادىم ئىدى. ئۇنىڭغا بىزنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمىزنى، بەك ئاچ قالغانلىقىمىزنى، بىزنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئېھتىماللىقىنى، شۇڭا ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم تويۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن نان، سامسا، كاۋاپ كىرگۈزۈپ بېرىشىنى، بىزنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىمىزدە «ب د ت» ئىشخانىسىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.» تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىشىمىز ناتايىن. لېكىن بىزنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمىز ئاشكارىلىنىپ كەتسە، بىزنى بىر يالماپلا ئۇنچىلىك ئاسان يۇتىۋېتەلمەيتتى. مەن دۈشمەنلەرنىڭ بىر چوڭ

مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىۋەتتىم. قورسىقىم ئاچ بولسىمۇ كۆڭلۈم توق، جىسمىم مۇزلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ھېسلىرىم قايناق ئىدى. قانداق نەتىجىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئۆزەمنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتىن باشقا، يەنە بىر قىلالايدىغان ئىشىم قالمىغان ئىدى.

مۇشۇ يېقىندىن بېرى، ھەر كۈنى كاشا ۋاقتى بىلەن بىزنىڭ كارىدوردا دۈم، گۈم، تاك، تۇك قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئارىلاپ رۇسچە تىل - ھاقارەتمۇ ئاڭلىناتتى. لېكىن چۈشىنىكسىز تەرىپى: غىق، ھېق قىلغاندىن باشقا ئاللا- توۋا، ۋايجان دېگەندەك دادلاش ئاڭلانمايتتى. تۈرمىدە مۇشتلىشىش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ گۆرىدىن يېڭى قېچىپ چىققان روھ ئەرۋاھتەك، ماغدۇرسىز مەھبۇسلار قانداقمۇ مۇشتلىشالىسۇن. بۈگۈن كاشا ۋاقتى بىلەن، بىزنىڭ كامېرىنىڭ ئىشىكى ھەيۋەتلىك ئېچىلىپ، ئاجايىپ بەت - بەشىرە بىر ئورۇس ئوفىتسېر مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ، كارىدورغا چىق دېدى. مەن مىڭ بىر جاپادا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، كارىدورغا چىقتىم. مېنىڭدىن باشقا يەتتە كىشى تامغا سىرتىنى قىلىپ تىك تۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا تىزىلدىم. ئىككى قوشۇق كاشا نورمىسىنىڭ ئورنىغا ئۈچ مۇشتۇم، تۆت كەمەر يەيدىكەنمىز. بەستلىك ئوفىتسېر بىر ياقتىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغاچ، ھەر بىرىمىزنىڭ مەيدىمىزگە ئۈچ مۇشت ئېتىپ چىقىدىكەن. مۇشت تەگكەندە غىق، ھېق قىلىپ، بوغۇلۇپ قالىدىكەنمىز. مۇشتۇم نورمىسىدىن كېيىن، كەمەرنى قاتلاپ تۇرۇپ، ھەر بىرىمىزنى تۆت قېتىم ئۇرۇپ چىقىدىكەن. تاياقتىن كېيىن بىر قىرغىز گۇندىپاي ئالدىمىزغا چۈشۈپ،

بىزنى ئەگەشتۈرۈپ يەر ئاستى قەۋەتكە ئېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە مۇزغا دەسسەيدىكەنمىز. يا رەببىم! كىچىك چاغلىرىمدا دادامنىڭ، ئاپامنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ۋە دادامنىڭ بىر قانچە يېقىن دوستلىرىنىڭ سوراق جەريانىدا ئايلاپ مۇزغا دەسسىتىلگەن، زۇلۇملۇق كەچمىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن كۆپ ئاڭلايتتىم. بۈگۈن ـ 96 ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىر ئەتتىگەن سائەت توققۇز ئەتراپىدا ئۆزەم مۇزغا دەسسەۋاتىمەن. پىچاق ئارقىسى، ياكى چىرىمدان مۇز تۇتۇپتۇ دەيتتۇق، قىش يېڭى باشلىنىپ جاھان مۇزلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە. مەن كىچىك چاغلىرىمدا ئويلاپ قالغاندەك، يوغان كۆمەل مۇزنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويمايدىكەن. ئەسلىدىنلا مۇزلاپ كەتكەن جىسمىمىزنى بۇنچىلىك مۇزغا دەسسىتىپ يەنە قانداق توڭلىتالايدىغاندۇ؟ بۇنىڭسىزمۇ توڭلاۋاتقان تۇرساق! بىراق يېرىم سائەتكىچە ئاستىمىزدىكى مۇزنىڭ توڭلاتقانلىقى بىلىنمەيدىكەن. يېرىم سائەتتىن كېيىن پۇتنىڭ ئالقىنىدىن باشلاپ سوغاق چېقىشقا باشلايدىكەن. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئاغرىق ئارىلاش سوغاق سېزىم تىزغىچە ئۆرلەپ، پۇت ـ پاچاقلار سوغاق تۆمۈرگە دەسسىگەندەك شۇنچىلىك يېقىمسىز ئاغرىيدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سوغاق سېزىم ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، پۇتنىڭ ئالقىنىدىن كىرگەن يىپتەك بىر ئىنچىكە قىزىقلىق مېڭىگىچە ئۆرلەيدىكەن. پۈتۈن بەدەن جالاقلاپ سىلكىنىۋاتقان، سۆڭەكنىڭ ئىچىدە قىزىتىلغان زىقنى ماڭغۇزىۋاتقاندەك بىر سېزىم ئادەمنى غەلىتە بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. مۇزداشلىرىمنىڭ بەزىلىرىگە ئۈچ كۈن، بەزىلىرىگە بەش كۈن بولۇپتۇ. جىنايىتىنى ئىقرار قىلمىغانلارنى قىينايدىغان

ئۇسۇلمىش. ئاستىمدا مۇز لېكىن مېڭەمدىن تۈتۈن چىققىلى تۇرغاندا، مۇزخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىزنى يۇقىرى قەۋەتكە ئېلىپ ماڭدى. بىراق پۇتلار ئەيۋەشكە كەلمەيتتى. ھېلىمۇ ياخشى پەلەمپەي بار ئىكەن. بىز گۆردىن قېچىپ چىقىۋاتقان مۇردىلاردەك پەلەمپەيلەردىن ئۆمۈلەپ، يۇقىرى قەۋەتكە چىقتۇق. ئاڭغىچە پۇت ـ پاچاقلار بىر ئاز يۇمشاپ قاپتۇ. تام ياقىلاپ مېڭىپ ئۆلۈم جاپادا كامېرلارغا كىرىپ كەتتۇق. مېنى ئارمان بېك بىلەن تۆلكە باي يۆلەپ ئەكىلىپ كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇشىغا، چۈشلۈك قايناق چاي كەلدى. ئۆزەمنىڭ بىر قاچا چېيىمنى ئىچىۋېتىپ، يەنە ئىككى مەھبۇسلارنىڭ يېرىم چايلىرىنىمۇ ئىچىۋەتتىم. لېكىن يەنىلا جالاقلاپ تىترەيتتىم. ئارمان بېك بىلەن تۆلكە باي كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، پاچاقلىرىمنى قۇچاقلىدى. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدە مېنى ئىسسىتالىغۇدەك قىزىقلىق بولمىسىمۇ، سوغاق بەدەنلىرى بىلەن مېنى ئىسسىتىشقا تىرىشاتتى. كامېرداشلار نۆۋەتلىشىپ پۇت ـ پاچاقلىرىمنى قۇچاقلايتتى. بولكا ۋاقتىغىچە تىترەشلىرىممۇ توختىدى.

قەرەللىك تاياق، توقماق، مۇزغا دەسسەش داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۈچىنچى كۈنى بولكىدىن كېيىن، كەچ قۇرۇن سوراققا چىقتىم. سوراقخانىدا بىرى سوراقچى ئورۇس، بىرى تەرجىمان ھەم كاتىپ قىرغىز بولۇپ ئىككى ساقچى بار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ قىرغىزستاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا خىتايغا قارشى كىملەر بىلەن قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقىمنى، قايسى جىھاتچى تېررور ئېقىمى بىلەن قانداق جىنايەت قىلغانلىقىمنى سورىدى. رىسكولوپقا بەرگەن جاۋابىمنى ئەينەن تەكرارلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرمىدىكى مەخپىيەتلىكنى

قايسى مەقسەتتە «ب د ت» ئىشخانىسىغا يەتكۈزگەنلىكىمنى، تۈرمىدە كىم ياردەملەشكەنلىكىنى سورىدى. چۈنكى «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىدىن ھېلمۇت ئەپەندىلەر قىرغىز ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەپتىمىش. بىزنى يوشۇرۇن تۇتۇپ كېتىشى دېموكراتىيىگە قارشى، قانۇنسىزلىقمىش. مەن تۈرمىدىن تېلېفون قىلىپ، بۇ مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىۋېتىپتىمىشمەن. قىرغىز دۆلىتىنى «ب د ت» نىڭ ئالدىدا يامان كۈنگە قويۇپتىمىشمەن. مەن پەقەت نان كىرگۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تېلېفون قىلغانلىقىمنى، بىر ئورۇس ساقچى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ تېلېفون قىلىشىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتىم. قايسى كۈنى، قانداق ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىم، تۈرمىگە كىرىپ ئەتىسى ئەتىگەن بولسا كېرەك - دەپ ھۆشۈيۈپ تۇردۇم. (پولات بېك بىلەن شۇنداق دېيىشۋالغان ئىدۇق.) ئەگەر راستىمنى ئېيتمىسام ھەر كۈنى تاياق يەپ، ھەر كۈنى مۇزغا دەسسەيدىكەنمەن. بىلىدىغىنىم مۇشۇ- دەپ، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ باقتىم. لېكىن كېيىنكى كۈنى يەنە ئوخشاش تەكرارلاندى. كامېرىداشلىرىممۇ ھەركۈنى ئوخشاش ئۇسۇلدا مۇزلاپ قالغان جىسمىمنى ئېرىتەتتى. بىراق جاھان تېخىمۇ ئېغىر مۇز دەۋرىگە كىرمەكتە. بۆرەك، ئۆپكە، يۈرەك قاتارلىق ئەزالىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن تۆت كىشى بىر كاللەك بولۇپ قۇچاقلىشىمىز. يېرىم سائەت ئەتراپىدا دۈمبىنى دۈمبىگە چاپلاپ، يەنە يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئاكا ئۇكىلاردەك قۇچاقلىشىپ قوغدىنىمىز. ھېچكىمنىڭ بەدىنىدىن ئىلمان چاغلىق ئىسسىقلىق چىقمايدۇ. گەرچە ئىسسىنالمىساقمۇ، سوغاقنىڭ ئىچىمىزگە ئۆتۈپ كېتىشىگە قارشى قوغدىنىشىمىز كېرەك.

نويابىرمۇ يېتىپ كەلدى. ئىككى قوشۇق كاشا نورمىسىغا ئىشتىها ساقلاۋاتاتتۇق. بىراق يىللىق كاشا نورمىمىز تۈگەپ بولغانمىش. ئىككىنچى نويابىر كاشا ۋاقتى بىلەن پولات بېك ئىشىكنىڭ كۆزنىكىنى ئېچىپ: قاشقارلىق ئابدۇرەشىد بايكا، يان كامېردىكى قاشقارلىق دوستىڭىزغا نان كەلگەنتى، سىزگە مۇنۇ بىر ناننى بەردى - دەپ، ئۈستىگە قويۇق ھەسەل سۈرتۈلگەن بىر ناننى كۆزنەكتىن كىرگۈزدى. ناننى قايتا قايتىلاپ پۇراپ چىقتۇق. ھەسەل ئارىلاش نان پۇرىقىغا تازا قېنىۋېلىپ، سەككىز كىشى بىر توغرامدىن پارچىلاپ، سائەتلەرچە شۈمدۇق. تۇربا يولى ئارقىلىق تۈرگۈن قارىمغا رەھمەت ئېيتتىم. ئاقساقال سېلىم ھاجىم ئاكا كىرگۈزگەن نان ئىكەن. دېمەك بىزنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمىز ئۇيغۇر جامائەتلىرىگىمۇ ئاڭلىنىپ كەتتى دېگەن گەپ.

بەشىنچى نويابىر ئەتتىگەن تاياق يېيىش ۋە مۇزغا دەسسەش ۋاقتى بىلەن تۇيۇقسىز سوراققا چاقىرىلدىم. سوراقخانىدا رىسكولۇپ بىلەن بىر كاتىپى ئولتۇرۇپتۇ. رىسكولۇپ شۇنچىلىك سوغاق تەلەت: يەنە بىرسىنىمۇ ئالىپ كېلىڭ - دېدى، گۇندىپايغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ. ھايال ئۆتمەي تۈرگۈن قارىنىمۇ سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى.نېمىشقىدۇر رىسكولۇپ ئۆزىنى بىئارام بولىۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئېھتىمال «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسى ئەدىۋىنى بەرگەندۇر. ياكى بارلىق جازا قوراللىرى كارغا كەلمىگەچكە، ھېچنەرسە چىقىرالماي، يېڭىلگىنىگە تەن بەرگۈسى يوق، گەجگىسى قورۇپ قالغاندۇر. كىم بىلىدۇ، تۈرمىگە سولاپ قويغۇدەك گۇنا تاپالماي، قويۇپ بېرىشكە مەجبۇرلاندىمۇ تېخى. مەن

شۇلارنى ئويلاۋاتاتتىم، ئۇ تۇيۇقسىز: ئابدۇرەھىم بايكا، مەن سىزنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشتىم. لېكىن ئۆزىڭىز قۇتۇلۇشنى رەت قىلدىڭىز. سىز يالغۇزلا ئەمەس، مۇنۇ دوستىڭىزنىمۇ بىرگە ئوتقا تاشلىدىڭىز. سىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن خىتايدىن سەككىز نەپەر ئەمەلدارلار، ساقچىلار كەلدى. ئۇلار چەتئەلگە چىقىپ باقمىغان كىشىلەر بولغاچقا، بىرەر ھەپتە تاماشا قىلماقچى بولۇپتۇ. سىلەرنى 12 ـ نويابىر تاپشۇرۇپ بېرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن مەن كەلمەيمەن. سىلەرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان دوكۇمېنتنى تەييارلاپ كەلدىم. مۇنۇ دوكۇمېنتقا ئىمزا قويسىلەر، مەن بۇنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ ئىشىمنى تۈگىتىمەن ـ دېدى.

بۇنداق بىر شۇملۇقنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ راست ـ يالغان ئۈمىت بىلەن خام ـ خىيالدىنمۇ ۋاز كەچمىگەن. بىراق ھازىر قىسمەت يېزىلىپ بولدى. تاياق يېسەممۇ، مۇزغا دەسسەتسىمۇ، ئېچىرقاپ تۈگىشىپ كەتسەممۇ، توڭلاپ قېتىپ كېتىۋاتسامم‌ۇ، كۈنىمىزنىڭ ساناقلىق قالغانلىقىنى بىلمىگەن بولغاچقا، ھاياتتىن ئۈمۈتلىك ئىدىم. ئەمدى ھەممە ئىش مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. شۇنداق بولسىمۇ جان تاتلىققۇ! پۇتلىرى تۈشىلىپ، قاسساپنىڭ پىچىقى ئاستىدا ياتقان ئۆچكىمۇ تىپىرلاپ باقىدۇ. بەلكى بۇ رىسكولۇپنىڭ ئاخىرقى تاكتىكىسىدۇر. يالۋۇرۇپ باقايلى! بىز رىسكولۇپقا يېلىندۇق. يىغلامسىراپ ئۆتۈندۇق. ئۇيغۇر ـ قىرغىز قېرىنداش، قېرىنداشىمىزدىن پاناھلىق تىلىسەك، بىزنى دۈشمىنىمىزگە تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۆلۈمدىن قاتتىق ئاھانەت قىلغان بولىدۇ! بىز ئۇنىڭغا يالۋۇرىۋاتساق، ئۇ ھېلىقى بىز ئىمزا قويىدىغان دوكۇمېنتنى ئوقۇۋاتقانىدەك قىلاتتى، لېكىن

يۉزىنى توسۇۋىلىپ مىشىلدىغىلى تۇرۇپتۇ. مەن: رىسكولۇپ بايكا، سىزگە نىمە بولدى؟ يىغلاۋاتامسىز؟ ـ سورىدىم، ئۇنىڭ يەنە قانداق ھىلى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ. ئۇ قولىدىكى قەغەزنى شىرەگە قويۇۋىدى، كۆزلىرى قىزىرىپ كىتىپتۇ. ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ زاڭقىدىن تامچىغىلى تۇرۇپتۇ. مەن: رىسكولۇپ بايكا نىمىشقا يىغلىدىڭىز؟ ئۇ: ئۇيغۇر ـ قىرغىز قىرىنداش دىيدىڭىز ئابدۇرەھىم بايكا. ئۇيغۇرلار ئاغىمىز تۇرۇپ بىزنى قوغدىمىساڭلار، بىز كىچىك تۇرۇپ سىلەرنى قانداق قوغدايمىز؟ بىزدىن بەدەل تەلەپ قىلىسىلەر، لىكىن بىز ئۉچۉن بەدەل تۆلمەيسىلەر. قىرىندىشىڭلار ئۉچۉن قۇربان بولۇشنى خالىمايسىلەر. بىزنىمۇ خىتايلار بىسىۋالسا رازى بولامسىلەر؟ مەن: رىسكولۇپ بايكا ئۇنداق بولسا بىزنى خىتايغا بەرمەيدىغان، ھەم خىتاينىڭ ئالدىدا قيىن كۉنگە قالمايدىغان باشقا بىر ئامالنى قىلىسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇ: قانداق ئامالىڭىز بار؟ مەن: قىرغىزىستاندا قانۇنسىز ياشىغانلىق جىنايىتىمىز ئۉچۉن، قاماق جازاسىغا ھۆكۉم قىلساڭلار، ھاياتىمىزنى قوغداپ قالغان بولىسىلەرغۇ! ئۇ: ئابدۇرەھىم بايكا، سىزنىڭ ئىيتقىنىڭىز سوۋيت ئىتتىپاقىنىڭ زاكۇنىدىكى جازا ئىدى. ھازىر ئۇنداق زاكۇن يوق. مەن: قىرغىزىستانىنىڭ يىڭى زاكۇنى يوققۇ. بارلىق زاكۇنلار سوۋيت ئىتتىپاقىدىن قالغان كونا زاكۇنغۇ! ئۇ: بىراق بۇ يىل ئىيۇن، شاڭخەيدە بەش دۆلەت بىرلەشمە زاكۇن تۉزدى. خىتاي بىلەن قىرغىزىستان قاچقۇن ئالماشتۇرۇش توختامىغا ئىمزا قويۇشقان. شۇڭا سىزگە كونا زاكۇن بىلەن بۇ ياقتا جازا ھۆكۉم قىلساق، خىتاي ئۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. (ئۇ ئاخىرى راست گىپىنى ئىيتقان ئىدى.) مەن: ئەگەر دوكۇمىنتقا ئىمزا

قويمىساقمۇ خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرەلەمسىز؟ ئۇ: سىلەرنىڭ ئىمزا قويۇشۇڭلار پەقەت مېنىڭ خىزمىتىمگە ئالاقىدار ئىش. ئىمزا قويمىساڭلارمۇ قىرغىز ھۆكۈمىتى سىلەرنى خىتاي دېلېگاتسىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مەن: ئۇنداق بولسا ئىمزا قويۇپ بېرەيلى، سىزمۇ خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ قېلىڭ رىسكولۇپ بايىكا!

ئۆلۈم خېتىمىزگە ئىمزا قويۇپ بولۇپ كامېرغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، كارىۋاتقا چىقماي ئەتىگەنلىك تاياقنى ساقلىدىم. ئەمما بىرەر سائەتكىچە تاياقتىنمۇ ياكى مۇزغا دەسسىتىشتىنمۇ شەپە كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاستا كارىۋاتقا يامىشىپ، يۇقىرىغا چىقماقچى بولۇۋىدىم، ئۇڭ بىقىنىم بىلەن ئۇڭ يانپىچىم خۇددى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسىنى پەم بىلەن ئېچىپ بېقىنىمغا قارىسام، بارماقتەك ئېجىرىملىق كۆرۈنۈپ قالغان قوۋۇرغىلىرىمدىن ئىككى دانىسى تىرناق چوڭلۇقىدا ئېچىلىپ قاپتۇ. ئىشتاننى بىر ئاز تۆۋەنگە سىرىپ يانپىچىمغا قارىدىم. ئەتىسىز پولتىيىپ قالغان چاناق سۆڭەكنىڭ ئۈستى، تەڭگە چوڭلۇقىدا ئېچىلىپ قاپتۇ. يېغىرىمنى كامېرىداشلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ چىقىشتى. ئاچلىق ئازابى، سوغاق ئازابى، تاياق ئازابى، مۇزغا دەسسەش ئازابى يەتمىگەندەك، ئەمدىلىكتە سۆڭەكلىرىم ئېچىلىپ قالغان ئىدى. دېمەك، خىتاي ئۆلتۈرمىسىمۇ، ئۆلۈم ئۆزى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. (داۋامى كېيىنكى باپتا)

19.07.2019

## ئون بەشىنچى باب

## قىرغىزىستاندا - گۆر ئاغزىدىن قايتىش

جان قىينىلامدۇ ياكى تەن ئازابلىنامدۇ؟

ھەر بىر ئادەم ئۆز ئۆمرىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، چەكسىز ئارزۇ ـ ئارمانلارغا ئەگىشىدۇ. بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ھاياتلىق دېمەك ـ ئارزۇ ـ ئارمان دېمەكتۇر. ئادەم ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، ھاياتلىقتىن ئۈمىت ئۈزۈلگەندىمۇ، تەندىن جان چىقىپ كەتمىگەن مۇددەتتە ئارزۇ ـ ئارمان ئاخىرلاشقان بولمايدۇ. ئۈمىت رېئاللىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئەگەر يەتمەكچى بولغان نىشان رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان ئەھۋالدا ئۈمىت ئۈزۈلگەن بولىدۇ. ئەمما ئارزۇ ـ ئارمان رېئاللىق بىلەن ئەمەس بەلكى شېرىن خىياللار بىلەن بېزەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز يولىنى داۋام ئەتتۈرىدۇ. ئىنسان تەن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن جانلىقلار ئارىسىدىكى ئاجىزلارنىڭ بىرى. ئۇنى كۈچلۈك قىلغان ئامىل ئەقىل، ئىدراك، ئۈمىت، خىيال، ئارزۇ- ئارمانلاردۇر. ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇ ئامىللاردىن تولۇق ئايرىلىپ قالسا، ئۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن بەتتەر قورقۇنچ ئىچىدە قالىدۇ. قورقۇنچلۇق بولغىنى ئادەمنىڭ قارشىسىدىكى ھەيۋەت ئەمەس. ئەكسىچە ئادەمنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇ ئۆڭكۈردۇر. قورقۇنچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، چەكتىن ئاشقان يېرى ئۆلۈمدۇر. ئۆلۈمنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بارلىق

قورقۇتقۇچى ۋاستە ئىنسان بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەلەمپەيدۇر. ھاياتتا قورقمايدىغان، قورقۇپ باقمىغان ئادەم بولمايدۇ. ئابرويلۇقلار يۈزىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. مەنسەپدارلار ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. پۇلدارلار پېقىر بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ. ئادەملا بولىدىكەن قورقۇنچتىن خالىي ياشىيالمايدۇ. ئىنساننىڭ بارلىق قورقۇنچلىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياكى ئۇنىڭ تەسىرى يوقايدۇ، يېنىكلەيدۇ. لېكىن ئۆلۈم قورقۇنچىسى ئۇدۇللاپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ۋەھىمىسى پەقەت ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۆلۈمدىن قورقۇش دېگەنلىك - جاننىڭ قانداق چىقىشىدىن قورقۇش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بارلىق ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ، شېرىن خىياللارنىڭ، قىلماقچى بولغان، قىلالماي قالغان ئىش ھەرىكەت، پىلانلىرىنىڭ بىراقلا يوقىلىشىدىن ئۆكۈنۈش دېمەكتۇر. ئىنسان ئۆلۈم بىلەنلا بۇ دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىدۇ. ئۆزى قىلالمىغان ئىشلىرى، قىلىۋاتقان ئىشلىرى نىشانغا يەتمەيلا توزۇپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆلۈشنى خالىمايدۇ، ئارزۇ قىلمايدۇ. بۇخىل خاھىش - ئۆلۈمدىن قورقۇش دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىسەم ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، مېنىڭ ھاياتىم ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە باغلىق - دەپ، دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ تۇرۇپ ئۆلۈش بولسا، مۇرادىغا يەتكەن، ئارمانسىز ئۆلۈشتۇر. ئەمما ماڭا ئوخشاش پۈتۈنلەي ئىمكانسىزلاشتۇرۇلغان، پۇت قوللىرى باغلىنىپ كانارىغا ئېسىپ قويۇلغان، ئۆلۈم ئالدىدىكى بىر مەھبۇس ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆلۈم چەكسىز ھەسرەتتۇر، چەكسىز ئازابتۇر. مەن ئۆزەم ئۈچۈن ياشاپ، ئۆزەم ئۈچۈن ئۆلۈشكە بېغىشلانمىغان.

بەلكى مىللىتىم ئۈچۈن ياشاپ، مىللىتىم ئۈچۈن ئۆلۈشكە ئۆزەمنى ئاتىغان. بىراق قولۇمدىن بىر نەرسە كەلمىگەننى ئاز دېگەندەك، ياخشى ئىش قىلىدىغان بولدۇم ـ دەپ تۇرۇپ، تۇزاققا دەسسەپ، قەپەسكە كىرىپ قالغانلىقىم بولسا چىداپ بولغۇسىز نادامەت، ھەسرەت ئىدى.

بەشىنچى نويابىردىن باشلاپ ھەر بىر نەپىسىمۇ، ئاللەمگە تەڭ قىممەتلىك بىلىنمەكتە. ئەسلىدە جان تەنگە ئازاب، تەن جانغا يۈك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ قەدەر ئاجىزلىقتا ئۈن ـ تىنسىز ئۆلتۈرۈلۈش ھەممىدىن ئېغىر يۈك ئىدى. بۇ يۈكنى كۆتۈرۈشكە تاقىتىم يوق، تولۇق تۈگەشمەكتە ئىدىم. «ب د ت» خادىملىرىنىڭ ئاتالمىش ياردىمى بىلەن قەپەسكە سولانغان بولسامۇ، يەنە شۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىنى ئويلاپ، قولۇمدىن كەلگەن ئاخىرقى ئىمكانىم بىلەن ھەرىكەت قىلدىم. ئۈنىڭ نەتىجىسىدە، قاق ئون كۈن سامسا ئورنىغا مۇشت، كاۋاپ ئورنىغا كەمەر يېدىم ۋە ئىللىق تۆشەك ئورنىغا كۈندە تۆت سائەتلەپ مۇزغا دەسسىسىدىم. ئەگەر قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن خىتاي ئەمەلدارلىرى كەلمىگەن بولسا، ئۆز ئىمكانىيىتىم بىلەن تاپقان بۇ قوشۇمچە جازانىڭ، يەنە قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى بىر دەھشەت ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى جاللاتلارنىڭ كەلگىنى بۇ قوشۇمچە ئەمما قاتتىق جازانىڭ توختىتىلىشىغا سەۋەب بولغان چېغى. بىراق بۇ ـ ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىغۇ! مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ قاتتىق جازا يوقۇلۇش ئەمەسمىدى؟ مۇزغا دەسسەتسىمۇ، كۈندە تاياق يېسەممۇ، ھاقارەتلەنسەممۇ، جان تەندىن چىقىپلا كەتمىسە، بىر يوچۇق ئېچىلىپ قالسا، ئۆز ئىرادەم بىلەن

پىۇت ـ قولۇمنى ئىشقا سالىدىغان، بىرەر پايدىلىق ئىش قىلىپ، مىللەتنىڭ دەردىگە يېتىدىغان كۆڭۈلنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن ئاخىرقى نەپسىم توختىغىچە شۇ كۆڭۈل ئۈچۈن ھايات قېلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمدى كۆڭۈلدىكى جازا توختىغان بىلەن مەڭگۈلۈك يوقىلىش باشلانماقتا! تۇۋا بۇ نەدىن كەلگەن ۋەھىمە؟ مېنىڭ قايسى جىنايىتىم ئۈچۈن ئۆلتۈرەر؟ مەن خىتاينىڭ بۆكىنى ئېلىپ قاچتىممۇ؟ ۋەتەننى، مىللەتنى تاشلاپ بېرىپ، ئۆزەمنىڭ شەخسى جېنىمنى، ئۆزەمنىڭ ئاجىز تېنىمنى ئېلىپ قاچتىمغۇ! بۇنىڭدا خىتاينىڭ ھەققى بارمىتى؟ يا ئون يىللىق كېسەر، يا مۇددەتسىز كېسەر! ئەمما خىتاي كەسكەن بۇ ھۆكۈمگە پۈتۈن بىر مىللەت قاراپ تۇرارمۇ؟ خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدە يەنە ئون يىل، ئون بەش يىل، بىر ئەر ئۆمرى تۇرۇشقا ھەققى بارمىتى؟ ئۇرۇش قوزغالماسمۇ! خىتايغا باش ئەگمىگەن، «ك گ ب» گە تەسلىم بولمىغان، چەتئەلدىن تىرىك تۇتۇپ ئەكەلگەن مېنىڭدەك بىر ئوغلىنى باتۇر جەڭچىلىرىمىز قۇتقۇزمامدۇ! خىتاينىڭ قولىدا نېمىشقا شۇنچە ئۇزۇن تاشلاپ قويغۇدەك ھە. بولدى ئەمدى قايغۇرمايمەن. ياق، ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا يۆلەپ تۇرۇپ، بۇ تۇپراقلاردا قوراللىق ھەرىكەت قوزغاش، خۇدا ئۇرۇشى قوزغاش جىنايەتلىرى مەن گۇمان قىلغاندەك، مېنى شۇ ئىشقا قىستىغاندەك راستىنلا خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى تۈپ سىياستى بولغان تەقدىردە، مەن بۇ جىنايەتكە باشتىن ئاخىرى توسقۇنلۇق قىلىپ، خىتاينىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىۋەتكەن تۇرسام، مېنى تۇتۇشقا شۇ قەدەر كۈچ سەرپ قىلغان خىتاي، مېنى جازالىدۇق ـ دەپ، خۇدانىڭ كۆڭلىنى كېسىپ قويۇپ، ئاش نان بېرىپ باقارمۇ؟ ياق،

مەن يوقتىلىشقا مەھكۇم بولغان شۇم پېشانە! خىتاينىڭ كۆزىگە قادالغان مىق. مېنى ئەمدى يۇلۇپ تاشلىدى. بۇ تۇپراقتا خىتاي خالىغىنىنى قىلىدۇ. مېنىڭ جان جىگەر سەپداشلىرىم خىتاينىڭ تۇزاقلىرىغا چۈشىدۇ. ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن بۇ تۇپراقلارنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دوزاخقا ئايلاندۇرىدۇ. خىتاينىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلغۇدەك، مەن شۇنچىلىك كۈچلۈك ئادەممىدىم؟ ياق، بۇ يالغۇز ـ مەنلا ئەمەس! بەلكى ئاخباراتچىلار پەيدا قىلغان، خىتاي ۋە سوۋېت كۈچلىرى ئۈچ يىل ئىزدەپ تاپالمىغان بىر گۇرۇپ «تەكلىماكان يولۋاسلىرى.» ھەم خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر تېررورىستلىرىنى قوراشتۇرۇش سىياسىتىنى بۇزۇپ كېلىۋاتقان باش جىنايەتچى! خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا خۇدا ئۇرۇشى ۋە قوراللىق ھەرىكەت قوزغاش پىلانىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈنلا، ئاكىلىرىم تۈرمىگە قامالدى. دادام، ئاپام، ئايالىم، ئاچىلىرىم مەھەللە كومىتېتلىرىدا تارتىپ چىقىرىلىپ، تىل ـ ھاقارەتكە، دەككە ـ دەشنامغا مەھكۇم بولدى. دادام، ئاپام يىللاپ، ھەر كۈنى ساقچىخانىدا توختىتىپ قويۇلدى. سوراقلارغا تارتىلدى. مېنىڭدەك بالىنى چوڭ قىلغىنىغا داد دېگۈزدى. بىراق مەن «ب د ت» نىڭ ياردىمى بىلەن قولغا چۈشكىچە، خىتاينىڭ بۇ ئەلدىكى چۈشى رېئاللىققا ئاشمىدى. مەن ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن دادام، ئاپامنى، ئائىلەمنى، خوتۇن باللىرىمنى، بىر قوساق قېرىنداشلىرىمنى پىدا قىلغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ تىنى مېنىڭ شۇملىقىمدىن ئازابلىنىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ جېنى مەن ئۈچۈن قىينىلىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە قەپەسكە چۈشتۈم. تۆلەنگەن بەدەللەر مۇشۇنداقلا بىكارغا كېتەرمۇ؟ ئەگەر مېنى خىتايلار

قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتسە، مېنىڭ مۇشۇ تۈگەشكەن ھالىمنى سازايى قىلسا، دۈشمەنلەرگە شاتلىق بېغىشلىسا، مىللىتىمگە، دوستلارغا، مېنىڭدىن ئۈمىت كۈتكەنلەرگە چەكسىز ئازاب ۋە زەربە بولمامدۇ! ئۇلار يۈزۈمگە تۈكۈرمەسمۇ! ھەي مەلئۇن، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ تىرىك تۇتۇلغىچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ! ـ دەپ، لەنەت ئېيتماسمۇ!

ئىچىمدىكى ئاچلىق ئازابىغا يەنە چەكسىز روھى ئازابلار قېتىلماقتا. تېشىمدىكى سوغاق ۋە قاتتىق تۆمۈر ئازابىغا، تەنلىرىمنىڭ تىتىلىش ئازابى قېتىلماقتا. بۇ ھالىم بىلەن دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا نومۇس قىلىمەن.

كۈچار تۈرمىسىدىكى سوراق جەريانىدا، باشتىن ئاخىر گۇۋاھچى بولغان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەمدۇللا ئابلا بىلەن، سىياسى بۆلۈمنىڭ باشلىقى كېۋىر رازى، سوراق تۈگەپ بىر مەزگىلدىن كېيىن (90 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇست) تۈرمە سوراقخانىسىغا مېنى چاقىرتىپتۇ. ئەسلىدە سوراق تۈگەپ بولغان ھەم 13 ـ ئاۋغۇستتىن كېيىن، مېنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوراق قىلىش ھەققى يوق ئىدى. ئىشخانىدا ئىككىسى بېزىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ياق بۇياققا قارىسام، باشقا ئورۇندۇقمۇ يوقكەن. تامغا يۆلىنىپ زوڭزىيىپلا ئولتۇرۇۋېدىم: نېمە قىلىۋاتىسەن؟ بىز ئولتۇر دېدۇقما؟ ـ دېدى، ھەمدۇللا ئابلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ھەيۋە كۆرسەتكەچ. ـ بىر كىم بۇيرۇق چۈشۈرمىسىمۇ ئۆزەم بىلىپ ئولتۇرالايمەن ـ دېدىم پەرۋاسىز ھالدا. ئۇ: ئۆزەڭ خالىغانىنى قىلىپ بولغان ئەھۋالىڭ مۇشۇ. يەنە نېمە بولاي دەيسەن! مەن: ئەھۋالىم ھېچقانداق بولۇپ قالمىدى. مەن

سولاقخانىدا، ھەم ئۆزەم خالىغاننى قىلىپ كىرىۋالمىدىم. سىلەر سولىتىپ قويدۇڭلار. مېنىڭ جىنايىتىم يوق. ئۇ: مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ تۇرۇپمۇ گېپىڭ يوغانغۇ، ئىشەنچىڭ بارمۇ قانداق! مەن: ئۆزەمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمگە ئىشەنچىم بار. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش خەلقنىڭ بىر ئادىمى. ئۇ: سېنى مەي چۈجاڭ نېمە دېگەن ـ سەن خەلقنىڭ دۈشمىنى، سەن كوممۇنىزمنىڭ دۈشمىنى، سەن سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمىنى، سەن جۇڭگو خەلقنىڭ دۈشمىنى، سەن دىنىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ دۈشمىنى ـ دېگەن ئىدىغۇ! ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ مەن: بىرسى چېقىپلا قولىدىكى كۈچتىن پايدىلىنىپ، يەنە بىرسىنى نېمىلا دېسە دېيەلەيدۇ. ئەمما بىرسى دەپ قويغانغىلا ئەمەلىيەت شۇنداق بولۇپ قالمايدۇ. سىلەرنىڭ مېنى بوزەك قىلىش ھەققىڭلار يوق. مەن جاۋابكار بولسام، ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتى، ياكى قەشقەر ۋىلايەتلىك، تۇرپان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى مېنىڭ دېلورىمنى باشقۇرىدۇ. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار مېنىڭ بىخەتەرلىكىمگە، ھاياتلىقىمغا، تۇرمىدىن قېچىپ كەتمەسلىكىمگە مەسئۇل. ھازىر ماڭا ھەيۋە قىلىش، قورقۇتۇش، تىللاش مەجبۇرىيىتىڭلار، ئىقرار قىلدۇرۇش ھوقۇقۇڭلار يوق. سىلەر بىلگەن قانۇننى مەنمۇ بىلىمەن. ئۇ: مۇنى قانداق قىلىۋەتسەم بولار كېۋىر رازى! ھەجەپ چوڭ سۆزلەيدىيا، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان ئەبلەخ! ئۇ غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى. كېۋىر رازى: ھەمدۇللاخۇن، بۇ گۇيغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئۆپكىسىنى بېسىقتۇرۇپ قويايلى. بىر دانا ئەينەك ئەكىرىڭلار ـ دېدى، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ھەمدۇللا ئابلا تامدەك بويى، قوتازدەك بەستى بىلەن

ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ، ئورنىدىن ئاران تۇرغىنىچە سىرتقا ماڭدى. مەن ھەيران قالغانلىقىمنى يوشۇرالماي: ھەمدۇللا ئابلا باشلىقلىقتىن چۈشۈپ كەتتىمۇ، ياكى ئىككىڭلار بەك يېقىن ئاغىنىمۇ؟ ـ دەپ، سوراپ تاشلىدىم. كېۋىر رازى: قانداق؟ باشلىقلىقتىن چۈشۈپ كەتكەندەك تۇرامدا؟ ـ دېدى سوئالغا سوئال قايتۇرۇپ. مەن: ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سىز ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر بۆلۈمنىڭ باشلىقى. لېكىن ئۇنى ئىشقا بۇيرىسىڭىز غىڭ قىلماي مېڭىۋاتىدۇ. شۇڭا ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ: نامدا ئۇ باشلىق، ئەمەلدە بىز باشلىق. مانداق كۆرۈمسىز يۈرسەك، ئۆزەڭچە پوچىلىق قىلاتتىڭ. ئەمدى بىلىۋالغانسەن. غوجاكاڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك ھوقۇق ئىگىسى. تۆت ناھىيىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرى مېنىڭ قولۇمدىن چىقىدۇ. ئۇ تازا كۆرەڭلەۋاتقاندا ھەمدۇللا ئابلا يوغانلا بىر ئەينەكنى ئېلىپ كىردى ـ دە: قاراپ باقە ئۆزۈڭنى تونۇيالامسەن ـ دەپ، ئەينەكنى يۈزۈمگە تۇتتى. ئەينەككە قاراپلا شۈركۈنۈپ كېتىپتىمەن. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى پۇخادىن چىققۇچە كۈلۈشتى ۋە كېۋىر رازىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى: ئابدۇرەھىمجان قانداق تۇرۇپسەن؟ سېنى بۇنداق كۆرۈشنى بىزمۇ ئويلىمايتتۇق ھەم خالىمايتتۇق. ئۆزەڭگە قىلدىڭ. ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە دېگەن مانا مۇشۇنداق گەپ. سېنى 88 ـ يىلى فېۋرالدىن باشلاپ سوراق قىلغاچ، يامان يولغا كىرىپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدۇق. بىراق ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ئۆزۈڭنى سۈتتىن پاكىز، پاختىدىن ئاق كۆرسىتىپ، بۇرۇتىمىزغا چاڭگا تىزدىڭ. قاشقالىقلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ. بىز بىر يۇرتلۇق، ئالدىمىزدا چوڭ

بولدۇڭ. ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ يۇرتىمىزدىكى گۇمانلىقلارنى، خەتەرلىكلەرنى نازارەت ئاستىغا ئالغاندا، سەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدىڭ. يۇقىرىدىن كەلگەن ھۆججەتتە - قەشقەر تەرەپتە بۆلگۈنچىلىك قۇتراۋاتقانلىقى، بىزنىڭ ھۇشيار بولىشىمىز، سىنىڭدەك قارانىيەت، قاپاقباشلارنى تەقىب ئاستىدا تۇتۇشىمىزنى بىلدۈرگەندە، سىنىڭدەك بىر قانچە قارا يۈزلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش قىلغان ھەم يۇقىرىغا يۇرتىمىزنىڭ تىنىچ، مۇقىم ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلغان ئىدۇق. بىزدىن يوشۇرغان بىلەن ئۆزەڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئورۇنلاردىن، خۇددى ئەسكى پالاستەك چۇۋۇلۇپ چىقتى. ئەمدى ئۆزەڭنىڭ ھەقىقى يۈزۈڭنى كۆرۈپ باق. قانداق خۇنۈك، نەقەدەر قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەن! ئۇنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن مىنى ئازابلاش ئۈچۈن دىگەن گەپلىرى، ھەم چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان ھەسرەتلىرىدىن، ئۇنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆسۈش ئارمانلىرىنىڭ، يۇرتتىكى بىر قانچىمىز سەۋەپلىك بەربات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ چىداپ بولالمايۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تىل ھاقارەتلىرىنى ئەپلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم: بارىندا شۇنداق بىر قوراللىق توقۇنۇشنىڭ پارتلايدىغانلىقىنى يۇقىرىدىكىلەر بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالماي، ھەقاسىڭلارنى پەخەس بولۇشقا بۇيرۇپ، بىلىقنىڭ چوڭىنى تۇتىمىز دەپ بولغان ئىشكەنغۇ بۇ! ئىشنى كىچىك ۋاقتىدىلا يۇغۇشتۇرىۋەتسە بولىدىكەن ئەسلىدە. كېۋىر رازى: گەپ يۇقىرىنىڭ قانداق تەدبىر قوللىنىشىدا ئەمەس، بەلكى سىنىڭدە. ئەگەر سەن خەۋەر تاپقان چاغدىلا بىزگە يەتكۈزۈپ

قويغان بولساڭ، ھالىڭ بۈگۈنكىدەك ئەمەس، مەمۇرىي كادىرلاردەك، قولۇڭنى قاياققا سۇنساڭ، شۇ ياققا يەتكۈدەك ھەشەمەتلىك شەخس بولۇپ قالاتتىڭ. بېشىڭغا قونغان ئامەت قۇشىنى ئۆزەڭ ئۈركۈتۈپ قويغان كالۋا گۇيسەن، بىلدىڭما! مەن: دەرۋەقە شۇ چاغدا مەن سىلىگە دەپ قويغان بولسام، سىلە ئۆز قوللىرى بىلەن ئاپتونوم رايونغا يەتكۈزگەن بولسىلا، ئورۇنلىرى ۋالى دەرىجىسىدىن ئۆسۈپ، نازىر دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىلا، ئاجايىپ بىر چوڭ ئامەت كېلەتتىكەن. مەن شۇلارنى دەپ بولۇپ ئۇنىڭغا قارىسام، ئىچىدە مىڭ چايان قوترىغاندەك، يۈزلىرى تاتىرىپ، قاش- قاپاقلىرى مىدىرلىغىلى تۇرۇپتۇ. بېشىمغا بالا تېپىشتىن ئەنسىرەپ ۋەزىيەتنى رېمونت قىلماقچى بولدۇم: سىلىغۇ ئۆسۈپ نازىر بولۇپ كېتەتتىلە. بىراق ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم يەيدىغان ئىش بولۇپ قالاتتى شۇ چاغدا دەپ قويغان بولسام. چۈنكى ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق كېسىپ تۈرمىگە سولاپ قويساڭلار، تورغا چۈشمىگەن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مېنى، خوتۇن بالىلىرىمنى، ئاتا ئانامنى، ئۇرۇق تۇغقانلىرىمنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتسە خائىننى ئۆلتۈردۇق دەپ، ئۇ چاغدا ماڭا ئۇۋال بولاتتى. مەيلى تۈرمىدە ياتساممۇ، ئىشقىلىپ خاتىرجەم يېتىۋاتىمەن ھەم خائىن دېگەن قالپاقتىنمۇ پاكىز ياشايمەن بۇنىڭدىن كېيىن. كېۋىر رازى: نېمانداق تولا كاپشىيدۇ ماۋۇ دەلتى گۇي! كىم كىمنى خائىن دەپ ئۆلتۈرەلەيتتۇ؟ بەگىدەك ياشاش ئۈچۈن جاسارەت بولۇش كېرەك. مانا ئاكاڭ قارغايدەك! ئۇ ئۆزىچە بېشىنى تىك تۇتۇپ، مەغرۇر غادىيىۋاپتۇ. چۈنكى 64 - يىللىرى ۋەتەن مىقياسىدا تەشكىللەنگەن

مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە، كۇچار ناھىيەسىدىنمۇ مۇھىم كىشىلەر قاتناشقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بولۇپ، كۇچارناھىيە ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرمۇ تەشكىلات شۆبىسىنى قۇرغان. ساقچى باشلىقى جۇمە ساۋۇت ئەپەندى ئۆزى شۆبە تەشكىلاتقا باشلىق بولۇپ، مۇنۇ كېۋىر رازى ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ساقچىلاردىن ئىكەن. مەركىزى تەشكىلات پاش بولۇپ قالغاندا، كۇچار شۆبىسىنى مۇشۇ كېۋىر رازىنىڭ پاش قىلغانلىقىنى كىچىك چاغلىرىمدىنلا ئاڭلىغان. 82 ـ يىلى جۇمە ساۋۇت ئەپەندى ئازات بولۇپ تۇرمىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھەقتە سۆھبەتلەشكەن ئىدىم. كېۋىر رازى شۆبە تەشكىلاتنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ساقچى ئىدارىسىدا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە ئۆستۈرۈلگەن ھەم خېلە يۇقىرى ئورۇنلار بىلەن بېۋاستە ئالاقىسى، مەخپىي ۋەزىپىسى بار ئىكەن. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ، قىلمىش خائىنلىقىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن مەنسىپىدىن پەخىرلىنىپ ئولتۇرماقتا. مەن قىسقىلا: زامان ئۆزگەردى، ئۇ چاغدىكىگە ھازىر ئوخشىمايدۇ ـ دېدىم، كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ قارىداپ كەتتى ۋە: يۇرتىمىزدىكى ساڭا ئوخشاش ياشلارنى زەھەرلىگەن، ئەكسىل ئىنقىلابچى قېرى ئەبلەخلەر ئاز ئەمەس. بىز سەنلەرنى زەھەردىن تازىلايمىز. يەنە باشقىلارنىمۇ زەھەرلەشكە يول قويمايمىز. ياكى زەھەردىن تازىلىنىپ، بىزگە بويسۇنۇپ خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشىسەن. ياكى زەھەر بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيسەن. مەي چۈجاڭ ئېيتقاندەك ئۆلۈمگىنى كۈتمىسەڭمۇ بولىدۇ. ھىلىگەر قۇۋلىقىڭدىن بۇ قېتىم توردىن چۈشۈپ قالدىڭ. ئەمما باش ئەگمىگۈچە ساڭا ئامانلىق

بەرمەيمىز.

مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە زىقتەك قادىلىپ، ئۇنىڭ ئوغىسىنى ئۆرلىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ، بىزنىڭ نەدە تۇرۇپ، نەدە يۈرىدىغانلىقىمىزنى، كىم بىلەن پىكىرداش، ئېقىمداش ئىكەنلىكىمىزنى بىلىش ۋە قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈپ، خوجايىنىغا خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتراپىمىزغا يىلىلاپ پايلاقچىلارنى سېلىش ئارقىلىق ئىرادىسى ئاجىز، قورقۇنچاق، ئەقىل - تەپەككۇرى كەمتۈك بىر تۈركۈم يېقىنلىرىمىزنى يولدىن چىقىرىپ، مۇناپىقلار قاتارىغا قېتىۋېتەلىگەندىن باشقا، كۈتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ دەردى بىزنىڭ دەردىمىزدىن ئېغىر بولىشى تەبىئىي. چۈنكى ئۇ ئۆرلىمەكچى بولغان مەنسەپ ئۈچۈن، بۇ قېتىم ھېچقانداق دەسمىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى.
مەن يەنە ئازراق دەۋالماقچى بولدۇم: بارىندىكى ئەكسىل ئىنقىلاپچىلار توغرىسىدا، ئۆتكەن يىلى نويابىر يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش چۈشۈرگەن بولسا، دېمەك شۇنداق بىر قوراللىق تۇپىلاڭنى بىلىپ تۇرۇپ، ئالدىنى ئالماسلىقتا، تورنى كەڭرى يېيىپ بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتماقچى، ئەگەر مەن سىلىگە دەپ قويغان بولسام، سىلە يۇقىرىغا يەتكۈزگەن بولسىلا، بەلكىم مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىۋەتكەن دەپ، سىلىنىڭ يۇقىرىدىكى تەرسالار مېنى يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. زادى بۇ قوزغىلاڭدا سىلىنىڭ يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىمگە نەپ تەگمەيدىغانلىقى، باشتىنلا ئېنىق ئىدى. مېنىڭ گېپىم تۈگە تۈگمەيلا كېۋىر رازى ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە: نېمە قالايمىقان كوتۇلدايدۇ ماۋۇ ئۆلگۈر، ھېلى بىكار مېڭىسىدىن ئىس چىرىقىرىمەن! تۇرغان تۇرقىڭ ئەخلەتخانىدا ياتىدىغان

دېۋانىنىڭ ئۆزى. جاسارەتسىزلىكىڭدىن يا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئۆلەلمەي، يا ئادەمدەك ياشىيالماي، ئۇنى قىلسام بۇ ئۆلتۈرەتتى، بۇنى قىلسام ئۇ ئۆلتۈرەتتى ـ دەپ، كۆرگەن كۈنۈڭ شۇ بولدى! ئۆلۈش ئۈچۈنمۇ، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈنمۇ جاسارەت كېرەك. سەندەك ئەبلەخلەرگە ئۆلۈممۇ ئارتۇق!ـ ئۇنىڭ پەيلى بۇزۇلغان ئىدى. ئەزەلدىنلا قانسىز، ياداڭغۇ يۈزلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرىگە قان تولۇپ، غەلىتە بولۇپ قالغان ئىدى. باش قاتىل مەمەت روزىنىڭ قولىدا ئۆلمەي ئامان قېلىپ، ئەمدى ئۇنىڭ غالچىسىنىڭ قولىدا ھارام ئۆلمەنمۇ نېمە؟ ـ دەيتتىم ئۆز ئۆزۈمگە. ئىككىسى نۆۋەتلىشىپ تىللاپ، ھاقارەتلەپ، ھېرىپ قالغاندا مېنى گۇندىپايغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

ئەينەكتە مېنى چۆچۈتۈۋەتكەن تۇرقۇم خىيالىمدىن زادىلا كەتمەيتتى. چاچ دېگەننى ئىككى كۈندە بىر سوپۇنلاپ يۇيۇپ، كۈندە ئون قېتىم تاراپ تۇرمىسا بولمايدىغان نەرسە ئوخشايدۇ. تېخى بەش ھەپتە ئاۋۋالقى كۈنلەرگىچە باشقىلا ئادەم ئىدىم. چاچلىرىممۇ ئۆسكەنسېرى قوچقار مۈڭگۈزىدەك تۈرمەللىشىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇراتتى. ساتىراچ ئاغىنىلىرىم ئىككى كۈندە بىر بۇرۇتۇمنى تۇمارچە ئايرىپ، ئۇچىنى يۇقىرىغا يۆگىمەچلەپ لاچىن قانىتى قىلىپ ياساپ قوياتتى. ئەمدى چاچلىرىم پەتىلە ـ پەتىلە، يۈزلىرىمنى ئەخلەت چاۋا بېسىپ كەتكەن، ماكانسىز دېۋانىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغان ئىدىم. كېۋىر رازىلار تىللاپ، ھاقارەتلەپ كەتكەندىن ئېتىبارەن ھەپتىدە ئىككى قېتىم، بەش ـ ئالتە نەپەر ساقچى گۇرۇپپىسى تۈرمىگە كېلىپ، مېنى سوراقخانىغا ئاچىقتۇرۇپ ئېكىس كۇرسىيە قىلىدىغان بولۇۋېلىشتى.

بەزىدە بىر قانچىسى چالا مەست بولۇپ كېلىپ ئاغزىنى بۇزۇپ ھاقارەت قىلاتتى. ئەينى چاغدا، بوش ۋاقتىم بولسىلا يېقىنلىرىم بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىناتتىم. باغ سەيلىسى قىلاتتۇق. نەگىلا بارمايلى، بىر گۇرۇپپا ساقچىلار سايىمىزدەك دوقۇرشۇپلا تۇرىدىغان. ئەسلىدە ئۇلار بىزنى كۆزىتىشكە مەسئۇل ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىكەن. شۇڭا ھازىر مېنىڭ بىچارە ھالىمنى كۆرۈپ پۇخادىن چىقىش ئۈچۈن تۈرمىگە كەلگەنلىرىمىش. مەن سوراقخانىدا تامنىڭ بۇلۇڭىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرىمەن. ساقچىلار ئۈستۈمدىن يۇمۇر توقۇپ كۈلۈشمەك قىلىشىدۇ. سائەتلەپ تىللايدۇ، يۈرەك پارتلاپ كەتكۈدەك ئەلەملىك تىل بىلەن ھاقارەتلەيدۇ. ئۇلارنى بۇ قەدەر غەزەپلەندۈرگەن نەرسە ئۆز ۋاقتىدىكى «ئۇزۇن چاچلىقلار گۇرۇھى» ئىكەن. دەرۋەقە يۇرتىمىزنىڭ لۈكچەكلىرى، شاش ئوغۇللىرى بىزدىن قاچمايتتى. بىزگە ھۆرمەت قىلاتتى. چۈنكى بىزنىڭ تەشەببۇسىمىزدا دىن دىيانەت بولسا تەقى تۇرقى، كىيىم قىياپەتكە قارشى ئەمەس. مەسچىتتىكى بەش يۈز نەپەر جامائەتتىن، كوچىدىكى سەكرەپ قوپۇپ كاللا قويالايدىغان، بىر نەپەر تەرسانىڭ دەۋرىمىز ئۈچۈن مۇھىملىقىنى تەرغىپ قىلاتتۇق. ساقچىلارنىڭ نەزىرىدە لۈكچەكلەر زاپاس كۈچ ئىكەن. ئۇلارنى كىم قولغا كىرگۈزىۋالسا غەلىبە شۇنىڭ بولارمىش. مەن ئۇزۇن چاچلىق شەھەر لۈكچەكلىرىنىڭ سەركىسىمىشمەن. ئەمدى مۈڭگۈزلىرىمنى سۇندۇرۇپتىمىش. دۈشمەنلەرنىڭ روھى زەربىسىگە ئايلاپ مەھكۇم بولغان ئىدىم.

مېنىڭ چەتئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكىم، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ يىللاپ تۇتالمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى ھەر تۈرلۈك سۈيقەستلىرىنى بەربات قىلغانلىقىم، ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىنى بىت ـ چىت قىلغانلىقىم، ئۇلار ئۈچۈن بەك ئېغىر ئەلەم ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ يىگىرمە تۆت سائەتلەپ نازارەتلىرى ئاستىدىن قېچىپ چىقىپ، چەتئەلدە ـ يەنى چېگراسىنىڭ يېنىدا ئۈچ يىل يوشۇرۇنۇپ، قولغا چۈشمىگەنلىكىم ئۇلار ئۈچۈن چوڭ نەتىجىسىزلىك ئىدى.

چوڭ بىر دۈشمەننىڭ بۈگۈنكى ھالى بولسا گۆرىدىن يېڭى قېچىپ چىققان مۇردىدىن پەرقسىز. بېقىنىم، يانپىشىم تېشىلگەن. يەنە بىر ھەپتىگىچە جان بارمۇ ـ يوق. بۇ ئاللاھنىڭ دەپتىرىدىكى ئىش. بىراق بۇزۇلغان بەدەن، چىرىگەن تەن بىلەن دۈشمەننىڭ ئالدىغا بىر زەمبىل سۆڭەك بولۇپ بارىدىغان گەپ. چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن داڭدار سەركىنىڭ، چەتئەلدە بولۇپ قالغان ھالى! كۆرۈڭلار خالايىق! ئىبرەت ئېلىڭلار! چەتئەلدە بۇنىڭدەك مىللى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرغا كۈن يوق! چەتئەلدىكى جازا قوراللىرىمىز بۇنداق خەلق دۈشمەنلىرىنى، دۆلەت دۈشمەنلىرىنى، دىن دۈشمەنلىرىنى، كوممۇنىزمنىڭ، سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمەنلىرىنى يانجىپ، ئېزىپ چەيلەپ تاشلايدۇ! كۆرۈڭلار خالايىق! ـ دەپ، سازايى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن مېنىڭدىن ئۈمىت كۈتكەن، ئەمدى بۇ ھالىمنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشى: لەنەت ساڭا، تۈپى يۈزۈڭگە! مۇشۇ ئەھۋالىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشكىچە بوغۇلۇپ ئۆلسەڭ بولمامدۇ! ھەي ئىپلاس ـ دېيىشكە ھەقلىق.

مەن ئاللاھدىن تىلەشكە، ئاللاھقا يالۋۇرۇشقا باشلىدىم. چۈنكى قولۇمدىن كېلىدىغان ئاخىرقى بىر ئىشنىڭ

نەتىجىسىنىمۇ كۆرۈپ بولغان ئىدىم. «ب د ت» ئىشخانىسى مېنى تۇتۇپ بەرمىگەن ھالەتتىمۇ، قۇتقۇزۇش قولىدىن كەلمەيدىغانلىقى مۇقىملاشقان ئىدى. ئەمدى ئاللاھقا يالۋۇرۇشتىن باشقا ھېچ نېمە قالمىغان ئىدى. كېچىلەردە تۆمۈر بالداقنىڭ ئۈستىگە باش قويۇپ ئاللاھقا تېۋىنەتتىم. دوست ۋە دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقالىغۇدەك، بېشىمنى تىك تۇتۇپ ماڭالىغۇدەك ئىمكانىنى بەرمىگەن ئاللاھ، دۈشمەننىڭ قولىدا رەسۋالارچە ئۆلۈشتىن ئاۋۋال جېنىمنى ئالغىن! ياكى ماڭا ياردەمچى ئەۋەتكىن. مەن ساڭا ئىشەندىم، سېنى سۆيدۈم. ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ ساڭا ئىسيان قىلغان بولسام، ساڭا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان چاغلىرىم بولغان بولسا، بۇ سەن تاشلىۋەتكەن ناتىۋان مىللىتىمنى، سېنىڭ بەندىلىرىڭنى سۆيگەنلىكىمدىن بولغان. مېنى ئەپۇ قىل! بۇ ھالىم بىلەن دوست ۋە دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن توسۇپ قالغىن! يارەببىم سەنلا قالدىڭ، ئەگەر سەنمۇ يوقالساڭ، سېنىڭدىن يانغانلىقىم ئۈچۈن مېنى دوزاخقا تاشلىساڭ ئادالەتسىز خۇدا بولۇپ قالىسەن! مەن زۇلۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىدە تۇرۇۋاتىمەن. ئېيتقانلىرىمدىن رەنجىمە! مېنى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا خورلىنىپ ئۆلۈشتىن قۇتقۇزغىن!

كۈنلەر ئۆتۈۋاتىدۇ. خورلۇق ۋە شەرمەندىلەرچە ئۆلۈم يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. كېيىنكى ئون كۈندىن بېرى كامېرداشلار كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئەسلىدە ئالېكساندىر بىلەن تۆلكە باينىڭ يۈزلىرى سوزۇنچاق ئات يۈزلۈك بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى يۇملاق گېزىنە يۈزلۈك ئىدى. بىراق ئاۋۇ ئىككىسىنىڭ يۈزلىرى يېرىم مېتىردەك سوزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. قالغانلارنىڭ يۈزىمۇ سوزۇلۇپ، ياناق

سۆڭەكلىرى يۇقىرىغا، زاڭاقلىرى تۆۋەنگە، تۇمشۇقلىرى ئالدىغا ئۇچلىيىپ، كۆزلەر گەجگىسىگە يېقىن ئازگالدا، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنمەكتە. ياكى مەن تاماقنىڭ ئورنىغا ناشتىدا تاياق يەۋېرىپ، مۇزغا دەسسەپ كاللامدىن چاتاق چىقىۋاتامدۇ؟ ياكى بېقىنىم، يانپىشىمدىكى ئېچىلىپ قالغان يارا سەۋەبلىك قېنىم زەھەرلىنىپ، كۆرۈشتىن مەسىلە چىقتىمۇ؟ ئىچىمگە يېڭى بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. ئاخىرى بولماي ئارمان بېككە دېدىم: مېنىڭ كۆزۈمگە بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ. ھەممىڭلارنىڭ يۈزى بەكلا سەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئارمان بېك: مەن شۇنداق كۆرىۋاتقان ئوخشايمەن دەپ ئويلىغان، ئابدۇرەھىم بايكا. باشقىلار قانداق كۆرۈۋاتقاندۇ؟ - دېدى بىر خىل ھودۇقۇش ئىچىدە. بىزنىڭ پىچىرلاپ قىلغان گەپلىرىمىزنى باشقىلار ئاڭلاپ قاپتۇ. ئەسلىدە ھەممىسىنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنگەن بولساقمۇ، كۆزۈمدىن چاتاق چىققان چېغى دەپ، ئەنسىرەپ يۈرگەن ئىكەن. دېمەك مەسىلە كۆزدە ئەمەس، يۈزۈمىزدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئالېكساندىر مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بەك چىرايلىق بىر قىز دوستى بولۇپ، بۇ يىل دېكابىردا تۇغۇلغان كۈنى توي قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشكەن ئىكەن. شۇڭا مەن ئەمدى سىلەردەك سەتلىشىپ كەتكەن بولسام، قىز مېنى تاشلىۋېتەرمۇ؟ دەپ، بارغانچە ئىڭراپ يىغلىغىلى تۇرۇۋېدى، تۆلكە باي ئاياغلىرىنى سىلىپ، ئىچ چەمىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان، بۇغداي چوڭلۇقىدىكى قىرىق بىر دانە تاشنى تۆكۈپ، ئالېكساندىر ئۈچۈن تۆل تارتقىلى باشلىدى. ئۇ تاشلارنى ئالقىنىغا قويۇپ ئورۇسنىڭ ئىسمىنى، دادىسى ۋە ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى، تۇغۇلغان ۋاقتىنى

دەپ، پېشانىسىگە تېۋىپ يەرگە قويىدى. دەسلىۋىدە ئۆچكە ئايرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر بۆلەكتىن تۆت دانە تاشنى قالدۇرۇپ، قالغىنىنى تۆۋەنگە سىرىپ چۈشۈردى. شۇ ئۇسۇل بويىچە ئۇدا ئۈچ قېتىم تۆل تارتىپ: سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆيۈڭگە قايتىدىكەنسەن - دېدى ئالېكساندىرغا. بۇ بىچارە نېمە دەيدىغاندۇ ئەمدى. ئۆزى قولى بىلەن تاشلارنى ئايرىپ، ئۆزىچە غايىبقا جۆيلۈدى - دەيتتىم ئىچىمدە. بىراق چۈشتىن كېيىن بولكا ۋاقتىغا ئاز قالغاندا ئالېكساندىرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بەش مىنۇت ئۆتمەي خوشال قايتىپ كىرىپتۇ، بىز بىلەن خوشلاشقىلى. نېمە ئويۇنلار بولىۋاتىدۇ ئەمدى؟ ئورۇسنى ئىشپىيون دەپ سولاپ قويۇپتىكەن. تۆلكە باي ماسلىشىپ، ماڭا تۇزاق قۇرمىغاندۇ - دەپ، ئويلاۋاتسام، ئالېكساندىر: مېنىڭ دادام كەپتىكەن، ھازىر گاسىپىستا مېنى ساقلاۋېتىپتۇ. ئۇ ماڭا قىشلىق كىيىم ئالغاچ كەپتۇ. شۇڭا بۇ قىشلىق پوپايكامنى قالدۇرۇپ كېتەي، سېنىڭ ياراڭغا دالدىسى بولۇپ قالار - دەپ، پوپايكىسىنى سېلىپ ماڭا بېرىۋەتتى. بۇ كامېرىدا ھاۋانىڭ ياخشى كۈنلىرى مېنىڭدەك كۆڭلەكچان تۇتۇلۇپ قالغان يەنە ئىككى قىرغىزمۇ بار ئىدى. بىراق مېنىڭ يارامنى بانا قىلىپ، پوپايكىسىنى ماڭا بەرگىنى سەل سىرلىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ خۇدانى شىپپى كەلتۈرۈپ مىڭلارچە رەھمەت ئېيتتىم. بىز ئالېكسىنى ئۇزۇتۇپ: ساشا بەختلىك بول! ساشا ئامەتلىك بول! دەپ ئۇزۇتۇپ قويدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي بولكىمىز كەلدى. بولكىدىن كېيىن ئارمان بېك تۆلكە بايغا پىچىرلاپ بىر نەرسىلەرنى دېۋىدى، ئۇ: ئابدۇرەھىم بايكا، سىز بەك ئېغىر كېسەل بولۇپ كېتىۋاتىسىز. سىزگىمۇ بىر تۆل تارتىپ باقاي

ـ دېمەمدۇ، ـ پايلاقچىلارنىڭ ئىشى ئەمدى باشلىنامدۇ قانداق؟ بەرى بىر تۈت كۈنلۈك ۋاقتىم قالغان تۇرسا، بۇ ئىپلاس «كا گې بې» لار يەنە قانداق ئويۇننى ئىشقا سالار؟ بىچارە مەھبۇسلارنى پايلاقچىلىققا سالغانمىدۇر، ياكى بۇلار مەن بىلەن تەڭ ئازابلىنىپ، خىزمەت بېجىرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك جاسۇس خادىملارمىدۇر ئەجەبا! بىراق كامېرىدىكى مەھبۇسداشلارنىڭ ھەممىسىلا، ماڭا تۆل تارتقۇزۇش ئۈچۈن ئارىغا كىردى. ئىشەنمەيمەن دېسەم ئارمان بېك: بۇ تۆل تارتىدىغان ئىش قىرغىزلارنىڭ ئۇدۇمى. بىزمۇ قىرغىزلارغا تۆل تارتقۇزىمىز ـ دەپ، سالا قىلىپ ئارام بەرمىدى. بوپتىلا بۇ مەرەزلەرگە ئالدانغۇدەك نېمەم قالغان ـ دەپ، تۆلكە بايغا كىشىلىكىمنى دەپ بەردىم. ئۇدا ئۈچ قېتىم پال سالغاندىن كېيىن: ئابدۇرەھىم بايكا، سىز تۈرمىدىن چىقىدىكەنسىز، ئەمما كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ئۆيىڭىزگە قايتالمايدىكەنسىز. تۆل شۇنداق چىقىپ قالدى ـ دېدى، مەيۇس ھالدا ھېسداشلىقىنى كۆرسىتىپ. ئىچىمدە شۇلارنى دەيتتىم: ئۇ پال سالمىسىمۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە بارالمايدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. بۇنىڭ خوجايىنلىرى يەنە قانداق ھۈنەرنى ئۆگەتتىكىنە، قېنى قاراپ باقارمىز. ئۇنىڭغا ئاغزىمنىڭ ئۈچىدىلا رەھمەت دەپ قويدۇم.

قورققان يەردە جىن بار ـ دېگەندەك، پالچىنىڭ ئويۇنى تۈگەپ، تارىخچى ئويۇننى باشلىدى. ئارمان بېك «مۇ دۆلتى» ئەپسانىلىرىدىن باشلاپ، قەشقەرىيە ۋە ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىغىچە، ئىنچام ئىپدىتلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت تارىخىنى سۆزلىۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي: ئارىمىزدا ئورۇسمۇ يوق، شۇڭا سۆزلىگۈم بار

قېرىنداشلار، خۇدا نېسىپ قىلسا ئۇيغۇرىستان ئازات بولغاندا، ئارىمىزدىكى چېگرىلارنى ئېلىۋېتىپ، ئۈچ دۆلەت فېدېرال قوشما جۇمھۇرىيەت بولىمىز. ئۇيغۇرىستان بىزنىڭ ئاغىمىز، قىرغىزىستان، قازاقىستان ئۇكىسى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىدەكلا بىزنى خىتايلاردىن، رۇسلاردىن قوغدايدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ھەقىقى بەختلىك مىللەت بولىمىز - دېدى، شۇنچىلىك كەسكىن سىياسى تەلەپپۇزدا. ئىچىمدە ئاللاھقا دۇئا قىلاتتىم - ئەمدى ئۆلۈم ۋاقتىمغا تۆت كۈن قالغاندا، يەنە قايسى تۇزاققا چۈشەرمەن؟ ئاللاھ ئۆزەڭ ساقلىغايسەن! بىراق مەن سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرسام، بەلكى ئويلىمىغان يەردىن بىر بالا - قازا چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا: ئارمان بېك بايكا سىز تارىخ فاكۇلتېتىنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇغانمۇ؟ ياكى ئالمۇتىدا ئوقۇغانمۇ؟ قازاقلار تارىخى توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېمەي، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ كەتتىڭىز! ئۇ: ئابدۇرەھىم بايكا بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئاسىيا تارىخىنى 17 - ئەسىرگىچە قېزىپ چىقارسىڭىز، مەيلى سىياسى، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە ھەر بىر تاشنىڭ ئاستىدىن ئۇيغۇر چىقىدۇ. باشقا مىللەتلەر قوشۇمچە ياكى ۋاقتلىق تارىخقا ئىگە. رۇسلارمۇ يېقىنقى زامانلاردا ئوكرائىنىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن سلاۋىيان قەبىلىلىرى ئىدى. مەن ئوقۇغانلىرىمنى ئېيتتىم. ئۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەن تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈم قالغاندا، يەنە بىر تۇزاققا دەسسىۋېلىشتىن قورقاتتىم. چۈنكى خىتاي بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتىمىز دەپ، يىللارچە تور ياسىغان. ئەمدىلىكتە قىرغىزلارمۇ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇشقا كۈچەۋاتىدۇ. ئەسلىدە بېلىقنىڭ چوڭى دەپ بىر نەرسىمىز

يوق. بار دېيىلسە بىزگە خاس بولغان دەۋرى ۋە سىياسى ۋەزىيەت باردۇر. خىتاي ئاشۇ دەۋرنى بىزگە زىيانلىق تەرەپكە ئاغدۇرالىسا، بىزنى بەربات قىلىدىغان سىياسى ۋەزىيەت يارىتالىسا، بىزنىڭ بىلىقمىزنىڭ كىچىكىمۇ، چوڭىمۇ تورغا چۈشكەن بولىدۇ. مېنى تۇتۇپ چەتئەلدىن قايتۇرۇپ كىرسە، مەن گەرچە بىر بىچارە بولغىنىم بىلەن، مېنىڭ ئۈستۈمدىن بىر ساختا دەۋر توقۇپ چىقىدۇ. مېنى يوقىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى قايمۇقتۇرىدۇ، روھى جەھەتتىن زەربە بېرىدۇ. «ۋەتەنپەرۋەر كادىرلار» ئارقىلىق، ئەرەب جىھاتچىلىرىنى ئارىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق، موسكۋا «ك گ ب» ئىدارىسىنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما رايون خاراكتېرلىق «ئۇيغۇر تېررورچىلىق» تالونىنى كېسىپ، مېنىڭ پېشانەمگە چاپلايدۇ. خىتاي بۇ مەقسىتىگە «ب د ت» ئىشخانىسىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق يەتكەن بولىدۇ. ئۆلۈم ۋاقتىم يېقىنلاشقانچە كامېرىدىكى مەھبۇسلارلا ئەمەس، ھەتتا تۆمۈر كارۋانلارنىڭ ھەر بىر بالداقلىرىمۇ خىتايغا ئىشلەۋاتقان جاسۇستەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئاللاھقا سېغىنىپ يالۋۇرۇشتىن باشقا قىلغۇدەك خىيالىممۇ قالمىدى.

ئۆلۈم كۈنى قىستاپ كەلمەكتە! 11 - نويابىر بولىكا ۋاقتىغا ئاز قالغاندا، پولات بېك ئىشىكنى ئېچىپ: قاشقارلىق ئابدۇرەشىد بايكا، سىزگە زىيارەتچى كەلدى. مەن بىلەن يۈرەمسىز؟ - دېدى، شۇنچىلىك ھۆرمەت بىلەن. باشقا چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئەمما ھازىر يۇقىرى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئىشىك ئالدىدا تىك تۇرماقتا. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، سىرتتىكى چوڭ باشلىقلارنىڭ ھۆرمىتى مۇشۇ يەرگىچە كەلگەن گەپ. دېمەك بىر كۈن بۇرۇن

تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئۇخشايدۇ - دەيتتىم ئىچىمدە. شۇڭا ئالېكستىن مىراس قالغان پوپايكىنى، مېنىڭدەك كۆڭلەكچان قالغان ئىككى قىرغىزغا سۇنۇپ: قېرىنداشلار مەن قايتىپ كىرسەم ئۆزۈمگە بېرىڭلار، كىرمىسەم ئىككىڭلار نۆۋەتلىشىپ كىيەرسىلەر دېدىم، شۇنچىلىك ئېزىلگەن بىر ھالدا. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى «ماڭا قويۇلغان جاسۇسلار» بولسىمۇ، مەندىن قېلىشقۇسىز ئازاب تارتىۋاتقان قېرىنداشلار ئىدى. مەن ھەر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن كارىدورغا چىقتىم. پولات بېك ئىشىكنى تاقاپ بولۇپ، يان قوشنا كامېرىدىكى تۇرگۇن قارىنىمۇ ئېلىپ چىقتى. تۆمۈردەك پۈختىلا ئادەم بولىدىغان، ئۇمۇ ئىسكېلتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. چىرايى جەۋەندە ناندەك سېرىق، تاتارغان يۈز، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلەر. ئىككىمىز قولتۇقلىشىپ ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۆلۈم جاپادا پەسكە چۈشتۇق. پەلەمپەينىڭ ھەر بىر بالدىقى خۇددى ئۆگزىدىن يەرگە چۈشۈۋاتقاندەك ئېگىز بىلىنىدۇ. پولات بېك بىزنى تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدا تۈرمە باشلىقى بىلەن ئاتمىشلاردىن ھالقىغان چىراي، ئۇيغۇر يۈزلۈك، ئاقۋاش بىر كىشىمۇ بار ئىكەن. ئۇ كىشى بىزنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ۋەتەندىن چىققان ئەمەلدار بولسا كېرەك - دەپ ئويلاپ: چەتئەلدىكى تاماشارىڭلار بىر كۈن بۇرۇن تۈگەپ كېتىپتۇ - دە، دېدىم سوغاق تەلەپپۇزدا. لېكىن ئۇ: بايىكا مەن ئۇيغۇرچە چۈشەنمەيمەن - دەپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. شۇ ئارىدا تۈرمە باشلىقى بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ: ئابدۇرەھىم بايىكا بۇنىڭغا ئىمزا قويۇڭچۇ - دېۋىدى، مەن قەغەزگە قولۇمنى ئۇزاتسام، ھېلىقى ئاقۋاش ئادەم: سىز ئىمزا

قويمايسىز بايىكا، مېنىڭ ئاتىممۇ ئابدۇرەھىم، سىلەرنى تۈرمىدىن ئېلىپ كەتكەنلىك ئىسپاتىغا مەن ئىمزا قويىمەن - دېدى، كۈلۈمسىرەپ. ئۇ ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن: ئىككىڭلار تۈرمىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، سولغا قارىساڭلار تۆت دوقمۇشتا بىر قارا مېرسېدېس ماشىنا بار، مەن كەلگۈچە ماشىنىدا ساقلاپ تۇرسىلەر - دېدى، پەس ئاۋازدا. ئىشخانىدا بىزنى باغلاپ، يالاپ ماڭدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. شۇڭا: ئۆزۈمىز مۇشۇنداقلا چىقىۋەرسەك بولامدۇ؟ - دېدىم، ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىگەندەك، تېڭىرقاپ. شۇنداق، بايىكا مەن ئارقاڭلاردىن بارىمەن - دېدى ئۇ، چىقىشىمىزغا ئىما قىلىپ.

تالا شۇنچىلىك سوغاق ئىدىكى، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتىدۇ. بىر ياقتىن شىۋىرغان. تالاغا قارىغاندا سوغاق كامېر مىڭ ھەسسە ياخشىكەن. لېكىن ئامال قانچە. تۈرمە ھويلىسىدا بىر قانچە گۈندىپايلار ئۆز ئىشى بىلەن مىلكىت، بىزگە قارايدىغان ھالى يوق. دەرۋازىدىن سىرتقا چىقتۇق. تامنىڭ ئۈستىدە ئاپتومات كۆتۈرۈپ قېتىۋالغان ئىككى ئەسكەردىن باشقا، ئىنس جىن يوق. ئارقىمىزدىن چىقىدىغان ئادەم تۇرماق، بىرەر ئىتمۇ يوق. شىۋىرغاندا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك لەيلەپ، پۇتلىرىمىز ئەيۋەشكە كەلمەي دىرىلداپ، ماڭالايدىغاندەك ئەمەس. تۈرگۈن قارىم بىلەن ئىككىمىز قولتۇقلىشىپ يولغا چىقتۇق. يول ياقىسى تىزدا قار، ئوتتۇرلۇق غىل مۇز.

ھېلىقى ئاقۋاش ئېيتقاندەك، يۈز قەدەمچە نېرىراقتىكى دوقمۇشتا بىر قارا ماشىنا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۈرگۈن قارى

سول تەرەپكە تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن: قارىم، قىرغىزچە بىلمەيدۇ دەپ قويسام، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن سولنىمۇ بىلمەس بولىۋالمىسىلا. بۇ يەردە قىرغىز يوق ـ دېدىم ئۆلۈم يولىدىمۇ، ئاخىرقى چاقچىقىمنى ئايىماي. ئۇ: مەن ئۇنىڭ بىلەن سولنى بىلمەس بولىۋالمىدىم، بىزنى تۇتۇپ ماڭغان ھېچكىم بولمىغانكەن، ئۆلۈمنىڭ ئالدىغا ماڭغۇچە، مايىزىگە قاچايلى دەۋاتىمەن ـ دېدى مېنى سۆرىگەچ راستىنلا قېچىپ. مەن: ئۇستىمىزدە ئاپتوماتلىق ئەسكەر قاراپ تۇرسا، بۇ ھالىمىز بىلەن يەتتە قەدەممۇ قاچالمايمىز. ئوق ئارقىمىزدىن تېگىدۇ، ھەر قانچە ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، سېپىت نوچىدەك، دۈشمەننىڭ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ ئۆلەيلى، ماڭسىلا ئۇنىڭ تەرەپكە! ـ دېدىم زەردىم بىلەن. ئۇ شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق بىر تۈيغۇ ئىلكىدە ئامالسىز مەن بىلەن ئۇنىڭ تەرەپكە ماڭدى. قەدەملىرىمىز يۆتكىلىپ بولغىچە، تىك چۈشىدىغاندەك قورقىمىز. ئالدىمىزدىكى ماشىنىدا دۈشمەنلەر تاماشىمىزنى كۆرۈۋاتىدۇ. تۈرگۈن قارىمنى بولسىمۇ قاچقىلى قويماي سۆرەپ ماڭغىنىمدىن ئۆكۈنىدۈم ـ دە: قارىم، مېنىڭدىن رازى بولۇپ كەتسىلە. بۇ يەردە قاچقان بىلەن بەرى ـ بىر قۇتۇلالمايمىز. ئەسكەرلەر ئېتىۋېتىپ قالسا، سىلىگە ئۇۋال بولىدۇ. چۈنكى سىلە كەلگىلى بىر يىلدەك بولدى. كۆپ ئىشلارغا چېتىشلىق ئەمەس. خىتاينىڭ سورىقى يېرىم بەتتىن ئاشمايدۇ. ئۇستىمىزدىن «ب د ت» ئىشخانىسىغا ئەرز قىلىپسەن دېسە، مەن ئەسلىدە مەسچىتتە ئىماملىق قىلىپ يۈرگەن، ئابدۇرەھىمجان دېگەن ئاداش ئالمۇتىدىن كېلىپ، ئىنسان ھەقلىرىگە ئىلتىجا قىلايلى، يېرىم يىلدا پاسپورت چىقىدۇ. ۋەتەنگىمۇ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بارالايمىز

ـ دەپ، مېنى ئازدۇرۇپتۇ. مەن راستىمكىن دەپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىلتىجا قىلىپتىمەن. ئۇلار خىتايغا قارشى قىلغان جىنايىتىڭىز يوقكەن، ۋەتىنىڭىزگە كەتسىڭىزمۇ بولغىدەك ـ دەپ، قىرغىز ساقچىلىرىغا تۇتۇپ بەردى ـ دەيلا. سىلىگە ئۈچ يىللىق، ئېشىپ كەتسە بەش يىللىق كېسىم كېلىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندا، ئۈرۈمچى لىۇداۋاندىكى شەھىتلىككە بېرىپ، ماۋا دۇئا قىلىپ قويالا. مەن بۇ گەپلەرنى راستىن دەۋاتاتتىم. لېكىن تۈرگۈن قارى چاقچاق دەپ چۈشۈنۈپ قاپتۇ ـ دە: پادۋالدا مۇزغا دەسسەپ سوغلىرى ئېشىپ كەتمىگەندۇ؟ ھەجەپ بىر ياتىدىغان شەھىتلىكنىمۇ بەلگىلىۋاپىلا. مانداق ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقانكىن، چاقچاقنى قويۇپ، شاھادەت ئوقۇۋغاچ ماڭايلى ـ دېمەمدا، ئىم دەپ قالدىم. ماشىنىغا ئون قەدەمچە يېقىنلاپ قاپتىكەنمىز، بىر ئادەم ماشىنىدىن چۈشكەن پېتى بىز تەرەپكە ئوقتەك يۈگرەپ كېلىۋاتىدۇ. قولىدا ئىككى تال پاختىلىق چاپان. يېقىن كەلگەندە مانداق قارىسام ئاكادېمىيە قارىمكەن. ئۇمۇ تۇتۇلۇشى كېرەك بولغان 37 ئادەمنىڭ تىزىملىكىدە باتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئالمۇتۇدىن قايتىپ كەلگەندە، ھېلىقى «ب د ت» ئىشخانىسىغا تاپشۇرىدىغان تىزىملىكتە كۆرۈپ تونۇشقان ھەم تۆت ـ بەش قېتىمچە كۆرۈشكەن ئىدىم. نېمە ئىش قىلماقچى دېسەم: ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام ئاكادېمىيىسى قۇرۇپ، ئىسلامنى ئالتۇن دەۋرىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دېگەنتى، خىتاي پاسپورتى بىلەن بۇ ئەللەردە سودىگەرچىلىكتىن باشقا ھېچنەرسە قىلغىلى بولمايدۇ. بەك چوڭ ئىش قىلالىسىلا مەسچىتتە ئىماملىق قىلالايلا قارىم ـ دېسەم، ماۋا يان قاراپ قاپتىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن يوق

يېرىدە ئاكادېمىيە قارىم دەۋالاتتىم. ھازىر ئاشۇ ئاكادېمىيە قارىم ئۈستى بېشىمىزغا پاختىلىق چاپاننى ئارتىپ، بىزنى ئىككى قولتۇقىغا قىستۇرۇپلا ماشىنا تەرەپكە سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ. مەن تېخىمۇ بەك سۆرىلىۋېلىپ:قارىم توختىسىلا، ئاۋۇلار يوق يەردە گەپلىشىۋالايلى. سىلىنىمۇ ئەكەلدىما؟ ـ دېدىم جىددىيلىشىپ. ھەئە، مەنمۇ بىرگە كەلدىم ـ دېدى ئۇ، ھېچنېمە بولمىغاندەك. مەن: بىزنى تۇتۇپ كەتكەنلىك خەۋەرنى ئاڭلىغانكىن، تۈركىيە تەرەپلەرگە قېچىپ كەتسىلە بولمامدۇ؟ تىزىملىكتىكى ھەقاسىڭلارنى تۇتۇپ بېرىسەن دەپ، تۈرمىدە قىلمىغىنى قالمىغان. بىرسىمىز بولساقمۇ قولغا چۈشمىسەك بولماسمىدى؟ ئۇ: بەزەنلەرنى يولغا سېلىۋەتتىم تۈركىيە تەرەپلەرگە. سىلەرنى قويۇپ بېرەر دەپ كۈتۈپ تۇرغان. لېكىن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن دېگەن گەپلەر چىققىلى تۇردى. ئىككى كۈننىڭ ياقى كۆزۈم يۇمۇلسىلا سىلەرنى چۈشەيمەن. خىتايلار قىيناپ ئۆلتۈرىۋاتقان، سىلەر قۇتقۇزۇڭلار دەپ نالە قىلىۋاتقان. بۈگۈن ئەتتىگەن بازاردىن ئىككى تال پاختىلىق چاپان ئالدىم، ئاخىرقى بىر كېچە بولسىمۇ ئىسسىق يېتىۋالسۇن دەپ. يىگىرمە دانە سامسا، ئىككى تال نان ئالغان، بىر قېتىم بولسىمۇ تويۇۋالسۇن ـ دەپ. ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالالمىدۇق، رەنجىمەڭلار قېرىنداشلىرىم. مەن: سىلىنى ساقچىلار تۇتۇپ ئەكەلمەي، ئۆزلىرى بىزنى يوقلاپ كېلىشلىرى بولامدۇ بۇ؟ ئۇ: شۇنداق ئابدۇرەھمجان، مەن ئۆزۈم كەلدىم. ماشىنىغا چىقسىلا بەك توڭلاپ كېتىپىلا. مەن: ئۇنداق بولسا بىزنى خىتاي ساقچىلىرىغا كىم تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؟ بىزنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلار ماشىنىنىڭ ئىچىدىما؟ ئۇ: ياق، ئابدۇرەھمجان ياق. سىلىگە ھېچ نەرسىنى

چۈشەندۈرەلمىدىم. سىلىنى مەن ئېلىپ كېتىمەن. ھازىر تۈرمىدىن قېچىۋاتىسىلەر. ئەمما بۇ يولدىن ئاللاھ بىر چىقىش يولى بېرەر، ھازىرچە قۇتۇلدۇڭلار. ئۇنىڭ سۆزلىرى مۇزلاپ، قېتىپ كەتكەن تەنلىرىمنى سىماپتەك ئېرىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى. بېشىم بىر قېتىم پىرقىرىغاندەك بولۇپ، ماشىنىغا يۆلىنىپ ئاران توختىۋالدىم. بىز ماشىنىغا چىقتۇق. ماشىنىدا بىر شوپۇردىن باشقا ھېچكىم يوقكەن. مەن ئالدىراشلىقتا: ئۇنداق بولسا قاچايلى - دەۋەتتىم ھاياجىنىمنى باسالماي. شوپۇر ئۆزبېكچە ئارىلاش سۆزلەپ، ھېلىقى ئاقۋاشنى ساقلايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. شوپۇر قەشقەر دەريالىقكەن. لېنىننىڭ دەۋرىدىلا پۈتۈن قەشقەر دەريالىق ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى ئىچىدە ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرىنى مەجبۇرى ئۆزبېكلەشتۈرىۋەتكەن ئىكەن. ئۇ دەردىنى تۆكۈۋاتاتتى، مەن بىزگە ئەكەلگەن سامسىنى يېيىشكە باشلىدىم. تۈرگۈن قارى گېلىمدىن ھېچنەرسە ئۆتمەيدۇ دەپ، يېگىلى ئۇنىمىدى. ئەمما بىر كەمدە ئاكادېمىيە قارىم - بولدى ئابدۇرەھىمجان دەپ، قولۇمنى تۇتۇۋاپتۇ. ئىچىدىغان بىر يۇتۇم سۇمۇ يوق، بىر قولۇمدا سامسا، بىر قولۇمدا نان يەپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە 13 دانە سامسا بىلەن بىر تال ناننى قۇرۇق يۇتۇپ بولۇپتىمەن. شۇ ئارىدا ئاقۋاش كادىر كېلىپ ماشىنىغا چىقتى ۋە: «ئابدۇرەھىم بايكا، مەن بۈگۈن دەم ئالغان ئىدىم. چۈنكى ئەتە سىزگە مۇناسىۋەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ئىشىمىز بولغاچقا. دوستلىرىڭىزنىڭ ئېھتىياجى چۈشۈپ ماڭا زۇۋانت قىلدى. مەن ئۆيدە دېدىم. ئۇلار بىر خالتا ئاقچا ئېلىپ كەپتۇ - دوللار، سوم، خىتاي ئاقچىسى ھەممىسى بار. ساناپ كۆردۈم، ئون بەش مىڭ دوللار بولىدىكەن. مېنىڭ

ئاقچىغا ئېھتىياجىم بار، سىز توغرا چۈشىنىپ كېتىسىزغۇ. مائاشىمىز ئاز، ئامېرىكىدا بىر قىزىم ئوقۇشتا. ئۇنىڭغا كۆپ ئاقچا كېرەك. مەن ئاقچىنى ئالدىم سىلەرنى ھازىر مانا سائەت ئۈچتە قويۇپ بەردىم. بىراق ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە سىلەرنى ئۆزۈم تۇتۇپ، خىتايلىق ساقچى كادىرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. دوستلىرىڭىز بىلەن شۇنداق سۆزلەشتۇق. سىزمۇ بىلىپ قېلىڭ» - دېدى، ئۆزىنى تونۇشتۇرغاچ. ئۇ قىرغىزىستان دۆلەتلىك «ك گ ب» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن. لېكىن مەن ئۇنىڭغا پو ئېتىپ: بىزنى ھەرگىز تۇتالمايسىز ئابدۇرەھىم بايكا، ئەمدى قولغا چۈشمەيمەن - دەپتىمەن. ئۇ: سىلەرنى خىتايغا تاپشۇرۇش مېنىڭ ۋەزىپەم. شۇڭا ئۆزۈم تۇتمىسام بولمايدۇ. مەن تۈرمە ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ بارلىق چېگرالارغا بۇيرۇق چۈشۈردۈم. ئۆلكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيسىلەر. سىلەر بارىدىغان بارلىق جايلارغا تۇزاق قۇرۇپ قويدۇم. ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، سىلەرنى ئۆزۈم تۇتۇپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. ھازىرچە خۇداغا ئامانەت، ئەتە كۆرۈشەيلى! مەن يەنە پو ئاتقىلىۋاتسام، شوپۇر ئاقۋاش ئەپەندىگە: خاتىرجەم بولۇڭ بايكا، بۇلارنى سىز تۇتىۋالىسىز. مۇھىم بولغان ئىش ئاقچىسىنى ئالدۇق - دەپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ كىتىشىگە شوپۇر: تۈرمىگە قايتىپ كىرىۋالغۇڭ بارمۇ سېنىڭ؟ سېنى ئاران قۇتقۇزۇپ چىقساق. ئۇ جاللات بىلەن سېپورتلىشىپ كېتىپسەن. ئۇ تۇتىۋالمەن دەيدۇ، سەن تۇتالمايسىز دەيسەن. مەن قورقۇپ كەتتىم يېنىۋالامدىكىن دەپ. ئەمدى سېنى ئۆزۈڭ

خالىغان يەرگە ئاپىرىپ قويىمەن. ئەگەر شۇ يەردە ئەتە سائەت سەككىزگىچە تۇرۇپ قالساڭ، سېنى تۇتقىلى مەنمۇ بىرگە كېلىشىم مۇمكىن. چۈنكى مېنىڭمۇ ئائىلەم، ئۆچ بالام بار. قولغا چۈشۈپ قالماي دېسەڭ ماشىنامدىن چۈشۈۋالغان جايدىن بۆگۈن ئاخشامغىچە يوقۇلۇپ كەت. ئۇ بىزگە كۆيۈنۈۋاتاتتى. بىراق بىز نەگە بېرىشنى بىلمەيتتۇق. بىردەم مەسلىھەتلىشىپ، بىزنى تۇتۇپ كەتكەن قورۇغا بارىدىغان بولۇپ، شوپۇرغا يولنى ئېيتىپ بەردۇق.

ئەسلىدە قىسمەت يېزىلىپ بولغان ئىدى. بۆگۈن بىر كۈن ئۆتۈپلا كەتسە، ئەتە كۈن ئەمەس ئىدى. ھېساباتى بوغۇلۇپ بولغان. بىراق تەقدىر بەتلىرىنىڭ يەنە باشقا يۈزىگە يېزىلغانلار بار ئىكەن. ئاكادېمىيە قارىم مۇنداق چۈشەندۈردى: بۆگۈن ئەتتىگەندە توربازىغا بېرىپ سامسا، نان، ئىككى دانە پاختىلىق چاپاننى ئېلىپ، بىزنى يوقلاش ئۈچۈن تۈرمىگە بېرىشقا تەۋەككۇل قىلىپتۇ. ئەسلىدە بىر قاچقۇن يەنە بىر تۇتقۇننى يوقلاپ تۈرمىگە بېرىش دېمەك، قۇشخانىغا ئۆز ئايىغى بىلەن باردى دېمەكتۇر. لېكىن قارىم بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا، تەڭ كۆرەرمىز- دەپ، ئۆزىنى ئاتاپ قويۇپ، يولغا چىقىپ تاكسى توسۇپتۇ. بىراق بىرمۇ تاكسى تۈرمىگە ماقۇل دېمەي، سائەتلەپ يول ياقىسىدا تاكسى توسۇشتىن يالتايماپتۇ. كۆڭۈل تازا يېرىم بولۇپ، ئۈمىتسىزلىنىپ تۇرغاندا، بۇ سۆلەت ماشىنا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتىكەن، مېنى تۇتقىلى كەلگەنلەر بولسا كېرەك ـ دەپ ئەندىكىپ كېتىپتۇ. ئەمما شوپۇر ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ: ئاخۇن ئەكە، سوغوق يامان، ماشىنىغا ئولتۇرۇڭ، قاياققا بارماقچىسىز؟ ـ

دەۋاتقىدەك. قارىم ماشىنىغا تارتىنىپراق چىقىپتۇ - دە، تۆرمىدىكى ئىككى دوستىغا بۇ نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شوپۇر: تۆرمىگە نەرسە كىرگۈزۈپ يۈرگىچە دوستلىرىڭىزنى تۆرمىدىن چىقىرىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ قارىم: ئۇلارنى ئەتە خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىدىكەن. قولىمىزدىن بىر ئىش كەلمىدى. شوپۇر: ئاقچا بولسا قولىڭىزدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. جۈرۈڭ ئاخۇن ئەكە، ماشىنىدىن چۈشۈڭ. ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن ئاقچا يىغىمىز! شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توربازارغا كىرىپتۇ. قارىمنى يېنىدا تۇرغۇزۇۋېلىپ، شوپۇر ئۆزى بىر پلاستىك خالتىنى ئېچىپ، ھەر بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە: رامىزان يېقىنلاپ قالدى، زاكىتىڭلارنى بېرىۋېتىڭلار! بۇ يىلنىڭ زاكىتىنى، كېلەر يىلنىڭ زاكىتىنى بېرىۋېتىڭلار! ھارام ئۆلگىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ھاياتىنى بۇ ھالال پۇلۇڭلار بىلەن سېتىۋالىمىز! سېخىلىك قىلىدىغان كۈن پەقەت بۈگۈندۇر. ئەتە لازىم ئەمەس، غەيرەت قىلىڭلار! - شوپۇر ئاجايىپ گەپدان ئادەمكەن. ئاكادېمىيە قارىمنىڭ يۈز خاتىرىسىمۇ ئەلۋەتتە بىر خالتا پۇلغا يارايتتى. بىراق كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل دەرۋازىسىنى گەپ بىلەن ئېچىش بىر چوڭ ماھارەتكەن. ئۇلار يېرىم سائەت ئىچىدىلا بىر خالتا پۇلنى يىغىپ بولۇپ، شوپۇر ھېلىقى باشلىقىغا تېلېفون قىلىپ: ئابدۇرەھىم بايكا سىزگە بىر خالتا دوللار ئېلىپ كېلىۋاتىمىز، ئاقچا كېرەكمۇ؟ - دەپتۇ. ئىش مانا شۇنچىلىك تاسادىپىي باشلىنىپ، بىزنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىشىمىزنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاكادېمىيە قارىم ئەھۋالنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ: ئىككىڭلاردىن ئۆتۈنىدىغىنىم، بۇ ئىشنى مېنىڭ قىلغانلىقىمنى ئۆزۈم دېمىگۈچە، سىلەر

ھېچكىمگە تىنماڭلار. جاھان تىنچ ئەمەس، ئۆلمسەك كۆرۈشەرمىز - دەپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ، يىبرىم يولدا ماشىنىدىن چۈشۈۋالدى.

بىز تۇتقۇن قىلىنغان، داۋۇت ھاجىمنىڭ ۋەقپىسى ئالدىدا شوپۇر بىلەن خوشلاشتۇق. ھويلىغا كىرسەك، پەقەت مەسچىت زالىنىڭ ئىشىگىدىن باشقا ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دەرىزىلىرىنى «ك گ ب» پېچەتلەپ قويۇپتۇ. بىز يولنىڭ ئۇ يېقىدىكى ئەمەت ئەيسا ئاكىمىزنىڭ قورۇسىغا كىردۇق پانا تارتىپ. ئەمەت ئەيسا ئاكا 34 - يىللىرى تۇڭگانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ئەڭ كىچىك قەشقەرلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا، ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى تۇڭگانلار، ختايلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن. ئۇ تۇڭگان مىلتارىستلىرىنىڭ ئىتىنى بېقىپ يۈرگەن بولۇپ، كېيىن شىڭ ختاينىڭ مىلتارىستلىرىغا، كېيىن گومىنداڭ مىلتارىستلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ، كېيىن سوۋپاخۇن پولكوۋنىك ئۇنى بالا قىلىۋالغان ئىكەن. ئۇ ئاغزى يۇمشاق، قۇلىقى يۇمشاق ئايىغى چەبدەس، ھوشيار بولغاچقا سوۋپاخۇن ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرەتتىكەن. ئۇ ئونبەش ياش چېغىدىن باشلاپ ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قاتناشقان، شەرقى تۈركستان ئازاتلىق ئارمىيە سېپىدە، جەنۇبى فرونتتا باي براگادىسى بىلەن كۇچارنىڭ شىمالىدىكى قىزىلغىچە ئازات قىلغان قانلىق جەڭلەرگە قاتناشقان ئىكەن. ھازىر ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ پىداكارلىرىدىن بولۇپ، بىزنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى. ئۇ بىزنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغىنىمىزدىن قەۋەت سۆيۈندى. ھېلىقى مېنى ئامېرىكىغا بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان سودىگەر ئاغىنە، تاشكەنتكە كېتىدىغان ۋاقتىدا، ئۆزى

ئۇلتۇرغان ئۆينىڭ ئىككى ئايلىق ئىجارىسىنى بىز ئۈچۈن تاپشۇرۇپ قويغان بولۇپ، ئەگەر بىز تۈرمىدىن چىقىپ قالساق، شۇ ئۆيدە تۇرۇشىمىزنى تاپىلاپ، ئۇ ئۆيىنى مەتىمىن قارى بىلەن ئەخمەت قارى پىدائىيدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن دەپ، ئامانەت قىلغان ئىكەن. ئەمەت ئەيسا ئاكىمىز بىزگە ئەتكەن چاي تەييارلاپ بېرىپ، ئۆزى ئەخمەت قارى بىلەن مەتىمىن قارىنىڭ يېنىغا چاپتى. بىز قوساقنىڭ غېمىدە تازا ئاچ كۆزلۈك قىلىۋاتساق، ئۇلارمۇ يېتىپ كەپتۇ. مەتىمىن قارىم مېنى باغرىغا بېسىپ شۇنداق بىر يىغلىۋېدى، بىرەر كېلىشمەسلىك بولغان چېغى دەپ ئويلىۋاپتىمەن - دە: سەبرە قىلسىلا قارىم، بىزگىمۇ كېلىدۇ نۆۋەت بىلەن دەپ - تەسەللى بەرگىلى تۇرسام، تېخىمۇ يىغلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەخمەت قارىمغا قارىدىم سوئال نەزىرىدە. ئۇمۇ ئۈمچىيىپ تۇرۇپ: سىلىگە ئېچىنىپ يىغلاۋاتىمىز - دېدى ئارانلا. شۇندىلا يۈزۈمنىڭ سوزۇلۇپ، ئۈچ بۇرجەك بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم ھەم: قېرىنداشلار ھازىر ھازا تۇتىدىغان چاغ ئەمەس بەلكى قاچىدىغان ۋاقىت! - دېدىم قېچىشقا ئالدىراپ.

بىز مۆكىدىغان ئۆي بەكمۇ يىراقتا ئەمەسكەن. قويۇق ئائىلىلىكلەر بىناسى جايلاشقان مەھەللىدە، بەشىنچى قەۋەتتىكى ئازادە، ئىسسىق ئۆيكەن. ئاللاھقا چەكسىز شۈكرىكى، تېخى بىر قانچە سائەت ئىلگىرى ئاخىرقى بىر كۈنلۈك ھاياتىم بىلەن خوشلىشىۋاتاتتىم. ئەمما بىر ئاي ئۈچ كۈن سەمىمىيتى بىلەن، ماڭا مېھرىنى بەرگەن، سوغاق بەدەنلىرى بىلەن مېنى ئىسسىتىشقا تىرىشقان بارلىق كامېرداشلىرىمدىن ۋە بىزنىڭ تۈرمە مەخپىيەتلىكىمىزنى سىرتقا چىقىرىشتا ياردەملەشكەن پولات بېكتىنمۇ خاتا گۇمان

قىلغانلىقىمغا ئۆكۈنۈپ، ئۇلاردىن غايىبانە ئەپۇ سورىدىم. شۈكران ناماز ئوقۇش نىيىتىدە، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھاماممغا كىرىپ، شۇنداق سەت چۆچۈدىمكى، ئالدىمدىكى ئەينەكتە بىر ئەرۋاھ ماڭا چەكچىيىپ تۇراتتى. ئالتە يىل ئاۋۋال كۇچار تۈرمىسىدە كېۋىر رازى ئەينەكتە كۆرسىتىپ، يۈرىكىمنى جاراھەت قىلىپ، روھىمنى سۇندۇرماقچى بولغان، ھېلىقى مەندىن، ھازىرقىسى قانچە ھەسسە بەتتەر ئىدى. ئۆزۈمدىن ئۈركۈپ تاھارەتمۇ ئالماي، ھامامدىن قېچىپ چىقىپلا، كاللامغا بىر غىدىقلىما پەيدا بولۇپ قاپتۇ: «سىلەر بارىدىغان بارلىق جايلارغا تۇزاق قۇرۇپ قويدۇم، ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، سىلەرنى ئۆزۈم تۇتۇپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.» بۇ جۈملە كاللامدا گۈلدۈرماما ياڭرىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇزاقتىن قېچىش ئۈچۈن تەدبىر ئېلىشقا جىددى تۇتۇش قىلدۇق. كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ھەقىقەتەن جىددى تۇتمىساق بولمايتتى. بۇ ئۆيدە تۈرمىدىن قاچقان ئىككىمىز بىلەن، مۆكۈپ يۈرگەن ئىككىسى بولۇپ جەمى تۆت كىشى توپلاشقان ئىدۇق. بىراق بىزنىڭ بىخەستەلىكتە قالغان، غەپلەت باسقان ئەقلىمىز بىلەن ئالغان جىددى تەدبىر، بىزنى تۇزاققا ئۇلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇ تاپتا بىزدە ئىشلىگۈدەك ئەقىل قالغانمىدى گەپنى ئۇدۇل ئېيتقاندا؟ تېخى بىر قانچە سائەت ئىلگىرى ھاياتلىق بىلەن ۋىدالىشىپ بولغان تۇرساق! ۋا دەرىخا، قاچقۇنلار ئۈچۈن بۇ دۇنيا نەقەدەر تارچىلىق ھە! (داۋامى كېيىنكى بابتا)

25.07.2019

## ئون ئالتىنچى باب

## يەردە قاپقان ئاسماندا تور

«جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان»

بىز زامانىنىڭ بەكلا ئارقىدا قالغان بولغاچقا، ياكى بىزنى كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن بېرى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بۇرۇختۇم قىلىپ دۇنيادىن، زاماندىن ئايرىپ تاشلىغان بولغاچقا، كلاسسىك ئاتا سۆزلىرىنى ئىلغىماستىن، پەرقىنى ئايرىماستىن ئاغزىمىزغا كەلگىنىچە نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن مەزمۇن چىقىرىپ، تۇرمۇشىمىزغا، ھايات يولىمىزغا ئەندىزە قىلىۋالىدىغان ئادىتىمىز بار. «ئۆلۈككە گۆر تېپىلار، تىرىككە ئۆي.» بۇ قاچانقى سۆزلەر؟ بۈگۈنكى كۈندە تىرىككە ئۆي تېپىلىش تۇرماق، ئۆلۈكنىڭ ئۈستىگە تاشلىغىلى يەتتە كەتمەن توپىنى تاپماقمۇ قىيىن قىيامەت بولۇپ قالدى. جان بولسىلا جاھان بولىۋەرمەيدىكەن بەزى چاغلاردا. «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولالماپتۇ» دېگەن سۆز، تېخىچە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتىنى يوقاتمىغان چېغى.

بىز قىرغىزىستانغا چىقىپ قالغان ۋاقتىمىزدا، تالاغىلام چىقىپ قالغان ئىدۇق. ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسيا ئەللىرىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتىدە خىتاينىڭ پىتنىسى تېخى

بىخ سۇرمىگەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارغا تەلپۈنۈپ تۇرغان، ۋەتەن قۇتقۇزۇش غايىلىرىگە تېخى ئېغىر توسقۇنلۇقلار كەلمىگەن، كەڭچىلىك بىر زامانلار بولغاچقا، دەرۋەقە «جان بولسا جاھان بولىدىغان»، «تىرىككە ئۆي تېپىلىدىغان» مەمۇرچىلىق زامانلار ئىكەن. بىزنى ئۆز ھالىمىزغا تاشلاپ قويماي، تالادا قويماي، ئۇيغۇرلىرىمىز قوينىغا ئالغان ئىدى - ئۆي بېرىپ، ئاش بېرىپ، ھاياتلىقتا زۆرۈر ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسىنى بېرىپ، بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلغان ئىدى. ئۈچ يىلغا يېقىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا جان ساقلاپ كەلدۇق. شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئامانلىقى، ئۇيغۇرىستانلىقلار ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدۇق.

خىتاينىڭ سىياسى مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇرۇلغان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ توختاملىرى بويىچە، قىرغىزىستاندىن خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان دەسلەپكى قۇربانلىق سۈپىتىدە، ئۈستۈمىزدىن ھۆكۈم كېسىلىپ، 96 - يىلى 12 - نويابىر بېكىتىلىپ بولغان ئىدى. بىراق، تەقدىر باشقىچە بولسا كېرەك. پەقەت ئويلىمىغان يەردىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ، 11 - نويابىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بىلەن تۈرمىدىن چىقىپ كەتتۇق. يەنى گۆر ئاغزىدىن قايتتۇق. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن باشقا، بەندىنىڭ بارمىقى يوق ئىدى. بارلىق تۇزاق ۋە قاپقانچىلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ بولغان. بىزنى جاللات خىتاي دۆلىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىنى كۈتۈۋاتقان ئاخىرقى كۈندە، ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كەتتى. لېكىن

بىر تۈرمىدىن ھەقلىق، ھوقۇقلۇق شەكىلدە چىقىرىلماي، ئەكسىچە بىر كىچىلىك سىرتتا قېلىشىمىز 15 مىڭ دوللار پۇلغا سېتىۋېلىنغان ئىدى. بىزنى سېتىۋالغان بىرسى يوق. ئەمما ساتقۇچى بار. بىزنى غەيرى رەسمى ساتتى. بۇ سودا ھەم ئالدامچىلىق، ھەم بۇلاڭچىلىق ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا بىزنى سېتىۋالغۇچى بولمىغاچقا، ئۆز جېنىمىزغا ئۆزىمىز خېرىدار ئىدۇق. بىز ئورۇنلاشتۇرۇلمىدۇق. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەر بىر قىيىن كۈنلىرىمىز تەشكىللىك ھەل قىلىناتتى. بىراق بۇ قېتىم ئىگە چاقسىز، ئاللاھنىڭ ئاسمىنى ئاستىغا چىقىپ قالغان ئىدۇق. بۇلاڭچىلار پۇلنى باشقىلاردىن ئېلىپ، بىزنى ئۆزىمىزگە ساتقان بولدى. يولدا «قىرىق قاراقچىلار» مارىلاپ ياتىدۇ. ئۇلاردىن قوغداپ، بىزنى تەشكىلات ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا ئىشنى جىددى تۇتۇش كېرەك! ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، بىزنى تۇزاقتا چۈشۈرۈپ تۇتىۋالىدۇ. بىز مەسىلىھەتنى پۇختا قىلدۇق - دە، تەشكىلات رەھبەرلىرىدىن بىرسىگە تېلېفون قىلدىم. ئۇلار مۇزاكىرىلىشىپ بىر ئازدىن كېيىن جاۋاب بەردى. ئەتە ئەتىگەن «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسى ئىشقا چۈشكەندە، شۇلار بىلەن بىرگە كېلىدىغان بولۇپتۇ.

ئايدىڭ، ئىسسىق ئۆي. يۇمشاق تۆشەك. دۇنيا تېخى ئۇ قەدەر مۇزلاپ كەتمىگەن، ئۇ قەدەر قېتىپ كەتمىگەن. مەن كۆپىنچە مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك، تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان ئامەت، چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەپ قالىمەن. بەلكى بۇمۇ بىر قانچە مىنۇتلۇق چۈش بولۇپ قالمىسا بولاتتى! ئويغۇنۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىمۇ ۋاقتىدا كۆرەيچۇ - دەپ ئويلىدىم. مەمتىمىن قارىم يامان ئېسىل تۇرىۋالىدۇ. تۈرگۈن

قارىم بىلەن دەردىمىز ئوخشاش. ئەخمەت پىدائىي قارىم بىلەن چاقچاقلىشىپ قويىدىغان ئادىتىمىز بار. ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇيۇقسىز مۇرىتىۋېدىم، ئاغرىققا چىدىماي قولۇمغا شاپىلاق بىلەن بىرنى قويۇۋېتىپ: جېنىم ئابدۇرەھىمجان، خاپا بولمىسىلا، مەن ئاغرىقنىڭ دەردىدە ئۆزۈمنى سەزمەستىن قوللىرىغا ئۇرۇپ سالدىم ـ دېدى ئۆتۈنۈپ. ئۇ ئەتىسى، چىۋىقتەك بارماقلىرىنى يۈزىگە يېقىپ ئەپۇ سورايتتى. ـ قارىم مەن شۇنى ئويلاپ چىمدىغانتىم، ئىنكاسلىرى كۆتكىنىمدەك بولدى. خۇداغا شۈكرى مەن چۈش كۆرۈۋاتماپتىمەن. بۇ رېئاللىق ئىكەن ـ دېدىم مەقسىتىمنى چۈشەندۈرۈپ. ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا خوشال ئىدۇق. مەن بېقىنىمدىكى يارىغا بىر ئامال قىلىش ئۈچۈن، كۆھنىدىكى توڭلاتقۇدىن بىر ئاز قوي يېغى تاپتىم ـ دە، ئەخمەتقارىغىلا پىچىرلاپ ياردەملىشىشنى ئېيتتىم. بىز قوي يېغىنى ئوچاقتا قىزىتىپ، يېغىرلىرىمنى داغلىدۇق. دەسلىۋىدە بىر دەم ئاغرىپ، ئېچىشىپ بىراقلا بېسىقتى. چىرايلىقمۇ بىر ئۆيكەن ھېلىقى. ھەر بىر بۇلۇڭلىرىغىچە قانماي قاراپ چىقىپ، يۇمشاق ئۆيقىنى باشلىۋەتتىم. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ بامدات نامازنى ئوقۇپ، جاينامازدا ئولتۇرۇپ ئاللاھقا بىر دەم شۈكرى ئېيتقاندىن كېيىن، رەھبەرلەر كەلگۈچە ناشتا قىلىۋالايلى دېيىشىپ، چاي ـ پاي قاينىتىپ، شىرەگە تىزىلىشىپ ئولتۇرۇشىمىزغا، ئىشىكنىڭ زىلى شۇنداق ئەنسىز چېلىپ كەتتى. سائەت تېخى يەتتە يېرىم، رەھبەرلەر كېلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ھەم يىللاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زىل چېلىش بەلگىمىز بار. مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قىيا ئېچىپ پەسكە قارىسام، ھەر قوراللىق

ساقچى قىسىملىرى، ھەر قارا كىيىملىك، يۈزىگە پايپاق كىيىۋالغان مەرگەنلەر، ئەسكەرلەر يېغىپ كېتىپتۇ. باللا ئىش چاتاق! قورشاۋدا قالدۇق - دېدىم يىغلامسىراپ. ئەخمەت قارىم بىلەن تۆرگۈن قارىم ئىككىسى يوتقان تېشىنى، كارىۋات كىرلىكلىرىنى يىغقىلى تۇرۇپتۇ: مۇشۇنى باغلاپ، ئارقا دېرىزىدىن پەسكە چۈشۈپ قېچىپ كېتەيلى - دەپ. قورقۇپ تىترەۋاتاتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ پىلانىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتىمەن ئۆزۈمچە. ئەخمەت قارى: دېرىزىنىڭ پەردىسى خېلە پۇختىكەن، ئۇنىمۇ باغلايلى دەيدۇ چىڭىغان چىقىپ. شۇنىڭ بىلەن: باللا بىز كىنودا رول ئېلىۋاتمايمىز، يابىر جېمېس بوند ئەمەس بىز. شۇڭا مانداق ئىشنى قىلمايلى. بۇ بەشىنچى قەۋەت تۇرسا، يا بىزدە ئېسىلىپ ساڭگىلىغۇدەك ماغدۇر بولمىسا، دېرىزىدىن چىقا- چىقمايلا ئۆلۈك قۇشقاچتەك، ئۆلۈكىمىز يەرگە پوككىدە چۈشۈپ، بەك سەتچىلىك بولىدۇ - دېدىم راستىنلا تېرىكىپ. ھەم ئارقا دېرىزىدىن پەسكە قارىسام، بىنانىڭ ئارىلىرىدا چارلاپ يۈرگەن بىرمۇنچە مەرگەنلەر باركەن تېخى. «تۇزاقتىن قاچىمىز» دەپ، ئاخشام تەشكىلات رەھبەرلىرىگە تېلېفون قىلىش ئارقىلىق، تۇزاقنىڭ ئۆزىگىلا دەسسەپتىمىز. خىتاي ساقچىلىرىغا ئوخشاش سوۋېت ساقچى، «ك گ ب» ئىدارىسىمۇ تېلېفون تىڭشايدىغانلىقىنى ئاجايىپ ياخشى بىلەتتۇق. ئەپسۇس ئاخشام ئەقلىمىزنى تۇپا باسقان ئىكەن. ئەسلىدە بىزدىكى ئەقلىنىڭ ئىشلىگۈدەك بىرەر ھۆجەيرىسىمۇ قالمىغان ئىدى. قورقۇشتىن باشقىنى بىلمەيتتۇق. بىزنى ساتقان ئاقۋاش: «سىلەر بارىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇزاق قۇرۇپ قويدۇم» دېگىنى مۇشۇ ئىكەن. يەنى بىز بۇ

جىددىچىلىكتە تەشكىلات رەھبەرلىرىگە تېلېفون قىلىشىمىز، دېلو تەرتىپىدىكى ئاددى مەنتىقە ئىدى. شۇڭا ساناقلىق كىشىلەرنىڭ تېلېفون ئالاقىسىگە ئايرىم تىڭشاش سىگنالى ئورنىتىپ قويغان گەپ. ئىشىكنى ئېچىشىمىز كېرەك. بولمىسا چېقىپ كىرىدىغانلىقىنى دەپ، ساقچىلار ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ. بىز قورقۇنچتىن تىترىگەچ ئۆزىمىز دەسسىگەن تۇزاق ئۈستىدە تەھلىل قىلىۋاتىمىز. ئاخىرى تۇزاقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىپ، يەنە شۇ يەرگە تېلېفون قىلدۇق. ئۇلارغا ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندۈردۇق. ئۇلار ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىنىڭ بىزگە مەسئۇل خادىمى ھېلمۇت ئەپەندىنىڭ قول تېلېفونىغا ئالاقە قىلدى. ئۈچ تەرەپ باغلىنىپ سۆزلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئىشىكنى قەتئىي ئاچماڭلار، ئەگەر ئىشىكنى چېقىپ ئۆيگە كىرسە، ھەممىڭلار گىرەلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، سىرتقا ئېلىپ چىقىشنى كېچىكتۈرۈڭلار. بىز يولغا چىقتۇق ـ دېدى ئۇلار. بىزنى ساتقان جاللات بىلەن دېپىشكەن ۋاقىت توشۇشقا ئاز قېلىۋاتىدۇ. سائەت سەككىز بولدى. ساقچىلار: ئەڭ ئاخىرقى بەش مىنۇت، ئەگەر ئىشىكنى ئاچمىساڭلار بىز ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىمىز! ئۆزۈڭلار تەسلىم بولساڭلار ھايات قالىسىلەر! بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى ـ دەپ، تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. بىز تېلېفون ئارقىلىق ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇردۇق. ھېلمۇت ئەپەندى: بىز ئۈچ مىنۇت ئىچىدە بىنانىڭ ئالدىغا بارىمىز! ئۇلار ئىشىكنى چېقىپ كىرسە مەيلى، نەق مەيداندا قىرغىز ھۆكۈمىتىنىڭ يولسىزلىقىنى ئىسپاتلايمىز ـ دېدى، ئۈنلۈك ۋارقىراپ. ۋاقتىمۇ دەل توشتى. بىز ئۆز ـ ئارا رازىلىق ئېلىشىپ، ئەپۇ سورىشىپ ئولتۇردۇق. شۇ ئارىدا پۈشتەك چېلىنغاندەك قىلدى. بىراق

ئىشىك چېقىلمىدى. تەھدىتمۇ يوق. شەپىمۇ يوق. دېرىزىنىڭ پەردىسىنى ئاستا قايرىپ پەسكە قارىسام ساقچىلار، ئەسكەرلەر قاچقىلى تۇرۇپتۇ. دېمەك تۇزاققا قانداق دەسسىۋالغان بولساق، يەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن تۇزاقتىن چىقىپتىمىز. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ زىلى شەرتلىك بەلگە بىلەن چېلىندى. كۆزدىن قارىسام ئىشىك ئالدىدا ھېلمۇت بورىس، يوغان كامېرا كۆتۈرۈۋالغان يەنە بىر ئالتۇن چاچلىق ئايال، تەشكىلات رەھبىرىمىز، جامائەت ئاقساقاللىرىدىن سەلىم ھاجىم، بارى ھاجىملار تۇرىدۇ. ئىشىكنى ئاچتۇق. ھەممىنىڭ ئالدىدا كامېرا كۆتۈرۈۋالغان ئايال كىرىپ، ئۆي ئۆيىنى كىنوغا ئېلىپ يۈرىدۇ. ھېلمۇت: قېنى ساقچى، ئەسكەرلەر؟ بىرسىمۇ يوققۇ؟ مەن: سىز ئاخىرقى گەپنى دېگەن چېغىڭىزدا پۇشتەك چالغاندەك بىر سىگنال ئاڭلانغانتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتتى. ھېلمۇت: بەك ئەپسۇس، ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىق كېرەك ئىدى. بىز نەق مەيداننى فىلىمگە ئېلىپ ئىسپات قىلغىلى كەلگەنتۇق. مەن: ئۇنداقلىقىنى بىلگەن بولساق، ئىشىكنى ئېچىپ، ساقچىلارنى كىرگىلى قوياركەنمىز تازا. ئەمما بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئاچماي تۇرىۋاپتىمىز، كەچۈرۈڭلار. ھېلمۇت: ئىشىكنى ئاچمىغىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن بەك ياخشى بولدى. بىز پەقەتلا نەق مەيداندىن ئىسپات توپلايتتۇق. سىلەرنى تۇتۇپ ماڭسا، ئوخشاشلا قوغداپ قالالمايتتۇق. مەن: قىزىق گەپ قىلدىكەنسىز، سىلەر نەق مەيدان پاكىت توپلاپ خەۋەر ئىشلەيدىغان كوررېسپوندېتلارمۇ، ياكى خىتايغا، «ك گ ب» غا ئىشلەيدىغان ئاشكارە خادىملارمۇ؟ بىزنى تۇتۇپ كەتكەن

نەقمەيدان خاتىرىسىنى كىمگە ساتاتتىڭلار؟ ھېلمۇت: بىز «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىغا مەسئۇل خادىملىرى. دەردىڭلارنى چۈشىنىمەن. سىلەرگە ياردەم قىلالمىدۇق. لېكىن ئۈستىمىزدىن ئېيتقانلىرىڭىز توغرا ئەمەس. مەن: ئۇنداق بولسا، بىزنى قايسى ھەق ھوقۇق فورمىسى بىلەن قىرغىزىستانغا تۇتۇپ بەردىڭلار؟ بىزنى شاڭخەي ئىتتىپاقى كېلىشىمىگە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن، بىزنى خىتاينىڭ تۇتۇپ كېتىشى ئۈچۈن، قايسى ھوقۇق فورمىسىنى قوغدىماقچى بولدۇڭلار؟ بىز تۈرمىدە ئازابلاندۇق. سىلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن، ئون كۈن مۇزغا دەسسەپ، تاياق يەپ جازا ئۆتىدىم. سىلەردىن بۇنىڭ ھېسابىنى سورىمايمەن. ئەمما بىز ئىنسانىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، سىلەر بىلەن ھەمكارلاشتۇق. بىراق بىزنى قايسى ھوقۇق نورمىسى بىلەن، قانداق سودا توختامى بىلەن قىرغىز ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بەردىڭلار؟ ھېلمۇت: بىزنىڭ ئىشنى توغرا يۆنىلىشتە قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. خاتا ئىشنى ياكى خاتا كىشىلەرنى قوغداپ قالساق، بىزنىمۇ جاۋابكارلىققا تارتىدىغان ئورۇن بار. مەن: بىزنىڭ قىلغان قايسى ئىشىمىز خاتا ئىكەن؟ باشتىلا سىز بىلەن ئوچۇق دېيىشكەن، ئۈستىمىزدىن خىتاي ساختا پاكىت توپلاپ، ساختا دېلو تۇرغۇزۇپ تۆھمەت چاپلىسا، ئۇنىڭغا قارشى سىلەردە تەييارلىق بولىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئېيتىڭا، خىتاي بىزنى سىلەردىن تەلەپ قىلغاچقا قىرغىز ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بەردىڭلار، شۇنداق ئەمەسمۇ! ھېلمۇت: بىز ئىسپاتنى، پاكىتنى ئاساس قىلىمىز.

سىلەرنى خىتايمۇ، قىرغىز ھۆكۈمىتىمۇ بىزدىن تەلەپ قىلغىنى يوق. ھەم سىلەرنى بىز تۇتۇپ بەرمىدۇق. سىلەرنىڭ خىتاي پۇقراسى ئىكەنلىكىڭلارغا ئىشەندۇق. خىتاينىڭ سىلەرگە بىۋاستە زۇلۇم سالغانلىقىغا، گەرچە قولۇڭلاردا يازما ئىسپات بولمىسىمۇ، ئاغزاكى ئىپادەڭلارغا ئىشەندۇق. سىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ماتېرىيال تۇرغۇزدۇق. «ب د ت» ئىدارىسىدىكى مەركىزى ئىشخانىمىزغا يوللىماقچى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان دېموكراتىك دۆلەتلەرگە يوللىماقچى ئىدۇق. ئەمما بىز يازلىق دەم ئېلىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئىشقا چۈشكەن ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق، نوپۇزلۇق لىدەرى بىشكەك شەھىرىگە كەلگەن ئىكەن. ئۇ كىشى بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بەك مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر دىققەت قىلمىساق كوممۇنىست خىتايلار قۇرغان تۇزاققا دەسسىۋېلىپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز تۆكۈلىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا رادىكال، تېررورچىلارنىڭمۇ يوق ئەمەسلىكىنى، خىتايغا ئىشلەيدىغان جاسۇسلارنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتتى. بۇ تامامەن توغرا، دانا تەۋسىيە بولغاچقا ھەم بىز ئۇيغۇرلار توغرىسىدا پەقەتلا تەجرىبىمىز بولمىغاچقا، ئۇ لىدەرىڭلاردىن ئۆتۈنىدۇق ـ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا كىملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى سورىدۇق. ئۇ كىشى قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر ئىشلىرىنى ئىلدان ئاباسوپ بىلەن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى نەغمەت بازاكوپ بىلەن قىلىدىغانلىقىمىزنى، ماڭا خىتاي زۇلۇم سالدى، مەن پاناھلىق تىلەيمەن ـ دەپ، بىزگە كەلگەن ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنى ئاشۇ ئىككى كىشى

بىزگە تونۇپ بېرىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر، تەشكىللاتلار ئىسپات بەرسە ئىناۋەتسىز ـ دەپ قارايدىغانلىقىمىزنى ئەسكەرتتى. سىلەر توغرىلىق ئۇلاردىن گۇۋاھچى بولمىغاچقا، ماتېرىياللىرىڭلارنى قايتا قاراپ چىقمىز دەپ، توختىتىپ قويغان. ئەمما سىلەرنى قىرغىز ساقچىلىرى مەخپى تۇتۇپ كېتىپ، تۈرمىگە سولاپ قويغانلىقىنى، خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش خەۋپى بارلىقىنى سىز تۈرمىدىن سىرتقا چىقارغاندىن كېيىنلا، بىز ماتېرىياللىرىڭلارنى يۇقىرىغا، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە دەرھال يوللىدۇق. بىزنى توغرا چۈشىنىپ كېتىشىڭلارغا ئىشىنىمەن.

دەرۋەقە، بىشكەك شەھىرىدە خەلقئارالىق مېھماندارچىلىق ئويناۋاتقان ھېلىقى ئەپەندىم، سەككىزىنچى ئاۋغۇست كەچ قۇرۇن، ئىلدان ئاباسوپنىڭ تويخانا ـ رېستورانىغا بىزنى چاقىرتىپ، ئىلدانىنىڭ شوپۇرىنى ئەۋەتىپتۇ. بىز يەتتە كىشى توپلىشىپ باردۇق. ئىلدان ئاباسوپ ئۆزى يوقكەن. ئۇنىڭ غوجىدارى غۇپۇر قۇتا دەمدۇ بىر كىشى ساھىبخانلىق قىلىۋېتىپتىكەن. قاملاشمىغان ماز گەپلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئەپەندىم: بىشكەك شەھرىگە يېڭى قۇرۇلغان «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەنلىكىنى، بىزنىڭمۇ شۇ ئىشخانىدىن سىياسى پاناھلىق تىلىسەك ھەم ئىلدان ئاباسوپنى گۇۋاھچى قىلىۋالساق ئوبدان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرمۇنچە تەۋسىيە قىلغان ئەمما بىز ھە شۇنداق قىلارمىز ـ دەپ قويۇپ، باشقا بىر نەرسە دېمىگەن ئىدۇق. مانا ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە بىزگە زىيانكەشلىك كىمدىن كەلگەنلىكى ئايدىڭلاشماقتا ئىدى. ھېلىمۇت ئەپەندىگە خېلە قاتتىق

تەگدىم: نەغمەت بازاكوپىنىڭ ھەم بىجىنغا، ھەم موسكۋا «ك گ ب» ئىدارىسىغا قوش قاناتلىق ئىشلەيدىغان، خەتەرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇ شەھەردىكى ھەر بىر ئۇيغۇر بىلىدۇ. ئىلدان ئابباسوپ 95 - يىلى ئىيۇن بىجىن شەھەرلىك خاتىي ھۆكۈمىتىدىن، بەش مىليون دوللار ئېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ساختا تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتى قۇرغان ئادەم. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ھەممە ئۇيغۇرغا ۋە قىرغىز ھۆكۈمىتىگە ئاشكارا ئىش. راست گەپنى قىلسام مۇشۇ «ب د ت» دېگەن يەر پەقەت خىتايغا ۋە رۇسىيىگە ئىشلەيدىغان ئىدارىمۇ؟ ياكى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭمۇ نوپۇزى بارمۇ؟ ھېلمۇت: ئەلۋەتتە بۇ ئورگان خىتاي بىلەن رۇسىيىنىڭ ئىشىنىلا بېجىرىدىغان جاي ئەمەس. ئىككىگە قارشى ئۈچ دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭمۇ نوپۇزى يۇقىرى. مەن: ئۇنداق بولسا خىتاي - ئۇيغۇر مەسىلىسىدە، نېمشقا خىتاينىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىلىك خادىملىرىدىن بىز ئۈچۈن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلدىڭلار؟ ھېلمۇت: بىز ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھېچقانداق تەجرىبىمىز يوق. ھېلىقى ئۆزىنى سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لىدېرىمەن دېگەن كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بىز ئىشىنى خاتا قىلغانىكەنمىز. شۇڭا ماتېرىيالىڭلارنى دەرھال يوللىۋەتتۇق. ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە سىلەرگە ئىگە بولىدىغان دۆلەتلەردىن خەۋەر كېلىدۇ. مەن: بىز مۇشۇ سائەتتە يەنى 12 - نويابىر سائەت سەككىزدە قىرغىز دۆلىتىنىڭ دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، خىتايغا تاپشۇرۇلىۋاتىمىز. ئىككى دۆلەت ئۈستىمىزدىن رەسمىيەت بېجىرىۋاتىدۇ. بىزنى

ھېچكىم قوغداپ قالالمايدۇ. ھېچكىم بۇ يەردىن ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا مۇنۇ ئىككىمىز بىر قارارغا كېلەيلى ـ دېدىم ۋە تۈرگۈن قارىمغا مەسلىھەت سالدىم. مېنىڭچە بولسا ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىنى رەت قىلماي، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇپ، جاۋابىنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى كۈتۈپ باقساق بولاتتى. لېكىن تۈرگۈن قارىم: بۇنداق ئىمانسىزلارغا قارىغۇدەك كۆزۈممۇ يوق ھازىر. بولدى قىلايلى بۇلارنى ـ دېدى كېسىپلا. شۇنىڭ بىلەن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ماتېرىياللىنى قايتا ئىشلەشنى، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشىمىزنى توختىتىشۋېتىشنى ئېيتتۇق.

ھېلمۇت ئەپەندى بىلەن بىزنىڭ شەخسى مەسىلىمىزدىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر ۋە خىتاي مۇناسىۋەتلىرى، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇناسىۋەتلىرى، ئۇيغۇر ۋە غەرب مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق بىر قانچە سىياسى، تارىخى تېمىلاردا كەسكىن مۇنازىرە، سۆھبەت قايناپ كەتتى. ئەتىگەن سائەت سەككىز يېرىمدا باشلىغان پاراڭ، چۈشتىن كېيىن ئىككى يېرىمغىچە داۋاملىشىپ كەتتى. بىزغۇ ئاچلىققا كۆنۈك ئىدۇق. ئەمما بىزدىن باشقىلارنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ، ئولتۇرغىدەك ھالى قالمىغىلى تۇرغاندا، ھېلمۇتلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، ئارقىمىزغا چۈشكۈسى پايلاقچىلارنى ئازدۇرۇپ، بىزنى بىخەتەر جايغا يۆتكىمەكچى بولدۇق. ئىنسان ھەقلىرى ئىككى ماشىنىدا، ئۇيغۇرلار ئۈچ ماشىنىدا بىشكەك شەھرىنى ئايلىنىپ، خۇددى كىنو ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ياساپ يۈرۈپ، شامغا يېقىن تۈرگۈن قارىم بىلەن ئىككىمىزنى، تەشكىلات رەھبىرىمىز چۇقۇرچاقتىكى قەشقەر رېستورانىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردە باي، سودىگەرلەر بىلەن بىز توغرىلىق

مۇزاكىرە قىلىپ، ۋاقىتلىق «ماخمۇت قەشقىرى مەسچىتى»
گە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇشتى. بۇ مەسچىتنى
ۋەتەندىن چىقىپ تىجارەت قىلىۋاتقان سودىگەرلەردىن بىرسى
سالدۇرىۋاتقان بولۇپ، تېخى قۇرۇلۇش ھالىدا ئىدى.

ياتار ۋاقتى بىلەن مەسچىتكە ئەكىلىپ دەرۋازىۋەنگە
تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ بىزنى بىر قانچە پەلەمپەي بىلەن
چىقىدىغان، دەريادەك يوغان بىر زالغا ئەكىرىپ، مەشەدە
يېتىپ قوپسىلەر - دەپ، تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ
زال ھەم كۆتۈرمە ھەم بەك چوڭ بولغىنىدىن قارىغاندا مەسچىت
بۆلۈمى ئوخشايدۇ. نېرىقى بىر بۇلۇڭدا تۆت - بەش ئۆزبېك
ياش تالىبانلار، بىر قېرى تالىبان جىن چىراق يورۇقىدا
كۇسۇرلىشىپ بەزمە قۇرۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار بىزگە بىرتال
كۆرپە بەردى. ئۇنى توغرىسىغا سېلىپ، كىگىز جايىنامازلارنى
ئۈستىمىزگە يېپىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىرمۇنچە
ئازاب، قورقۇنچلۇق كۈنلەردىن كېيىن، بىرخوشاللىق، يەنە
قايغۇ، يەنە قېچىپ يۈرۈش مېنى بەك ھاردۇرۇپ قويغان
ئوخشايدۇ. سىماپتەك ئېرىپ ئۇخلاۋاتسام، قۇلىقىمغا بىرسى
پىچىرلاپ، بېشىمنى ئىرغىتىپ زادىلا ئارام بەرمىدى. غۇۋا
ئويغىنىپ، چۈشۈمدىكى ئىشمىكىن دەپ يەنە ئۇيقىغا
كېتىۋاتسام، تۈرگۈن قارىم مېنى ئويغاتقىلى تۇرۇپتۇ. قوپسىلا
بىز بۇ يەردىن قاچايلى دەۋېتىپتۇ قۇلاق سالسام. نېمىشقا
قاچىمىز؟ بىر كېچە تىنىچ ئۇخلىۋالايچۇ دىدىم ئۆتۈنۈپ.
ئۇ: ئابدۇرەھىمجان مەن بەك يامان چۈش كۆرۈپ قالدىم،
قاچمىساق بولمايدۇ - دەپ، مېنى دىخمىرلاپ تۇرىۋالدى.
چۈشلىرىنى دېسىلە، ئاڭلاپ باقاي، قاچقۇدەك بولسا قاچارمىز
قېنى - دېدىم شۇنچىلىك ئېرەنسىز ھالدا. ئۇ چۈشىنى دەپ

بەردى: ھېلىقى دەرۋازىدىن تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ، ساقچى باشلاپ كەپتىمىش. ساقچىلار دېرىزىدىن قاراۋاتقۇدەك، دەرۋازىدىن بىرنى كۆرسىتىپ بىر نەرسىلەر دەۋېتىپتۇ. ئاۋۇ ساقاللىق قېرى تالىبانىمۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا ماسلىشىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ، تىنىم تېكەنلىشىپ، ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتىدە ـ چۈشلىرى راست بولسا، تاشقىرقى ئىشىكنى ئېچىپ باقاملا؟ـ دېدىم ئىسسىق ئورۇندىن قوپۇش خوش ياقماي. ئۇ ئاستا پەم بىلەن ئىچكىرىكى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىپ دەرھال قايتىپ كىردى. تاشقىرىقى ئىشىك راستىنلا تېشىدىن قۇلۇپلاقلىقكەن. مەن ئۆزۈممۇ ئىشىكنى مىدىرلىتىپ باقتىم. بۇ ۋەتەن پەدىسىگە ياسالغان ئىمارەت بولغاچقا، چوڭ ئىشىكنىڭ تېشىغا كاللامدەك ئوروس قۇلپىسىدىن بىرنى سېلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارىمغا كايىپ: بۇنداق چۈشنى كۆرگۈچە تۈزۈك بىر چۈش كۆرسىلە مۇشۇ ئىش يوق. ئەمدى قانداق قاچىمىز ـ دېدىم قاتتىق بىئاراملىقتا. قاراپ تۇرساق چۈش ئۇقتاسىغا كېلىپ قالسىچۇ! دېرىزىدىن قېچىش ئىمكانى بارمىكىن دېسەك، ساپلا سىرتقى قاپقاقنىڭ ئىچىدىن قۇلۇپلاقلىقكەن. ئاخىرى بىر دېرىزە تەلىيىمىزگە قۇلۇپسىز چىقىپ قالدى. بىر نەرسىسى ئاجراپ كېتىپتىكەن تەلىيىمىزگە. قاتلاپ قويغان كىگىز، گىلەم جايىنامازلارنى دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئاران تەسلىكتە يامىشىپ چىقتۇق. ئەمما دېرىزە سىرتتىنمۇ ئۆي بويى ئېگىزكەن. ھەم قۇرۇلۇش قىلغان پېتى، تامنىڭ تۈيىدىكى ئازگاللارنى تىندۇرمىغان ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ خۇدا تەۋەككۇل دەپ، ئاستا سىيرىلىپ ئۆزەمنى پەسكە قارىتىپ قويۇپ بەرسەم، پوككىدە يۇمشاق

قارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، توختاپ قالماي ئادەم بويى قارنىڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كەتتىم. ھېچقانداق خېيىم خەتەر يوق. شۇنىڭ بىلەن تۈرگۈن قارىمىمۇ سىرىلىپ چۈشتى. تامنىڭ تۈپى خەندەككە ئوخشاش باشتىن بويىغا سوزۇلغان ئازگال بولۇپ، شىۋىرغانلار قارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ خېلە ئوبدانلا تىندۇرۇپ قويغان گەپ. ئۆمۈلەپ، تېيىلىپ يۈرۈپ ئازگالدىن چىقىۋالدۇق. ئارقىدىكى ئوچۇقچىلىقنى كېسىپ ئازراقلا ماڭساق، ئۆستەڭ بويىدىكى يولغا چىقىدىكەنمىز. مەن چاقچاق ھەم تاپا تەنە ئارىلاش قارىمدىن سورىدىم: بىر ئوبدان ئىسسىق ئورۇندىن تۈزلەڭلىككە چىقىرىپ قويىلا. ئەمدى نەگىمۇ بارارمىز؟ ئۇ: ماڭا قارىسىلا بىر قېتىملىق ئۇيقۇغا بېرىۋاتىدىغان جان يوق بۇ يەردە. ئەمدى يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىلا. ئۇدۇل پاكروپكىدىكى مەسچىتكە بارىمىز - دېدى. مەن: بۇ يەردىن ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ ئۇ: پالانى يەردىن پالانى كوچىغا، ئۇ كوچىدىن پالانى يولغا چىقىپ، مانداق، مانداق ماڭساق، مۇستاپا مەھەللىسىنىڭ چوڭ ئۆستەڭ بويىغا چىقىمىز. تۈرگۈن قارىمنىڭ يول تەخمىن قىلىدىغان ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. مەن ئارتۇق گەپ قىلماي، قولتۇقلىشىپ ماڭدىم. قار غەزەپ بىلەن يېغىۋاتىدۇ. بەزىدە ئازگالغا دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ چۈشىمىز. بەزىدە مۇزغا تېيىلىپ ئوڭدا چۈشىمىز. لېكىن تەندىكى جاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالغا سىلجىشتىن باشقا ئامال يوق. ئۇچىمىزدا تۆنۈگۈن ئاكادېمىك قارىم كىيدۈرۈپ قويغان پاختىلىق چاپان. ئۇمۇ نېپىز، سوغۇققا دال بولالمايدۇ. يالاڭ ئىشتان، پۇتتا يازلىق ئاياغ. قوساق يەنە ئاچ، تەندە ماغدۇر دېگەن نەدىكى گەپ.

دوختۇرخانىلاردىكى ئۇزۇن كارىدورلاردا ماڭايمۇ، ماڭمايمۇ دېگەندەك، ئىرغىنىپ يۈرىدىغان كېسەللەرنى كۆرەتتۇق، كېسەل يوقلاپ بارغاندا. بىز ئەنە شۇنداق كېتىۋاتىمىز. بۇ مېڭىش بىلەن قاچان بارارمىز مەنزىلگە! ئىشقىلىپ بىر كېچە مېڭىپ، تۇتۇلۇپمۇ قالماي، بامدات نامىزىغا يېقىن پاكىرۇپكا مەسچىتىگە بېرىپ قالدۇق. يول ياقىسىدىكى دەرەخ ئارىلاپ بىردەم ساقلىشىمىزغا، دەرۋازىۋەن مەسچىتنىڭ رېشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازىسىنى ھاللاڭ ئېچىۋېتىپ، ئۆزى مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ھويلىنىڭ باغچا تەرىپىدە قاتىرىسىغا سېلىنغان بىر قانچە ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ئىچكىرى تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى، كەلگەن ـ كەتكەن مۇساپىرلارغا ئاتاپ ياساپ قويغان ئىكەن. بۇ ئۆيلەردە بىزنىڭ بىر قانچە باللىرىمىز ئىككى يىلدىن بۇيان تۇرىۋاتقان ئىدى. ئۇلار جامائەتنىڭ ئىشلىرى ۋە بالا ئوقۇتۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىز شۇ ئۆينى كۆزلەپ كەلگەن ئىدۇق. تەلپىمىزگە ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىماپتۇ. ئىچكىرىكى ئۆيدىن خورەك ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆيگە كىرىپ بىردەمدىن كېيىن توك چەينەكنى تېپىۋالدىم ـ دە، چاي قايناتتىم. قاراڭغۇدا يېگۈدەك بىر نەرسە ئىزدەپ يۈرسەم، ئىچىدىكى ئۆيدىن: كىمو، ئۆيدە كىم بار؟ دېگەن ئەنسىز ئاۋاز كەلدى. ئۇ رىشىت پەشۋا (رەسسام، خەتتات ئابدۇرىشىت) ئىدى. بىز! مېھمان كەلدى، قورقماڭ ـ دېدىم پەس ئاۋازدا. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ: ۋاي بۇ چۈشۈممۇ نېمە؟ ھەي باللا تۈرمىدىن راستلا قېچىپ كەتتىڭلارمۇ؟ تۈنۈگۈن مەن بىرسىنىڭ ئۆيگە كەتكەنتىم ھېلىمۇ ياخشى. ساقچىلار سىلەرنى ئىزدەپ مەسچىتنىڭ

ئىچىنى تىتىۋېتىپتۇ. خۇدايىم تۇۋا، تۆرمىدىن قېچىپ كەتكىنىڭلارغا ھەيرانمەن. ئۇ ئۆز قولىقىغا ئىشىنەلمەي، چىراقنى يورۇتماقچى بولۇۋېدى، بىز توسۇۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئاغىنىلەر، سىلەر يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچ قارنىڭلارنى بوشىتىپ، ياندىكى تېرە ئىسكىلاتىغا مۆكۈپ تۇرسىلەر. مەن بۇ ئىشنى جېلىل ھاجىمكامغا دەيمەن. جېلىل ھاجىكام بىر ئامال تاپىدۇ - دېدى باش قېتىنچىلىقنى يەڭگىللىتىپ. بىز ئۇ دېگەندەك قىلدۇق. ئۇ تېرە ئىسكىلاتىغا بىزنى سولاپ قويدى. بىز قاتتىق تېرىلەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئىسسىنغاچ مۆكۈشنى باشلىۋەتتۇق. بىر ئازدىن كېيىن بامداتقا ئەزان چىقتى. دېمەك تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان ئىدى. تېرىنىڭ ئارىسىدا بەدەنلىرىم ئىسسىپ، تازا ئۇيقۇغا كېتىپتىكەنمەن، گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئاۋاز بىلەن ئويغىنىپ كېتىپ قۇلاق سالسام، رىشىت پەشۋا: ئۇ ئىككىسىنى ئۆزەم مۇشۇ ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويۇپ، تېشىدىن قۇلۇپ سېلىۋاتقان. نەدىن چىقىپ كېتەلەيدۇ؟ دېرىزىلەردە تۆمۈر رېشاتكا تۇرسا، چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس - دەۋاتىدۇ. جېلىل ھاجىم: بەك ئۇخلاپ كېتىپ شۇنداق قار بېسىپ قالمىغاندۇ سېنى؟ باللارنىڭ چىرايىنى كۆردۈڭمۇ؟ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ - ياق، چىراقنى يورۇتماڭ، خەق بىلىپ قالمىسۇن دېگەنتى. شۇڭا ئۇلارنى تۈزۈك كۆرەلمىدىم. جېلىل ھاجىم: سېنى قار بېسىپ قاپتۇ. دۇئا ئوقۇتساق بولغۇدەك. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزەمنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىغاچ، تېرىنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. تېرەخانا يورۇق ئىدى. تۈرگۈن قارىمۇ پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى تونۇيدىغان بىزنى ئەمەس، بەلكى

گۆرىدىن قېچىپ چىققان ئىككى جەسەتنى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ كېتىشتى ھەم جېلىل ھاجىم ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغان ھالدا: باللار، ھاياتكەنسىلەر، بىزگە شۇ يېتەرلىك. ھازىر كاللام قېتىپ قالدى. نېمە قىلىشنى بىلمىدىم. داۋۇت ھاجى يامان، ئاتۇشلۇق دېگەن مۇشۇنداق چاغدا يامان خەق. سىلەر تېرىنىڭ ئاستىغا كىرىپ يەنە يوقاپ تۇرۇڭلار. مەن ئەھۋالنى داۋۇت ھاجىغا دەيمەن. ئۇ بىر ئامالىنى تاپىدۇ. ئۇلار تېرەخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئىككىمىز يەنە مۆكۈپ تۇردۇق. بىرەر سائەتتىن كېيىن رىشىت پەشۋا تېرە خانىنى ئېچىپ: ئاغىنىلەر تېز بولۇڭلار، داۋۇت ھاجىكام ماشىنىسىنى مەسچىتنىڭ ھويلىسىغىلا توختاتتى. سىلەرنى باشقا يەرگە ئاپىرىپ قويىدىكەن - دېدى ئىنتايىن جىددىيچىلىك ئىچىدە.

بىزنىڭ تۇرقىمىزنى كۆرگەن داۋۇت ھاجىكام شۇنچىلىك ئېچىندىكى، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي، ئەلەملىك كۆز-يېشىنى سۈرتكەچ ماشىنىسىنى قوزغىدى. بىزمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدۇق. ئۇ بىزنى ئاپتوۋاگزال - ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتى ئەتراپىدا، ئامېرىكىغا كېتىدىغان سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بەرگەن ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. بىر ئېگىز، ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى، ئالتە ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئالغان سودىگەرلەردىن بىرسى، ئامېرىكا ۋىزىسى ئېلىش ئۈچۈن تاشكەنتتە تۇرىۋاتقان ئىكەن. بىزنى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇن-كۈرۈچ، گۆش - ياغ قاتارلىق يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنى ئۆزى تەل قىلىپ بەرگەندىن سىرت، ھەپتىدە ئىككى قېتىمچە ئۆيىدىن مېزىلىك تاماقلارنى ئەكىلىپ تۇرىدۇ. بىراق ئىككى

ھەپتىدىن كېيىن بىزنى پىت بېسىپ كەتتى. ۋەتەندىن چىققاندىن بۇيان بۇ ئەللەردە پىت كۆرمىگەن بولمىسا. كىيىملىرىمىزنى قايناق سۇغا بېسىپ باقتۇق. يۇيۇنۇپ تارىنىپ تۇردۇق، بەدىنىم جاراھەتلىك بولسىمۇ. پىت يوقايدىغاندەك ئەمەس. ئەمما تولا يۇيۇنغاچقا يارامنىڭ ساقىيىشى ئارقىغا يېنىپ كېتىۋاتاتتى. بىر ئايدەك پىت بىلەن جەڭ قىلىپ، سودىگەرلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك نومۇس قىلىپ تۇرۇۋاتساق، بۇ ئۆيدە ئولتۇرغان كىشى قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلىپتۇ. بىز جېلىل ھاجىمغا تېلېفون قىلىپ، مەسچىتكە ئەكىلىپ قويۇشىنى ئېيتتۇق. ئۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بىزنى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدى ـ دە، تاش مۇنچىسىنى قىزىتىپ، ئۆزىمىزنى ھورداققا سېلىشىمىزنى ئېيتتى. ھەم ئاياغدىن تارتىپ ھەممە كىيىمىمىزنى تاشلىۋېتىپ، يېڭى كىيىم تەييارلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پىتنىڭ بالاسىدىن قۇتۇلۇپ كەتتۇق. كۈندۈزلىرى تېرەخانىغا مۆكۈپ، كەچ قۇرۇنلىرى بەزىدە جېلىل ھاجىكامنىڭ ئۆيىدە، بەزىدە داۋۇت ھاجىكامنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، كېچىلىرى غېپىيدە كىرىپ، رىشىت پەشۋانىڭ ئۆيىدە ئۇخلاپ دېگەندەك، جان ساقلاپ يۈرۈپ، جامائەتلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدۇق.

شۇنچىلىك بىر ئۆم مەھەللە ئەھلى بىز توغرىلىق ئىككى پارچىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. داۋۇت ھاجىم، جېلىل ھاجىم قاتارلىق ئاقساقاللار بىزنى مۇشۇ مەسچىت ئەترابىدا ساقلايدىغان، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بىزنىڭ بۇ مەھەللىگە دەسسىشىمىزگە قارشى بولۇپ، ماجىرا چىقتى. چۈنكى قارشى تۇرغانلار: بۇ ئادەملەر تۈرمىدىن قېچىپ

كېتىپتۇ، بۇلارنى دۆلەتكە قارشى بىز قوغداپ قالالمايمىز. بىزنىڭ مەھەللىدە تۇتۇلۇپ قالسا، ئىككى ئۇيغۇرنى قوغدىيالماي، خىتايغا تۇتۇپ بەرگەن - دەپ، بىزگىمۇ سەتچىلىك. يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىقنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ ھازىر «كا گې بې» ساقچىلىرى ئۆي بىسىپ دىگۈدەك - كۆرسەك تۇتۇپ بىرىمىز دىگۈزۈپ، ۋەدە ئىلىۋاتسا، بۇلار بىشىمىزغا بالا تىپىپ بىرىدۇ. شۇڭا مەھەللىدىن يوقالسۇن- دەيدۇ. بىزنى قوغداۋاتقانلارنىڭ دىگۈدەك مۇھىم سۆزى يوق. شۇ ئارانلا: بۇلار قىرىندىشىمىز، قىرغىزغا بەرمەيمىز، خىتايغا بەرمەيمىز، باشقا كەلگەننى تەك كۆرۈمىز - دەيدۇ. بارغانچە ھەر نامازدىن كىيىن مەسچىتنىڭ ئالدىدا تولۇشىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بىر كۈنى بەش ئالتە كىشى، رىشىت پەشۋانى بوزەك قىلىپ، تىرەخاننىڭ ئاچقۇچىنى ئىلىۋاپتۇ - دە، تۇيۇقسىز ئىشىكنى ئاچقان پېتى باستۇرۇپلا كەلمەمدۇ. ئادەملەر بەك تەرسا، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن. چاچراپ قوپۇپ تىرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قىچىپتىمەن ئۇر كالتەك قىلدىغان ئوخشايدۇ - دەپ. ئۇلاردىن بىرسى: سەن گۇيلارنى داۋۇت ھاجىم ۋەقپە قىلغان مەسچىت قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا، خىروئىن سىتىپ تۇتۇلۇپ قىلىشىپسەن. تۈرمىدە جازايىڭنى ئۆتەشمەي قىچىپ چىقىپ، بىزنىڭ مەسچىتتە نىمە قىلماقچى؟ - دىمەسمۇ، نىمە دىيىشىمنى بىلمەي قىتىپلا قاپتىمەن. يەنە بىرسى: سىنى ئۇرمايمىز، ساقچىغا تۇتۇپ بەرمەيمىز، بىزدىن قورقما. بىراق سەن بۇ مەلىدىن كىتىشىڭ كىرەك - دىدى، ۋارقىراپ تۇرۇپ. مەن دەرھال كىتىدىغانلىقىمنى ئىيتىپ، تىرەخانىدىن چىقتىم ھەم رىشىت پەشۋاغا: مەن ئۆزەم كىتىدىغان بولدۇم،

باشقىلارغا شۇنداق دەپ قويۇڭ ـ دېدىم ـ دە، ئەڭ يېنىك ھەم جاسارەتلىك ھالدا، چوڭ يولغا چىقىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. تۆرگۈن قارىم ھورداققا چۈشۈش ئۈچۈن جىلىل ھاجىكامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتىكەن. مەن ئۇدۇل زارىشىنىدىكى ئەمەت ئەيسانىڭ ئۆيىگە باردىم. مېنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ كېلىنى بىلەن نەۋرىلىرىنى بىر ئۆيگە سولاپ، تالاغا چىقماسلىقنى تاپىلىدى. ئاندىن پىچىرلاپ: سېنى تۇتۇپ بېرىمەن دەپ «ك گ ب» گە ۋەدە بېرىۋاتساق، ئۆلۈكۈڭنى ساتقىلى كەلدىڭما ـ دەپلا يىغلاپ كەتتى ھەم دەرھال يىغىسىنى توختىتىپ: مېنىڭ يۇرتلىقمىنىڭ يېتىۋالدى دەيدىغان لەقىمى بار ئىدى. مەن بىلەن بىر قانچە ئاي پاراڭلىشىپ، بۇ لەقەم ساڭا يۇقۇپتۇ ـ دەپ، يوتىسىغا شاپىلاقلاپ تازا كۈلدى. ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن بېشىمدا خامانىدەك ئوت كۆيۈۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ چاقچىقىغا ماسلىشىپ بەرمىدىم. ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ: سېنى ئۆي بېسىپ ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ياشايدىغان مەھەللىلەردە ئۈستۈڭلاردىن تارقاتمىغان ئېغىۋا قالمىدى. «مەسچىت قورۇسىدا يېتىپ ـ قوپۇپ خىروئىن، نېشە سېتىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ، مەسچىتتە ئۆز ـ ئارا مۇشتىلىشىپتىكەن، ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ، ئافغان تالىبانلىرى بىلەن تېررورچىلىق مۇناسىۋەت قۇرۇپتىكەن، كا گ ب تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ ئېغۋالارنى تارقىتىپ، يۈزۈڭلارنى تۆكۈپ بولدى. شۇڭا دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كالۋا خەقلەر ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەي، ك گ ب خادىملىرى ۋە ختاينىڭ غالچىلىرى تارقاتقان ئېغۋالارغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا كىلىنىم

بىلەن نەۋرىلىرىمنى ئىچكەركى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتىم. ئۇلارغۇ سېنى ساتمايدۇ. لېكىن قوشنىلارغا دەپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. بۇ مەھەللىدە نامراتلار، بىلىمسىز، دىيانەتسىز كىشىلەر كۆپ. سېنى بەش تەڭگىگە سېتىپ قويمايدۇ دېيەلمەيمەن. پاكىروپكىدا بايلار كۆپ. ئاڭلىقلارمۇ كۆپ. ئۇلار سېنى سېتىۋەتمەيدۇ. سەن بۇنداق لاغايلاپ يۈرۈپ، ئۆلۈكۈڭنى ساتما. سېنى ئۆيۈمدىن تۇتۇپ كەتسە، خەقنىڭ تۆھمەتلىرىنى كۆتۈرەلمەيمەن. ھازىر سېنى تىللاۋاتقانلار ئەتە مېنى سېستىدۇ. پاكىروپكىدىن چىقماي بىر مەزگىل جان ساقلاپ تۇرغىن.

ئۇنىڭ گەپلىرى ھەم چاقچاق ئارىلاش ھەم شۇنچىلىك ئېدىتلىق ئىدى. مەن پاكىروپكىدىكى بىر قىسىم جامائەتنىڭ پەيلىنى، بۈگۈن مۆكۈۋالغان تېرىخانىغا كىرىپ تىللىغانلىقىنى بىر قۇر ئېيتتىم. مەسچىتتە خىروئىن سېتىپ تۇتۇلۇپ قالغان - دەپ تىللىدى دېسەم، ئۇ پىخىلداپ كۈلۈپ تېلىقىپ قاپتۇ ھەم: ئۇ مەھەللىدە باي خەق كۆپ، ئەگەر ئەپلەشتۈرۈپ ساتالىساڭ، بەك تېز بېيىپ، كۆتۈرۈلۈپ كېتىسەن دېمەسمۇ، غەم بېسىپ ھالىم قالمىغان بولساممۇ، تازا كۈلۈپتىمەن ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ. بىز بىر ھازا كۈلۈشكەندىن كېيىن، ئۇ: مەن ئوخشىتىپ ئەتكەن چاي قىلاي، ئاڭغىچە سەنمۇ كاللاڭنى ئىشلەتكەچ تۇرغىن. ئىككىمىز بىر ئامالىنى تاپارمىز - دېدى چايغا تۇتۇش قىلىپ. مەن: كاللامنى ئىشلىتىپ مۇشۇ كۈنگە قالغان تۇرسام، يەنە ئىشلەتسەم ياتقىلى گۆرمۇ تېپىلماي قالارمىكىن. ھەم كاللام تاشتەك قېتىپ قالدى - دېدىم، ئۆكۈنۈش ئاھاڭىدا. ئۇ: بوپتۇ كاللاڭ ئىشلىمىسە، ئۆزەمنىڭ كاللامنى ئىشلىتىپ باقارمەن

- سېنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن. چاي پىشقىچە
يۇمشاق كۆرپىدە سوزۇلۇپ يېتىۋال - دېدى، كۆزلىرىنى
چىمچىقلىتىپ. مەن ئۆزەمنى كۆرپىگە تاشلاپ ياتتىم.
ھېچنېمىنى ئويلىماي، تۇرۇسقا قاراپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ
ياتاتتىم. چۈنكى نېمە قىلىش مېنىڭ قولۇمدا بولمىغاچقا،
ھېلى بېشىمغا نېمە كېلىش ئەندىشىسى يۈرىكىمنى يەپ
كېتەتتى. ياكى بېشىمدىن ئۆتىۋاتقانلار خىيالىمغا كىرىۋېلىپ،
كۆڭلۈمنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلاتتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي:
قوپە يېتىۋالدى، ئەتكەن چاي پىشتى - دېدى، ئەمەت
ئەيسا ئاكا، شىرەگە ئاپقۇر چىنىلەرنى قويغاچ. ئۇ
توققۇزاقلىق بولغىنى بىلەن، ئەتكەن چاي دېگەندىن
ئىس چىقىرىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئەتكەن چېيىنى ئىچسەم،
سۆڭەكلىرىمگىچە سىڭىپ كەتكەندەك، شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك
ھېس قىلاتتىم. چاينىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان پىششىق
قايماقلىرىغا ئاچكۆزلۈك قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئەتكەن چېيىغا،
يېڭى ياققان شىرمەن ناننى چىلاپ يەپ تويمايۋاتسام: سەن
بىسمىللا دېمەپسەندە، ھازىرغىچە ئۈچ ئاپقۇر چاي بىلەن
ئىككى ناننى يەۋەتتىڭ - دېمەسمۇ، قورسىقىمنى تۇتۇپ
باقسام، ھېچ بىر نەرسە يېگەندەك ئەمەس. مېنىڭ قىلىقىم
ئۇنىڭغا بەك يېقىپ كەتتى بولغاي، يەنە چاقچاقلىشىپ
كەتتۇق. گەپ ئارىلاپ: كاللاڭغا بىر نەرسە كەلدىمۇ؟ -
دەپ سورىغانتى: ھەئە، كەلدى - دېسەم، نېمە كەلدى؟
دەپ باقە دەيدۇ. مۇشۇ ئەتكەن چاي - دېدىم، شۇنچىلىك
بىغەم ھالدا. ئۇ: سەن ئىچىپ قانمايسەن، يەپ تويمايسەن،
ئۇنى بىلىمەن. بىرەر پىلان تاپتىڭمۇ دەۋاتىمەن. مەن:
ياق، قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، مۆكۈۋالغان يېرىمنى

خەق بىلىپ قاپتۇ. ئەمدى نەگە بېرىشنى بىلمەيمەن. ئۇ: تەشكىلاتتىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلدىڭمۇ؟ مەن: ياق، ھازىر ئۇلارنىڭ قولىدىنمۇ بىر ئىش كەلمەيدۇ. ئۇلارمۇ ئېغىر نازارەت ئاستىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىنسان ھەقلىرى سىلەرنى تۈرمىدىن قانۇنلۇق چىقىرىش ئۈچۈن يول مېڭىۋاتسا، بۇ ئىشنى كىم بۇزدى؟ بۇ ئىشتا ك گ ب ئىدارىسىنىڭ، ياكى خىتاينىڭ قولى بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنى تۈرمىدىن چىقىرىپ ئىشىمىزنى بۇزدى» دەپ، تېرىكىپ قاپتۇ. ئۇ: سىلەرنى تۈرمىدىن قاچۇرۇپ چىققان ئادەمنى دەپ بەرسەڭ بولاتتىغۇ! مەن: ياق، ئۇ ئۆزى دېيىشتىن ئاۋۋال ھېچكىمگە دېمەسلىكىمىزنى ئۆتۈنگەن. شۇڭا باش كەتسە مەيلى، سۆز كەتمىسۇن، ئۆلسەممۇ دېمەيمەن. ئۇ: شۇڭا سېنى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ كاللامغا بىر پىلان كەلدى. بۇنى سەن بېجىرەلەيسەن. مەن: دەپ بېقىڭا قانداق پىلان؟ ئۇ: سەن پاكىروپىكا مەسچىتىگە بارىسەن. مەن: ياق، ئۇ يەرگە بارسام بولمايدۇ. جامائەتلەر مېنى تىللاپ قوغلىۋەتكەن تۇرسا. ئۇ: قىرغىزلار بىر ئاي ئاچ قويۇپ، مۇزغا دەسسىتىپ، ئۇرۇپمۇ سېنىڭ مىجەزىڭنى ئوڭشىيالماپتۇ. گېپىم تۈگىگىچە ئاڭلاپ، ئاندىن ئىنكاس قىلمامسەن! مەن: پاكىروپكىغا بارىسەن دەپ قويۇپ، كۆزىڭىزنى چىمچىقلىتىپ ئولتۇرماي، ھەممىنى دېمەمسىز ئۇنداق بولسا. ئۇ: سېنى جامائەتنىڭ ھەممىسى قوغلىۋەتمىدى. بەلكى بېشىمىزغا بالا تېپىپ بېرىدۇ- دەپ، سەندىن قورقۇپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەر قوغلىۋەتتى قارا. سىلەرنى ھىمايە قىلىدىغانلار كۆپ. سەن شۇلارنىڭ يېنىغا بارىسەن. مەن: بىر ئەپلىك ئۆتىدىغان جامائەت بىز توغرىلىق ئىككىگە ئايرىلىپ، ماجىرالىشىپ كەتكەن

تۇرسا، يەنە شۇلارغا باش ئاغرىقى بولىدىغان گەپما بۇ؟ ئۇ: گېپىم تۈگىمىدى، سەبرە قىلىپ ئاڭلا. ئۆگۈنلۈككە تۈنەك بولىدىكەن. تۈنىگىلى مەسچىتكە يىغىلغان جامائەتكە، سىلەرنى ھىمايە قىلىدىغان چوڭلار رامزاندا قارىلارنى خەتمىگە تۇرغۇزۇش تەكلىپىنى بەرسۇن. جامائەت دېگەن گۇناھى كۆپ خەق بولغاچقا، ساۋاب تېپىشقا ئامراق. بۇ تەكلىپكە ھېچكىم ياق دېمەيدۇ. جامائەتنى ماقۇل قىلىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۆكۈپ يۈرگەن مەتنىياز قارىم بىلەن، كالتە ئىشتانغىچە دەزماللاپ كىيىدىغان، نازۇك ئەخمەت قارىمنى خەتمىگە تۇرغۇزۇپ، يەنە بىر ئىماملىق قىلىدىغان قارىمنى رامزاندا تەبلىغ قىلىدىغان ئىشقا قويسا، ئۈچ كىشىنىڭ ئىشى پۈتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ ئاش تامىقىنى ئېتىپ، كىر قاتلىرىنى يۇيۇپ، غالچىلىقىنى قىلىسەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قاچقۇن، ئىككى مۆكۈۋالغاق تۆت كىشىنىڭ بېشى ئوڭشىلىدۇ. مەن: كاللا دېگەن نەرسىنى ئىشلىتىۋەرمەي، بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويسىمۇ بولىدىغان گەپكەن ھە، مۇشۇنداق مۇھىم چاغدا جانغا ئەسقاتىدىغان بولسا - دېدىم، ئۇنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىدىن سۆيۈنۈپ. ئۇ: سەن كاللا ئىشلەتتىم دەپ، خۇدا بەرگەن باشنى قالايمىقان ئىشلىتىۋېرىپ، تاس قالدىڭ بېشىڭنى يېگىلى. ئەمدى بولسىمۇ كاللاڭنى جايىدا ئىشلەت - دېدى، دەل كەلتۈرۈپ. ئۇ كىچىكىدىن يېتىمچى، بالا ئەسكەر، ئەسىر، سۈرگۈن قاتارلىق ھاياتلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولغاچقا، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، باغرى ئىللىق، تىلى يۇمشاق مېھرىبان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھازىر ئۈستۈمدىكى تاغنى غۇلىتىۋەتكەن بولۇپ، شاتلىقىمنى باسالمايتتىم. بىز چاقچاقلاشتۇق، كۈلۈشتۇق. ئۇ كۈلكىسىنى

توختىتىپ: كەتمەمسەن ئەمدى، قويە ـ دېدى جىددى بىر تەلەپپۇزدا. مەن: شام نازمازغا ئازقالدى، نامازنى ئوقۇپ ئاندىن كېتەرمەن ـ دېدىم، بەخىرامان ھالدا. ئۇ: شام، پېشىن دەپ، يابىر نامىزىڭ تۆگىمىدى سېنىڭ. بۈگۈنكى بىر ۋاق نامازنىلا ئەمەس، ئەتىكى بەش ۋاق، ئۆگۈنكى ئون ۋاق نامازنى ئويلىشىڭ كېرەكقۇ! ھاياتلا بولساڭ، ئۇنداق شامدىن قانچە تۆمەنلەپ ئوقۇيسەن. شۇڭا ھازىر كەت، ھاياتىڭنى ئوڭشا. مەن: ھازىر تالاغا چىقسام خەق تونۇپ قالىدۇ. شۇڭا ناماز شامنى ئوقۇپ، گۇگۇم چۈشكەندە كېتەي دەۋاتىمەنغۇ! ئۇ: كەلگەندە خەققە كۆرسەتمەي ئۇچۇپ كەلگەنما؟ مەن: مېڭىپ كەلگەن بىلەن جان ئېغىر كېلىپ، باتۇرلارچە ئوتتۇرىغا چىققانتىم. ئەمدى سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن، ھېچ بولمىسا بىر يېرىم ئاي جاننى قويىدىغان يەرگە ئېرىشكىلىۋاتىمەن. شۇڭا ئاز بولسىمۇ بۇ نېمەتنى قوغدىمىسام بولمايدۇ. ئۇ: ۋاي گەپچىلىك قىلما. دەرۋازىدىن چىقىپ سولغا ماڭساڭ، سېنى ھەممە كىشى تونۇيدۇ. سەن كۆپ ماڭغان بۇياققا. ئەمما ئوڭغا ماڭساڭ، ئەللىك قەدەمدىن كېيىن سېنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەمنى ئۇچرىتالمايسەن. ئۇدۇل مېڭىپ تۆۋەندىكى دوقمۇشتىن سولغا ئۆچيۈز قەدەمچە ماڭساڭ، توكۇلتاش مەھەللىسىنىڭ تۇتاشمىسىغا بارىسەن. ئۇ يەردىن سولغا قېيىپ يۇقىرىغا مېڭىۋەرسەڭ، سەن بىلىدىغان يولغا بېرىپ قالىسەن. تېز بول، ئاللاھقا تاپشۇردۇم. سېنىڭ بۇ ھالىڭ بىلەن پىت مېڭىشىدا مېڭىپ، يولدا قېتىپ قالامدىكىن دەپ قورقىمەن. سەنمۇ تۆگمەننىڭ نورىدىن تىرىك چىقىدىغان نەرسە، خۇدا ساقلىسۇن!

ئۈنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىپ، ئەل ياتقۇغا يېقىن پاكروپكا مەھەللىسىگە يېتىپ باردىم. قەھرىتان سوغاق، كىيىملىرىم لايىقىدا قېلىنمۇ ئەمەس. بىراق يول بويى تەرلەپ، تەپچىرەپ ماڭدىم. توۋا دەيمەن – ئەسلىدە سوغاق تېشىدا ئەمەس، ئادەمنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك. قىرىق بەش كۈنلۈك جان ساقلاش ئىمكانىيىتىنىڭ ئاغزاكى پىلانىدىن، ئىچىمدە لاۋۇلداۋاتقان ھاياتلىق يالقۇنلىرى مېنى تەرلىتىۋەتكەن ئىدى. مەسچىتكە يېقىنلاپ كېلىپ قەدىمىم تېخىمۇ ئاستىلاپ قالدى. نەگە مۆكۈمەن؟ كىمنىڭ ئىشىكىنى قاقىمەن؟ كىشىلەر ئىسسىق ئۆيلىرىدە، يۇمشاق تۆشەكلىرىدە، شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن بۇ كېچىدە مەن كىمنى پاناقايمەن؟ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ تازا قېتىپ كېتىۋاتاتتى، يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر كۆلەڭگۈ سوزۇلۇپ يولغا چىقتى – دە، شۇنچىلىك ئەنسىز ھالدا: ئابدۇرەھىمجان كەلدىڭىزمۇ؟ بۇ ياققا مېڭىڭ، جېلىل ھاجىكامنىڭ ئۆيىگە كىرىمىز. سىزنى كېلىپ قالامدىكىن دەپ، نېكەم مەشەدە ساقلاۋاتقىلى – دېدى رىشىت پەشۋا – رەسسام خەتتات ئابدۇرىشىت. ئۈستۈمدىن يەنە بىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالدىم. تۆرگۈن قارىمۇ جېلىل ھاجىكامنىڭ ئۆيىدە ئىكەن. مەن ئەمەت ئەيسا ئاكىمىزنىڭ تەكلىپىنى تەپسىلى دېدىم. جېلىل ھاجىكامنىڭ جىگەر رەڭ يۈزلىرى پارقىراپ كەتتى خۇشاللىقتىن.

دېگەندەك، تۆنەك ئاخشىمى خەتمىگە تۇرىدىغان ئىككى قارىم بىلەن تەبلىغ قىلىپ بېرىدىغان تۆرگۈن قارىنىڭ قىرىق بەش كۈنلۈك مەسلىسى ھەل قىلىنىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاش تاماق، كىر قات ئىشلىرىنى جامائەتچىلىك

ئۈستىگە ئالدىغان، ئىپتار ۋە زولۇق تاماقلىرىنى ئۆي ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان، شۇڭا ئارتۇق ئاشپەزگە ئېھتىياج بولمىغاچقا مېنى بۇ يەرگە دەسسەتمەيدىغان مۇزاكىرىلەر بولۇپتۇ. داۋۇت ھاجىم بىلەن جېلىل ھاجىم شۇنچىلىك بىئارام ھالدا ئەھۋالنى ماڭا ئېيتىپ، بىر ئامالىنى قىلىمىز، ئەنسىرىمەي تۇرغىن دېدى. مەن: بۇ ئىش پۈتۈپ قاپتۇ، ئەمدى ئىككى قارىم مېنى قۇتقۇزىدۇ. ئۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي - دېدىم خاتىرجەم ھالدا. مەن قارىملار بىلەن گەپلەشتىم. بۇ مەن ئۈچۈن ئاخىرقى تەدبىر ئىدى. ئىشقا ياراپ قالدى. قارىملار جامائەتنىڭ مۇتىۋەللى گۇرۇپپىغا: «بىز ئۆي - ئۆيگە بېرىپ تىلەمچىدەك، ياكى مېھماندەك لەيلەپ يۈرسەك، قۇرئاننى تەكرارلاپ تەييارلىق قىلىشقا ۋاقىت چىقمايدۇ. شۇڭا ئاش تاماقنى ئۆزىمىزنىڭ ياتىقىدا يەپ، بوش ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە قۇرئان تەكرارلايمىز. شۇنىڭغا كۆنسەڭلار مەسچىتتىكى خەتمىگە تۇرىمىز. بولمىسا باشقا مەھەللىدىكى مەسچىتكە كېتىمىز.» - قارىملاردىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇتەۋەللى ئەربابلارمۇ ياق دېيەلمەي، ئاغزاكى توختاملىشىپ، بۈگۈندىن باشلاپ روزا ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىگىچە مۇشۇ مەسچىتتە تۇرىدىغان، ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى يوقلىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ. كېيىنكى كۈنى جېلىل ھاجىم، داۋۇت ھاجىم، يىگىت بېشى تۇرسۇن بەراجىم قاتارلىق يۇرت ئاقساقاللىرى يېرىم توپاقنىڭ گۆشىنى ئەكىلىپ: بۇنى توڭلىتىپ ساقلايمىز دېمەي، رامزان كىرگىچە يەپ بولۇڭلار. رامزاندا ھېچكىم ئاش تاماق ئەتمەيدۇ. ئىپتارغا بارغان ئۆيدىن زورلۇقۇڭلارنىمۇ ئېلىپ كېلىمىز. خاتىرجەم بولۇڭلار- دەپ، بىشىمىزنى ئاسمانغا تاقاشتۇرىۋەتتى.

تۈرمىدىكى ئاچارچىلىق ۋاقتىدا، ھەرخىل تاماقلارنى ئويلاپ ياتقان بولغاچقا، مانا ئەمدى يېرىم توپاق ۋە يەنە ئۇ ياقتىن، بۇياقتىن كېلىۋاتقان پۇتلاپ پاخلان گۆشلىرىدە، خىيالىمدىكى تاماقلارنى ئەتكىلى تۇردۇم. ۋاھ، ئاجايىپ مېزىلىك، يەپ تويمايمەن. قارىملار سەمرىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، مېنىڭ چىرايىمغا چىقىدىغاندەك ئەمەس. ئاللاھقا شۈكرى، مىللىتىمىزنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭى بولمىسىمۇ، قۇرئانغا بولغان سۆيگۈسى بىزنىڭ بىر يېرىم ئايلىق ياتار جايىمىز ۋە بۇرنىمىزدىن چىققۇدەك يەپ - ئىچىدىغان رىزقىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئەگەر بۇلاردا قۇرئانغىمۇ سۆيگۈ بولمىغان تەقدىردە، نەگىمۇ باراتتۇق ھە!

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەسچىتنىڭ ئالدىغا سۆلەت ئەپەندى قارا مېرسېدېس بىلەن پەيدا بولۇپ، تۈرگۈن قارى بىلەن مېنى چاقىرغۇزۇپتۇ. مەن چىقمايمەن، سىلى گەپلىشىپ كىرسىلە - دېدىم تۈرگۈن قارىمغا. ئۇ ھايال ئۆتمەي قايتىپ كىرىپ: ئوبۇل قاسىم ئىككىمىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن. سۆلەت ئەپەندى بىزنى ئالغىلى كەپتۇ. ياق دېمىسىلە، كۆرۈشۈپ كېلەيلى - دېدى، مۇھىم بىر ئىش باردەك تەلەپپۇزدا. مەن بارمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ سەل نارازى قىياپەتتە چىقىپ كەتتى. ئۇ كەچ قۇرۇن قايتىپ كېلىپ: سىلىگە دەيدىغان بەك مۇھىم گەپ بار، ئايرىم گەپلىشەيلى - دېدى قۇلىقىمغا پىچىرلاپ. شۇنىڭ بىلەن مەسچىتتە شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر بۇلۇڭدا يالغۇز كۇسۇرلاشتۇق. «ئوبۇل قاسىم ۋەتەنگە بارغان ئىكەن. ھەسەن مەخسۇم ۋە ئابدۇقادىر ياپچان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە پات يېقىندا بىر توپ كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىدىكەن.

شۇڭا سىلە باشقا تەرەپكە كەتمەي، قىيىپ ـ قىچىپ يۈرۈۋاتقان پىداكار قېرىنداشلارنى تويلاپ تۇرىدىكەنلا. بۇ ئامانەت سۆز.» مەن: ئىپلاس خىتايلار ھەجەپ بىر ئارام بەرمەي سولاپ كەتتى ئۇلارنى. تېخى بىر قانچە ئاي ئاۋۋال سولاقتا دەپ ئاڭلىغانتىم، قاچان قويۇپ بەرگەندۇ؟ تۇرگۇن قارىم: قويۇپ بەرمەپتۇ، ئوبۇل قاسىم بىر قانچە يېقىنلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۇلارنى تۈرمىدە يوقلاپتىكەن، شۇنداق دەپتۇ. مەن: ۋاي خۇدايىمەي، خىيالى گەپكەنغۇ بۇ. نىجىس خىتايلار تۈرمىگە سولاپ، قىيناۋېرىپ، ئۇلارنىمۇ خام خىيالچى قىلىۋېتىپتۇ ـ دە، دېدىم ئۆكۈنۈپ. ئۇ: خام خىيال ئەمەسمىكىن دەيمەن. ئوبۇل قاسىم ئىشەنچلىك گەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن: ھە راست، بىرنى تۇتۇپ كېتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، (13. بايقا قارالسۇن) سۆلەت ئەپەندى ئۇنى رېداكسىيەگە باشلاپ كىرىپتىكەن. تونۇشلۇق بەرگەندە ـ بۇ يىگىت ئابدىرىملاردەك يەپ ياتىدىغانلاردىن ئەمەس، ئەمىلى ئىش قىلىدىغانلاردىن ـ دەپ، كۆڭلۈمنى بەك پاراكەندە قىلغانتى. دېمەك ئۇ شۇ چاغدا ۋەتەنگە بارغان گەپ. ئەمما قانداق بارغاندۇ؟ ئۇ: قىرغىز پاسپورتى سېتىۋالدىم دەۋاتاتتى، بەلكىم قىرغىز بولۇپ باردىمىكىن. مەن: ئوبۇل قاسىممۇ سىياسى پاناھلىق تىلىگەنلەرنىڭ تىزىملىكىدە بار ئىدى. يۈرىكىنى قاپتەك، يۈزىنى داپتەك قىلىپ، نېمە بىلەن مەشغۇلدۇر بۇلار. ئۇ: قېنى قاراپ باقارمىز. ئەگەر ئوبۇل قاسىم سىلە بىلەن كۆرۈشىمەن دېسە قانداق قىلىلا؟ مەن: كۆرۈشمەيمەن، سىلىدىن سوراپ قالسا بەك ئېغىر ئاغرىپ يېتىپ قالدى. تۈرمىدە بەدىنى زەخىملىنىپتىكەن، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ ـ دەپلا تۇگەتسىلە.

رامزانمۇ باشلىنىپ كەتتى. ئېپتار زىياپىتىدىكى نازۇ-نېمەتلەرنى، ئېپتاردىن باشلاپ زورلۇققىچە يېسەممۇ ھېچ تويمىدىغاندەك ئەمەس. جامائەت بىلەن شۇنداق چىقىشىپ كەتتۇق. تىللايدىغان ئادەممۇ يوق. ئىككى قارىم خەتمىگە تۇرىدۇ، تۆرگۈن قارىم بىلەن ئىككىمىزنى بەزى ئاخشاملىرى مەشرەپكە ئېپتارغا ئاپىرىدۇ. كۆڭلىمىز ئېچىلىپ، خۇددى يەرلىكلەردەك ھېس قىلىدىغان بولۇۋالدۇق. كۈندۈزلىرى ئۇخلايمەن. بىراق رامزاننىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدىلا ئاسمان كۆز، ئالتۇن چاچ، ئۇيۇلتاشتەك خولتەكلا، قىرىق ياشلاردىكى بىر تۈرك، بىزنىڭ ئارىمىزغا قېتىلىپ قالدى. ئۇنى بىشكەك شەھىرىدىكى تۈركىيە ئەلچىخانىسى، بىر ئايلىق دىنى خىزمەت بىلەن مۇشۇ مەسچىتكە تەقسىم قىلغانمىش. يۇرتى بودۇرۇملۇق، ئىسمى ئاھمەد سەپەر دوغان. ئۇ تولا چاغدا ئۇيقۇمنى بۇزۇپ، سۆھبەتلىشەيلى دەپ يېنىمغا كىرىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە تۈركىيىنىڭ ئىمام خاتىپ مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپنى جورنالىست كەسپىدە پۈتتۈرگەنمىش. مەنمۇ ھە دەپ قويىدۇم. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك يېقىملىق، نامازلارغا ئەزان توۋلاپ بېرىدۇ. بەزىدە شام، بامدات نامىزىغا ئىمام بولۇپ بەر دەپ زورلاپ تۇرىۋالىمەن. جامائەتمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. مەن بولمىسام ئۇلار چۈشىنىشەلمەيدۇ. بەزىدە ئاھمەد بىلەن جامائەت ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىدىغان بولدۇم. بىزنىڭ مالىم باللار بۇ يەردىن قېچىپ كەتمىگەن ئاۋات چاغلاردا، ئۇلارنىڭ قولىدا ئاز- تولا دىنى ۋە قۇرئان ساۋاتلىق بولغان، قىز - ئوغۇللارنى ئاھمەدكە يىغىپ بەردى. ئۇ باللارغا دىنى ۋەز سۆزلەپ بېرىپ، ئۇيغۇر مەھەللىسىگە خېلە ئوبدانلا چۈكۈشكە باشلىدى. بىراق ئۇنىڭ

كەسپىگە ئائىت بولمىغان ساھەلەرگە قىزىقىشى، مېنىڭدىن ئېچكىرىلەپ ئەھۋال ئىگىلىشى مېنى گۇمانغا سالغىلى تۇردى. باشتا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، دىنى، مەزھىپى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ھۈنەر ـ سانائەتلىرى توغرىسىدا، شۇنداق ياخشى چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزۈممۇ خوش بولۇپ قالغانتىم. لېكىن ئۇ بارغانچە ئېچكىرىلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى، تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى ئىمكانىيەتلىرى، سىياسى، ئىقتىسادى ئورنى، ئۇيغۇرىستاننىڭ جۇغراپىيىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشىلىق كۆرسىتىش خاراكتېرى ۋە ئىمكانىيەتلىرى، چېگرادىن بىخەتەر ئۆتۈش ئىمكانىيەتلىرىگىچە قىزىققىلى تۇرۇۋېدى، كۆڭلۈمگە جىن كىرىۋالدى: دەسلىۋىدە خۇدا ئۇرۇۋشى قوزغايدىغان ئەرەب جىھاتچىلىرى قول سېلىپ، نەتىجە چىقىرالمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن موسكۋا «ك گ ب» ئىدارىسى مايمۇن ئويۇنى قويۇپ مەقسەتكە يېتەلمىگەن، ئەمدى تۈركىيە ئىستىخباراتىنىڭ قولىدا قايسى كۈننى كۆرەر بۇ بىچارە مىللەت! ئەمما قىزىق تەرىپى دەل مۇشۇ كۈنلەردە تۈركىيە پرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەل، ئۇزۇن يىلنىڭ ياقى تۈركىيەدە ئىقامەتسىز قېيىنىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلىپ، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ۋەتەنداشلىقىنى ھەل قىلىشىمۇ بىر غەيرى ئىش ئىدى.

بىركۈنى ئاھمەدكە شۇنداق دېدىم: تۈركىيە ئۆزىنى ـ بىز دېموكراتىك دۆلەت دەۋالغىنى بىلەن، بەئەينى كوممۇنىست تۈزۈمىدىكى دۆلەت. مەن بېرىپ باقمىغان بولسامۇ ئەمما تۈركىيىنىڭ سىياسىتىگە بەك قىزىقىمەن. كوممۇنىست دۆلەتلەردە ھەر قانداق بىر سىياسى، مەمۇرىي خادىم

ئىستىخباراتقا باغلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ چەتئەلگە خىزمەت بىلەن چىقىرىلغانلار تېخىمۇ شۇنداق. ئاھمەد مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىپ يەتكەن چېغى: ئابدۇراھىم خوجا، سانا باشىندان سۆيلەمىشتىميا ـ مەسلەگىم گازېتېجى دىيە. مەسلەك ئىشتە بۇ ـ دېدى قىزىرىپ تاتىرىپ. مەن: توغرا، سېنىڭ جۇپ مەسلىكىڭ بار. ئەمما سېنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنلەر بىرلا ۋەزىپىنى تاپشۇردى. ئۇمۇ سېنىڭ مەسلىكىڭ ھەم ۋەزىپەڭ. مەسلەك نېمە بولسا، شۇنى قىلىۋەرمەيمىز. بەلكى ۋەزىپىنى قىلىمىز. مېنىڭمۇ بىرقانچە مەسلىكىم بار. لېكىن ۋەزىپەم قاچقۇنلۇق ۋە مۆكۈش. مەسلىكىم بىلەن ۋەزىپىلەنمىگەن بولغاچقا، مەسلەككە ئائىت ھېچنەرسىگە قىزىقمايمەن. ئۇ: ئابدۇراھىم خوجا سەن بۇ قەدەر سەزگۈر بىرى تۇرۇپ، نېمىشقا تورغا چۈشۈپ قالغانسەن؟ مەن: بىزدە ـ تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئېلىنار ـ دەيدىغان بىر پەلسەپە بار. مەنمۇ شۇ تەقدىرنىڭ قۇربانى. ئاھمەد راست ـ يالغان كۈلۈپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا تىرىشتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بەردىم. بىر قېتىملىق سوغاق مۇناسىۋەتتىن كېيىن، سۆھبىتىمىز پۈتۈنلەي كۈندىلىك ئىشلار ئۈستىدە داۋاملىشىدىغان بولدى. بىراق تۈرگۈن قارىمنى ھېلىقى قارا ماشىنا ئارىلاپ ئېلىپ كېتىدىغان بولىۋالدى. ئۇ قايتىپ كەلگىنىدە ئوبۇلقاسىم بىلەن سۆھبەتلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەنمۇ ھە دەپ قويۇپلا ئارتۇق گەپ سورىمايمەن.

رامزان شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. روزا ھېيتىغا ئىككى كۈن قالغاندا، خىتايلار غۇلجىدا تۈنۈگۈنكى كۈندە قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىق خەۋىرى كەلدى. ھېيت خۇشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىپ كەتتى. ۋەتەندىن ھېيتلىق مال

ئاچىقىش ئۆچۈن، غۇلجىغا كەتكەن تىجارەتچىلەر قىچىپ چىقىپ، ئەھۋالنىڭ بەك ئېغىر ئىكەنلىكىنى يەتكۈزەتتى. ھېيت كۈنلىرى جامائەتلەر خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلدى. ھېيتنىڭ ئۆچىنچى كۈنى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئابدۇكېرىم ھاجىمغا: بۈگۈن بىزنىڭ ئاخىرقى كۈنىمىز، لېكىن باردىغان يېرىمىز يوق. بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە تېخى بولمايدۇ. شۇڭا جامائەتكە چۈشەندۈرسىڭىز، قارىملار غۇلجىدا شەھىد بولغانلار ئۈچۈن مەسچىتتە ئوتتۇز پارە قۇرئاننى خەتمە قىلسۇن. مەن ئاقايوپقا، مىنىستىرلارغا ئىلتىماس يازاي. شۇنداق قىلساق ھەم ساۋاب بولىدۇ ھەم بىزگە يەنە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قېلىش پۇرسىتى بولىدۇ ـ دېدىم ئۆتۈنۈش تەرىقىسىدە. ئۇمۇ شۇنچىلىك مەمنۇن بولدى. پېشىن نامىزىدا جامائەتكە مېنىڭ تەكلىپىمنى ئوقۇتۇرغان ئىدى، كۆڭلى سۇنۇق، كۆزى ياشلىق قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىلا قوبۇل قىلىشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ قارىملار قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. مەن ئىككى كۈندە بىر پارچە ئىلتىماسنى پۈتتۈرىمەن. ئۇلار قىرغىزچە، رۇسچە تەرجىمىگە بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىزنى ھېچكىم قوغلىمايدىغان بولدى. ئەكسىچە ھەر كۈنى بىر ئۆيدە مېھمان قىلىدۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رىشىت پەشۋا تالادىن ھالاداپ، سالاداپ يۈگۈرۈپ كىرىپ: ئابدۇرەھىمجان ئىككىڭلارغا يول چىقتى ـ دېمەمدۇ، خۇددى ۋەتەن ئازات بولۇپتۇ ـ دېگەندەك، يايراپ كەتتىم يۇ، ئەمما توردىن قانداق چىقالايمەن؟ ـ دېدىم يېرىم بولۇپ. ئۇ: خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ سىزنى بىلىدىكەن. مەن: كىم بىلىدىكەن مېنى؟ تولۇق دەڭا. ئۇ: ئايەدە بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ

تورىستىك فىرمىسى باركەن. ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا سىزنىڭ رەسىمىڭىز چاپلانغان تۇتۇش ئېلانى باركەن. شۇڭا سىزنى باشقا دۆلەتكە قاچۇرىۋېتەي، مۆكۈپ تۇرۇۋەرسە ئۇزۇنغا قالماي تۇتۇلۇپ قالىدۇ. مەنمۇ بىر ئۇيغۇر بولغانىكىن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇم كەلدى، مېنىڭدىن قورقمىسۇن - دەيدۇ. كۆپ ئويلىنىشنىڭ هاجىتىمۇ قالمىغان ئىدى. ياكى قۇتۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپ تۇتۇلىدىغان گەپ، ياكى مۆكۈپ يېتىپ تۇتۇلىدىغان گەپ. قىسمەت شۇ بولسا كېرەك! بىراق مېنىڭ سېتىۋالغان پاسپورتۇم بار ئىدى - مىللىتىم ئۆزبېك، قىرغىز گراژدانى. ئۇ پاسپورتنى ئىلدان ئاباسوپ «ك گ ب» گە مەلۇم قىلىپ، ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن. هازىر پاسپورت ئالغۇدەك پۇلمۇ يوق. كىمدىن ياردەم سورارمەن؟ - غەم قىلماڭە ئابدۇرەهىمجان - دېدى رىشىت پەشۋا مەسلىهەت بېرىپ. بىز ئۇنىڭ مەسلىهەتى بىلەن، ئۆلگەن پاسپورتۇمنى هېلىقى تورىستچى كىشىگە يەتكۈزۈپ بەردۇق. لېكىن تۈرگۈن قارى يۈرىكىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ قېچىشنى ئويلىساملا، مەن يولدا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇۋاتىمەن - دەپ، قېچىشقا زادىلا قوشۇلمىدى. سالا قىلىپ زىرىكتۇق. ئېهتىمال ئوبۇلقاسىم بىلەن پاراڭلىشىپ، تۈرمىدىكى ئابدۇقادىر ياپچان بىلەن هەسەن مەخسۇملارنىڭ كېلىشىنى كۈتكەن بولىشى مۇمكىن - دەيتتىم ئۆز ئۆزۈمگە. ۋىزا ئۈچۈن بىر پارچە رەسىم، ئاتمىش دوللار تاپشۇرىدىكەنمەن. ئۈچ ئاي بۇرنى قۇلىقىمدىن چىققۇدەك يەپ، ئىچىۋاتىمەن. لېكىن گۆردىن هازىر چىققاندەك، پاسپورتنىكى رەسىمىم بىلەن هازىرقى تۇرقۇممۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ رەسىمگە چۈشۈپ، تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى تاپشۇردۇق. مېنى قاچۇرۇپ

قويىدىغان ئادەمنى مەن كۆرمىدىم. ئارىدا رىشىت پەشۋا ماڭدۇ. ئۈچىنچى مارت رىشىت پەشۋا ـ خەتتات، رەسسام ئابدۇرىشىت ۋىزا چاپلانغان پاسپورت بىلەن ئايروپىلان بىلىتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ، ئاغزى چارەكتەك ئېچىلىپ، شۇنچىلىك خوشال. چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ مەن بىلەن بىرگە قاچىدىكەن. بىلەت پۇلىغا يۈز ئاتمىش دوللار تۆلەيدىكەنمىز. گېرمانىيىگە كېتىدىكەنمىز. مەن ئەسلىدە تۈركىيىگە كەتمەكچى ئىدىم. بىراق بىزنى ھىمايە قىلىۋاتقان جامائەتلەر، قىرغىز ھۆكۈمىتىگە: ئۇلارنىڭ تۈركىيىگە قېچىپ كېتىدىغان پىلانى بارمىش، تۈركىيەدىمىش ـ دەپ، دىققەتنى تۈركىيىگە بۇراپ قويىغانلىقى ئۈچۈن، قىرغىز چېگرىسىدىن تىنىچ ئۆتۈپ كەتسەممۇ، تۈركىيىگە كىرەلمەسلىكىم، قىرغىزىستانغا قايتۇرۇۋېتىش خەۋپى ئېغىر بولغاچقا، تورىستچى ئادەم ئۆز ئالدىغا تارتىپلا يولنى گېرمانىيىگە توغرىلاپ قويۇپتۇ. ماڭىدىغان ۋاقتىمىز ئېنىق 97 ـ يىلى 7 ـ مارت. شۇنىڭ بىلەن 5 ـ مارت «ئىتتىپاق ـ ۋىجدان ئاۋازى رېداكسىيىسى» ۋە ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى رەھبەرلىرى بىلەن خوشلاشتىم. شۇ كۈنى قىرغىزىستان سەنئەت ئەربابى سابىت باباجان ئەپەندى، مىنى بىر كېچە ئۆز ئۆيىدە قوندۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۈچىنچى سىنىپتىكى ۋاقتىدا، مەكتەپتىن كانىكۇلغا چىققاندا سىزغان بىر پارچە سەھرا مەنزىرىسىنى، ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ۋەتەننى بەك سېغىنىپ كەتكەن كۈنلىرى، ئاشۇ رەسىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ يىغلايدىكەن. ئەتىسى رەسىمخانىسىغا باردۇق. بىر توپلامنى ۋاراقلاپ، دوكتور نەبىجان تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «موسكۋاخىياللىرى» نى ئېچىپ: ئۇكام مۇشۇ ئەسەرنى ئوقۇپ بېرىڭ ئىشىمنى

تۈگىنىۋالغۇچە - دېدى، غەمكىن بىر كەيپىياتتا. مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى ئوقۇپ، بالقاش دېڭىزى ساھىلىغا كەلگەندە، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدىم. ئەسەر شۇنداق تەسىرلىك يېزىلغانمۇ، ياكى بالقاش بويىدا ئات چاپتۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى، بۈگۈن كۆرۈۋاتقان قىسمەتلەرنىڭ ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرىمۇ، ياكى قۇتۇلۇش يولى ئىزدەپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئېنىقسىز بىر قاراڭغۇلۇققا تەۋەككۈل قىلغانلىقىمىنىڭ ئەتە بېشىمغا كېلىدىغان خەۋپ - خەتىرىنىڭ قايغۇلىرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ كۆز- ياشلىرىم مۇنچاقتەك سىرغىيتتى. مەن كۆز - ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ، بېشىمنى كۆتۈرسەم، سابىت باباجان ئاكا ماڭا قاراپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ، رامكىدىكى پورترېتنى ئالدىمغا تىكلەپ قويۇۋېدى، قارىسام مېنى سىزىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشى مۇشۇ ئىكەن. دېمەك ئۆز قولى بىلەن بىر خاتىرە قالدۇرماقچى، يىللاپ سىرداشقان، بىر نىشان ئۈچۈن كۈرەشكەن، ئاخىرىدا ئۆلۈم دەرگاھىغا يېقىنلاپ قالغان، ناتىۋان بىر قېرىندىشىدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى خاتىرە.

يولغا چىقىش ۋاقتىمىز يېتىپ كەلدى. ئوچۇق ئېيتقاندا ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا بارىدىغان سائەت توشقان ئىدى. تۇرىستچى خەۋەر كىرگۈزۈپتۇ. بىز ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، غىپپىدىلا مەسچىتنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ تۇرىدىكەنمىز. بىراق دەل شۇنداق قىلىۋاتساق جېلىل ھاجى ئاكا، ئىبراھىم ئاكا بىلەن كېلىپ قالدى. سەزگۈر ئادەم ئىدى مەرھۇم: تىزىلىڭلار رەسىمگە چۈشۈۋالايلى - دېدى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا. رەسىمگە چۈشۈپ تۇرساق تۇرىستچى ماشىنىسىنى يول ياقىسىدا

توختىتىپ بەلگە بەردى. قالدىغانلار بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىغا چىقتۇق. ماشىنىدا ناتونۇش ئىككى ئادەم بارئىكەن. تورىستچى ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن: يېنىمدىكى ئاكاڭ يۇرتتا ئىشەنچلىك ئادەم. ئۆزۈمگە گۇۋاھچىلىققا ئېلىۋالدىم. چۈنكى سېنىڭ بىخەتەرلىكىڭ ئۈچۈن، قولۇمدىن كېلىدىغان ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. لېكىن سەپىرىڭ بەك خەتەرلىك بولغاچقا، بېشىڭغا بىرەر يامانلىق كېلىپ قالسا، مەن قارىغا كېتىپ قالىمەن. شۇڭا مۇنۇ ئادەم مېنىڭ نېمە قىلغانلىقىمغا، سەن بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىمگە گۇۋاھچى بولۇپ، مېنى ئاقلايدۇ. خۇدا ئىشىمىزنى ئوڭ قىلار - دېدى، ئۇھ تارتىپ. مەن: بۈگۈن ئاخىرقى كۈنۈم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نىشانغا يەتمەيتۇرۇپ سىزگە رەھمەت دېمەيمەن. ئەگەر ياردىمىڭىز بىلەن قۇتۇلۇپ قالسام، سىزگە ئۆمۈر بويى رەھمەت قەرزىم بارلىقىنى بىلىپ قېلىڭ! - دېدىم، ئۆزەمنىڭ بۇ سەپەردىن ئۈمىتسىزلىكىمنى ئىپادىلەپ. ئايروپورتقا كىرگەندە، ئوتتۇز قەدەمچە نېرىراقتا بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان، ئەللىك ياشلاردىكى، ئېگىز بويلۇق زىلۋا بىر رۇس ئايالنى تونۇشتۇردى. ئۇ موسكۋالىق ۋىكتورىيا خانىم بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ساياھەت شىركىتى بارئىكەن. بىزنىڭ سالامەت ئۆتۈشىمىزنى شۇ ئايال ئۈستىگە ئالغانمىش. يەنى ۋىكتورىيا خانىمنىڭ گېرمانىيىگە يوللايدىغان تورىست ئۆمىكىدىكى كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىدە ئىسمىمىز بارئىكەن. ۋىكتورىيا خانىم ھازىر پاسپورت تەكشۈرىدىغان قىرغىز خادىم بىلەن گەپلىك بولۇپ، تىزىملىكنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۇنىڭغا بەرگەن ئىكەن. شۇڭا ھەر بىر پاسپورتنى قولىغا ئالغاندا، ۋىكتورىيا خانىمغا قارايدىكەن. ئۇ باش لىڭشىتسا

تېزىملىككە قاراپ تامغا باسىدىكەن. بولمىسا گېرمانىيىگە نېمىشقا ماڭدىڭ؟ پالان - پۇستان، بەش پاتمان رۇسچە گەپ سوراپ ئاۋارە قىلىدىكەن. بىز ۋىكتورىيا خانىمنىڭ باش ئىشارىتى بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ كەتتۇق.

مېيونخېن شەھىرىدە بىرى- يوقى ئاتمىشتەك ئۇيغۇرلار بارئىكەن. ئۇلار ئۈچ تەشكىلات ئارىسىدا تالاشتا قالغان بولۇپ، مەن بۇ ۋەزىيەتنى ئانچە ياقتۇرمىدىم. گېرمانىيىنىڭ ئۆزىمۇ دۇنيا ۋەزىيىتىدىن بىر تەرەپ، ئىشلەپ چىقىرىش، سېتىش دۆلىتى بولغاچقا، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن بۇ يەردىن نەپ چىقمايدىغانلىقى ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يا بىر تىجارەت قىلىشقا ئەپسىز بولغاچقا، بۇ يەردە ئىشلەپ جاننى ئاران بېقىش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىمىز مۇقەررەر. مەن ئۇ ئون كۈنلۈك، گېرمانىيە ۋىزىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەستە، تۈركىيىگە كېتىۋالماقچى بولدۇم. لېكىن يانچۇقۇمدا ئاران يۈز ئاتمىش دوللار بار، بىلەتكە يەتمەيدۇ. تونۇيدىغانلاردىن قەرز سورىدىم، ھېچكىم مېنىڭ تۈركىيىگە كېتىشىمگە قوشۇلمىدى. ھەم ياردەم قىلمىدى. چۈنكى تۈركىيىدە ئۇيغۇرلارنى تۇتمايمىش، تۈرمىگە سولاپ قويمايمىش، خىتايغا ساتمايمىش، ئەركىن ياشاشقا پۇرسەت بېرەرمىش دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى، پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس، ھەرقانداق كىشىلەرگە ئورتاق، ھەتتا پارتلاتقۇچى تېررورىستلار پۇشمان قىلدىم، تۆۋە قىلدىم دېسە، شۇلارغىمۇ ئەركىنلىك بېرىدىغان دۆلەتمىش. ئەمما تۇرمۇش قىيىنچىلىقى، تىجارەتچىلەرنىڭ دەردىنىڭ كۆپلۈكى، مالنى نەق ئېلىپ نېسىگە سېتىپ، قويۇلۇپ كېتىدىغانلىقى، بىر يەردە جىسمانى مېھنەت قىلىپ جاننى بېقىش ئاسانغا توختىمايدىغانلىقى

قاتارلىق بولۇمسىز تەرەپلىرىنى سۆزلەپ، مېنى تۈركىيىگە كەتمەسلىككە قايىل قىلىشتى. دەرۋەقە كىشىلەر تۈركىيىدىن گېرمانىيىگە كېلەلمەيۋاتسا، مېنىڭ گېرمانىيەدىن تۈركىيىگە كېتىمەن دېيىشىم، بەكلا تەتۈرلۈك بولىدىكەن. مېنىڭچە بولغاندا ساقچى تۇتمايدىغان، تۈرمىگە سولاپ قويمايدىغان، خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلا يەر بولسا، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن، ئۆزەم خالىغانچە بىر كۈن ياشاپ ئۆلۈپ قالسامۇ ئارمىنىم يوقتەك، شۇنچىلىك بوغۇلغان ۋە ئۆزخاھىشىمنى شۇنچىلىك سېغىنغان بولغاچقا، تۈركىيەدەك ئەركىن دۆلەتتە ھامماللىق قىلسامۇ، ئەركىنلىكىم دۆلەت تەرىپىدىن بوغۇلمىسىلا، باشقا ھەرقانداق ئىشلارغا پەرۋايىم پەلەك ئىدى. بىراق گېرمانىيىگە تۈركىيىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تۈركىيەدىكى قاتتىقچىلىقتىن خەۋىرى بار ئۇيغۇرلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ، گېرمانىيىدە قېلىشنى تاللىدىم.

سىياسىي پانالىق تىلەيدىغان ئىدارىگە يېقىنلىرىم ئاپىرىپ قويدى. ئۇلار ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيەتلىرى بويىچە تاشقى كېسەللىك ۋە ئىچكى كېسەللىكنىڭ بار يوقلىقىنى تەكشۈرىدىكەن. تەن ساغلاملىقىمدا بېقىنىم ۋە يانپىشىمدا تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالمىغان يارا ئىزى ھەم قوۋۇرغىلىرىم سانىلىپ تۇرغان، سۆڭەكلەر ھەر دوقمۇشتىن پولتىيىپ تۇرغان، بوينۇم جەينەكچىلىك، بېشىم چېلەكتەك شۇنچىلىك ئەبگاھ، تەن ئېغىرلىقىم ئەللىك بىر كىلو ئىككى يۈز گىرام. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق غەيرى نورمال ئەھۋالدا ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بارلىق ئەزالىرىمنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ھېچقانداق كېسەللىك بولمىغاچقا، خىتايلارنىڭ بەك ئېغىر

زۇلۇم سېلىۋەتكەنلىكى دەلىللەندى. مەن قىرغىزىستاندىكى تۈرمە ئەھۋالىنى ئېيتمىدىم. چۈنكى قىرغىزىستاندا «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىغا خىتاينىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۆلۈمنى كۆرگەن بولغاچقا، ئەمدى قىرغىزىستاننىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلسام، تېخىمۇ ئېغىر كۈنگە قالىدىغاندەك بىر ئەندىشە ئاغزىمنى تۇتۇۋالغان ئىدى. مەن قىرغىزىستان دۆلىتىنى ئەيىبلىيەلىسەممۇ، لېكىن «ب د ت» ئىنسان ھەقلىرى ئىشخانىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى، ئارىغا كىرگەن ئاتالمىش سۈرگۈندىكى ئۇيغۇر لىدېرىنىڭ، ئىلدان ئاباسوپلارنىڭ قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولالماي، تېخىمۇ يامان كۈنگە قېلىشىمدىن قورقتۇم. قىرغىزىستاندا تۈرمىدىن چىقىپ، گېرمانىيىگە كەلگۈچە ئۈچ يېرىم ئاي بوداپ بېقىلغاندىن كېيىنكى جىسمانىيىتىم ھېلىقىدەك ئىدى. بېشىمنى بەش مىنۇت تىك تۇتۇپ تۇرالمايتتىم. ماڭسامۇ، ئولتۇرسامۇ بېشىم يانغا قىيسىيىپ، ياكى ئالدىغا ئېڭىشىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. بويۇنۇمدا بېشىمنى كۆتۈرگۈدەك ماغدۇر يوق ئىدى. كىشىلەر: ئابدۇرەھمجان بېشىڭىزنى تۆۋەن سېلىپ، دائىم غەمكىن يۈرىدىكەنسىز. بەزى ئىشلار قولىمىزدىن كەلمىگەنىكەن، سەبرە قىلىش كېرەك ـ دەپ، ماڭا كۆيۈنۈپ تەسەللى بەرگەنلىرىدە: ياقەي، چوڭ غېمىم يوق، يەرگە ئېڭىشىپ ماڭسام پۇل تېپىۋالىدىكەنمەن ـ دەپ، چاقچاق قىلاتتىم، تاغ كۆتۈرەلمىگۈدەك ئازابلىرىم بولسىمۇ. ئەمما بويۇنۇمنىڭ بېشىمنى كۆتۈرەلمەيۋاتقىنىنى يوشۇراتتىم ھەم.

مەن گېرمانىيىگە كېلىپ بىر ئاي كېيىن تۈرگۈن قارىمۇ كەلدى. ھەنىم بولسا ئازابلىق تەقدىرگە چېتىشلىق

كىشىلەر، ئارامخۇدا بىرگە ئۆتىدىغان بولدۇق ـ دەپ، خوشال ئىدىم. ئەپسۇس ئۆزەم بۇ ئەلدە تۇرۇپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۆزەمنىمۇ بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئەزاسى دەپ ئويلىۋىلىپ، «ئەللىك بىر كىلو ئىككى يۈز گىراملىق ۋەزنىمگە» قارىماستىن، بەزى قاملاشمىغان ماز ئىشلار ئۈستىدە پىكىر قىلىپ قويۇپتىكەنمەن، («ئۇيغۇرلار يوقىلىپ كېتەمدۇ»ناملىق كىتاب، 442 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن) سۆزگۈن قىلىنىپ كەتكىنىمدە، ھېچكىم ۋە ھېچقايسى تەشكىلات ئىگە بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۆرگۈندە، ئۇيغۇرلاردىن يىراق، تۈركلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاشقا نېسىپ بولۇپتۇ.

ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى تۈرك جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانىسىدا، ئۆزۈم يالغۇز كىتاپ ۋاراقلاپ ئولتۇرسام، تېلېفون چالدى. تېلېفونغا ئىنكاس قىلىش قائىدىسى بويىچە: ئىسلام كۈلتۈر مەركەزى، ئابدۇراھىم ـ مەرھابا ـ دېسەم، قارشى تەرەپتىن ـ بەن ئابدۇراھىم خوجا بىلەن قونۇشاجاق ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ تۈرگۈن قارى ئىدى. كونۇش كاردېشىم، نې دەردىن ۋار؟ كونۇش ھادى ـ دېدىم، چاندۇرماي. ئۇمۇ ئاۋازىمنى تونۇپ قاپتۇ. تىنچلىق ئامانلىق سورىغاچ بىر دەم چاقچاقلاشقاندىن كېيىن: ئابدۇقادى ياپچان بىلەن ھەسەن مەخسۇم تېلېفون قىلىپتىكەن، شۇ توغرىسىدا سىلى بىلەن گەپلەشمەكچىتىم، يانلىرىغا بارسام، سىلىنى تاپالايمەنمۇ؟ دەيدۇ ئۇ، تومتاقلا. مەن: ئۇلار تۈرمىدىن تېلېفون قىلىپتىما؟ ـ دېدىم، سەل ئىككىلىنىپ. ئۇ: ياق، بىشكەكتىن تېلېفون قىلىپتۇ. بىرمۇنچە ئاغىنىلەرمۇ چەتكە چىقىپ بولغان ئوخشايدۇ گەپتىن قارىغاندا. مەن: ھە ياخشى بولۇپتۇ ئۇنداق بولسا. مېنىڭ يېنىمغا نېمىشقا

كەلمەكچىتىلە؟ ئۇ: دەيدىغان مۇھىم گەپ بار، شۇڭا. مەن: ئۆزلىرىنىڭ شەخسى گېپىمۇ، ياكى باشقىلارنىڭ سالام خېتىمۇ؟ ئۇ: ئاشۇلارنىڭ گېپىتى. مەن: ئۇلار تېلېفوندا دەۋەرگەن گەپنى سىلە تېلېفوندا ماڭا دەۋەرمەي، ئۆزلىرى كەلسىلە، ئىشنىڭ چاتىقى شۇ يەردىن چىقىدۇ. تېلېفوندا دېيىشكەن گەپنىڭ بىر ئۇچى ھەرىكەتكە ئايلانمىغۇچە، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ ـ دېموكراتىك دۆلەتلەردە. شۇڭا ئۇلار نېمە دېگەن بولسا، سىلىمۇ ئېقىتماي، تېمىتماي ماڭا دەۋەرسىلە. ئۇ: ئابدۇرەھىمگە ئېيت، قايتىپ كېلىدىغانلار بولسا ھەممىنى ئېلىپ، تېز كېلىڭلار ـ دەيدۇ. قولىمىزدا پاسپورت يوق، بارالمايمىز دېسەم، پاسپورت چوڭ مەسىلە ئەمەس! تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى تۈرك ئەلچىخانىسىدىن ھەل قىلىمىز دەيدۇ. مەن: بىزنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگىلى چىقىپتىما؟ ياكى ھەممىمىز توپلىشىپ قىرغىز تۈرمىسىدە بىرگە ياتامدىكەنمىز؟ ئۇ: بۇ چاقچاق ئەمەس ئابدۇرەھىمجان. ئۇلار «لا ئىلاھە ئىللەللا» دېگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى تەۋھىت بايرىقى ئاستىغا توپلاپ، چوڭ ئىش قىلماقچىكەن. مەن: ھە مۇنداق گەپمىكەن؟ مەدرىس ئاچىدىغان ئىش دېسىلە! ئۇ: ۋاي ياق، تەۋھىت بايرىقىنى ئاق سارايغا، قۇددۇسقا، ئاخىرىدا تيەنئەنمېن مەيدانىغا قادىمىغۇچە توختىمايمىز ـ دەيدۇ. مەن: بۇ ئادەمنى خىتايلار تۈرمىگە سولاپ قىيناۋېرىپ، خېمىرىنى پېتىرگە ياندۇرىۋەتتىمۇ نېمە؟ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتىگە قادىيالمىغان لاتىنى، ئەمدىزە ئاق ساراي، كۆك سارايغا قادامدىكەن؟ چىچىپ پوقىغا بىر تال شام قاداپ باقسۇن قېنى، بىر دەم تىك تۇرامدىكەن. ياكى كاللىسىدىن چاتاق چىقمىغاندۇ تايىنلىق؟

قانداقــراق گــەپ سۆزى؟ ئــۇ: دېگــەن گېپىنــى ســىلگە دەپ بەردىــم، تەقــى تۇرقىنــى تېلېفونــدا كۆرگىلــى بولمىغانىكــن، قانــداق بولــۇپ قالغانلىقىنــى بىلگىلــى بولمىسا. مــەن: ئۇنــداق بولسا مېنىــڭ تەكلىپىمنــى يەتكــۈزۈپ قويســىلا: بىرىنچــى ئــۇلار قالايمىقــان ئــىش قىلىــپ، ۋەزىيەتنــى بۇزمــاي، ئىســتانبۇلغا ئورۇنلىشىــپ، دەســلەپكى قەدەمــدە ســەئۇدىنى ئىقتىسادى بــازا قىلغــان ئاساســتا ئۆزىنىــڭ يولىنــى ئاچســۇن. ئىككىنچــى ئــۆز ۋاقتىــدا يەنــى 85 ـ يىللىــرى قىلالمىغــان مۇھىــم ئىشــلىرى بــار ئىــدى. ئەمــدى پۇرســەت ئــۆز قولىغــا كېلىپتــۇ. شــۇ ئىشنى باشلىسۇن. ھېچ بولمىغانــدا، قەشقەرلىق ۋە خوتەنلىــك بايلار ئارىســىدا ئۇنىــڭ بىركىشــىلىك نوپــۇزى بــار. بــەر، دېگىنىنــى يۇلــۇپ ئالالايــدۇ. ئۆزىنىــڭ نوپۇزىنــى ئىســراپ قىلىۋەتمىسۇن. ئۈچىنچــى بارالىغۇدەك بىخەتــەر دۆلەتلەرنــى بىــر قــۇر ئايلىنىــپ چىقسۇن. تەشــكىلاتلىرىمىز بىلــەن تونۇشــۇپ چىقسۇن. ۋەتــەن ـ مىللــەت ئۈچــۈن پايدىلىــق ئىشــنى قىلىدىغان ۋاقتــى كەپتــۇ. ئــۇ: قانــداق ئىشــتى ئــۇ ئۆتمۈشــتىكى ئــىش؟ مــەن: ســىلە ئــۇ ئىشــنى ســورىماي، مــەن دېگــەن گەپنــى ئەينــەن يەتكــۈزۈپ قويســىلا. ئەگــەر خىتايــلار ئۇنىــڭ كاللىســىنى چېلىۋەتمىگەنــلا بولســا، ئــۇ ئىشــنى ھەرگىــز ئۇنتــۇپ قالمايــدۇ. ئەگــەر يەنــلا چالغۇچنــى تەتــۈر چېلىــپ، ئــاق ســاراي، پــوق ســاراي دەپ يۈرســە، بــۇ مىللىتىمىزنىــڭ بېشــىغا كېلىۋاتقــان بىــر چــوڭ شــۇملۇقنىڭ بېشــارىتى.

ئابدۇقادىــر ياپچــان بىلــەن يېقىندىــن تونۇشــمىغان بولســامۇ، ئۇنىــڭ يۈرىكىــدە ۋەتــەن ـ مىللەتنىــڭ ئوتــى يالقۇنــلاپ تۇرىدىغــان، بــاش ئەگمــەس مىللەتچــى ئىكەنلىكىنــى ئاڭلىغــان ھــەم شــۇنداق قارايتتىــم. لېكىــن ئۇنىــڭ پىكــرى

كۆندىلىك ھېسسىيات دەرىجىسىدە ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، يىراق تۇرۇشنى تاللىغان. مېنىڭ سىرىق تۆكى ئەمدىلا چۈشىۋاتقان، بالا مىللەتچى ئىكەنلىكىمنى ئۇمۇ كىشىلەردىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك. مېنى يىراقتىن كۆزىتىپ يۈرگەنلىكىنى، مېنىڭ ئاغىنەم ۋە ئۇنىڭ بەك يېقىن مۇرىتلىرىدىن - پوچى ئاداش ماڭا دەپ قويغان ئىدى. لېكىن مەن ئۇ ئادەمگە بەك قىزىقمايتتىم. چۈنكى بىزمۇ خېلە گۆدەك چاغلىرىمىزدىنلا پېشقەدەم يەرلىك مىللەتچى زىيالىيلارنىڭ، سابىق ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆيىدە تەربىيە كۆرگەن، ئىنقىلاپ - يورۇق سەھنىدە ئەمەس، ئاي قاراڭغۇسىدا، ھەممە خەقنىڭ كۆزىدە ئەمەس، يەر ئاستىدا پىچىرلاپ يۈرۈپ قىلىدىغان ئىش- ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، سۆزى ئوچۇق، ئۆزى ئاشكارە كىشىلەرنى ئانچە بەك ۋاي دەپ كەتمەيتتۇق. چۈنكى كۆزىمىز توق ئىدى. 85 - يىلى نويابىر ئايلىرىدا، بىر كۈنى مېنىڭ بىر يېقىنىم «بەك مۇھىم بىر چوڭ ئىش ئۈستىدە، بەك مۇھىم بىر شەخسلەر تەرىپىدىن ئەلچى» بولۇپ، كىرگۈزۈلۈپتۇ. ئۇلار مېنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بىر ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىنى قۇرۇپ، بىزنى چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىدىكەن. مەن ئوقۇغۇچى ئەترىتىگە مەسئۇل بولىدىكەنمەن. بىزنىڭ بارلىق چىقىملىرىمىزنى شۇ كىشىلەر ئۈستىگە ئالىدىكەن. لېكىن بۇ ئىش تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، مەن ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى شەخسلەر بىر تەشكىلات قۇرۇپ، پروگراممىنى تۈزىدىكەن. بىز ئوقۇپ كىرگەندىن كېيىن شۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلىدىكەنمىز. ئوقۇيدىغان كەسىپلەر خەلقئارا سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسى

ئىكەن. مەن شەرت ئاستىدا ماقۇل بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم: بىرىنچى ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن، چەتتە قېلىپ خىزمەت كۆرسىتىش، ياكى ۋەتەنگە قايتىپ خىزمەت كۆرسىتىش شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا ئەركىن بولىشى كېرەك. ئىككىنچى بۇ ئىشقا مەسئۇل بولىدىغان كىشىلەر «ئەكسىل ئىنقىلابچى» قالپىقىنى كىيمىگەن، ئارقىسىدىن پايلاقچىلار مارىلاپ يۈرمەيدىغان بولىشى كېرەك. ئەكچىسە بولغاندا قىلىدىغان ئىشىمىز بىلىقنىڭ چوڭىنى تورغا چۈشۈرىدىغان يەمچۈك بولۇپ قالىدۇ. ئۈچىنچى چەتئەلدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن، تەشكىلاتنىڭ پروگراممىسىنى قايتا تۈزۈش، تەشكىلاتنىڭ ئىدارە ھەيئىتىنى قايتا تەرتىپكە سېلىش لازىم. چۈنكى كىچىك رامكىنىڭ ئىچىدە تۈزۈپ قويغان پروگراممىنا بىلەن، چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن، دۇنيا كۆرگەن بىلىملىك كىشىلەرنى قارىغۇلارچە مەجبۇرلاپ ئىشقا سېلىشقا بولمايدۇ. ئوقۇغان، بىلگەنلەر بىلىمىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى بىلىپ ئىش قىلمىز دېسە، بۇلار قوپۇپ قولىمىزدا قۇرئان بار، بىز ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىشىمىز كېرەك، قالغىنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى دەپ كاجلىق قىلسا، ئۇ چاغدا چەتئەلگە ئادەم چىقارتىپ ئوقۇتۇپ كىرگەنىنىڭ بىر تىيىنلىق پايدىسى بولمايدۇ.

ئەلچى جاۋابىمنى يازمىچە خاتىرلەپ، يازغانلىرىنى ماڭا كۆرسەتكەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، نەتىجىسىنى سۈيلىدىم. ئۇ: بۇ ئىش ئۆز جايىدىلا بېسىلىپ قالدى ـ دەيدۇ. چۈنكى ئۇ مۇھىم شەخسلەرنىڭ بېشى ئابدۇقادىر

ياپچان ئىكەن. ئۇ- ئون بەش ياش چېغىدا خىتايغا قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلىمەن دەپ، كەنتتىكى قورال ئىسكىلاتىدىن مىلتىق، گراناتلارنى يۆتكەپ، ئۆڭكۈرگە توپلاۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ، بالا «ئەكسىل ئىنقىلابچى» بولۇپ جازالانغان، جازا مۇددىتى توشۇپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ، خىتاينىڭ ۋە غالچا قورچاق، كوممۇنىستلارنىڭ كۆزىگە زىق، يۈرىكىگە مىق بولۇپ قادىلىپ كېلىۋاتقان، سەھنىلەرنى قولدىن بەرمەي، ئاغزاكى تەشەببۇسلارنى ياڭرىتىپ كېلىۋاتقان جۇشقۇن بىر ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ بارغان - تۇرغان يەرلىرىدە، ئالدى - ئارقىسىدا ماراقچىلار، پايلاقچىلار سايىدەك ئەگىپ يۈرىدىغان گەپ. شۇڭا يېپىق قازاننىڭ يېپىق پېتىم قالغىنى ياخشى بولغان ئىكەن. مەن شۇ چاغدا تېخى يىگىرمە بىر ياشنىڭ قارىسىنى ئەمدىلا ئېلىۋاتقان بىر گۆدەك بولسامۇ، ئوقۇغان مەكتەپلىرىمنى تىلغا ئالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوقۇغان نەزەرىيەلىرىم، كۆرگەنلىرىم، ئاڭلىغانلىرىم، چوڭلاردىن ئالغان تەربىيە تەلىملەر مېنى شۇ دەۋرگە لايىق نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قارار بەرگۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى ئاردىن ئون ئىككى يىل ئۆتۈپ، ۋەتەن سىرتىدا بۇ ئادەمدىن يەنە بىر قېتىم ئەلچى كەلدى. مەن گۆدەك چېغىمدا ئۇنى قايىل قىلغانلىقىمنى ئويلاپ، ئەمدى جاھان كۆرگەن، «ب د ت» نى، دۇنيا ۋەزىيىتىنى تونىغان - مەن ئەلۋەتتە ئۇنى قايىل قىلالايمەن - دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۈچ كۈندىن كېيىن تۈرگۈن قارىمدىن يەنە تېلېفون كەلدى. ئۇلار مۇنداق دەرمىش: «بىز ۋەتەندىن چىقىپلا پاكىستان، سەئۇدى، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئايلاندۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ 64 دانە

تەشكىلاتى بار ئىكەن. قىلىدىغان بەك چوڭ ئىشى، ھەم شۇنىمۇ قىلالىسا ئايدا- يىلدا بىر پارچە گېزىت چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەسىملىرىنى چاپلاپ، كۆرگەزمە قىلىدىكەن. شۇنىمۇ ھەممىسى قىلالمايدىكەن تېخى. بىز كۆرەپ ھۆ بولاپ كەتتۇق چەتئەلدىكىلەرگە. شۇڭا بۇ ھەقىقەتنى تاللىدۇق. بۇ يولدا شەھىد بولۇشتىن باشقا ئارمانىمىز يوق. ئاللاھ رىزاسىدىن باشقا ھەممىسى شەيتانىنىڭ ۋەسۋىسى.»
مەن: ھېلىقى ئۇن ئىككى يىل ئاۋۋال قىلماقچى بولغان ئىشى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟ ئۇ: سىلى دېگەندەك ئەسكەرتتىم. ياپچان كۆلۈپ كېتىپ: ئۇ دېگەن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئوششاق ئىشلار، ھازىر ۋەتەن - مىللەت دەپ، كىچىك ئىشلار بىلەن ئەمەس، ئاللاھ يولىدا دۇنياۋى ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىدۇق. ئىمانى ئەركەك ئادەملەر سېپىمىزگە قېتىلسا ئەلۋەتتە خوش بولىمىز - دەيدۇ. سىلىنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى سورىغانتى، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە ئۇلار بىلەن گەپلىشىپ باقامىلا؟ مەن: ياق، مېنى سوراپ قالسا، باشقا ئۆلكىگە كۆچۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، تۇرىۋاتقان جايدىكىلەر شۇنداق دېدى دەپ قويسىلا. ئۇلارنى ھازىردىن باشلاپ تونۇمايمەن. چۈنكى ئەمدى ئۇلار تالىبانلارغا، ئوتتۇرا ئاسىيادا قان پۇراپ يۈرگەن ئەرەب تېررورىستلىرىغا چېتىلىدۇ. خىتاي ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى بەربات قىلىدۇ. ئۇلار تالىبانلار بىلەن، ئەرەب تېررورچىلىرى بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ، غەربكە قارشى جىھات قىلىدۇ. ئاق سارايغا بايراق قادايمىز دەپ، پۈتۈن بىر مىللەتنى خەلقئارا تېررورچىلارنىڭ شايكىسىغا ئايلاندۇرۇپ، بىچارە مىللەتنىڭ يۈزىگە قارا داغ سۈرتىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە دەيدىغان

سۆزلۈم يوق. ئۇ: مېنىڭچە ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشلارمۇ بولۇپ كەتمەس. ئۇلار گەپنى يوغان قىلغان بىلەن، قولىدىن بىر ئىشلار كەلمەسمىكىن دەيمەن. مەن: ياق، قارىسام سىلە بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەن. خىتاي بىزنىڭ قولىمىز بىلەن بىر چوڭ شۇملۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىتى. ئاخىرى مەقسىتىگە يېتەلمەي، «ئىنسان ھەقلىرى» ئىشخانىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قىرغىز «ك گ ب» ئىدارىسىنىڭ قولى بىلەن بىزنى تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق، بىزنى توزىتىۋەتتى - مەيدان بوشاپ بولغىچە ساقلىماي بۇلارنى چىقاردى. بۇلارنىڭ ئۆز قولىدىن ھېچنېمە كەلمىسىمۇ، نامىنىڭ ئۆزىلا دۈشمەن ئۈچۈن يېتەرلىك دەسمى بولىدۇ. سىلە قانداق ئويلاۋاتىلا قارىسام؟ ئۇ: سىلىچە ئۇلار قىلىدىغان ئىش راستىنلا مىللەت ئۈچۈن بەك زىيانلىق بولارمۇ؟ مەن: بىز ئوتتۇرا ئاسىيادا شۇنداق بىر ئىشنى قىلمىغان ۋە قارشى تۇرغان بولغاچقا، ئۆلۈمنى كۆردۇق. ئەگەر بىزمۇ جىھات قىلىمىز دەپ، كاناي تۇۋلاپ، لەشكەر توپلاپ يۈرگەن بولساق، ئىشىمىز باشقىچە بولاتتى. لېكىن خىتاينىڭ ھىيلىسىنى، رۇس «ك گ ب» ئىدارىسىنىڭ ئويۇنلىرىنى بۇزغان بولغاچقا، تۈرمە بىلەن خۇلاسىلاندۇق. ئۇ: بىر مەزگىل كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ تۇراي. ئەگەر ئۇلار ۋەتەنگە رەسمى ئۇرۇش ئاچسا شۇ چاغدا قېتىلىپ كېتەرمىز.

بىر قانچە ئاي ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۆزلىكىدىن» ئىككى گۇرۇپ شەكىللىنىپتۇ. بىرلىرى قوراللىق ئۇرۇش قىلىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىمىز - دېسە، بىر پىرقە ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلسە، بىر زەمبىل گۆش بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىمىز، كاپىرلارنى

ئۆلتۈرمىز دەيدىكەن. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئۇ ئىككى پىرقە ئۆز ـ ئارا تىللىشىپ، قاغىشىپ تارقاتقان ئاۋازلىق تەبلىغلەر، يازما ئەيىبلەشلەر ياڭراشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەنگە مۇجاھىت كىرگۈزسە، قارشى تەرەپتىكىلەر خىتايغا چېقىپ قويۇپ، مۇجاھىتلار تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ـ ئارا ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دېگەن خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. قولىمىزدىن ھېچنېمە كەلمىدى ئۇلارنى يولغا كىرگۈزۈشكە. چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدا قورال، پۇل بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئىستىخباراتنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى بارئىكەن.

ئازاتچىلار گۇرۇپپىسى 99 ـ يىلى ئەتىيازلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە تۇتقۇن بولۇپ، قېچىپ دېگەندەك، تولۇق تارقىلىپ كەتتى. غازاتچىلار گۇرۇپپىسى پاكىستان، ئافغانىستان تەرەپلەرگە يىغىلىپ، ئۆز ـ ئارا مۇرتەت، مۇناپىق، كاپىر ـ دەپ قوغلىشىپ يۈرۈپ، ئابدۇقادىر ياپچان، ھەسەن مەخسۇم، ئىسمائىل ھاجى قاتارلىق چوڭلىرى قېچىپ، تۇتقۇن بولۇپ، ئۆلتۈرۈلۈپ، مىڭلىغان ئەگەشكۈچىلىرى ھېچكىم كۆرمىگەن، ئېتى يوق، سېپى يوق كىشىلەرنىڭ قولىغا قالدى. شۇلارنىڭ ماركىسىنى ئاساس قىلىپ خىتاي ئاچقان دەۋادا «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى خەلقئارا تېررور ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر» ـ دېگەن قالپاق، مىللىتىمىزنىڭ بىر پارچىسىغا كىيدۈرۈلدى. شۇنىڭ داۋامىدا ۋەتەندىكى ھەر بىر ئۇيغۇر «رادىكال تېررورچى» قالپىقى كىيىشكە مەجبۇرلاندى. ئۇنىڭ داۋامى بۈگۈنكى كۈندە خىتاينىڭ ئۈستىمىزدىن ئېلان قىلىپ: «ئۇيغۇرلار رادىكال مىللەت، بۇلارنى ئاممىۋى تەربىيلەش ئارقىلىق ئىلغار، ياخشى ئىنسانغا ئۆزگەرتىمىز»

- دېگەن ھۆكۈم نامىسى دۇنياۋى قوللاشقا ئېرىشمەكتە.

خىتاي تۈزۈپ بەرگەن مائارىپتا ئوقۇغان ھەر بىر ئۇيغۇر، مۇنداق بىر سەپسەتىنى ياخشى بىلىدۇ: «تارىخنى قەھرىمان يارىتىدۇ - دېگەن گەپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ، فېئودال جەمئىيەتنىڭ خەلقنى تۆۋەن كۆرىدىغان ساختا قەھرىمان قارىشىدۇر. دىئالېكتىك تارىخ قارىشىدا تارىخنى قەھرىمان ئەمەس بەلكى خەلق ئاممىسى يارىتىدۇ.» بۇ قاراش خىتاي دۆلىتىنىڭ خەلقنى، بولۇپمۇ ئەسىر مىللەت خەلقىنى قايمۇقتۇرۇش، قەھرىمان چۈشەنچىسىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان سىياسى سۈيىقەستىدۇر. ئەسلىدە مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ تارىخىنى قەھرىمانلار يارىتىدۇ. خەلق دېگەن سەركىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان پادىغا ئوخشاش، چاڭ تۇزان چىقىرىپ بېرىدىغان قوشۇمچە كۈچتۇر. كۆپىنچە قەھرىمانلار تەلۋە تەرسا بولىدىكەن. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تارىخ يارىتىۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىكەن. ئەگەر ئۆزىنىڭ تارىختا رول ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ قانداق نەتىجە بەرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، كۆرەڭلەپ ئىشتىنىغا پاتماي قالىدىغانلىرى تېخىمۇ كۆپ بولىدىكەن. قەھرىمان دېگەن تارىخنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا رول ئالىدىغان كىشى دېمەكتۇر. ئۇنىڭ سەلبىي ئوبرازىمۇ، ئىجابىي ئوبرازىمۇ بولىدۇ. تۈركلەرنىڭ: كېيىنلىكنى ئويلىغان قەھرىمان بولالمايدۇ» دەيدىغان بىر سۆزى بار. ھەر قانداق ئىشنى «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» بىلەن قىلىدىغان كىشى، قەھرىمان بولالمىغان ئىكەن، لېكىن بىز يەنىلا قەھرىمانغا ئېھتىياج ھېس قىلغان ئىكەنمىز، دېمەك مىللەتنىڭ تەقدىرى ئەسىرلىكتىنلا ئەمەس، ھەتتا پالاكەتچىلىكتىن، نەسچىلىكتىن قۇتۇلمىقى بەسى مۈشكۈل.

## ئاخىرقى سۆز

ئالتە بابقا بۆلۈنگەن بىر تۇتاش يازما ئارقىلىق، تۆۋەندىكى خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۈگۈنكى ئېغىر پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزى شەكىلدە خەلقئارالاشتۇرۇلۇشى، خىتاينىڭ ئۈستىمىزدىن ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرى يىللىق قوغدىنىش ۋە توغرا سىياسەت بولۇپ قوبۇل قىلىنىشى، خىتاينىڭ تېز سۈرئەتلىك سىياسىتىنىڭ ۋە نۇقۇل ھالدىكى ئىقتىساد ئارقىلىق كۆز بويامچىلىقىنىڭ نەتىجىسىلا ئەمەس. بىزگە قارشى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان رايون خاراكتېرلىق، دۇنياۋى خاراكتېرلىق جازالارنىڭ ئارقىسىدا، خىتاينىڭ ئالداپ كېتىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىش، مېنىڭچە سىياسى چۈشەنچە ئەمەس. ئەگەر بۈگۈنكى پاجىئەلىرىمىزدە، خىتاي دۇنيانى ئالداپ كەتتى-دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا بۇ ئالدىنىشلارنىڭ، ئەڭ ئاز بولغاندا چارەك ئەسىرلىك تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ كۆزدىن قاچۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇ يازمىلىرىم ئارقىلىق غۇۋا بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ- دەپ، ئويلايمەن. يەنى خىتاي دۇنيانى راستىنلا ئالداۋاتقان بولسا، بىر نەرسە كۆرسەتمەيتۇرۇپ، گەپ بىلەنلا ئالداپ كېتەلىشى ناتايىن. خىتاينىڭ قولىدا بىزگە قارشى كىشىلەرنى ئالداپ كېتەلىگۈدەك بىر نەرسە بار دېگەن گەپ. ئۇ بولسىمۇ خىتايغا ماسلىشىپ، ئۆز مەنپەئەتىمىزگە قارشى ئۆزىمىز ئىشلىگەن دۇنياۋى جىنايەتلىرىمىزدۇر خالاس.

ئىزاھات: ئوتتۇرا ئاسىيادا 98 - يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز - ئارا توقۇنۇشۇپ، ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى بىلەن

مىنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشىم يوق. مەن گېرمانىيىگە قېچىپ كېتىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى بىر قوشۇن پەيدا بولۇپ، كېيىنچە بۇ قوشۇنلار ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدا «غازاتچىلار ئېقىمى» مەتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدا «ئازاتچىلار ئېقىمى» بولۇپ، ئىككى سەپكە ئايرىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، پاكىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە يېغىلىپ، چېگرا ھالقىغان قوراللىق گۇرۇپ تەشكىللىشىدە، ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىگەن كۈچلەر: خىتاي، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئافغانىستان ـ تالىبان ھۆكۈمىتى ۋە پاكىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردۇر. ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈندە يەنە شۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۈستىدىن جازا يۈرگۈزۈشتە ئورتاقلاشماقتا. بۇ ھەرگىزمۇ كۈندىلىك سىياسەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. بەلكى بۇ ستراتېگىيىلىك ئىجرائاتتۇر ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نى بىرگە قۇرۇشتىن، «يېڭى يىپەك يولى ھەمكارلىقى» ئەھدىنامىلىرىگىچە، يىگىرمە ئۈچ يىللىق ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ داۋامىدۇر. پائالىيەتچىلەر، دەۋاگەرلەر ئۆزلىرىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئېڭىنى كۈندىلىك ئاخبارات رامكىسىدا مانىپول قىلىنىشقا قارشى لازىم.

04. 08. 2019

## ئون يەتتىنچى باب

## داپكەشلەر

بىر كىشى گەپ قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: ھە - ھۇ - دېيىشىپ بېرىدىغان يەنە بىرىگە - داپكەش، دەپ قويىدىغان بىر ئادىتى بار ئىدى چوڭلارنىڭ. ياخشى سۆزنى، ياخشى ھەرىكەتنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەش تامامەن يوللۇق ھەم ئەخلاقى، ئادىمى، دىنى مەجبۇرىيەتتۇر. لېكىن ئۆزىنى مەلۇم بىر مەنپەئەتكە يەتكۈزىدىغان كىشىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى توغرىمۇ، خاتامۇ قەتئىينەزەر قوللاپ، مەدەت بېرىدىغان خۇلق ئەسلىدىنلا ناچار كەيپىياتتۇر. ئۇ چىن مەنىسىدىن داپكەشلىكتۇر.

ئەمدى بۇ داپكەش دېگەن گەپنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، بىزنىڭ ناخشا، مۇزىكىلىرىمىزدا، مەشرەپلىرىمىزدە، توي - تۆكۈنلىرىمىزدە چالىدىغان، مۇزىكا ئەسۋابلار ئارىسىدىكى داپنى چالىدىغان كىشى دېگەن بولماستىن بەلكى كلاسسىك دەۋرلەردە، شامان مۇرىتلىرى دىنى مۇراسىملاردا خۇدانى كۈيلەپ، روھ - ئەرۋاھلارنى چىللاپ، داپ چالىدىغان بىر ئېتىقادى يوسۇنى بار بولۇپ، كېيىنچە يۇرت، ئايماق، قەبىلە، جامائە - ئۇرۇق يېتەكچىلىرىنى، ئۇرۇش قوماندان، قەھرىمانلىرىنى خۇدانىڭ ۋەكىلى، ئۇلۇغ روھلارنىڭ ئىجرائاتچىلىرى - دەپ، ئېتىقاد قىلىش، قوللاش

تۈرتكىسىدە ئۇلارنىڭ پۇقرالارغا، جەڭچىلەرگە كۆرۈنىدىغان، سۆزلەيدىغان ۋە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان ئوچۇق مەيدانلاردا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، داپ داراڭلىتىدىغان ئادەتمۇ شەكىللەنگەن ئىكەن.

ئىسلامى ۋە باشقا ساماۋى دىنلاردا، بىلىم ئەھلىلىرىدىن چىققان دانا كىشىلەر رەھبەرلەرگە مەسلىھەتچى بولغىنىدەك، شامانلاردا داپكەشلەرمۇ مەسلىھەتچى ئورنىدا، روھى ئالەمدىن كەلگەن غايىب ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى بېجىرەتتىكەن.

شامان داپكەشلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىچىدە، غايىپتىن ئۇچۇر يەتكۈزۈش، كەلگۈسىدىن ئۇچۇر سۆزلەش، يېتەكچىلەرنىڭ كۆركىنى ئاشۇرۇپ داپكەشلىك قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى مانقۇرتلاشتۇرۇش كەسپىگىمۇ مەسئۇل ئىكەن. يەنى باشلىقىغا بويسۇنمايدىغان باتۇرلارنى، دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى تۆرۈككە مەھكەم باغلاپ قويۇپ، ھەر تۈرلۈك قاڭسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىقلاش ئارقىلىق، دۇتلاپ ھوشسىزلاندۇرۇش، ھوشىغا كەلگەندە بولسا، ئەتراپىدا داپ داراڭلىتىپ ئايلىنىش، سەكرەش، ۋارقىراش قاتارلىق ۋەھىمە بەرگۈچى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەكرار دۇتلاش، تەكرار داپ داراڭلىتىش جەريانىدا، مەھكۇمنىڭ ئەسلى ئۆزلىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، شامان باخشى نېمىنى سۆزلىسە شۇنى قوبۇل قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرىدىكەن. شامان خەلقىنىڭ باشلىق ۋە يېتەكچىلىرى داپكەشلەرنىڭ ياردىمىدە، ھەتتا چوڭ غەلىبىلەرگىمۇ ئېرىشىپ كەلگەن ئىكەن.

كۆنىمىزدە گەرچە، ئۆتمۈشتىكىدەك باشلىق ۋە رەھبەرلەرنىڭ داۋرىڭىنى قىلىدىغان، پۇقرالارنى ۋە باش ئەگمىگەنلەرنى مانقۇرت قىلىدىغان داپكەشلىك بولمىسىمۇ، لېكىن دىكتاتور دۆلەتلەردە، ھاكىمىيەتكە بىۋاستە قاراشلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق، پۇقرالارنى قايمۇقتۇرۇپ ئىدارە قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك يېرىم دېموكتاتور دۆلەتلەردە پىكىر، تەشۋىقات ئەركىنلىكى شەكلەن يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ھاكىمىيەت قاتلاملىرى ئاستىرىتتىن ئىدارە قىلىدىغان بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە تەرەپسىز ئەمما خىزمەتلىرى ھاكىمىيەتنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ، پارتىيە، تەشكىلاتلارنىڭ داپكەشلىكىنى قىلىشتىن خالى ئەمەس. بۇنداق تەرەپسىز كۆرۈنىدىغان خۇسۇسىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ داپكەشلىكتە ئوينايدىغان رولى، ھاكىمىيەت قاتلاملىرىغا بىۋاستە قاراشلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىشى مۇمكىن. چۈنكى پۇقرالارنىڭ نەزىرىدە ھاكىمىيەتكە قاراشلىق تەشۋىقاتلار، ھاكىمىيەت قاتلاملىرىنىڭ داۋرىڭىنى قىلىدىغان ئېنىقلا داپكەشلەردۇر. ئەمما خۇسۇسىي تەشۋىقات ۋاستىلىرى كۆرۈنۈشتە بىر تەرەپ بولغاچقا، ئۇنداق كانايدىن چىققان ئاۋازغا پۇقرالار قۇلاق سالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالىدۇ. شۇڭا تەرەپسىز، تەشكىلسىز، پارتىيىسىز خۇسۇسىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ داپكەشلىك رولى پەۋقۇلئاددە چوڭ ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. كۆپىنچە يېرىم دېموكتاتور دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت قاتلاملىرى، خۇسۇسىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى تۈرلۈك ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىساد بىلەن يوشۇرۇن تەمىنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ داپكەشلىكىگە سالىدىكەن.

تۈركىيەدە خۇسۇسىي تەشۋىقات ۋاستىلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا ھاكىمىيەتكە تەنقىدىي قارىغانلىرى بىر ـ بىرلەپ چەكلىنىپ كەتتى. ئەمما مەيداننى تولۇق ئۆزگەرتىپ، ھاكىمىيەت بىلەن ئوچۇق ھەمكارلاشقانلىرىمۇ يوق ئەمەس. بۇلۇت يىگىت ئىسىملىك بىر جورنالىست، ئۇزۇن يىللاپ ئاق پارتىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تور قاناللىرىدا پىكىر قىلىپ كەلگەن. بىراق 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ تولۇق ئۆزگىرىپ، ئاق پارتىيەنى، بولۇپمۇ ئەردوغاننى قوللاش پوزىتسىيىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

بۇلۇت يىگىت دەسلىۋىدە «ت ر ت» كەسپى جورنالىستى نامى بىلەن 12 مىڭ لىرا ئايلىق مائاش ئالغانلىقى مەلۇم. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ئۈتكەندىن كېيىن، ئۇنى رەسمى يوسۇندا باش مىنىستىرنىڭ ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى قىلىپ، قوشۇمچە دايىكەشلىككە تەيىنلەپتۇ. ئۇنىڭ ئەسلى كەسپى ئىقتىسادشۇناس بولسا كېرەك. ئاق پارتىيە ھۆكۈمىتىنى تەنقىت قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئاساسەن بۇ پارتىيە تۈركىيەنى ئىقتىسادى جەھەتتىن ۋەيران قىلىدۇ ـ دەپ، ستاتىستىكا بايان قىلاتتىكەنمىش. كېيىن ئۆزگىرىش ياساپ، «ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغاندا» تۈركىيە ئىقتىسادىنىڭ پەۋقۇلئاددە راۋاجلىنىۋاتقانلىقى، ياۋروپا ئىقتىسادى 2017 ـ يىلى تولۇق چۆكۈپ، ئورنىنى رۇسىيە ئالىدىغانلىقى، 2019 ـ يىلىغا بارغاندا ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋەيران بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى سىياسى ۋە ئىقتىسادى رولىنى خىتاي ئالىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن غەرب دەيدىغان بىر گەپنىڭ ئاغزىدىلا قېلىپ، ئەمەلىيەتتە غەرب كۈچلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىدىغانلىقى، تۈركىيىنىڭ رۇسىيە ۋە خىتاي

بىلەن يېقىن تۇرۇشى، 2023 ـ يىلىغا بارغاندا، ئۈچ قىتئەدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش، غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدا مۇرەسسە رولىنى ئويناش، تۈركىيە ئوسمانلىنىڭ كۈچلۈك دەۋرىگە قايتىشى، تۈركىيە خەلقىنى بۇ گۈزەل كۈنلەرگە يەتكۈزىدىغان كۈچ ئاق پارتىيە ۋە ئەردوغان ئىكەنلىكى قاتارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ستاتىستىكىلارنى بايان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇلۇت يىگىت ئەردوغاننىڭ دانىشمەنلەر كومىتېتىنىڭ باش دانىشمەنلىكىگە، پەۋقۇلئاددە خاس مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئايلىق مائاشى ئاتمىش مىڭ لىراغا چىقىرىلغان بولسا كېرەك.

يىگىت بۇلۇت يۇقىرىقىدەك ئالەمشۇمۇل ئىقتىسادىي ستاتىستىكا ئۈستىدە داۋراڭ سېلىۋاتقاندا، بىر ئويرو تۈرك لىراسىدا ئىككى لىرا سەكسەن قۇرۇش ئىدى. 2019 ـ يىلى بىر ئويرو يەتتە لىراغا ئۇلاشتى. ئۇ چاغلاردا بىر ئامېرىكا دوللىرى تۆت يۈئەن بولغان بولسا، 2019 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەتتە يۈئەندىن ئېشىپ كەتتى. ئەگەر دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئورۇش خاراكتېرلىق جىددىي ئەھۋال، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەرمىسە، 2023 ـ يىلىغا بارغىچە رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ، بۇ ئالدىمىزدىكى گەپ. ئەمما يىگىت بۇلۇتتەك داپكەشلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، پۈتۈن غەربكە قارشى چاپاننى تەتۈر كىيىپ، بىر پارتىيەلىك ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دىكتاتورلۇق يولىنى تاللىۋالغان ئاق پارتىيە ھۆكۈمىتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتايغا بېقىنىشنى ئەۋزەل كۆردى. «ئالماقنىڭ بەرمەكى بار» دېگەندەك، خىتايدىن پۇلنى ئالغان ئىكەن، خىتايغا بىر نەرسىنى بېرىشى كېرەك! ئەمما

تۈركىيەدە خىتايغا بەرگۈدەك ئەزان ئەمگەك كۈچى يوق. يەنى خىتايىنىڭ ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجى يوق. تۈركىيەدە خىتايغا بەرگۈدەك خام ماددىلارمۇ يوق. ئۇنداقتا تۈركىيە نېمىنى بېرىدۇ؟ - ئاق پارتىيەنىڭ سىياسى مەسلىھەتچىلىرى بىلەن خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىلىرى بىرلىكتە ياساپ چىققان «ئون مىڭ چاقىرىملىق ھىجرەتچى قوشۇنلار» نىڭ سۈرىيە قۇشخانىلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياۋى رادىكال تېررور قالپىقىنى كىيىشىگە ئىمكان يارىتىپ بەرگەنلىكى ھەم ئۇ يەردە ئۆلۈمدىن ئېشىپ تۈركىيەگە كېلىپ قالغانلارنى، يىلدا بىر ئىككىسىنى، تۆت، بەشىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى پاراكەندە قىلىپ بەرسىلا بولدى، خىتايىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى شۇنچىلىك. تۈركىيەگە يىغىلىپ قالغان قانچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ ھەم خىتايمۇ تەلەپ قىلمايدۇ.

شۇنچە گۈزەل بىر دۆلەتنى خەلقئاراغا ماس ھالدا، سىياسەت بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا، بىر قانچە نەپەر پىرىخۇن داپكەشلەرنىڭ سۆز - كۆچلىرى ئارقىلىق، خەلقنى مانقۇرتلاشتۇرۇپ ئېرىشكەن ئورنى، بىر دۆلەتنى خىتايىنىڭ كىچىك خوتۇنىغا ئوخشىتىپ قويدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك كۈنگە قېلىشىدىمۇ، ئاللاھ بەرگەن ئەقلىنى ئازراقمۇ ئىشلەتمەستىن، پىرىخۇن - دايكەشلەرنىڭ سۆز - كۆچلىرىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۆزىنى مانقۇرتلاشتۇرۇشقا تۇتۇپ بەرگەنلىكىنىڭ جازاسىدۇر.

مېنىڭ بۇ يەردە تۈركىيەنى ئەيىبلەش مەقسىتىم يوق. پەقەت بىر مىسال تەرىقىسىدە ئانچىكى كۆرسىتىپ قويدۇم.

بۈگۈنكىدەك ئاڭلىق دەۋرىدىمۇ، مىڭ يىل ئاۋۋالقى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن شامان داپكەشلىكنى قوللىنىپ، پۇقرالارنى مانقۇرتلاشتۇرغانلىق ئاقىۋىتىدە، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئېيتساق بىچارە خەلق ئۆزىنىڭ شور پېشانىسى بىلەن بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەنلا كەتمەي، ئۇيغۇردەك بىر ئاجىز، ئەسىر مىللەتنى قىرىندىشىم دەپ تۇرۇپ، ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

پىكىر ئەركىنلىكى تولۇق يولغا قويۇلغان دۆلەتلەردىكى خۇسۇسىي تەشۋىقات ۋاستىلىرى، ھېچقاچان ھاكىمىيەتنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ داپكەشلىكىنى قىلمايدۇ. ئۇلار خەلقنى مانقۇرتلاشتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئەكسىچە خەلقنىڭ ئاۋازى سۈپىتىدە، ھاكىمىيەتنى، رەھبەرلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، غەپلەتتىن ئويغىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

گەپنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە ئۇنىمۇ دەپ ئۆتەي: بىزنىڭ داپكەشلىرىمىزنىڭ يۈزىنىڭ تېرىسى داپنىڭ تېرىسىدىنمۇ قېلىن بولسا كېرەك. تېخى ئۇلارنىڭمۇ ئۇششاق داپكەشلىرى بولىدىكەن: ئاللاھ رازى بولسۇن! چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز ـ دەپ، ھەر تەرەپتىن داپ داراڭلىتىپ، ئىسرىق سېلىپ، كىشىلەرنى دۇتلاپ تۇرىدىغان. يا بىر دەۋانىڭ تەرتىپىدە ياخشىلىنىش يوق. يا مىللەتنىڭ تەقدىرىدە ياخشىلىنىش يوق. كۈندىن كۈنگە بەتتەر ـ يىلدىن يىلغا بەربات. شۇنداق بولىشىغا قارىماستىن داپكەشلەرنىڭ غەلۋىسى قۇلاقنى گاس قىلغىلى تۇرىدۇ. ھەتتا سەھنىدە ئۇسۇل ئويناۋاتقانلار بىلەن داپكەشلىرىنى پەرقئېتىشمۇ بىر قىيىن

گەپ بولۇپ قېلىغلىق. چۈنكى سەھنىدىكىلىرىمۇ ئۆزلىرى، داپكەشلىك قىلىۋاتقىنىمۇ ئۆزلىرى بولغاچقا، ھەممىسىنىڭ رەڭگى تەكشىلىنىپ كەتكەن ھالەتتە.

كۆپىنچىلىرى تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدىغان، پەقەت داپكەشلىكنىلا ياقتۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرمۇ تەكلىپتىن يالتىيىپ، تەنقىت قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ. تەنقىتمۇ ئەسلىدە ئوخشىغان تاماققا تېتىم بېرىدىغان دورا ـ دەرمەكنىڭ ئورنىدىكى، كام بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. لېكىن ئۇلار داڭلىتىپ داپكەشلىك قىلىدىغانلارنىلا ياقتۇرىدىغان، تەنقىت قىلغۇچىلارنى سەتلەپ تىللايدىغان بولغاچقا، مانا ئەمىسە ـ دەپ، كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ يارامسىزلىقىنى تېپىۋالسا، ئاغزىنى بۇزۇپ ھاقارەتلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

سەھنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا پاك ـ پاكىز مىللەتچىلەردىن بولۇپ كەتمىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ھەر تۈرلۈك تائىپىلەردىن بولغىنىدەك، ئۇلارنى ھاقارەتلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىلا خىتاينىڭ غالچىلىرى، جاسۇسلار بولۇپ كەتمەسلىكى، ھەتتا مىللەتكە سادىق جان پىدا كىشىلەرمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. سەن بىر كىمنىڭ خۇداسى بولمىغانىكەن، سېنى ياقتۇرمىغانلارنى دوزاخقا تاشلايدىغان، سەنمۇ سەھنىدە ئۇسۇل ئوينىغانىنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك تەملىرىگە كۆنىشىڭ كېرەكتە. ساڭا داپكەشلىك قىلغانلار مىللەتنىڭ ئادىمى، سېنىڭ لاياقەتسىزلىكىڭنى پېشانەڭگە قويغانلارنى خىتاينىڭ ئادىمى ـ دەپ، ئۆزۈڭنى سىياسى ھايۋاننىڭ ئورنىغا قويۇۋېلىش ھەققىڭ يوق.

«سىياسى ھايۋان» دەپ، بىر ۋەقە ئېسىمگە كېلىپ

قالـدى. ئۇنىمـۇ دەپ ئۆتـەي: بىـز كىچىـك چاغـلاردا ساقسـاقىنىڭ دوقمۇشـىدىكى «ئىسلام باينىـڭ مەسـچىتى» ـ دەپ، ئاتىلىدىغـان، ھەشـەمەتلىك مەسـچىتتىمۇ ئۆزىمىزگـە چۈشـلۈق ئويـۇن تاپاتتـۇق. ھاراقكەشـلەرنى بـوزەك قىلىـپ، ھـاراق ياسـايدىغان مەخسـۇم، خەلپەتلەرنـى بـوزەك قىلىـپ ئويناشـنىمۇ، كۆندىلىـك ئويـۇن قاتارىـدا ئـادەت قىلىۋالغـان ئىكەنمىز. مەسچىتنىڭ تاشقىرى بۆلۈمىنى ھاراق ياسايدىغان زاۋۇت، ئىچكىرى بۆلۈمىنى ھـاراق، تاماق ساتىدىغان ئاشخانا قىلىـپ، بۇ ئىشقا ئـۆز ۋاقتىـدا مۇشـۇ مەسچىتتە دىنى خىزمەت قىلغانلاردىـن ئابدۇلھەمىت مەخسـۇم، ئايـۇپ خەلپىتىم قاتارلىق دىنـى ئۆلىمالارنـى مەسـئۇل قىلغـان ۋە باشـقا نۇرغۇنلىغـان دىنـى زاتلارنـى ھـاراق ياساشـقا، سېتىشـقا سالغان ئىكـەن. مەسـچىتنىڭ ئـۆز ۋاقتىدىكـى ئاتخانىسـىنى توڭگـۈز قوتىنـى قىلىۋېلىپتـۇ. ئـون ـ ئونبـەش توڭگۇزمـۇ بىزنىـڭ بـوزەك قىلىدىغـان نەرسـىلەر قاتارىدىـن ئىـدى. بىـر كۈنـى تـام تۆپىسـىگە چىقىۋېلىـپ توڭگۇزلارغـا چالمـا ئاتقىلـى تۇرساق، بىر ياشـانغان ئـادەم: باللـار بـۇ نىجىـس ھايۋانغـا چالمـا ئېتىـپ يوقىتالمايسـىلەر. سـوقۇلغان قىزىـل مۇچنـى قەغەزگـە ئـوراپ، قوتانغـا تاشلىسـاڭلار، ھەممىسـى تامدىـن سـەكرەپ قېچىـپ كېتىـدۇ. سـوقۇلغان قىزىـل مـۇچ بـۇ نىجىـس ھايۋاننىـڭ كۆشەندىسـى ـ دەپ قويـدى. شـۇنىڭ بىلـەن كېيىنكـى كۈنـى كەچقـۇرۇن بىـر قانچىمىـز سـوقۇلغان قىزىـل مۇچنـى قەغەزگـە ئـوراپ ئەكىلىـپ، قوتانغـا تاشـلىۋېدۇق، بىـر دەمدىـن كېيىـن توڭگـۇزلار چىرقىراشـقا باشـلىدى. بىزمـۇ ئاللىبـۇرۇن تىكىۋەتتـۇق. ئەتىسـى ئاڭلىسـاق توڭگۇزلارنىـڭ ھەممىسـى قوتاننىـڭ تېمىدىـن سـەكرەپ، پـەس تەرەپتىكـى قادىـر

قازاننىڭ قۇيمىچىلىق قىلىدىغان، چوڭ مەيداندىن كېيىنمۇ ئۆتۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىز تازا خۇشال بولۇپتۇق. لېكىن بۇنىڭ ئۇۋالىغا ئابدۇلھەمىت مەخسۇم بىلەن، ئايۇپ خەلپىتىم قالغان گەپ. ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاختاي ئېسىپ، بېشىغا ئۇزۇن كۇلا كىيدۈرۈپ: ماۋجۇشىنىڭ سىياسى ھايۋانلىرىغا سۆيىقەست قىلغان، سىياسى ھايۋانغا ئۆچمەنلىك قىلغان، سىياسى ھايۋاننى سەت كۆرۈپ، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، قوتاندىن قاچۇرىۋەتكەن ـ دەپ، سازايى قىلىشقا باشلاپتۇ. بىز سىياسى دېگەن گەپنىمۇ بىلمەيتتۇق. بىراق توڭگۇزنى سىياسى ھايۋان دەيدىغان ئوخشايدۇ ـ دەپ، چۈشىنىپ قالغانكەنمىز. كېيىنچە بىلسەك: خىتاي دۆلىتى پەرمان چىقىرىپ، بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرىسا، ياكى بىرەر ھايۋاننى بېقىشنى، بىرەر زىرائەتنى تېرىشنى بۇيرىسا، ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسىتى بولىدىكەن. ئۇنىڭغا سۆز قارىغانلارغا، قارشى پوزىتسىيىدە بولغانلارغا: دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇرغان، ئەكسىل ئىنقىلاۋى بۇزۇق ئۇنسۇر ـ دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، جازاغا تارتىلىدىكەن. توڭگۇزنىمۇ ئۇيغۇرلارغا زورلاپ باقتۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نامىنى سىياسى ھايۋان ـ دەپ ئاتىۋالغان ئىكەن.

بىزنىڭ دەردىمىز بەك ئېغىر، بەك ئازابلىق. ھېچكىمنىڭ ئارامى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللەتنىڭ دەردىگە داۋا بولىمەن ـ دەپ، ئوتتۇرىدا چىقىپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ، ئاۋام خەلقتىن ئانچە پەرقلىق ئەمەس. قولدىن كۆپ ئىشلار كەلمەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىك ئىشلىرىنى، تېخى نەتىجىسى چىقمىغان رەسىملىرىنى داۋراڭ سېلىپ، ئالەمنى بېشىغا كىيدىغان بولغاچقا، ئۇلاردىن پۇقرالار بەك چوڭ ئۈمىتلىنىپ

كېتىدىغان بولغاچقا، ناھايىتى ئۇزۇن يول قاراپ، كۆزلىرى تالغاندىن كېيىن، بەزىدە سەۋرسىزلىك بىلەن قاتتىقراق ئىنكاس قىلىپ قويۇشى نورمال ئەھۋال. بىراق داپكەشلەر سەكرەپ چىقىپ: سەن نېمە قىلغان؟ بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز يېمەي، ئىچمەي، ئۇخلىماي، ئوينىماي مىللەتنىڭ دەردىنى يىغلاۋاتقاندا، سەن كىمنىڭ ئاستىدا قالغانتىڭ؟ سەن بەش تەڭگە بەرگەنمۇ؟ سەن خىتاينىڭ ئادىمى، خىتاينىڭ جاسۇسى، شۇڭا ئىش قىلىۋاتقانلارغا زەربە بېرىۋاتىسەن!- دېگەندەك ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇغىسىنى ئۆرلىتىدۇ. بۇ ھاقارەتلەرنى داپكەشلەردىن كۆرمىگەن خەلق، رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇلى، ئۇلار ئىت ئاپشاركىلىرىنى تالاشقا چىقاردى - دەپ ئويلىۋېلىپ، تېخىمۇ ئەسەبىلىشىدىغان، تىلغا تىل قايتۇرۇپ، داپكەشنى ئەمەس، رەھبەرنىڭ ئۆزىنى ھاقارەتلەيدىغان ۋەزىيەت ئەۋجىگە چىقىدۇ.

سەن: مىللەتنىڭ دەردىگە دەرمان ئىزدەيمەن، خەلقىمنىڭ كۆز - يېشىنى سۈرتىمەن - دېگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە داپكەشلىرىڭنىڭ داۋراڭلىرىغا چۈشلۈق، قولۇڭدىن چوڭراق نەتىجىلەر كەلمىگەن بولسا، خەلقنىڭ تەنقىتلىرىنى، تەكلىپلىرىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. ئۆزۈڭنى ماۋ زېدوڭنىڭ سىياسى ھايۋانلىرىنىڭ ئورنىغا قويۇۋېلىپ: ماڭا ئالايغاننىڭ كۆزىنى ئويىمەن، گەپ قىلغاننىڭ تىلىنى كېسىمەن! چۈنكى مەن مىللەتنىڭ دەردىنى يىغلاۋاتىمەن! - دېسەڭ، پۇقرالارنىڭ تاش- چالمىسىدىن قۇتۇلالمايسەن!

ئەسلىدىلا قىلنى پىلدەك، تېرىقنى تاغدەك كۆرسىتىپ،

مىللەتنى قۇرۇق ئۈمىتلەندۈرىدىغانلار داپىكەشلەردۇر. پېرىخۇن، جىنكەش، داپىكەشلەر ئىسرىق سېلىپ، دۇتلاپ خەلقنى مانقۇرتلاشتۇرۇپ، شۇ ھالغا كەلتۈرگەنكى، بىرلىرى مىللەت ئاھالىسىنى جەتتىنەت بىلەن ئالداپ، ئۇن مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە پىيادە ماڭدۇرسا، ئەر ـ ئايال، قېرىش ـ ياش، باي ـ پېقىر دېمەستىن، كەربالا چۆللۈكىدە ھارام ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسە، بىرلىرى ۋاي بىز چوڭ يەر بىلەن كۆرۈشتۇق، ئاجايىپ ياخشى ئىشلار ئالدىمىزدا ـ دەپ، مىللەتنى ھاڭۋاقتۇرۇپ ئەخمەق قىلسا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھەر تۈرلۈك شەكىلدىكى داپىكەشلەر پېرە ئويناپ، خەلقنىڭ بېشىنى قوچۇسا، بۇ مىللەت مۇشۇنداق بەتتەر كۈنگە قالماي قانداق بولماقچى؟

يۇمشاق دېتالنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، داپىكەشلىرى بىلەن رەھبەرلىرىنىڭ پەرقى بارغانچە يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. تېخى خالىس داپىكەشلەرمۇ كىچىك پېرىخونلار تەرىپىدىن: «مىللەت ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىۋاتقان» ـ دەپ كۆرۈكلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقى قەھرىمانىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقىنى بىر سېھرىلىك. مىللەتمۇ بۇرۇختۇم بولۇپ ھاڭۋېقىپ قالماقتا.

08.08.2019

## ئون سەككىزىنچى باب

# چاپانچىلار

ھۆرمەتكە لايىق ئۇستازلارنىڭ، بىلىملىك مۆتىۋەرلەرنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ، ياشانغانلارنىڭ، ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ، مېھمانلارنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇپ كۆتۈرۈۋېلىش، كىيدۈرۈپ قويۇش ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئەخلاقىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. غەرب مەدەنىيىتىدە چاپانچىلىق يەنى چاپاننى كۆتۈرۈۋېلىش، ياكى چاپان سالدۇرۇش، كىيدۈرۈپ قويۇش، مېھمان كۈتۈشلەرنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇپ، قايتىشىدا كىيدۈرۈپ قويۇش، توي - تۆكۈن، يىغىن - چۈغۈنلاردا مېھمانلارنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇش، كىيدۈرۈش ئىشلىرى مەخسۇس كەسىپ ھېسابلىنىپ، ئالاھىدە ئۆگىتىلگەن كىشىلەرلا قىلالايدىغان، مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. غەرب ئەللىرىدە چاپان كۆتۈرۈش خىزمەت تۈرىنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇنداق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان كىشى ھېچكىمنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرمەيدۇ. ئەمما ئەرلەر ئاياللىنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇپ، كىيدۈرۈپ قويۇشمۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمىدۇر. بىزدىكى چاپان كۆتۈرۈش ھۆرمەتلەشتىن كېلىپ چىققان، ئەخلاق مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، كىشىلەر كۆڭلىدىن سۆيۈپ قىلىدىغان

خالىس ئىش ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدىكى چاپان كۆتۈرۈشنىڭمۇ، يەنە بىر يامان تەرىپى بار ئەلۋەتتە. مەنسەپدارلارغا، بايلارغا، مۇشتۇمزور لۈكچەكلەرگە خۇشامەت قىلىش يۈزىسىدىن چاپان كۆتۈرۈش بولسا، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلغان قىسمىدۇر ۋە رەزىل، پەسكەشلىكتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، ئىككى ئادەم مۇشتلىشىپ قالغاندا، چاپاننى سېلىپ تاشلايدىغان ئادەت بولۇپ، دەل شۇنداق پەيتتە كەيپىياتنى ئۈستۈن بولىشى ئۈچۈن، چاپاننى كۆتۈرۈۋالىدىغان بىرسى بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر چاپان كۆتۈرۈۋالىدىغان ئادىمى بولمىسا، مۇشتلاشچىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىپ، يېڭىلىپ قېلىشى ۋە تاياقنىڭ زەربىسى تەننىلا ئەمەس، بەلكى روھى تۇيغۇلىرىنىمۇ زېدە قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا لۈكچەكلەر ئەتراپىدا بىر قانچە چاپانچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدۇ. ئەگەر چاپان كۆتۈرىدىغان ئادەملىرى يوق، ئۆزى يالغۇز بولۇپ قالسا، ئانچە كۆرەڭلەپ كەتمەي، يولنىڭ چەت ياقلىرىدىن ئۆتۈپ، يۇۋاش- يۇمشاق كېتىپ قالىدۇ.

چاپانچى - دېگەن سۆز ئەسلى ھەرىكەت مەنىسىدىن باشقا، تۇرمۇش تىلىمىزدا ھەق- ناھەقنى ئايرىماستىن، بىرلىرىگە يان بېسىپ، باشقىلارغا ئۆكتەملىك قىلىدىغان، ناچار خاراكتېرلىق ئادەمنى سۈپەتلەش ئۈچۈنمۇ قوللىنىپ كەلمەكتە. بۇخىل مەنىدىكى چاپانچىلىق چەتئەلچىلىكتە ھەر قەدەمدە كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشتا كىشىلىك مەنپەئەت مۇھىم رول ئويناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسان ـ جىسمانى ھەم ۋىجدانى جەھەتتىن ئاجىز يارىتىلغان مەخلۇقاتلاردىن بولسا كېرەك. كىشىلىك ئېھتىياج ئىنساننى مەنپەئەتپەرەس قىلىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن بىرگە بارلىق ماددى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن بىراقلا ئايرىلىپ، سويغان پىيازدەك بولۇپ قالىدىغان گەپ. قىسقىسى كۆندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمايدىغان، ھەتتا قايسى يولدىن مېڭىپ نەگە بېرىشتىمۇ، كىمگە نېمە دېيىشتىمۇ باشقىلارغا ھاجەتمەن بولۇپ، شۇنچىلىك بىچارە ھالدا ھاياتى يېڭىدىن باشلىنىدىغان بولغاچقا، باشقىلاردىن ئايرىلىپ بىر كۈنمۇ ئۆرە تۇرالىشىدىن گۇمانسىرايدىغان، ئېچىنىشلىق كەيپىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالىدۇ. ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۆزى پەقەتلا ياقتۇرمايدىغان ئادەمگىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈشكە تىرىشىدىغان، ئۇنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. قولىدىن بىر ئاز ياخشىلىق كېلىدىغانلارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىكىنى ئۇنتۇپ، ئىچىدە خەپ! ـ دېسىمۇ، چاندۇرماستىن پايپېتەك بولۇشقا تەييار تۇرىدىغان، تونۇغۇسىز بىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى قولىدىن ياخشىلىق كېلىدىغانلارنىڭ ھەم يامانلىقمۇ كېلىدۇ ـ دە. بىر كىمنىڭ ياخشىلىقىغا، ياردىمىگە ئېرىشىش بىر خىل مەنپەئەت بولسا، ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرمەسلىكمۇ يەنە بىر خىل مەنپەئەت ھېسابلىنىدۇ. چەتئەلگە بىر پاتمان پۇل بىلەن چىقىدىغانلارغۇ، يانچۇقىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ئىشلىرىنى بېجىرتەلەيدۇ. ئەمما قاق سايا ھالدا پانالىق ئىزدەپ، ياردەمگە بويۇن قىسىپ كېلىدىغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىلتىجاچىلار پەقەتلا مۇھتاجلىقىنىڭ تاپىنى ئاستىدا يانچىلىدىغان بولغاچقا، قوش قاناتلىق مەنپەئەتپەرەس بولۇشقا

مەجبۇرلىنىدىغان گەپ. يولى بارلارغىمۇ، ئىشى بارلارغىمۇ، تىلى بارلارغىمۇ، پۇلى بارلارغىمۇ ئېھتىياجلىق كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئۆزلىكىنى ئىچىدە ساقلاشقا تىرىشمىسا پەقەتلا بولمايدۇ. كۆپىنچە ياخشىلىقنىڭ ئەڭ چوڭى ھەم يامانلىقنىڭمۇ ئەڭ چوڭى ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىن بەكراق كېلىدۇ.

چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن بىر دۆلەتكە ئورۇنلىشىپ، قولىدىن ياخشىلىق كەلگۈدەك سەۋىيىگە يەتكۈچە، نۇرغۇنلىغان ئىسسىق- سوغاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان، باشقىلارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ بۇرنىدىن بۇلاق چىقىدىغان بولغاچقا، كۆرمىگەن قېتىملاپ: خەپ ـ دەپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا باشقا مۆھتاجلارغا نىسبەتەن، خوجايىنلىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈۋالىدىغان ئوخشايدۇ. يەنى بىر مۇھتاجغا ياردەم قىلىپ، ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بېشىنى بىر ئاز ئوڭشاپ قويغان بولسا، شۇ مۇھتاج كىشىنى ئۆزىنىڭ بىر قىسمىدەك ھېس قىلىۋالىدۇ ـ دە، كېيىن ھېلىقى مۇھتاج ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭغۇدەك بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ مۇستەقىل ياشىشىنى راۋا كۆرمەي، ئەتراپىدا ئايلىنىپ، چاپىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشىنى ئاززۇ قىلىدۇ. ئاززۇ قىلىشلا ئەمەس بەلكى ئوچۇقتىن ئوچۇق: «سېنى بۈگۈنگە مەن يەتكۈزگەن. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ باشقىلارغا مۇھتاج بولغاندا، ماڭا ياردەم قىلغانلارنى ھازىرمۇ بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك ھۆرمەتلەيمەن. ئەمما سەن مېنىڭ قىلغىنىمنى بىلمىدىڭ. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ پالان نەرسە نەزىر دېگەندەك، يۈزسىزلىك قىلدىڭ. سېنى سېسىتىپ بىر پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋېتىمەن!» ـ دېگەندەك، تەنە ـ تەئەددى سۆزلەرنى

ئېيتىشى ھەم قولىدىن كېلىشىچە رەسۋا قىلىشى قاتارلىق تۇتۇملار، تەبىئىي ھالدا چاپانچى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئامىللىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ياكى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى يېتىلمىگەن، ئۆز ئالدىغا ساغلام كۆز ـ قارىشى تۇرغۇزۇلمىغان كىشىلەر، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئانچىكى ياردەم قىلىپ قويغانلارنىڭ ياكى ياردەم قىلغاندەك كۆرۈنۈۋالغانلارنىڭ چاپانچىسىغا ئايلىنىپ كېتىغانلىقىمۇ تالاشسىزدۇر. پانالىق تىلەپ كەلگەن دۆلەتلەردە ئۆزىنى ئىسپاتلىغۇدەك ماتېرىيال قولىدا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ يېرىم بەت كاپالەت يېزىپ بېرىشىگە بېقىنىپ قالسا، شەخسى قىيامەتىنىڭ يېرىمى شۇ يەردىن باشلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر سۈيىقەتسىچىلەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئىلتىجاخانىدا يالغان ـ يېپىنداق كىملىك توقۇغان بولسا، يالغان يول، يالغان ۋەقە ئويدۇرۇپ چىققان بولسا، بىر ئۆمۈر تۇزاقتىن چىقالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا چاپانىلا ئەمەس ھەتتا ئىشتانىنىمۇ كۆتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ شەخسى قىيامەتىنىڭ پۈتۈنلەشكەن يېرى دېمەك. ئۇ چاغدىكى رەھبەرلەر ۋەتەندىكى پارتىيە سېكرېتارلىرىدەك، كېسەر پىچاق ھالدا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ياخشىلىققا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش ئەلۋەتتە ئادىمى خىسلەتتۇر. بىراق ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ چاپانچىسىغا، ئىشتانچىسىغا ئايلىنىپ كېتىش بولسا، ئۇنىڭ رەزىللىكتىن باشقا تەرجىمىسى يوق.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىرت، ھەر قايسى ئەللەرگە ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ئاساسەن دېگۈدەك پاناھلىق تىلەش

بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەر بىر يېڭىدىن كەلگەن كىشى، ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەنلەرگە، دەرنەك، جەمئىيەت ۋە تەشكىلات باشلىقلىرىغا مۇھتاجلىق ھاياتى تۈنجى كۈنىدىن باشلانغان بولىدۇ. دەسلىۋىدە ئاگاھلايدىغىنى: «باشقىلارنىڭ ۋە بولۇپمۇ باشلىقلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، ھە - دەپ قويۇپ، ئۆز ئىشىڭىزغا پۇختا بولۇڭ. ھەتتا كېيىنلىكىڭىزنى، ۋەتەندە قالغان ئەكەلمەكچى بولغان ئائىلىڭىزنى، كېلىش ئارزۇسى بار تۇغقانلىرىڭىزنى ئويلىشىڭىز كېرەك!» قاتارلىق، ۋەھىمە باسقان تەۋسىيەلەر بولىدۇ. ھەم باشلىقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ قويۇپ پېشكەللىككە ئۇچراتقۇزۇلغان بەزى مىساللارمۇ، كۆپىنچە كىشىلەردە ياخشى - يامان ھەممىگە سۈكۈت قىلىدىغان جىمغۇر كەيپىياتنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، جىمغۇر بولۇپ كەتسىمۇ بىر ئۇلۇغ ئىش. بىراق تەرەپ تۇتۇشقا ئۆزلۈكسىز مەجبۇرلىنىپ قالىدىغان، ياكى مەجبۇرى تەرەپ تۇتقۇزىدىغان يېرى يامان. تەرەپ تۇتقاندىن كېيىن كۈللەمچىلىكنىڭ بالاسىغا قالىدۇ. تەرەپ تۇتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى، ياكى كۆپىنچە ھاللاردىكى تەرەپ تۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ. مەنپەئەتلا ئارىلاشقان يەردە، ھەر تاشنىڭ ئاستىدىن يەنە شۇ ئوخشاش چاپانچىلار ئۈمۈلەپ چىقىدىغان گەپ.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، چەتئەلگە چىقىپ ئورۇنلاشقان ماكان مەيلى تولۇق دېموكراتىك دۆلەتلەر بولسۇن مەيلى يېرىم دېموكتاتور دۆلەت بولسۇن، يېڭىدىن كېلىپ قالغان بىچارە تېنىگەن ئۇچۇن ھەممە نەرسە يات بولغاچقا، باشقىلارغا بېقىندى، يېتىلەندى بولۇپ قالىدۇ. يەردە يىلتىزى يوق، ئاسماندا يۇلتۇزى يوق لەيلەپ قالغان توزغاقتەك،

ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۆزلۈكى يوقىلىدۇ. ۋەتەنىدە مۇنداق ئىدىم، تۆتىنىڭ بىرى ئىدىم ـ دېگەن گەپنىڭ ھەممىسى تامامەن باشقا بىر جۇغراپىيىگە ئائىت، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە بولغاچقا، ياشاپ قالماقچى بولغان ماكانىدا ئۆتمۈشىگە يات، ناتونۇش ئۆزلۈكنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بىر مىسال: تاجاخۇن ۋەتەنىدىكى چاغدا ھەقىقەتەن مەردانە كىشى ئىدى ـ يىللار ئاۋۋال چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن. ئۇ بارغان يېرىدە ماكانلىشىپ، مەھەللىسىگىچە داڭقى يېتىپ بارغان. ئۇنى ياخشى تونۇيدىغان يەنە بىر يېڭى كەلدەك دەسلىۋىدە: توۋا ئاجايىپ نوچى ئوغۇل بالا ئىدى. بۇنداقمۇ ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ ئادەم دېگەن؟ ـ دەپ، ياقىسىنى چىشلەپ قالىدۇ. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەمنى ئادىمىيلىكتىن چىقىرىپ رەزىل، پەسكەش، چاپانچى قىلىپ قويىدىغان رېئاللىقلارنى كۆرگەنچە، تاجاخۇننى توغرا چۈشىنىشكە، ئۆزىمۇ تەن بېرىشكە باشلايدۇ. ئەگەر ناباب ئىشلارنى كۆڭلىگە، كۆزىگە سىغدۇرالمىغانلاردىن بىرەر ـ ئىككىسىنىڭ نوخلىسىنى ئالدۇرۇپ قويسا، خۇددى خىتايچە: توخۇنى بوغۇزلاپ مايمۇننى ئۈركۈتۈش ـ تاكتىكىسىدەك، باشقىلارغا ئىبرەت بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۈركۈپ كەتكەن مايمۇنلاردەك، ھورى بېسىقۋەرسە كېيىنچە تېگى تەكتىدىنلا سوۋۇپ، ئىچىدىن قاينىمايدىغان، نائەھلىنىمۇ، خىيانەتچىنىمۇ، مىللەتنىڭ خائىنلىرىنىمۇ توغرا چۈشىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. دېموكراتىك ئەللەردە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتتىن بۇرۇنقى قۇلىقىغىچە بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ، ئىككى قولى مىللەتنىڭ قېنى بىلەن بويۇلۇپ كەتكەن نۇر بەكرىدەك سېتىلمىلارنىڭ قىلمىشلىرىنىمۇ توغرا

چۈشىنىۋاتقانلار بولسا، ئۇلار ياكى تۇخۇمدىن ئۆلۈك چىققان خىتاينىڭ باچكىلىرى، ياكى ئەركىن دۇنيادا ياشاپ تۇرۇپ ھېلىقىدەك ھورى بېسىقىپ كەتكەن پەسكەش چاپانچىلاردۇر.

ۋەتەن سىرتىغا چىقىپ، كىشىلىك تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر تۈرلۈك مۆھتاجلىقلار تۈپەيلى، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىش ۋە يامانلىقىدىن ساقلىنىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلۇق تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان پاجىئەلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتساق، پارىنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلارغا ئوخشاش، كۆرۈنۈشىدىن باشقا ئىچكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسەن غايىب بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەردىكى ۋەتەننى سېغىنىشنىڭ ئەسلى مەناسى ئىس - تۈتەك قاپلىغان، چاڭ - توزانلىق يۇرتنى سېغىنىشلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ تۇپراقتىكى ئەسلى ئۇيغۇرلۇق ماھىيىتى بىلەن ياشاۋاتقان كىشىلەرنى سېغىنىش دېمەكتۇر.

ھەممىدىن بەكراق قولىدىن ياخشىلىق ھەم يامانلىق كېلىدىغانلارنىڭ، پۇقرالارنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ ئەسىرلىكتە تۇتۇپ تۇرۇپ چاپانچىلىققا سېلىشىدۇر. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق بېقىندۇرۇپ، باشقىلارنى قورقۇتۇش ئارقىلىق بېقىندۇرۇپ، باشقىلارنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇپ چاپانچى قىلىۋالىدىغان خۇمسىلار، ھەر قايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېتىپ ئاشقۇچە بار. بۇنداق رەزىللىكلەر بىر قېتىم نەسىل ئالماشمىغۇچە داۋاملىشىپ كېتىدۇ. ۋەتەن ئازات بولۇپ، قايتىپ كېتەلىسەكلا ئۇلارنىڭ شەررىدىنمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز. چەتئەلدىلا بولىدىكەنمىز ئىش بېشىدىكى بىر تۈركۈم گۆرۆكەشلەرنىڭ رەزىللىكىدىن

ۋە چاپانچىلارنىڭ شۇملۇقىدىن قۇتۇلۇش خىيالى بىر گەپ.

ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم چاپانچىلار قىلمىشىنىڭ نائەھلىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا چاپان كۆتۈرۈۋاتقان بولسا، يۈزلىگەن ھاماقەتلەر ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەستىن، باشقىلار كۆتۈرۈپتۇ - دەپلا چاپاننىڭ مەينەت ياكى پاكىزلىقىغا قارىماستىن كۆتۈرۈۋالىدۇ. چاپانچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خىيانەتچىلەرگە، خائىنلارغا، بۇزۇقلارغا قارشى تۆت ئېغىز راست گەپنى ئېيتقانلار يېتىمسىراپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇلار رەزىللىكنى بولۇشىچە قىلىپ، ھەقىقى ۋەتەن سۆيەرلەرنى قان قۇستۇرۇپ بولۇپ: «ئۇيغۇر دېگەن ۋاپاسىز خەق، رەھبىرىنى ھىمايە قىلمايدۇ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىمۇ تۈركىيەدە يېتىم قالدۇرغان» - دېگەندەك، مىللەتنىڭ ئۈستىدىن ئېغۋالارنى توقۇپ چىقىدۇ. شۇ كىشىنىڭ يالغۇز قىلىشىدا، تاشلىنىپ قېلىشىدا دەۋانى مونوپول قىلىۋالغانلار بىلەن، مەنپەئەتپەرەس چاپانچىلارنىڭ رولى چوڭ بولغان ئىدى. ھېسابىنى سورايدىغان ئوغۇل بالا بولمىغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكىگە مىللەتنى جاۋابكار تۇتۇپ كەلگەن.

شۇنى ئېنىق ئايرىۋېلىش لازىمكى، ھەققانىيەت ئۈستىدە تىك تۇرۇپ، خىيانەتسىز، خائىنلىقسىز مىللەتنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلارنى قوللاش ۋە باشقىلارغا خالىس ياردەم قىلى- دىغانلارنى قوللاش، مەدەت بېرىش ھەرگىزمۇ چاپانچىلىق ئەمەس. ئەكسىچە ئادىمىلىك ۋە ھەقىقى ئۇيغۇرنىڭ ماھىيىتىدۇر.

15.08.2019

## ئون توقـقۇزىنچى باب

## تۆھپەكەشلەر

ئىنسـان ـ ھېس، تۇيغـۇ، ئەقـل، ئىـدراك، ۋىجدانغـا ئىگـە بولـۇش بىلـەن بىرگـە يەنـلا مەنـىۋى جەھەتتىكـى مۇكەممەلسىزلىكتىن خالـى بولالمايـدۇ. ھـەر قانـداق ئىنسانىنىڭ ئۆزىگـە چۇشلۇق كەمچىلىكـى، نۇقسانلىرى بولـىدۇ. ئۆزىنىـڭ ئەيىبلىرىنـى يوشـۇرۇپ، باشـقىلارغا مۇكەممـەل كۆرۈنۈشـكە تىرىشىشـمۇ، ئـەڭ چـوڭ مۇكەممەلسىزلىكنىڭ بىرىـدۇر.

قەدىمكـى زامانـلاردا پەيلاسوپلار، ئەۋلىيالار كۆپىنچە يالغۇز ياشـاپ ئۆتەتتىكـەن. چۈنكـى ئۇلارنـى ئـاۋام خەلـق بـەك چـوڭ بىلگەچكـە، ئۇلارنىـڭ كىچىـك بىـر ئەيىبلـىرى كۆرۈنـۈپ قالغان ھامـان: پەيلاسـوپ دېگـەن بۇنـداق بولماسـلىقى كېـرەك! ئەۋلىيا دېگـەن بۇنـداق بولسـا بولمايـدۇ! ـ دېيىشـىپ، ئۇلارنىـڭ ئەتراپىدىــن تېزىــپ كېتەتتىكـەن. پەيلاسـوپلار، ئەۋلىيـالار نۇقسـانلىرىنى، ئەيىبلىرىنــى يوشۇرۇشـنى خالىمايدىغـان، ئىچىـدە نېمـە بولسـا تېشـىغا كۆرۈنـۈپ تۇرىدىغـان، سـۈزۈك شېشـىدەك بولغاچقـا، يەنـى كىشـىلەرگە باشـقىچە كۆرۈنۈشـنى خالىمايدىغان، سـاپ ئىنسـانلار بولغاچقا، يالغۇزلۇق قىسـمىتىگە مەھكـۇم بولاتتىكـەن.

ئۇنداقتـا نۇقسانسـىزلىق كىـم ئۈچـۈن كېـرەك؟ ـ شـۆھـرەتلىكلـەر، ئابرويلۇقـلار، مەنسـەپدارلار، پائالىيەتچانـلار

نۇقسانسىز كۆرۈنۈشنى ھاۋا بىلەن سۇدەك مۇھىم بىلىدۇ. بولۇپمۇ تۆھپىكەشلەر ئەيىبسىز كۆرۈنۈشنىلا ئەمەس بەلكى تۆھپىسىز كۆرۈنۈپ قېلىشنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق ھار ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەيىپتىن، نۇقساندىن قورقىشىنىڭ مەنىسى، ئاشۇ ئاشكارىلىنىپ قالغان نۇقسان تۈپەيلى، تۆھپىلىرىنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشتۇر. شۇڭا مىڭلىغان تۆھپىسى بولسىمۇ، تېرىقچىلىك بىر ئەيىبنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، تاغدەك بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇرىدۇ.

تۆھپىكەشلەرنىڭ ئاجىز تومۇرلىرى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. دۈشمەن ئۇلارنىڭ كىچىككىنە يارامسىزلىقى بىلەن بىر قېتىملا گۆرۈگە ئېلىۋالسا، بولدى ئاخىرىغىچە تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلەيدۇ. دۈشمەن ئۆزلىرىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغان تۆھپىكەشلەرگە توسقۇنلۇق قىلماي، ئەكسىچە داغدام يول ئېچىپ بېرىپ، داۋرىڭىنى چىقىرىدۇ. كۆركەم سەھنىلەردە نۇرلۇق چىراغلارنى يېقىپ بېرىدۇ. ئۇنداق تۆھپىكەشلەرنى خەلق ئانچە قوللىماي سۇسلىشىپ قالسا، دۈشمەن ئۇنىڭ نامىدا يېڭى بىر نومۇرلارنى تەييارلاپ چىقىپ، خەلقنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى گۆرۈگە ئېلىنغان تۆھپىكەشلەر دۈشمەنگە قارشى سەپنى تارمار قىلىشتا، ئاۋامنى قايمۇقتۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ ئارمىيىسىدىنمۇ كۈچلۈك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالايدۇ.

بىز چەتئەلدىكى ئۆز مەسلىمىزگە كەلسەك، سىياسى ئېقىمدىن دىنى ساھەگىچە، خەقنىڭ يېرىدىكى ئۇيغۇر جىھاتچىلاردىن، يالغۇز كىشىلىك دەۋاگەرلەرگىچە، تارماق

تەشكىلاتلاردىن مەركىزى تەشكىلاتلارغىچە ھەممىسىلا پائالىيەتچى ۋە تۆھپىكەش بولۇپ كەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغلىرىمدا «ۋەتەننى ئازات قىلىمىز، ئازاتلىق ھەرىكىتى» دېگەن سۆز، جۇملىلەرنى ئاڭلايتتىم. گېرمانىيىگە كەلگەندىن كېيىن «ۋەتەن دەۋاسى» دەيدىغان گەپنى ئاڭلاپ: غەرب تەرەپلەردە ھەرىكەت قىلماي، دېموكراتىك پىرىنسىپلار بويىچە دەۋا قىلىپ يۈرسەكلا، غەرب ئەللىرى ۋەتەننى خىتايدىن ئېلىپ بېرىدىغان ئىش ئوخشايدۇ - دەپ، ئويلاپ قاپتىكەنمەن. كېيىنچە بىلسەم - دەۋا دەيدىغان بۇ گەپ، ئۇيغۇرچىدىكى دەۋاغا ئوخشىمايدىغان، پەقەت تۈركچىدىلا مەزمۇنى بار، باشقا تىلدا تەرجىمىسى بولمايدىغان گەپكەن. ئەگەر ئۇنى ئۇيغۇرچە گەپ دېسەك، ياكى سۆز مەنىسىنىلا چۈشەنسەك: ئۇ يەرگە، بۇيەرگە بېرىپ، خىتاينىڭ ئۈستىدىن قاخشاپ، دەرد تۆكۈپ يۈرىمىز - دېگەن بولىدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. شۇڭا كۆپىنچە: بىزنىڭ دەۋاگەرلىرىمىز - دەۋالىدىغان بولدۇم. ھېچ بىرىنىڭ ئاغزىدىن ۋەتەننى ئازات قىلىمىز، مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز، بىزگە يول كۆرسىتىڭلار، بىزگە ياردەم قىلىڭلار - دېگەن گەپ چىقمايدۇ. نەگىلا بارسا: خىتاي بىزنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، خىتايغا گەپ قىلىپ قويساڭلار- دېگەندىن باشقا، قۇلاققا خۇش ياققۇدەك يېڭىلىق يوق. بەزىلەر: دەۋا قىلىۋاتىدۇ دېمەي، دىپلوماتىيە قىلىۋاتىدۇ دېسەك - توغرا بولامدىكىن دەيدىكەن، سىلىقلاشتۇرۇپ. ئەمما دىپلوماتىيە دېگەن: سەن بىرنى ئال، مەنمۇ بىرنى ئالاي. ئەگەر ياق دېسەڭ، ھېچ بولمىغاندا يېرىمىنى بولسىمۇ ئالاي - دېيەلەيدىغان يەرگە ئىشلىتىدىغان سۆز تۇرسا. دەرد تۆكۈپ

قاخشىغان ئىشنى دەۋا دېمەي، قانداقمۇ دىپلوماتىيە دېگىلى بولسۇن. تېخى شۇنچىلىك قاخشايدىغان ئىشتىنمۇ ئۆزىگە يارىشىملىق تۆھپە يارىتىۋالىدىغانلار يامان كۆپ. تۆھپىنىڭ ھەممىسىنى مەنىلا ئالىمەن، ياكى چوڭى ماڭا مەنسۇپ ـ دەپ، باشقا تۆھپىچىلەردىن تالىشىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ ھەتتا. چۈنكى قانىتىچىلىك بىر تۆھپە ئۈچۈن بىر قانچە كىشىنىڭ جېنىغا قەست قىلىدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. تۆھپە باشقىسىنىڭ بولۇپ كەتمىسۇن ـ دەپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ ئالاقىدار ھەرىكەتنىمۇ بەربات قىلىۋېتەلەيدۇ. ئون يىل ئاۋۋال (2009 ـ يىلى) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە سۇنۇلغان «ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قانۇنى لايىھەسى» نىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىلغىنىدەك، چوڭ خائىنلىقنى ساناپ بولۇشقىمۇ خېلە ۋاقىت كېتىدۇ. تۆھپىنى رابىيە قادىر خانىمدىن قىزغىنىپ، ئاجايىپ چوڭ زىيانكەشلىكلەرنى قىلغانلار، ھازىرمۇ تۆھپە تالىشىپ، ھەر دوقمۇشتا تۇزاق قۇرۇپ يۈرۈشمەكتە.

ۋەتەندە خىتايدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەنگە ئۆز ھاياتى بىلەن ھۇجۇم قىلغان، سەبى قىز خەلچەمدەك ھەقىقى مۇجاھىتلارنى «بىز تەربىيلىگەن» ـ دەپ، پاكىستاندا ئولتۇرۇپ تېررور باياناتى ئېلان قىلغانلارنى، ئەگەر «خىتايغا ئىشلەۋاتقان نەق خائىن» دېمىگەندە، پەقەت تۆھپە تالىشىش ئۈچۈن خىتايغا كوزۇر تەييارلاپ بەردى ـ دېمەكتىن باشقا مەناسى يوق. خىتاي مىللىتىمىزنىڭ ئۈستىدىن بىر تۇتاش تېررورچى ـ دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋاتسا، قېنى ھېلىقى يۈزىگە پايپاق كىيىۋېلىپ باياناتى ئېلان قىلىدىغانلار؟ نېمىشقا بىرەر

خىتايىنىڭ بۇزنىنى قانىتىپ، بايانات ئېلان قىلمايدۇ؟

خىزمەت، ھەرىكەت تۆھپە يارىتىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالسا، دىن، دىيانەت تۆھپىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالسا، ھەتتا ھەممە ئىشنى پەقەت تۆھپە ئۆلچۈنلا قىلىدىغان، تۆھپىكارلىق ئۆلچۈنلا قىلىدىغان بىر ئەخلاق ئومۇملاشسا، ئۇ بىر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلىنىپ كەتسە، دېمەك باشقىلار كۆرمەيدىغان، باشقىلارغا كۆرسەتكىلى بولمايدىغان، ياكى باشقىلار كۆرسە ئالقىشلىمايدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان ھېچكىم چىقمايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. تۆھپىچىلەرنى ئالقىشلاپ تۇرمىسا، ياغلاپ تۇرمىسا قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشنىمۇ قىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ. تۆھپە يارىتىش قەھرىمانلىقتۇر. لېكىن تۆھپىكەش بولۇپ قېلىش شەيتانلىقتۇر ئاخىرقى نەتىجىدە.

تولىمۇ ئۇزۇن يىللار ئاۋۋال، تەشكىلى ئىشلىرىمىزنى كۆزەتكۈچى بالىلاردىن بىرسى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىردانە باشلىقنى ماختىغاچ، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان يەنە بىرسى توغرىسىدا مۇنداق خۇلاسىنى ئېيتقان ئىدى: «ئەگەر بىزنىڭ رەئىسىنىڭ تۆھپىسى بىلەن ۋەتەن ئازات بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى بىردانە ئاتوم بومبىسىنى پارتىلىتىش كېرەك بولۇپ قالسا، بومبىنىڭ كونوپكىسى مۇنۇ كىشىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالسا، تۆھپىنى قىزغىنىپ ئاشۇ كونوپكىنى ھەرگىز باسمايدۇ. ۋەتەن ئازات بولمىسىمۇ مەيلى، تۆھپە ئۇنىڭ تەشكىلى رەقىبىگە كېتىپ قالمىسۇن. مانا بۇ شۇنچىلىك رەزىل كىشى.» ئارىدىن

يەنە ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا قايىل بولدۇم. چۈنكى ئامېرىكا «ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قانۇنى لايىھەسى» نى توسقۇنلۇققا ئۇچراتقانلار ئارىسىدا شۇ كىشىمۇ بار ئىكەن.

تېخى ئون يىل ئىلگىرى قىلغان، ئەتكەنلىرىنى، چىققان سەھنىلىرىنى، ياندىشىپ رەسىمگە چۈشۈۋالغان ئەربابلارنى كۆرسىتىش ئىمكانسىز ئىدى. شۇ چاغلاردا بىر ئەپەندىمنىڭ غەيۋىتىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ باشقا دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىپ بارسا، ئىككى چامادانىنى سۆرەپ يۈرەتتىكەنمىش. چامادانلاردا لىق رەسىم بارمىش. بارغانلا جايدا شۇ رەسىملەرنى يېيىپ قويۇپ، ئىزاھات بېرەتتىكەن. بۇ رەسىملەر ئۇ ئەپەندىمنىڭ قىلغان، ئەتكەنلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، مىللەت ئۈچۈن قولغا كەلتۈرگەن تۆھپىلەرنىڭ جانلىق ئىسپاتى ھېسابلىنىدىكەن. ھازىرقى كۈندە يۇمشاق دېتالنىڭ تەرەققىيات سايىسىدە، تۆھپىلەرنى كۆرگەزمە قىلىش بەك ئاسانلىشىپ كەتتى. بۇرۇنقىدەك تەشكىلاتنىڭ ئايدا بىرەر قېتىم چىقىدىغان گېزىتلىرىگە، يىلدا بىرەر، ئىككى قېتىم چىقىدىغان جورناللىرىغا رەسىم چاپلىتىدىغان، خەق كۆرمەي قالغانمىدۇ ـ دەپ، ئەنسىرەيدىغان كۈنلەر قىيامەتكە كەتتى.

تۆھپىنى خەققە كۆرسىتىمىز ـ دەپ، ھەممە نەرسىنى تورغا چىقىرىدىغان بولغاچقا، قىلىۋاتقان ئىشى، قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان تۆھپىسى ئاشۇ ياندىشىپ تۇرۇپ بىر قېتىم رەسىمگە چۈشۈۋېلىشلا بولغاندەك، رەسىمگە چۈشكەن سەھنىدىن چۈشمەيتۇرۇپلا رەسىملەرگە راست ـ

يالغان كۆپتۈرمە ئىزاھاتلارنى يېزىپ، تورغا چىقىرىۋېتىدىغان چېۋەرلىك تۆپەيلىدىن، ئۇ رەسىمنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى شۇ يەردىلا بەربات قىلىنىدۇ.

بىر قېتىملىق ئېكران سۆھبىتىدە، دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى مۇنداق بىر مەزمۇننى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى: «مىنىستىرلار، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىر ئىشنى قىلىپ بېرىمىز - دەپ، ۋەدە بېرىدىكەن. لېكىن كېيىن سۈيلىسەك، بىر نەرسە دېمىگەندەك جىمىپ كېتىدۇ - دەپ، رەنجىيدىكەنسىلەر. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىش بار. سىلەر بىر باشلىق بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ئېيتقاندا، ئۇ باشلىق بىر ئىشنى سىلەر ئۈچۈن قىلىپ بېرەلەيتتى. شۇڭا سۆز بەرگەن. بىراق سىلەر ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپلا بىرگە چۈشكەن رەسىمنى تورغا چاپلاپ، بۇ كىشى بىزگە مۇنداق قىلىپ بەرمەكچى - دەپ، ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ قارشى بېسىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشلىق قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشنى قىلالماس بولۇپ قالىدۇ.» بۇ پۈتۈنلەي توغرا خۇلاسە. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىدە پائالىيەت قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇيغۇرلار تۆھپە تالىشىپ، ئەزا كۆپەيتىپ، سايلامدا بېلەتنى كۆپ يىغىپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقماقچى ئەمەس. بەلكى ئىنقىلاپ قىلىۋاتىدۇ. دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بېسىۋېلىنغان، ئىشغال ئاستىدىكى ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئىنقىلاپ، ئازاتلىق - دېگەن بۇ ئۇلۇغۋار غايە «دەۋا» ناملىق مۇجمەل سۆزگە ئورۇن بوشاتقان ئىكەن، دەۋاچىلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى، بەئەينى مۇستەقىل ئەللەردىكى پارتىيە، دەرنەكلەرنىڭ ئىش

پائالىيەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ، يىگىنچىلىك بىر نەرسىدىن ئۇچۇر كەلسە، تۆگىدەك كۆرستىشكە، ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى بازارغا سېلىشقا ئادەتلىنىپ كەتتى. قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئۇچۇر بېرىپ، خەلقنى سۆيۈندۈرۈش پوتونلەي يوللۇق. چۈنكى ئۈمىتسىزلىكتە بېشى قېتىپ كېتىۋاتقان بىر خەلقنى خۇش خەۋەر بىلەن ئۈمىتلەندۈرۈش ئەسلىدە ساۋابلىق ئىش. بىراق تۆھپە تالىشىش، كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، مەنسەپكە مەن لايىق - دەپ، ئورۇن تالىشىش ئۈچۈن كۆرگەزمە قىلىش ئەڭ ئاخىرقى رەزىللىكتۇر. چۈنكى مىللىتىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئوتتا كۆيۈپ كېتىۋاتقان، سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان، تامنىڭ ئاستىدا يانجىلىپ ئۆلۈۋاتقان، قۇتقۇزۇڭلار! - دەپ، نالە قىلىۋاتقان بىمارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ يارىسىغا مەلھەم سۈرتۈشنىڭ ئورنىغا ئۆز - ئارا تۆھپە تالىشىپ، رىياكارلىق قىلىشىپ ۋاقتىنى، پۇرسەتلەرنى ئىسراپ قىلسا، ئۇلارنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرىمىز پائالىيەتچىلەرنىڭ، دەۋاچىلارنىڭ، تۆھپىكەشلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلمىغىچە، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارزۇيىمىز خىيالغا ئوخشاپ قالىدۇ.

17.08.2019

## يىگىرمىنچى باب

# ئادىمىيلىك ساپا ھەممىدىن مۇھىم

«بىز مۇسۇلمان تۇرۇپ ئىسلام دۆلىتى قۇرالمىساق، مۇستەقىل بولغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بىز كوممۇنىزمنىڭ زۇلمىدا ئېزىلگەن تۇرۇپ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرالمىساق، مۇستەقىل بولغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ شۇ قەدەر كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى نېمە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، قانداق مۇستەقىل بولالايمىز؟»

ئىنسانلار ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن ھاياتلىق مۇھىمدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ مۇھىملىقى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئۆزى دۈشمەنىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا، ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغان ئەسىر مىللەت ئۈچۈن، ھاياتلىقتىنمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈرى بولغىنى ئازاتلىقتۇر. ئەگەر مۇستەملىكە ئاستىدا ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان، ئىنسانىي قەدرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، ئىپپەت ـ نومۇسى يەر بىلەن يەكسان بولۇۋاتقان، بىر ئەسىر مىللەتنىڭ ئاھالىلىرى، خۇددى بىزدىكىگە ئوخشاش بىرلىرى مۇسۇلمانلىق دەۋاسىنى، بىرلىرى دېموكراتىيە دەۋاسىنى قىلىپ، ئۆز ـ ئارا زىددىيەتلەشسە، زىددىيەتنى ھەل قىلالماي دۈشمەنلىشىپ قالغان بولسا، ئۇلار ئوۋچىنىڭ نىشانى ئاستىدا تۇرۇپمۇ، تاپ تالىشىۋاتقان ياۋايى ھايۋانلاردىن پەرقسىز ھالغا چۈشكەن بولىدۇ. چۈنكى

ئادەم مۇرەسسە قىلالايدۇ. ئادەم ئۆزى ئۈچۈن نېمىنىڭ ۋازكېچىلمەس دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئەگەر مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەت ئاھالىسى، ئۇيغۇرلاردەك زۇلۇمغا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ تەپەككۇرىغا، كۈن ۋە تۈنىگە، ئۆزىنىڭ تېنىگە، ئايالىغا، بالىلىرىغا، ئۆزىنىڭ مۈلكىگە ئىگە بولالمىسا، ئاتا ـ ئانىسىنى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى ھىمايە قىلالمىسا، مۇناسىۋەت دائىرىسىدىكى كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلالمىسا، ئۇ چاغدا باغلاقتىكى قۇلنىڭ ئورنىغا چۈشكەن بولىدۇ. قۇللۇق سىستېمى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى يەككە خوجايىنلارغا ئاتا مىراس مۈلۈك بولۇپ داۋاملىشىدۇ. يەنە بىرى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئاممىۋى ئەسىرگە چۈشۈش ئارقىلىق، ئەسىر ئالغان دۈشمەننىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ئاھالىسى ئەسىرلىكتىن، مۇستەملىكىدىن ھالقىپ، تولۇق ۋە ئاممىۋى شەكىلدە قۇل قىلىۋېتىلدى. قۇللۇق تۈزۈم قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا قۇللار بىلەن ھۆر، ئازات ئىنسانلار ئارىسىدا پەرق بەك چوڭ بولىدۇ. سىياسى ۋە قانۇنى ساھەلىرىدە بولسۇن، دىنى ئەھكاملاردا بولسۇن ئازات ئىنسانلارغا قارىتىلغان بەلگىلىمىلەر قۇللارغا توغرا كەلمەيدۇ. قۇل ئەگەر ھەممە جەھەتتىن ھۆر، ئازات ئىنسانلارغا تەڭلىشىمەن ـ دەپ ئارزۇ قىلسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئازات قىلىشى كېرەك. ئىنسان ئۆزىنىڭ ھۆرمۇ، ياكى قۇلمۇ؟ قايسى تەبىقىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئادەمگە لايىق ساپاغا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۆز خاھىشى بىلەن ئىش قىلىمەن دېسە، ئۇ چاغدا قۇلدىنمۇ تۆۋەن، بەلكى ئىنسانلىقىنى ئۇنۇتقان، قوتاندىكى

تۆت پۇتلۇقلاردىن پەرقسىز ھالغا چۈشكەن بولىدۇ. چۈنكى قۇللاردىمۇ ئەقىل بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە نىمىنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ھايۋاناتلار خالىسا ئۈسىدۇ، خالىسا تېپىدۇ، خالىسا كىشنەيدۇ، خالىسا چىشلەيدۇ. پەقەت يارىتىلمىسىدىكى تەبىئەتنى ئاشكارىلايدۇ خالاس. ئىنسانمۇ جانلىقلار دۇنياسىدىكى بىر تۈر. ئەمما ئىنسانلارنى باشقا جانلىقلاردىن ئۈستۈن، قىممەتلىك قىلغان بەلگە مەنتىقىلىق تەپەككۇر، مەنتىقىلىق خۇلاسە، مەنتىقىلىق قارارلىقدۇر. ئەگەر ئىنسانلار بۇ بەلگىسىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ چاغدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلەرنىڭ بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىدىن باشقا ئالاھىدە ئايرىملىقى قالمايدۇ.

بىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 14 ـ يىللىرىدىن 34 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان ۋە 44 ـ يىللىرىدىن 49 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان ئۇرۇش دەۋرىمىزنى تازا ئوبدان تەھلىل قىلساق ۋە ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا سېلىشتۇرساق، ئادىمىلىك ساپارىمىزدا ئۆزگىرىش، ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. «ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولىدىن ماڭىمىز! ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىمىز!» ـ دېگەن پايپاق شوئارنىڭ مەزمۇنىنى يېشىپ قارىساق: «ئۇرۇش قىلىپ ئۆلىمىز، قولغا كەلگەن نەتىجىنى سېرىپ سۈپۈرۈپ يوق قىلىمىز! زامان ئەجدادلاردىن بىزگە قانداق يېتىپ كەلگەن بولسا، بىزمۇ كەلگۈسىگە شۇنداق ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز!» ـ دېگەندىن باشقا يېڭى مەنىسى بارمۇ؟ ـ توغرا «ئەجداد» ـ دەپ، شوئار توۋلاۋاتقانلارنىڭ قىلمىشلىرىمۇ، دەل شۇنى ئىقرار قىلىپ تۇرماقتا. ئەجدادلارنىڭ بىرلىرى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىرلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىچاق

ئـۇرۇپ، دۈشـمەنگە ماسلاشـقان. بىرلـىرى دۆلـەت قۇرىمـىز- دەپ ئـۇرۇش قىلسا، بىرلـىرى ئـۇرۇش غەلىبىسـىنى دۈشـمەنگە بىكارغـا سـاتقان. هازىرقـى ئەجدادچـىلار ئۇنـداق قىلمايۋاتامـدۇ يـا؟ ئوخشـاش يايلاقتـا ئوتـلاپ، ئوخشـاش كانارىـدا ئۆلـۈش هايۋاننىـڭ خاسـلىقى. ئەمما ئىنسـان بولغـان ئىكـەن، ئۇنىڭـدا ئۆزگىرىـش بولىشـى كېـرەك ئەمەسـمۇ! يەنـى ئـەڭ ئـاز بولغانـدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، دۆلـەت قـۇرۇش ياكـى ئەمەلـدار بولـۇش، خىتايدىـن ئـۈزۈل- كېسـىل قۇتۇلـۇش ياكـى خىتايغـا بېقىنىـش» قاتارلىق سىياسـى تاللاشـلاردا، ئىزچـىل خاتالـىق ئۆتكۈزگەنلـەر بىلـەن، توغـرا يولـدا ماڭغانلارنـى پەرقلەنـدۈرۈپ، تارىخـى خۇلاسە چىقىرىـش ۋە تارىختىــن ئىبـرەت ئېلىـش، تارىختىكـى جىنايەتچىلەرنــى، خائىنلارنـــى، خىيانەتچىلەرنــى تەنقىدلــەش، ســەھۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرگــە تەنقىدىــي قــاراش، توغــرا يــول تۇتقانلارنــى، ئىجابىــي رول ئوينىغــان قەهرىمانلارنـــى مۇئەييەنلەشــتۈرۈش قاتارلــىق، كۆنىمــىزدە بىــز ئۈچــۈن زۆرۈر بولغــان ئىشــىنىمۇ قىلمىغىنــى يەتمىگەنــدەك، قــارا - قويــۇق: ئەجدادلارنىــڭ ئىزىدىـن ماڭمىـز - دېگـەن شوئارنىڭ مەنىسى نىمـە؟ هەتتـا مىللەتكـە، ۋەتەنگـە، مۇستەقىل دۆلەتچىلىككـە قارشـى تۇرغـان مۇناپىقـلار توغرىســدا، نارازىلىــق پىكىــر ئوتتۇرىغـا چۈشـۈپ قالسـا، هېلىقـى ئەجدادچىلارنىــڭ رەددىيەلــرى قالتىســى بولـدۇ. «ئـۇ چاغـدا ۋەزىيـەت شـۇنداق ئىـدى، ئۇلارغىمۇ ئامـال يوقتـى» - دەپ، تارىختىكـى خائىنلارنى ئاقلايدۇ. ئاقلامچىلارغا چاپانچــلار ماسلىشــىپ: هازىــر ئۇنىــڭ ۋاقتــى ئەمــەس، كەلگۈســدە ۋەتـەن ئـازات بولغانـدا بۇنىڭغـا باهـا بېرىلىـدۇ، بىزنىـڭ بىـر نەرسـە دېيىـش هەققىمىـز، سالاهىيتىمىز يـوق -

دەپ، غەۋغا كۆتۈرۈشىدۇ. مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ خىيانەت ۋە خائىنلىقلىرىغا يوچۇق ئېچىش ھەم ئاۋامنىڭ ئېڭىنى يۇيۇپ، قىلمىش جىنايەتلىرىگە زېمىن تەييارلاپ قويۇشتۇر. ۋەتەن خائىنلىقىنىڭ، مىللەت خائىنلىقىنىڭ، دۆلەتنى يىقىتىشنىڭ سەۋەبى بولامدۇ؟ ئۆزرىسى بولامدۇ؟ ـ ئەسلىدە خائىنلارنىڭ مۇنداق بىر سەپسەتىسى بولىدىكەن: «بۇ خىيانەتنى مەن قىلمىسامۇ، يەنە بىرسى قىلاتتى. ئۇ قىلمىسىمۇ يەنە بىرسى قىلاتتى. چۈنكى ۋەزىيەت شۇنداق قىلىشقا قىستىغان. شۇڭا بۇ ئىش يۈز بېرىپ قالغان.» ـ باشقىلار ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن جان بەرسە بولىدىكەن، ئەمما سەن خائىن ئۇنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن غەلىبىنى سېتىپ خەجلىمىسەڭ، ئاناڭنىڭ سۈتى سوغۇلۇپ كېتەمدىكەن ئىپلاس!

تارىخنى ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان كەيپىيات تەڭشەش ئەرمىكى ئەمەس. ياكى ئۆتمۈشتە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئۇچۇر خالتىسى ئەمەس. بەلكى ئۆتمۈشىدىن ئىبرەت ئېلىپ، كەلگۈسىگە توغرا قەدەم بېسىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئەندىزىدۇر. ئەقىلسىز ھايۋانلارمۇ ئۆتمۈشتىن ئۆزىگە لايىق ھالدا ئىبرەت ئالىدۇ. ئىنسان تۇرۇپ ئىبرەت ئالمىغان بولسا، ئۇنىڭدا كەملىك قىلىۋاتقان نەرسە ئادىمىيلىكتۇر. ئادەمگە لايىق ساپانىڭ يوقلىقىدۇر. 33 ـ يىلى قەشقەرنى ئازات قىلغان غازى تۆمۈر ئەلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ئېۋەتكەن ئەلچىگە: رۇسلار دىنسىز، خۇداسىز كوممۇنىست، بولشېۋىكلاردۇر. ئۇلاردىن ياردەم ئېلىش، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش دۇرۇس بولماس. بولشېۋىك

ئورۇسلار بىزنىڭ تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا سالمىغان زۇلۇملىرى قالمىدى. ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر ـ دەپ، قاتتىق رەددىيە قىلغان ئىكەن. ئەنگلىيىدىن كەلگەن ھەمكارلىق تەكلىپىنىمۇ: ئىنگلىزلار ناسارا، كاپىرلاردۇر ـ دەپ، رەت قىلغان ئىكەن. ئىككى رەكەت نامازنى جۈندەپ ئوقۇيالمايدىغان بىر ئادەمنىڭ، پەقەت قورال كۈچىگە تايىنىپ قەشقەرگە ئەمىر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، ھەتتا دىننى پەش قىلىپ ئېيتقان چوڭ سۆزىنىڭ ئاقىۋىتى، مىڭلىغان قەشقەرلىكنىڭ قېنىغا زامىن بولغان ئىدى. 44 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، مىللىتىمىز قان كېچىپ دۆلەت قۇرۇش جېڭىنى قىلىۋاتسا، ئاتالمىش «ئۈچ ئەپەندىلەر» باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپ ۋەتەن ساتقىلار، خىتايلارنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپ: «چەنتولارنى ئەپۇ قىلىڭلار. ئۇلار ئەقىلسىز، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدۇ. سىلەر بىزنى رۇس كوممۇنىستلىرىغا تاشلاپ بەرمەڭلار. سىلەر تاشلىۋەتسەڭلار بۇ ئەقىلسىز چەنتولارنى كوممۇنىست رۇسلار بىلەن، ئىنگلىزلار يەپ كېتىدۇ. چىنلىق بىلەن چەنتو تۈركلىرىنىڭ تارىخى ئالغۇ ـ بەرگىلىرى بار. شۇنىڭ خاتىرىسىدىن بولسىمۇ بىزنى تاشلاپ قويماڭلار» ـ دەپ، يالۋۇرغان ۋە مۇستەقىللىققا چىش تىرنىقىغىچە قارشى كۈچىگەن ئىدى. ئارىدىن يەتمىش، سەكسەن يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئوخشاش، تېخى باشقا ئەللەردە خەقنىڭ مىلتىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر گۇرۇپ ئۇيغۇرلار: «بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ ئىسلام دۆلىتى قۇرالمىساق، مۇستەقىل بولغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟» دېسە، يەنە بىر گۇرۇپ ئۇيغۇرلار: «بىز كوممۇنىزمنىڭ زۇلمىدا ئېزىلگەن تۇرۇپ،

دېموكراتىك دۆلەت قۇرالمىساق، مۇستەقىل بولغانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟» ـ دېسە، يەنە بىرلىرى: «شۇ قەدەر كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى نېمە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، قانداق مۇستەقىل بولالايمىز؟» دېيىشىپ، تىل تېپىشالماي، ھايۋاندىن بەتتەر چىشلىشىپ، يوق يەردىن دۈشمەن تىكلەپ چىقىشىدۇ. تېخىمۇ بەتتەر بولۇۋاتقىنى، چەتئەلدىكى غوللۇق بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تەشكىللىك ۋە تەشكىلسىز ھالدا، سۈتكە ئۆگەنگەن پاقلاندەك، خىتايلارنىڭ چاترىقىغا كىرىۋېلىپ: «بىز مۇستەقىل بولىمىز دېسەك، ۋەتەندىكى خەلقىمىز پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا خىتاي دۆلىتىنىڭ دېموكراتىيىگە ئۆتۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، دېموكراتىك تۈزۈم ئاستىدا خىتايدىن مىللى ئەركىنلىك ئالساق، شۇ ئاساستا ئاۋۋال مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، كېيىنچە مۇستەقىل بولۇشنىڭ شەرتىنى ھازىرلىساقمۇ كېچىكمەيمىز. ھازىر مۇھىم بولۇۋاتقىنى مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتۇر!» ـ دەپ، خىتايدىن زادىلا ئايرىلماسلىقنىڭ دېپىنى چالماقتا. مۇشۇ گەپنىڭ ئۆز ئەينىنى 44 ـ يىلىدىن 49 ـ يىلىغىچە خىتايپەرەستلەرنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئاتالمىش «ئۈچ ئەپەندىلەر» گۇرۇھىمۇ گېزىت، جورناللاردا يازمىچە ئېلان قىلغان. مەسچىت، مەدرىسلەردە تەبلىغ قىلدۇرغان. قىمارخانا تاۋكالاردا، قاۋاقخانىلاردا، ئېتىز ـ ئېرىقلاردا، بازار دوقمۇشلىرىدا، ئىشقىلىپ ئادەم توپلىشىدىغان بارلىق سورۇنلاردا داۋراڭ سالدۇرغان ئىدى. پەقەت كوممۇنىست سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھمايىسى ئاستىدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇلۇپ قېلىشىغا قارشىلا ئەمەس، بەلكى بۇ تۇپراقنىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى خالىمىغانلىقتىن

شـۇنداق قارشـىلىق كۆرسـەتكەن ئـىدى. چۈنكـى ئەگـەر بـۇ ئـەل مۇسـتەقىل بولـۇپ كەتسـە، بـىر تۈركـۈم مۇناپىقـلار مەنسەپسـىز، نامسـىز، شەرەپسـىز بولـۇپ قالاتتـى. ئـۇلار ھېـچ بولمىسـا گومىنداڭنىـڭ مەغلۇبىيىتـى مۇقىملىشـىپ بولغانـدىن كېيىـن، ئۆزلـىرى بېسـىپ ياتقـان يەتتـە ۋىلايەتنـى مۇسـتەقىل جۇمھۇرىيەتكـە قېتىـپ، سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ ھىمايىسـىگە بـىر پۈتـۈن ئۆتكـەن بولسـا، تەقدىـر ـ قىسـمەت بـۇ قـەدەر پاجىئەلىك بولـۇپ كەتمەيتتـى. لېكىـن مەنسـەپنى غۇلجىدىكـى ھۆكۈمەتكـە بەرمـەي، كوممۇنىسـت خىتايلارغـا تاشـلاپ بېرىـپ، ئۆزلـىرى چەتئەلگـە قېچىـپ كېتىشـتى. مىللەتكـە بۇنىڭدىـن ئارتـۇق خىيانـەت قىلغـان بارمـۇ؟

بـىز تارىخىمىزدىكـى سـاتقۇنلارنى، خـۇددى ئاپپـاق غوجـا ئىشـاننى پـاش قىلغانـدەك پـاش قىلىـپ، قاتتىـق قامچىلىيالىسـاقلا، ھازىرقـى ۋە كەلگۈسـىدىكى خائىـن، مۇناپىقلارنىـڭ يۈرىكىنـى تىترىتەلەيمىـز. شـۇنداق دادىـل ۋە تىـك تۇرالىساق، خائىنـلار، سـاتقۇنلار، مۇناپىقـلار مىللەتنىـڭ تەقدىرىنـى ئويناشـتىن قورقىدىغـان بولىدۇ. ئەكسـىچە لامزەللە، پاختىـۋاش بولىۋەرسـەك، بىچـارە مىللـەت سـاتقۇنلارنىڭ مىراسـلىق مۈلكىنىـڭ ئورنىغـا چۈشـۈپ قالىـدۇ.

بـىز مىللـەت سـۈپىتى بويىچـە ئادىمىلىـك سـاپانى ئۆستۈرۈشـىمىز لازىـم. سـاپالىق خەلقتىـن ساپاسـى يۇقـىرى يېتەكچـى چىقىـدۇ. يەنـى بـىزدە يـۈرەك بولسـا، بـىزدە ئەقىـل بولسـا، بـىزدە ئـاق بىلـەن قارىنـى پـەرق ئەتكـۈدەك ھېـس ـ تۇيغـۇ بولسـا، ياخشـى بىلـەن يامانـنى تونيالىغـۇدەك ئـىدراك بولسـا، بىلگەنلىرىمىزنـى سـۆزلىيەلىگۈدەك جاسـارەت بولسـا،

دېگەن گېپىمىزنىڭ ئارقىسىدا تۇرالىغۇدەك غۇرۇر بولسا شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ئادىمىيلىك ساپارىمىز يېتىلگەن بولىدۇ. بىز ساپالىق بولساقلا مىللەتنى يېتەكلەيدىغانلارنىڭ ساپاسىزلىق قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئوڭشاشقا، توغرا يولدا مېڭىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن ھەر قانداق كەسپى ساپادىن ئاۋۋال ئادىمىيلىك ساپا بەك مۇھىمدۇر. بىر كىشىدە ئادىمىيلىك ساپا تولۇق يېتىلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ مىللەتكە يۈك بولغاندىن باشقا قىممىتى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بىر مىللەت ئاھالىسىدىكى يېتەكچى قوشۇنلىرىنىڭ ئادىمىيلىك ساپاسى يوقسۇل بولسا، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ تەقدىر - قىسمىتى بەربات بولىدۇ. بۇنى پاكىتى بىلەن بىلمەكچى بولغان كىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئەسىرلىك سىياسى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسا، ئوچۇق دەلىللەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

22.08.2019

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئاق چېدىردىن ئاق سارايغىچە - يىگىرمە بەش يىل

كۆپىنچە كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ ئاستا خاراكتېرلىق، ياكى نەتىجىسىز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، تاشپاقىنىڭ مېڭىشىغا، قۇلۇلىنىڭ مىدىرلىشىغا ئوخشىتىپ، مىسال قىلىۋالىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىرادە پەرقى تىلغا ئېلىنمايدۇ. قارىغاندا ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن، جانلىقلارنىڭ قەدەم مۇساپىلىرى ئارىسىدىكى ئوخشىتىشتا، تاشقى كۆرۈنۈشىلا كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولسا كېرەك. ئەگەر دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملۇقتا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان تاشپاقا، قۇلۇلە ئەتراپى توسۇپ قويۇلغان جايغا، ئاكۋارىيۇمغا سولاپ قويۇلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىن ئايرىلغان قىمىرلاشلىرى ھېچقانداق مۇساپىنى ئارقىدا قالدۇرالمايدۇ. يەتكەن مەنزىلمۇ بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ نەتىجىسىز ياكى بەك ئاستا قەدەمدە كېتىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، نۇقۇل ھالدا تاشپاقىنىڭ، قۇلۇلىنىڭ قىمىرلاشلىرىغا ئوخشىتىلسا، مەقسەتنى يېتەرلىك ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئوتتۇز يىل ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ «ماندىنگو جەڭچىلىرى» ناملىق، كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزور تەرجىمە فىلمىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئۇ فىلىم «يىلتىز» ناملىق تارىخى رومانغا ئاساسەن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئامېرىكىدىكى قارا

تەنلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرىنى، ئاق تەنلىكلەر جەنۇبى ئافرىقىدىن ئاممىۋى تۇتۇپ كېلىپ قۇل قىلغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. شۇ فىلىمدە تەسۋىرلىنىشىچە، ئامېرىكىغا تۇتۇپ كېلىنگەن بىرىنچى ئەۋلاد زەڭگى قۇللارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ. ئۇزۇن يىللىق باغلاقتىن كېيىنمۇ قۇللۇققا كۆنمەي، يەنە قېچىشقا ئۇرۇنغان باش ئەگمەس، شاشلىرىنى مەڭگۈ قاچالماس قىلىۋېتىش ئۈچۈن، بىر پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى پالتا بىلەن چاناپ، دىڭگۇكلاپ ماڭىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىسىمۇ ھېچقانچىلىك مۇساپىنى باسالمىغاچقا، ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلار كېيىنچە روھى جەھەتتىن قۇللۇققا كۆنمىسىمۇ، جىسمانى مېيىپلىك تۈپەيلى، چارىسىز بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بۈگۈنكى ئىككىنچى سىنىپ، ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك پۇقرالارنىڭ شەكىللىنىشىگە مەنبە بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، جىسمانى مېيىپلىك ھەرىكەت مۇساپىسىنى ئاستىلىتىدىغان، نەتىجىسىزلەشتۈرىدىغان ئىچكى ئامىلىنىڭ بىرىدۇر. ئادەم ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىلگىرىلىمەكچى، نەتىجىلىك ھەرىكەت قىلماقچى بولسىمۇ، جىسمانى مېيىپلىك ئىمكانسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ئۇنىڭ ئىرادىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. خۇددى ئاكۋارىيۇمغا سولاپ قويۇلغان تاشپاقا، قۇلۇلە قانچىلىك مىدىرلىسىمۇ، ئوخشاش يەردە ئايلىنىپ مۇساپىسىدىن ئىلگىرىلەش نەتىجىسى چىقمىغاندەك. جىسمانى جەھەتتىكى مېيىپلىك ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك، يەككە ئىرادىگە توسقۇنلۇق كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پايدا ـ زىيان شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا ئالاقىدار بولىدۇ. لېكىن بىر كوللېكتىپ ئىچىدە روھى-

ۋىجدانى مېيىپلىك كۆپىيىپ كەتسە، ياكى كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى روھى ـ ۋىجدانى مېيىپ بولسا، ئۇ چاغدا ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھاجەتسىزدۇر. ئاق تەنلىكلەر ماندىنگودىن تۇتۇپ كەلگەن قارا قۇللارنى جىسمانى جەھەتتىن مېيىپ قىلىش ئارقىلىق ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئىرادىسىنىڭ ئالدىنى ئالغان. گەرچە بىرىنچى ئەۋلاد مېيىپلار جىسمانى ئەمگەككە يارىمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قۇللۇقتا تۇغۇلغان، تۇغۇلۇشىدىنلا روھى تەسلىم بولغان، ۋىجدانى مېيىپ ئەۋلادلىرى قۇللۇقتا يارايتتى. شۇڭا بىرىنچى ئەۋلاد قۇللارنى جىسمانى مېيىپ قىلىۋېتىش ئارقىلىق، قۇللۇق ئىرادە ئۇچۇن يارىتىلىدىغان ئىككىنچى ئەۋلادلاردىن باشلاپ كېيىنكى ئەۋلادلار مەقسەت قىلىنغان ئىدى.

مۇستەملىكىچىلەرمۇ ئەسىر مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ، بىرىنچى ئەۋلاد كىشىلىرىنى ھەم جىسمانى ھەم روھى جەھەتتىن ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىن چەكلەيدۇ. چەكلىمىگە، توسقۇنلۇقلارغا بويسۇنمىغانلارنى جازالايدۇ. بىرىنچى ئەۋلادلار چەكلىمىگە مەجبۇرى بويسۇنغان بولسا، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خالاپ تۇرۇپ بويسۇنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ جىسمانى، ئەقلى ۋە روھى جەھەتتىن ھەرىكەت قىلىش، تاللاش ئىرادىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ئىكەن، بارلىق مېھنەتلىرى ئاكۋارىيۇمدىكى تاشپاقىنىڭ مېڭىشى بىلەن ئوخشاش تەقدىرگە مەھكۇم بولىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ۋەتەن ئىچىدە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى

ئاستىدا، ئۆز ئىرادىمىز ۋە مىللى ئىرادىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلالمىغىنىمىزغا ئوخشاش، ۋەتەن سىرتىدىمۇ تالالاش، خالاش ئەركىنلىكىگە تولۇق ئىگە بولۇپ كېتەلمەيمىز. يەنى ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ تۈپ سىياسىتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىنىمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتلىرىمىز، شۇ دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە، ئۇيغۇن مىقداردا بولىشى كېرەك. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ھەر بىر ئۇيغۇر يەككە ھالدا ئەركىن ئىرادىلىك. لېكىن ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە باغلىق بولغان، تەشكىلى ئىشلاردا شۇ دۆلەتنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئوخشاش، مىللى ئىرادىمىز چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۇرۇشلۇق دۆلەتلەر يول قويغان دائىرىدە، دېموكراتىك پىرىنسىپلاردىن، يوچۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ۋەتەن - مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋېلىش پۇرسىتى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياكى كۆپىنچە ئەللەردە ھەرىكەت ئىرادىسى خىتاي تەرىپىدىن گۆرۈگە چۈشۈپ قالغان روھى مېيىپ كىشىلىرىمىز تەرىپىدىنمۇ يوشۇرۇن توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئومۇمى كۆرۈنۈشى، نەتىجىسى ئاكۋارىيۇمدىكى تاشپاقىنىڭ قەدەم مۇساپىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاگىسىزلىق، ساپاسىزلىق، مەنسەپپەرەسلىك، كۆرەلمەسلىك، تۆھپىكەشلىك، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق يەككە خاراكتېرىمۇ ئۆز - ئارا ئورا كولاپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ.

گەپنىڭ مۇقەددىمىسىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئەسلى ماۋزۇدىكى مەقسەتكە كېلەيلى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى يىگىرمە بەش يىل ئىچىدە باسقان

سىياسى مۇساپىسىدە، ئۇيغۇر مەسىلىسى دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدا تىلغا ئېلىنىش ئەھۋالى بىرگە نىسبەتەن خۇددى بىر مۆجىزىدەك بىلىنىدۇ. «ئاق چېدىردىن ئاق سارايغىچە» يىگىرمە بەش يىل ئۆتتى. بۇ يىگىرمە بەش يىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى باشتا قىرغىزىستان دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت كابىنېتىغا، ئەمدىلىكتە ئاق سارايغا كىردى. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئورنىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قىرغىزىستان خىتاينىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇشقا ئىنتىلىپ تۇرغان بولسا، ئامېرىكا خىتاينىڭ گەجگىسىگە دەسسەيمەن دەۋاتقان دۆلەتتۇر. ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئاق چېدىرغا كىرىشىدە قىرغىزستاندىكى ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ھازىر ئاق سارايغا كىرىشىدە ئامېرىكا - خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى ئۇرۇشنىڭ، سىياسى كىرىزىسكە كۆتۈرۈلىشىدىكى قوشۇمچە تەرەققىياتلار مۇھىم رول ئوينىغان بولىشى مۇمكىن. ئىككى دۆلەتكە ئالاقىدار مەسىلىمىز ئۈستىدە، قىسقىچە پىكىر يۈرگۈزۈش ھەرگىز ئارتۇق گەپ بولۇپ كەتمەس.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «قايتا قۇرۇش» ئىسلاھات سىياستى باشلىنىپ، 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مىللەتلەر، جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىقنىڭ شەپىسىنى ئېلىۋاتقان، تەۋرىنىشچانلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ مۇستەقىللىق جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار، خۇددى يەر ئاستىدىكى يىلاننىڭ تىنىقىنى ئاڭلىغاندەك شۇنچىلىك سەزگۈر بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ بىر سىياسى ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قالسا، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا پۇرسەت كېلىدۇ - دەپ، قارايتتى.

چۈنكى مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئالدىنقى ئەسىردە رۇس پادىشاھلىقى، بۇ ئەسىردە سوۋېت ئىتتىپاقى دۈشمەنلىك قىلغان. شۇڭا رۇسلار يىقىلمايتۇرۇپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى تەسەۋۋۇردىن يىراق. دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «قايتا قۇرۇش» سىياسىتىدىن ئۇيغۇرلار زور ئىلھاملىنىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا كۆڭۈلدە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. قابىلىيەتلىك ياشلارنى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تونۇپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلدى. چوڭلار ياشلارنى يېتەكلەپ، ئۆملۈك شەكىللەندۈرۈلدى. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس دېگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى تارقىلىپ، قىرغىزىستان دېموكراتىك، كۆپ پارتىيىلىك مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ، بۇ ئەلدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى تەشكىللىنىشكە باشلىدى. دۆلەت پارلامېنتىغا پارتىيىسىز ئامىنىڭمۇ مىللەت ۋەكىلى كىرگۈزۈش پرىنسىپىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلاردىن پارلامېنتقا مىللەت ۋەكىلى سايلاندى. ئۇيغۇرلار تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ كېتىپ «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاق جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ چىقتى. ئۇيغۇرلار زور ئۈمىت بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى ئاق چېدىرغا كىرگەن چاغدا، قىرغىز ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ ئۆسۈمسىز قەرزىدىن، ھەدىيەلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى قوللاشقا، ئۇيغۇرىستاننىڭ تەقدىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرغان بولسىمۇ، قىرغىز ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ، ھەتتا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى خىتايدىن قەرز پۇل ھەل قىلىدىغان خىزمەتكە مەجبۇرلىغان ئىدى. ئارىدىن يىگىرمە بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر قىرغىز

دۆلىتى خىتايغا شۇنداق ئېغىر قەرزگە بوغۇلدىكى، بۇ دۆلەتنى خىتايغا بىرقانچە ئەسىرلىك بېرىۋەتسىمۇ قەرزدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ دۆلەت ھازىر خىتاينىڭ غەيرى رەسمى قوشۇمچە مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ بولدى.

ئەمدى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئاق سارايغا كىرگەنلىكى ئۈستىدە توختالساق، بۇ ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنىڭ قارارى بىلەن كۆنتەرتىپكە كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئاخباراتلىرىدا، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا قىسقىچە تەبرىكلەشتىن باشقا: «بۇ ئىشنى پالانى تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بېجىردى، مۇنۇ لوبىچى ئەپەندىم ـ خانىم ئارىغا كىرگەن. بۇ ئىشتا مېنىڭ تۆھپەم كۆپ» ـ دېگەندەك مەزمۇنلاردا، بىر ئېغىزمۇ ئىپادە بىلدۈرۈلمىدى. ئەگەر سەل كىچىكرەك ۋەقە بولغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ بىرەر مىنىستىرلىكىدە تىلغا ئېلىنغان مۇزاكىرىلەر بولغان بولسا: بۇنىڭغا، بىز يول مېڭىپ ھەل قىلغان ـ دېيەلىشى مۇمكىن ئىدى. ياكى باشقا بىر دۆلەتنىڭ پرېزىدېنت كابىنېتىدە مۇزاكىرە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، شۇ دۆلەتتىكى دەرنەكچىلەر، پائالىيەتچىلەر مەيدىسىگە مۇشتلاپ: بۇ بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمگىكىمىزنىڭ مېۋىسى ـ دېيىشىمۇ بولىۋېرەتتى. ھەر تەرەپتىن تۆھپىكەشلەر چىقاتتى تالىشىپ. ھەتتا بوغۇشۇپ كېتەتتى. ئەمما بۇ مەسىلىنىڭ ئاق سارايدەك پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئورۇندا يۈز بېرىۋاتقانلىقى، ھەم بۇ مەسىلىگە تەرسا پرېزىدېنت ئۆزى بىۋاستە ئارىلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر كىچىك تىللىرىنى چىشلەپ قالدى. لام ـ جىم يوق. چۈنكى ئۇ بەكلا تەرسا ئادەمكەن. يالغان سۆزلىگەنلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ قويىدىغان زەردى

باركەن تېخى.

ئاق سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئۇيغۇرلارغا ئېچىلىپ، ئارىدىن يىگىرمە بەش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئەھۋالدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تۇيۇقسىز ھەم جىددى تۈستە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پاجىئەلىك قىسمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋەقەسى ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇيغۇرنىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ دۈشمىنى بولغان خىتاينىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. شۇنىڭدەك بىزنى يەمچۈك قىلىپ بىلىق تۇتىدىغان دۆلەتلەرنى، بىزنى سېتىپ خەجلەيدىغان قېرىنداش دۆلەتلەرنى، بىكاردىنلا بىزگە قارشى بولۇپ قالغان رۇسىيەدەك دۆلەتلەرنى، ئامېرىكىغا ئۆچمەنلىك قىلىش يۈزىسىدىن، بىزنىمۇ دۈشمەن قاتارىغا قويۇۋالغان سالپا ساياق دۆلەتلەرنى، ئىشقىلىپ دوستىمىز بولامدۇ، دۈشمىنىمىز بولامدۇ ھەممىسىنى گاراڭ قىلىپ قويدى. قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ساراي ۋەقەسى دۇنياۋى ئىشلاردىن بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار تۇنجا بولۇپ قىرغىز دۆلىتىنىڭ ئاق چېدىرىغا ۋەكىل كىرگۈزگەندىن بۇيان، ئارىدىن يىگىرمە بەش يىل ئۆتكىچە، بىرەر دۆلەتنىڭ رەئىس كابىنېتىغا تاشقى مەسىلە سۈپىتىدە كىرىپ باققىنى ئاساسەن ئاڭلانمىغانتى. ئەمما كىرىسىمۇ دەرد تۆكۈپ، ھال ئېيتىپ، رەسمىگە چۈشۈپ چىققىلى كىرەتتى. ئاق سارايغىمۇ چارەك ئەسىر دەرد تۆككىلى كىرگەن بولمىسا.

بىزدە دونالد ترامپشۇناس تۇرماق، بىرەر ئامېرىكاشۇناس كەسىپ ئەھلى بولمىغاچقا، ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى

جىددى خاراكتېرلىق ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدىكى «ئاق سارايى ۋەقەسى» نى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالدۇق.

مەن ئىلگىرى تۈركىيەشۇناس بولاي - دەپ، ئاز دېگەندە بەش يىلنى بىكارغا ئۆكۈزۈۋېتىپتىمەن. كېيىن قارىسام تۈركىيەنىڭ ئىچكى سىياسىتى، تاشقى سىياسىتى- دەپ، تۇراقلىق سىياسىتى يوق، يەلكەنسىز كېمىگە ئوخشاش ھۆكۈمىتى بار بىر دۆلەتكەن. ۋاز كەچكەن ئىدىم. گېرمانىيەشۇناس بولۇپ قالارمەن - دەپ، يىللاپ قىزىقتىم. تارىخىنى، بۈگۈنىنى پۇختا ئۆگەندىم. ئەمما بۇمۇ قىسىلچاقتىكى بىر دۆلەتكەن. ئىچكى سىياسىتى مۇقىم بولسىمۇ، تاشقى سىياسەت دېگۈدەك، بىزنىڭ جېنىمىزغا ئەسقاتقۇدەك يېرى يوقكەن. گېرمانىيەنىڭ تاشقى سىياسىتى تۈركىيەنى ئوينىتىش - بەزىدە تاتىلاپ، بەزىدە پەپىلەپ دېگەندەك. ئاندىن ئىران بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا، ئىران بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئارىسىدا ئەلگەكچىلىك قىلىشتىن باشقا، تىلغا ئالغۇدەك ئالاھىدىلىكى يوقكەن. شۇڭا ئۆزەم ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدە، ئاساسەن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنەي - دەپ ئويلىدىم. ئەمما بايقىغانلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى بولۇمسىزلىق، نەتىجىسىزلىك. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى تەقدىرى بىزگە ئوخشاش، ياكى مىللى مەسىلىسى بار ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغىلى، ياكى ئۇلاردىن ئۆرنەك ئالغىلى بولمايدىكەن. بۇ ھەقتە «مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن ئۆرنەك تېپىلامدۇ؟» (ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتەمدۇ؟ ناملىق كىتاپقا قارالسۇن) ناملىق ماقالەمدە بىر ئاز توختالغان ئىدىم. قېرىنداشلىرىمىز كۆپىنچە يەھۇدىيلارنى مىسالغا

ئېلىپ ھاياجانلىنىدۇ. بىزمۇ يەھۇدىيلاردەك بىر ئۆم، ئەقىللىق بولساق، تىرىشچان بولساق غەلىبە قىلاتتۇق - دېمەكچى. ئەمما ئۇ دوراپ، تەقلىد قىلىپ بولىۋالدىغان ئىش ئەمەس. مەن ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى زامان داڭلىق سىياسەتچىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ھەيران قالغان ئىدىم. كېننېدى، كلىنتون، ئوباما، دونالد ترامپتىن باشقا پرېزىدېنتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك خان جەمەتىگە تۇتىشىدىغان، تۇغقانلاردىن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى زامان تاشقى سىياسەتلىرىدە چوڭ ئىشلارنى قىلغان ۋە داڭلىق كىشىلەر ئارىسىدا كېسسىڭېر (كېسىنگېر) ئولبرايىت خانىمدەك كىشىلەر، جون كېررىدەك داڭلىق سىياسىيونلار گېرمانىيەدىن، ياۋروپادىن قاچقان يەھۇدىيلاردىن ئىكەن. ئەگەر ئاين شتاين گېرمانىيەدىن قاچمىغان بولسا، ئامېرىكا ۋاقتىدا ئاتومغا ئېرىشەلمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈچلۈك ئامېرىكا مەۋجۇد بولمايتتى. ئەكسىچە دۇنيانىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، كۈلتۈر مەركىزى بېرلىن بولاتتى. ياۋروپانىڭ دۆلەتلەر خەرىتىسى بۈگۈنكىدەك سىزىلمىغان بولاتتى. ئامېرىكىنى سىرتتىن بارغانلار قۇرۇپ چىققان. يېڭى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىمۇ قېچىپ كەلگەن يەھۇدىلار بەلگىلىگەن. دۇنياۋى ئىجادىيەتلەرنى پەيدا قىلىپ، ئامېرىكىغا تىرلىيونلاپ پايدا تېپىپ بېرىۋاتقانلارمۇ يەھۇدىلار. شۇڭا ئامېرىكا يەھۇدىلارنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. بۇ: ئۆز ئۆزىنى ياخشى كۆرىدۇ - دېگەندەك تۇيۇلىدىكەن. بەرگەن كىشى ياخشى بولماي، بەرمىگەن كىشى ياخشى بولامتى ئەمىسە؟

سىياسى تەھلىلچى، پېشقەدەم مۇنەۋۋەر ئىنقىلاپچى

سىدىق ھاجىروزى ئەپەندىم مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئامېرىكا بىرنەرسە ئېلىپ كەلگەنلەرنى ياخشى كۆرۈدۇ.» ئۇنداق بولسا ئۇيغۇرلار ئامېرىكىغا نېمە ئېلىپ كەلگەن؟ ـ ئۇيغۇرلار ئامېرىكىغا خىتاينىڭ بوينىنى يىپ بىلەن باغلاپ ئەكەلگەن. ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلسە، پۈتۈن ئامېرىكا خەلقى ئىشلىمەي، ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسىمۇ تۈگىمەس بېلىقنى، ئۇيغۇرلار تورغا سولاپ ئامېرىكىغا ئەكىلىپ بەرگەن. لېكىن جاپاكەش بېلىقچى بەك ئەبگاھ بولغاچقا، ئۆزى بېلىقنىڭ سېسىق پۇرىقىنىلا پۇراپ، ئۇنىڭدىن بىر لوقما نېسىۋىسىنى ئالالمىدى.

ئۇيغۇرلار بۈگۈن ئامېرىكىغا تىرلىيونلاپ قىممەت يارىتىپ بېرىدىغان بايلىقتۇر. ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە ئائىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاق سارايغا كىرگەن ئەڭگۈشتەردۇر. دونالد ترامپ سودىگەر بولغاچقا، خىتايدىن بىۋاستە ئىقتىسادى زىيان تارتىۋاتقان كاپىتالىست بولغاچقا، ئۇيغۇر مەسىلىسىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرەلىشىنى كۈتەلمەيمىز. ئۇيغۇرلار يىگىرمە بەش يىل ئاۋۋال ئاق چېدىرغا كىرگەندىمۇ شۇنداق بولغان. بىراق ئاق چېدىرغا كىرىش بىلەن ئاق سارايغا كىرىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى قايتا سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن بىز چۈشىنىدىغان مۇھىم نەرسە شۇكى: ئامېرىكا بۇ قېتىم ئۇيغۇرنىڭ ئاغزى بىلەن خىتاينىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. ئامېرىكا قازىنىپ، خىتاي يوقاتسا بۇمۇ بىزنىڭ غەلىبىمىز. مەسىلىمىزنىڭ ئاق سارايغا كىرىشى بىلەن، خىتايلار ۋە نۇرغۇنلىغان خىتايچى دۆلەتلەر يىغلاپ كەتتى. بىز كۈلۈپ تۇرايلى. ئەمما بىز دىققەت قىلىشقا

تېگىشلىك نەرسە شۇكى، يازمىنىڭ بېشىدا ئاق چېدىر ھېكايىسىنى ئەسكەرتىشىمدىكى مەقسەت، ئۇيغۇر مەسىلىسى مەيلى ئاق چېدىرغا كىرسىمۇ، مەيلى ئاق سارايغا كىرسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىرادىسى ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كىرمەيدىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشىغا ۋاستە بولۇپ كىرگۈزۈلىدىغان بولغاچقا، بۇ كىرىشلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا مەنپەئەت يەتكۈزەلىشى ناتايىن. ئەگەر نۆۋەتتىكى بۇ ۋەقە خىتايغا بەك ھار كېلىپ، زادىلا چىداپ بولالمىسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن يەڭ ئىچىدە كېلىشىپ، يوشۇرۇنچە باش ئېگىشى مۇمكىن. ئۇچاغدا ئامېرىكىنىڭ ئۈستىدىن قاقشاشنى باشلايمىز. ياكى سۈكۈتتە نۆۋەت كۈتىشىمىز مۇقەررەر.

ئۆزىمىزنى سىلىشتۇرۇپ، بىز نېمىشقا باشقىلاردەك قىلالمايمىز ـ دەپ، تەرسالىق قىلىشنىڭ ئورنىغا، بىزدىن نېمىشقا شۇنداق كىشىلەر كۆپ چىقمايدۇ؟ بىز نېمىشقا باشقا مىللەتلەردەك بولالمايمىز؟ـ دېگەن سوئالنى كۆپ تەكرارلىشىمىز كېرەك. مۇشۇ يەردە كىچىك بىر قوشۇمچە مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتەي. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تولۇق ئەزا بولۇش چۈشى، يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ چۈشىنىڭ رېئاللىققا يۈزلىنىش يولى «ئا ك پ» رەھبەرلىكىدە خېلە ئوبدانلا ئېچىلغان ئىدى. ياۋروپا تەرەپتىن قويۇلغان بارلىق شەرتلەرنى تۈركىيە ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلىپ، ياۋروپانىڭ ئىشىكى ئېچىلىۋاتقان پەيتتە، فرانسىيەدىكى كۆچمەن ئەرمەنلەر ئىشنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋەتتى. يەنى تۈركىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرىشتىن ئاۋۋال، ئوسمانلى دەۋرىدىكى «ئەرمەن ئىرقى قىرغىنچىلىقى» نىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى

شەرت قىلىندى. دەسلىۋىدە فرانسىيە پارلامېنتىدا ئاۋاز كۆپلۈكى بىلەن ماقۇللانغان شەرتنىڭ مەزمۇنى، كېيىنچە تۈرلۈك قانۇنلارغا، جازا قانۇنلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ: كىمدە ـ كىم قانۇنى ۋە سىياسى جەھەتتىن ئوسمانلىنىڭ، ئەرمەنلەر ئۈستىدىن ئىجرا قىلغان جىنايەتلىرىنى ھىمايە قىلسا، ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى جاۋابكارلىقتىن ئاقلاپ ھىمايە قىلسا، ئۈچ يىلغىچە قاماق جازاسىغا مەھكۇم بولىدىغان قانۇننى ماقۇللىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قائىدىسىدە يېڭىدىن بىر دۆلەتنى ئەزالىققا ئالماقچى بولسا، ھازىرغىچە ئەزا بولۇپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ۋېتو ھوقۇقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىكەن. ئەگەر بىرلا دۆلەت قېتىلمىسا، كاندىدات بولغان دۆلەتنىڭ ئەزالىق ئىشى بېجىرىلمەيدىكەن. فرانسىيەدىن كېيىن ھوللاندىيە (گوللاندىيە) ئوخشاش قارارنى ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋروپا چۈشى ئاخىرلاشقان بولدى. ئەگەر تۈركىيە داۋاملىق تۈردە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشتە چىڭ تۇرسا، ئوسمانلى دەۋرىدىكى ئەرمەن ئىرقى قىرغىنچىلىقىنى جىنايەت ـ دەپ تونۇشى، تۆلەم تۆلىشى لازىم. شۇڭا تۈركىيە ياۋروپاغا كىرىشتىن يالتىيىپ، ئەپسۇس تۈركلەر 10 ـ ئەسىردىن بۇيان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىمىغان، يىراقتا قالغان ئاسىيا تەرەپكە يۈزلەندى. ياۋروپاغا كىرمىسىمۇ مەيلى، ئەمما يامانلىشىپ كەتمىسە، خىتاينىڭ قۇچىقىغا كىرمىگەن بولسا، تۈركىيە ئۈچۈنمۇ، تۈرك خەلقى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ياخشى قىلغان بولاتتى. دېمەك تۈركىيەنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بوسۇغىسىدا توسۇۋالغان ئامىل، تۈرك سىياسەتچىلىرى كۆتۈرۈۋالغاندەك: ياۋروپالىقلارنىڭ تۈركىيە دۈشمەنلىكىلا ـ ئەمەس. بەلكى

ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىدە كۆن تەرتىپكە كەلگەن ئەرمەنلەرنىڭ مىللى مەسىلىسىدۇر.

ئەرمەنلەرنىڭ، تۈركلەر بىلەن بولغان تارىخى مەسىلىسىنى فرانسىيەدە، هوللاندىيەدە، گېرمانىيەدە، هەتتا ئامېرىكىدا دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىدە كۆن تەرتىپ شەكىللەندۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكى، بىلىنمىگۈدەك مەخپىي ئىشمۇ ئەمەس. يەھۇدىيلاردىن كېيىنلا ئەرمەنلەر غەرب تەشۋىقاتلىرىغا سىڭىپ كىرگەن ئىكەن. غەرب ئەللىرىدىكى ئەرمەنلەر گەرچە يەھۇدىيلاردەك ئىقتىسادنى كونترول قىلغۇدەك باي بولمىسىمۇ، ئەمما تەشۋىقاتلارنى كونترول قىلالىغۇدەك تىرىشچان، ئەقىللىق ئىكەن. تۈركىيەنىڭ يولىنى توسۇشتا غەلىبىگە ئېرىشكەن كۈچ، غەربتىكى ئەرمەن زىيالىيلىرىدۇر. ئۇلار غەربتە ئوقۇپ، غەربچە يېتىلگەن بولسىمۇ، هەتتا ئىسىملىرى تۈركچە، تۇرمۇش ـ ئادەتلىرى تۈركچە ئارىلاش هەم قىسمەن تۈرك تىلىدا سۆزلىشىپ ياشىسىمۇ، يۈرىكى ئەرمەن ئۈچۈن سوقۇپ، مېڭىسى ئەرمەن ئۈچۈن هەرىكەتلىنىدىغان بولغاچقا، ئۆزلىرىمۇ ئەرمەن ئۈچۈن تىرىشقاندەك، ئەۋلادلىرىنىمۇ ئەرمەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، هەقىقى ساپ قانلىق ئەرمەن قىلىپ يېتىشتۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلىتى بار. لېكىن پۈتۈن دۇنيا ـ تەلەپلىرى «ناهەق ئۆلتۈرۈلگەن» ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قان قىساسىنى يەردە قويماسلىق بولۇپ، بۇ دەۋانى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرىدىكەن. تۈركىيەنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ياۋروپا چۈشىنى، ياۋروپانىڭ قولى بىلەن بەربات قىلدۇرغان ئەسلى كۈچ، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن باشلاپ سىياسى، مەمۇرىي ئورۇنلارغىچە سان ئىگىلىگەن

يارامىلىق ئەرمەن زىيالىي ۋە دەۋاگەرلىرىدۇر.

ئاخىرىدا ئەسكەرتمەكچى بولغىنىم بىر ئاچچىق ئەمەلىيەتتۇر. يىگىرمە بەش يىل ئىلگىرى، ئۇيغۇر مەسىلىسى قىرغىزىستان دۆلەتلىك مەركىزى ھۆكۈمەتكە سۇنۇلغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئىرادىسى يېتەكچى رول ئوينىغان بولسا، ھازىر ئاق سارايغا سۇنۇلىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نە مىللىي ئىرادىسى، نە رەھبەرلىرىنىڭ رولى، ۋاستىچىلىكى يوق، پەقەت ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆزى بىۋاستە ھەرىكەتلىنىپ «يوقىتىلىشقا مەھكۇم بولىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قوغداش» پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرمەكتە. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنى» لاھىيىسى، بۇ يىل 11. سېنتەبىر، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ ئاۋاز كۆپلۈكى بىلەن تەستىقتىن ئۆتتى. بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋال، 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدە، ئاق ساراي ئۆزلىكىدىن ھەرىكەتلىنىپ مەزكۇر قانۇن لاھىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق بىر تۈركۈم بايراقدار ئۇيغۇر ئاكتىپلىرى توسقۇنلۇق قىلغان ئىكەن. بۇغۇ ئون يىلدىن كېيىن ئاشكارىلىنىپ قالغان جىنايەت. ئەمما پەقەتلا ئاشكارىلانمايدىغان يەنە قانداق خائىنلىقلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، كۆك بايراقنىڭ ئاستىدا، خىتايغا قارشى تۇۋلىنىدىغان شوئارنىڭ ئارقىسىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى جەزىم قىلىش ئادەتتىكى گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاق چېدىر» بىلەن «ئاق ساراي» ئارىسىدا چارەك ئەسىرنىڭ نەتىجىسىز ئۆتۈپ كېتىشى ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس.

2019 .09 .25

# ئاخىرقى سۆز

ئەينى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بەزىسى بۇ كىتابتا بايان قىلىنغىنىدەك، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەشەببۇسلارمۇ، يېقىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولغان رېئاللىقلارنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

بەزى بابلاردا ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قورال كۈچىگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلدىم. بۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى بولۇشى مۇمكىن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئامىل، رۇس ـ ئافغان ئۇرۇشى ئىدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقى ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر رۇسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدىن تىنچلىق، سىياسى يول بىلەن قۇتۇلغان بولدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئىرانغا كىرىش پىلانىنى تۈزمىگەن بولسا، رۇس ـ ئافغان ئۇرۇشى پارتلىماي، ئافغانىستانمۇ سوۋېت سوتسىيال جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ تىنچلىق يول بىلەن پارچىلىنىپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىدارىسى ۋە مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ، ئۇرۇشسىز مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىغان نەرسە، رۇس ـ ئافغان قوراللىق توقۇنۇشى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم چەتكە قاقالمايدۇ. قورال كۈچى ئىشلەتمەيتۇرۇپ، گەپ بىلەن ئىش ھەل

قىلىدىغان رايون پەقەت دېموكراتىك ياۋروپا ئەللىرىدۇر. بىراق ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن بىرەر تۇپراقنىڭ گەپ بىلەن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئەگەر خىتاي دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشىدا، قوراللىق توقۇنۇش ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ- دېسەك، بۇ ئۇرۇشقا ئۇيغۇرلار كىرمەسلىكى لازىم، ئالدى بىلەن خىتاينىڭ ئىشغالى ئاستىدىكى باشقا مىللەتلەر، كوممۇنىزم ھۆكۈمرانلىقىنى خالىمايدىغان خىتايلار قوراللىق توقۇنۇش قىلسا، خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى رۇسىيەنىڭ ئىشغالىدىن تىنچلىق يولى بىلەن چىقىپ كەتكەندەك، ئۇيغۇرلارمۇ ئۇرۇش قىلماستىن خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن تىنچ ئازات بولۇشى لازىم - دەپ ئويلىساق، ھەم شۇنداق بولسا، ئۇچاغدا بىز 94 - يىلىدىكى تەييارلىقسىز بوسنىيەنىڭ تەقدىرىگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بېشى بوش قالغاچقا نەدە ئۆلىدىغان يەر بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئۆلگەننى ئاز دەپ، مىللەتنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتىدىغان جىنايەتلەرگە يوچۇق قويماسلىق ئۈچۈنمۇ، چەتئەلدە پۇختا بىر قوراللىق تەشكىلات بارلىققا كېلىشى مۇھىمدۇر. بىز قورالدىن ئۆزىمىزنى تارتىپ تۇرساق، ئۇنى دۈشمەنلەر قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، قاتىللىق جىنايىتىگە، تېررورچىلىق جىنايىتىگە جاۋابكار قىلىپ قويىدۇ.

ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغان، خەلقى قىرغىن قىلىنىۋاتقان بىزگە ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ بىرەر قوراللىق تەشكىلاتىنىڭ

بولماسلىقى، دۇنيانىڭ سىياسى مەنتىقىسىگە پەقەتلا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، نورمالسىز ئەھۋالدۇر. ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن جېنىنى ئاتاپ قويالايدىغان، ھەقىقى ئۆلۈم كوماندىسى تەشكىللەپ، ئارقىمىزدا 500 نەپەر ئۆلۈم كوماندىسى ئەزالىرى بار، قىرغىن قىلىنىۋاتقان خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىزگە ياردەم كېرەك! - دەپ، ئوتتۇرىغا چىققان كۈنى، تەقدىرنىڭ دەپتىرى قايتىدىن ئېچىلىدۇ.

ئۆزىمىزدە، ئۆزىمىز ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققۇدەك تۆت نەپەر لۈكچەك يوق بولسا، باشقىلار بىز ئۈچۈن مۇشت ئېتىپ بەرمەيدۇ. بىز مىلتىق تۇتۇشتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، غىرمىسىپ، دەرد تۆكۈپ يۈرگەنچە، ئاللاھ نامىدىن «جىھاتقا تەييارلىق قىلىش پەرىز» - دەپ، پەتىۋا چىقىرىپ، ئوت يۈرەك پىداكار ياشلىرىمىزنى ئەرەب، ئافغانىنىڭ قۇشخانىلىرىغا ئەۋەتىپ، ئۆلگەنلىرىنى ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋەتتى، ھايات قالغانلىرىغا تېررورچى قالپىقىنى كەيدۈرۈپ، دۇنيانى ھارام قىلدۇردى. بىز مۇشۇ كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرگەن پاجىئەلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، تەدبىرلىك بولىشىمىز كېرەك.

مىللىتىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىز قوللانمىغان تەدبىرنى، دۈشمىنىمىز بىزگە قارشى قوللىنىپ كەلدى. ھەر ھالدا ئىزدىنىپ، تىرىشىپ باقساق زىيىنى يوق.

29.09.2019